ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# ئازغان كۆڭۈل



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# ئازغان كۆڭۈل

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى



# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 1972 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى يېڭى مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1992 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئومۇمىي پەن سىنىپىنى پۈتكۈزگەن. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، 1998 ـ يىلى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس دىپلومى ئالغان. 1992 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان پىچان ناھىيە تۇيۇق مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ 2004 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «كەسىپ ۋە ئەخلاقتا تەڭ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچى»، 2005 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ياش» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت 1989 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «مەن دوستلۇققا يارىمايمەن مۇ؟» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم

قويغان بولۇپ، «ياۋا جىگدە»، «ئىشقىم قايتا قوزغالدى» قاتارلىق
ھېكايىلىرى، «ئەتىرگۈلگە خۇشتار قىز»، «ئانا، مېنى تۇغقان كۆ-
نۈلگە مۇبارەك» قاتارلىق نەسرلىرى، «بۇلبۇلدىن گۇمانلىنىد-
مەن»، «مۇھەببەتنىڭ خەتنىسى يېرىم» قاتارلىق شېئىر - داستان-
لىرى، «چاڭ باسقان ئالتۇن»، «سىم - سىم ئىشىكنى ئاچ» قاتار-
لىق پوۋېستلىرى، «ئۈتكۈر ئەپەندىنىڭ تەۋەررۇك تونى»، «سەن
ساقچى بولساڭ، مەن پۇقرا» قاتارلىق ئەدەبىي خاتىرە، فېلىيەتون-
لىرى، «زوقلار جىلۋىسى»، «شېئىرىيىتىمىزدىكى يېڭى يۈزلى-
نىش» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوبزورلىرى ۋە «كۆز يېشىدا ئېچىل-
غان گۈل» قاتارلىق رومانلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «دوخ-
تۇرلارمۇ ياش تۆكىدۇ» ناملىق ھېكايىسى، «ئانا، مېنى تۇغقان كۆ-
نۈلگە مۇبارەك» ناملىق نەسرى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل -
ئەدەبىيات دەرسلىكىگە، «زىلالىگۈلنىڭ ئويۇنچۇق دوستلىرى»
ناملىق چاتما چۆچىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ دەرس-
لىكىگە كىرگۈزۈلگەن، تۆت پارچە ھېكايىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە
قىلىنىپ «تۇرپان» ژۇرنىلى (خەنزۇچىسى)، «جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى
گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ شىرئەلى ھوشۇر بىلەن سېنارى-
يەسىنى بىللە يازغان «ئېھ، قىزىل لېنتا» ناملىق تېلېۋىزىيە تى-
ياتىرىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نۇسخىلىرى شىنجاڭ تې-
لېۋىزىيە ئىستانسىسىدا، خەنزۇچىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلگەن ۋە مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك
مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ «ئۆلۈم ۋەھىمىسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى
(2000 - يىلى)، «چاڭ باسقان ئالتۇن» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى
(2000 - يىلى)، «تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى» ناملىق رومانى
(2003 - يىلى)، «تىل - ئەدەبىيات تەكرار يېتەكچىسى» ناملىق
ئوقۇتۇش پايدىلىنىش ماتېرىيالى (2002 - يىلى)، «ئىناق
دوستلار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، (2005 - يىلى)، «بالىلىقتا
سوئال كۆپ» ناملىق رومانى (2006 - يىلى)، «سېۋەتچىلىك ۋە بو-

رىچىلىق» ناملىق پەن ـ تېخنىكا ئوقۇشلۇقى(2007 ـ يىلى)، «كۆز يېشىدا ئېچىلغان گۈل» ناملىق رومانى (2009 ـ يىلى)، «پادىچى ۋاڭ» ناملىق تارىخىي رومانى (2010 ـ يىلى) شىنجاڭ خەلق نەش ـ رىياتى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «14 يالغان»، «ئالتۇن بالا ـ سى»، «مۇھەببەت داۋانلىرىدا»، «دورامچىنىڭ كەچۈرمىشى»، «ئېھ، قىزىل لېنتا»، «ساھىبجامال ئوغرى»، «ۋەھىمىلىك بۇلبۇل باغچىسى» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ سېنارىيەسىنى يېزىپ، رېژىسسورلۇق قىلغان.

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇتنىڭ «تۆت تال شاكىلات» ناملىق ھې ـ كايىسى 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «غۇنچە مۇكاپاتى ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى»دە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «غۇۋا چىراغ» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى 1993 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە گېزىت ئەدەبىيات بەتلىرىنى با ـ ھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇششاق باشلىقلار» ناملىق ھېكايىسى 1994 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» ئۇيۇش ـ تۇرغان مۇسابىقىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «خوراز تۇغقان تۇ ـ خۇم» ناملىق ھېكايىسى 1994 ـ يىلى «تۇرپان گېزىتى» ئۇيۇش ـ تۇرغان مۇسابىقىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «پاقلان ۋە باللار» ناملىق ھېكايىسى 1998 ـ يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تە ـ رىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «داۋۇت دىڭ قۇلاق» ناملىق پوۋېستى 1999 ـ يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابى ـ قىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قان شۇنداق تۆكۈلگەن» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى سېنارىيەسى 2000 ـ يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ياۋا جىگدە» ناملىق ھېكايىسى(1996 ـ يىلى)، «داۋۇت دىڭ قۇلاق» ناملىق پو ـ ۋېستى (2000 ـ يىلى)، «ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭگە مۇبارەك» نام ـ لىق نەسرى (2003 ـ يىلى) قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇ ـ كاپاتى»غا، «چەمبەردىن چىقىش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى «شىن ـ

جاڭ مائارىپ گېزىتى» تەرىپىدىن 2005 - يىلى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «دەپ قويغىنىم ياخشى» ناملىق فىلىيەتونى 2004 - يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىدە 1 - دەرىجىلىك «ئىزچىلار لوڭقىسى» مۇكاپاتىغا، «ئاتام كېتىپتۇ خوش دېمەي» ناملىق داستانى 2010 - يىلى «تۇرپان گېزىتى» تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قارا سىياھ»، «قىزىمغا ئارخىپ» قاتارلىق ئون پارچىدەك ھېكايە - نەسرى «تۇرپان گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «تۇرپان» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 1

بىرىنچى بۆلۈم مۇھەببەت ئوتى ۋە ئازغۇن

بىرىنچى باب ........................ 23
ئىككىنچى باب ........................ 41
ئۈچىنچى باب ........................ 47
تۆتىنچى باب ........................ 61
بەشىنچى باب ........................ 70
ئالتىنچى باب ........................ 81
يەتتىنچى باب ........................ 93
سەككىزىنچى باب ........................ 100
توققۇزىنچى باب ........................ 119
ئونىنچى باب ........................ 130
ئون بىرىنچى باب ........................ 135
ئون ئىككىنچى باب ........................ 152
ئون ئۈچىنچى باب ........................ 171

ئىككىنچى بۆلۈم ھايات گۈزەللىكى ۋە ئاسىي

بىرىنچى باب ........................ 181
ئىككىنچى باب ........................ 195

ئۈچىنچى باب ........................................ 213
تۆتىنچى باب ........................................ 225
بەشىنچى باب ........................................ 237
ئالتىنچى باب ........................................ 248
يەتتىنچى باب ........................................ 264
سەككىزىنچى باب ........................................ 277

## ئۈچىنچى بۆلۈم كۈلپەتلىك ياشلىق ۋە ئۈمىد

بىرىنچى باب ........................................ 291
ئىككىنچى باب ........................................ 301
ئۈچىنچى باب ........................................ 342
تۆتىنچى باب ........................................ 355
بەشىنچى باب ........................................ 372
ئالتىنچى باب ........................................ 386
يەتتىنچى باب ........................................ 398
سەككىزىنچى باب ........................................ 415
خاتىمە ........................................ 428

# مۇقەددىمە

ئۇ تۇنجى كۆرگەن يىگىتنىڭ يۈرىكىنى تاتلىق سېزىملەرگە قوشۇپ جىغىلدىتىپ ئۆتكۈدەك چىرايلىق قىز ئىدى.

ئالدىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ بەكرى دوختۇرنىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى. تېخى يىگىرمە ياشقىمۇ كىرمىگەن بۇ قىز شۇ تاپتا نۇرسىز سوغۇق كۆزلىرىنى بەكرى دوختۇرغا «تېز بولۇڭ» دەۋاتقاندەك تىكىپ ئولتۇراتتى. قىزدا ئىپادىلىنىۋاتقان هالەت ئۆز ئۈستىگە كېلىۋاتقان كۈلپەت ۋە ئاپەتتىن قىلچە ۋايىم يېمەيۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن بەكرى دوختۇر قورقۇپ قالدى. — توۋا، — دەپ ئويلىدى بەكرى دوختۇر ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان قايناقسۇنى زورىغا ئىچىپ، — ئەيدىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بىر خىيالدا يوق ئولتۇرغىنىنى. مەن جېنىمدا ۋەھىمە ئىچىدە قېلىۋاتسام... زۇكام بولۇپ قالغانچىلىكمۇ ئەندىشە يوقكىنا بۇ قىزدا؟ — بەكرى دوختۇر تەمكىن بولۇشقا تىرىشىپ يەنە ئۇ قىزنىڭ جانسىز كۆزىگە تىكىلدى ۋە شۇ هامان پەيدا بولغان «بۇ قىز مۇشۇنداق بىپەرۋالىقى بىلەن قانچىلىغان يىگىتلەرنى نابۇت قىلىپ بولغاندۇ؟» دېگەن ئويدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەلەملىك تىترىدى.

— چاققان بولسىڭىز، دوختۇر. مەن ئالدىرايتتىم.

قىزنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۆزىنىڭ ئەيدىزلىكى خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاندەك تۇراتتى.

«راست ئالدىرايسەن، نى ـ نى يىگىتلىرىمىزنى نابۇت قىلغىـ لى ئالدىرايسەن!» بەكرى دوختۇر قىزغا نەپرەتلەندى. بۇ قىز نابۇت قىلغان يىگىت بەلكىم ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن بىلىنى مەھكەم باغـ لىغان تىرىشچان يىگىتتۇ، بەلكىم ئەمدى سودا يولىنى تېپىپ كارخانا قۇرۇش غايىسىدە يۈرگەن تىجارەتچىدۇ، بەلكىم جېنىنى ئاران بېقىپ كېتىۋاتقان بىر باققالدۇ، ۋە بەلكىم كىشىلەرنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ، يانچۇقىنى كولاپ، باشقىلارنى قاقشىتىش بەدىـ لىگە راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئوغرىدۇ، تۇگىمەس ئاپەتنى تېرىۋەتكەن بۇ قىز مانا ئەمدى بىگۇناھ بىر نارەسىدىنى ئۆ ئالەمـ گە ئۇزىتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، رەزىللىك ئورۇقى تېرىش ئۈـ چۈن تەييارلىنىۋاتىدۇ.

بۇلار يادىغا يەتكەن بەكرى دوختۇر ئۇنىڭدىن يىرگەندى ۋە ئۇنىڭغا: «بۇنداق قىلغۇچە ئۆلۈپلا تۈگەشسەڭ بولمامدۇ!» دېگۈسى كەلدى.

بۇ گۈزەل قىز تىت ـ تىت بولغىنىچە ئولتۇرالماي قېلىۋاـ تاتتى.

بەكرى دوختۇر ئۆزىنى تۇتالماي ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولدى ـ يۇ، يالتايدى. ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا پەند ـ نەسىھەت قىلسا ياكى بۇ نازىنىن قىزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ نىجىس ۋۇجۇدىدىكى تۆرەلمىنى ئېلىۋېتىشنىڭ ئورنىغا، مەخسۇس ئورۇنغا بېرىپ ئۆـ زىنى مەلۇم قىلىشقا دەۋەت قىلسا، بەكرى دوختۇر ياخشى كۆڭلى بەدىلىگە بۇ گۈزەل قىزنىڭ تىل ـ ھاقارىتىگە ئۇچراپ، خىزمىـ تىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، بۇ شەخسىي دوختۇرخانىنىڭ «ئاجايىپ تەدبىركار» باشلىقى ئۇنىڭ كەينىنى توغرىلاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

بەكرى دوختۇر ئامالسىزلارچە ئېغىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن رېتسېپ قەغىزىنى ئېلىپ قولى تىترىگىنىچە بىر نېمىلەرنى ياز ـ دى. قىز خۇشاللىق بىلەن قەغەزنى ئالدى. بۇنى كۆرگەن بەكرى دوختۇر «تۇۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى.

قىز ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

بەكرى دوختۇر دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋان يېزىسىنى كېسىپ ئۆتكەن چوڭ يول بويىغا سېلىنغان ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇ دوختۇرخانا كېيىن نېمىشقىدۇر سادىق ئىسىملىك بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندى. «ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنرېن دوختۇرخانىسى» دەپ ۋېۋىسكا ئېسىلغان بۇ خۇسۇسىي دوختۇرخانىغا تۇنجى كەلگەندە بەكرى دوختۇرنىڭ قەلبىدە گۈزەل ئارزۇلار ئويغانغاندى. چۈنكى ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپتە پىلاندىن سىرت ئوقۇغان، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمايدىغان «تەلەيسىز» ئوقۇغۇچى ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ دوختۇرخانىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇش مۈشكۈلاتىدىن قۇتۇلۇشنى، كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىشنى نىشان قىلغانىدى. دەرۋەقە، بۇ دوختۇرخانا ئۇنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىي كاپالىتى بىلەن تويمۇ قىلىۋالدى. بۇ يەردە تىكلىگەن مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ تۇرپاندىكى ئىنىسىنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ، ئاددىي بولسىمۇ بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما، دوختۇرخانىنىڭ «بارلىق ئاماللار بىلەن كېسەل داۋالاپ، بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش» تۈزۈمى سەۋەبلىك كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش نېسىپ بولمىدى. ئۇنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىمى دوختۇرخانىنىڭ بۇ تۈزۈمى ئالدىدا يېتىپ ئاشتى. چۈنكى بۇ تۈزۈم قارىماققا ياخشى نىيەت بىلەن ئېيتىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە پۇل تېپىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغانىدى. ئەمما ئۇ تەجرىبە توپلىۋالدى. ئون بەش يىلدىن بۇيان بەكرى دوختۇر بۇ دوختۇرخانىدا پۇل تېپىشنىڭ نۇرغۇن «چارە — تەدبىرلىرى»نى كۆردى. ئىككى قېتىملىق دەۋا — دەستۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ دوختۇرخانىغا كەلگەن بىمارلار كېسىلىنىڭ ھەر ھالدا ياخشىلىنىپ قالغىنىغا رازى بولۇشۇپ، شۈكۈر قىلىشتى. شۇڭا بەكرى دوختۇرمۇ كېيىنچە بۇ ھالدىن ئانچە پەرىشان

بولمايدىغان، بىئاراملىق ھېس قىلمايدىغان بولدى. دوختۇرخانىدىن مۇكاپات سوپىتىدە بېرىلگەن پۇللارنى بولسا ئەجرى ھېسابىدا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ دەسلەپتە تىكلىگەن داۋالاش كەسپىدە بىرەر نەتىجە قازىنىش غايىسى غايە پېتى قېلىۋەردى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەرگەن بولسا قانداق بولۇركىن؟ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ دوختۇرخانىدا قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم غەيرىي ئوپېراتسىيەلەر ئۇنىڭ دىلىنى چىگىپ قويدى.

كىشىلەر دەسلەپتە پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دېگەن كىنوسىدىن «راك» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلاپ چۆچۈشكەندى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ نام جان ئالغۇچى كېسەللىكنىڭ نامىدەك كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالغانىدى. شۇڭا «پالانچى راك بولۇپ قاپتۇ» دېسە، «ھەي، بۇ بەك يامان كېسەل... تەقدىرگە نېمە ئامال...» دېيىشىپ تەسەللى ئېيتىشقانىدى. كېيىن كىشىلەر راكنىڭ ئابستراكت گەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ «جىگەر راكى»، «ئاشقازان راكى»، «قىزىلئۆڭگەچ راكى» دېگەندەك كونكرېت ناملىرى بارلىقىنى بىلىشىپ، بارا ـ بارا بۇ كېسەلدىن چۆچۈمەيدىغان بولۇشتى، كۆندى. كېيىن «ئاق تاماكا»، «خېروئىن» دېگەن گەپلەر چىقىپ، جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا بولدى. گىتار ماھىرى ئەخمەتجاننىڭ پاجىئەسى بىلەن بۇ زەھەرنىڭ قورقۇنچى پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. كېيىن كىشىلەر بۇ نامlarغىمۇ كۆنۈپ قالدى. مانا ئەمدى ئەيدىز دېگەن گەپ چىقىپ كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئالاقزەدە قىلىۋەتتى. بۇ بالايىئاپەت سەۋەبلىك ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى ئىشەنچ گۈللىرى سولىشىپ كەتتى.

ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پايخان قىلىۋاتقان ئەيدىز بىمارلىرى، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللار چوڭ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ داۋالىنىش، كۆتۈنۈشنىڭ ئورنىغا، مۇشۇنداق چەت، خۇسۇسىي دوختۇرخانىلارغا كېلىپ رەزىل كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بە-

گۇناھ قۇربانى بولغان تۆرەلمىلەرنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنى ۋە
باشقىلارنى ئالداپ، جەمئىيەتكە ئاپەت ياغدۇرۇش ئۈچۈن يول ئال-
ماقتا!

يۇقىرىدا «راك»، «خېرونىن» ھەققىدە ئېيتىلغانغا ئوخشاش،
بۇ ئوپېراتسىيە باشتا نۇرغۇن دوختۇرنى قورقۇتقانىدى. كېيىنچە
كېلىدىغان نەپىنىڭ كۆپلۈكى، ئوپېراتسىيە جەريانىدىكى «مۇداپى-
ئە»نىڭ كۈچلۈك، ئىشەنچلىك بولۇشى بىلەن دوختۇرخانا باشلىقى
ۋە دوختۇرلار قىلچە ئىككىلەنمەي «ئات ئايلىنىدىغانغا، يول سارىخان-
غا» قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. دېمەك، بۇنىڭغىمۇ كۆنۈشتى.

كۆنۈش ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى، شۇنداقلا ئەڭ
زور ئاجىزلىقى. گەپ سىزنىڭ نېمىگە كۆنگەنلىكىڭىزدە. ھاراق-
قىمۇ ياكى كىتاب ئوقۇشقىمۇ؟

ئەنە شۇنداق «غەيرىي ئوپېراتسىيە» سەۋەبلىك بەكرى دوختۇر
بەزىدە دىل ئاغرىقى تېپىۋالاتتى. چۈنكى ئۇ بەزىدە «بۇنداق قىلىش
ئۆز - ئۆزىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق» دەپ ئويلايتتى. بەزى-
دە بولسا «ئۆزۈم دىققەت قىلسام بولمىدىمۇ؟ ئالا كۆڭۈللۈك
قىلغانلار ئەخلاقسىزلىقىنىڭ جاجىسىنى تارتسۇن!» دەپ ئويلاپمۇ
قالاتتى.

دېرىزىدىن تاقىر تاغقا قاراپ تۇرغان بەكرى دوختۇر يەنە باي-
قى قىزنى ئويلىدى: «ئۇ قىز بۇ بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتكەندىن كې-
يىن، كېسەل چىرماشقان تېنى بىلەن يەنە باشقىلارغا زىيانكەش-
لىك قىلىدىغانلىقىنى ياكى زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدىغانلىقىنى
بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى باشقا بىرىگە
زىيانكەشلىك قىلىسچۇ؟ ئۇ يەنە بىرىگە... ئاھ خۇدا، مۇنداق زەن-
جىرسىمان مېڭىۋەرسە، نى - نى بىگۇناھ كىشىلەر يەنە بىر تۇر-
كۇم بىگۇناھ كىشىلەرگە بىلىپ - بىلمەي زىيانكەشلىك قىلىپ
سالامدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا...» بەكرى دوختۇرنىڭ تەسەۋۋۇرى
كېڭىيىشى بىلەن جاھان قاراڭغۇلۇققا پاتقاندەك بولدى. بەكرى
دوختۇرنىڭ تېنىگە تىترەك ئولاشتى.

ئىشكىنىڭ ئىچىلىشى بىلەن بەكرى دوختۇرنىڭ خىيالى بۆ-لۈندى. ئىشىكتىن خىزمەتكە چۈشكىلى بىر يىلدەك بولغان خىز-مەتدىشى بېشىنى چايقىغىنىچە كىرىپ كەلدى.

— چىرايلىقلا قىزكەندۇق. نېمىسى ئەپلەشمەي قورسىقىنى تومپايتىپ، ئەمدى يوقتىشىنىڭ كويىدا يۈرىدىغاندۇ؟ ئوپېراتسىيە ئۈيگە بالا تۇغىدىغاندەك خۇشال كىرىپ كېتىۋاتامدۇ.

بۇ گەپ بىلەن بەكرى دوختۇرنىڭ زەردىسى قايىنىدى. ئۇ ئەمە-دى ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە خىزمەتدىشى سۆزلەپ كەتتى:

— چىراي - بېشى بولغاندىكىن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىرەر يىگىتكە ئېرىشمىكى تەس ئەمەستى. شۇ يىگىتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، بالىسىنى بېقىپ، بولسا يېنىكرەك بىرەر خىزمەتنى قىل-لىپ ياشىسا بولامدۇ دەيمەن. يا مۇشۇنداق چىرايلىق قىزلار بىزدەك يىگىتلەرگە ئۇچراشمايدىكەن. نېمە ئىش بۇ ئەمدى؟ قېقىل-لىپ - سوقۇلۇپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا خار بولۇپ يۈرگەن...

بەكرى دوختۇر ئۇنىڭ سۆزىگە سوغۇق كۈلۈپ قويىدى ۋە: «ئۇ-نىڭ ساڭا نېسىپ بولمىغىنى سىنىڭ تەلىيىڭ. بولمىسا ئەتىلا تېنىڭ چىرىپ، ئىتتىنمۇ بەتتەر ئۆلۈپ كېتىسەن» دەپ ئويلىدى - يۇ، بۇ ئويىدىن تېنى شۈركىنىپ كەتتى ۋە: «خۇدايىم ھەممە-مىزنى ئۇ بالا - قازادىن ساقلىسۇن» دەپ ئويلىدى.

— مەن بىر كىتابتىن چىرايلىق ۋە سەت قىزلار ھەققىدە مۇنداق بىر گەپنى ئوقۇغان، — دېدى خىزمەتدىشى پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۇ كىتابتا چىرايلىق قىزلار «بەربىر مېنى ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ» دەپ بەخىرامان ئويناپ يۈرۈۋېرىدىكەن. سەت قىزلار بولسا ئۆزلىرىگە قىزىقىدىغان يىگىتلەرنىڭ چىقمىقى تەس بولغاچقا، قەستەنگە ئەقىدىلىك، ۋاپادار قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن. بەزىدە بۇ گەپلەرگە چىنپۇتۇپمۇ قالىمەن. راستىنى ئېيتسام، ئا-شۇنداق ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن قىزلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك دەيمەن.

بەكرى دوختۇر ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە قارىتا «ئۇكام، ھەزەر

ئەيلەيدىغىنىمىز ھازىر باشقا ئىش» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، يەنە با-
يىقى قىز ھەققىدە گەپ چىقىپ، ئۇنىڭ مەخپىيىتى ئاشكارىلىنىپ
قالمىسۇن دەپ:

— سىزگە نەسىھەتىم ئۇكام، ئەگەر رىزقىڭىز قوشۇلغان بىر-
ەر قىز چىقىپ قالسا، سەت ـ چىرايلىق دەپ تاللاپ، ئايرىپ
ئولتۇرماڭ. ئىش ـ ئەمەلىڭىزگە يارىشا بىر قىز پېشانىڭىزگە پۈ-
تۈكلۈك، — دېدى چاقچاق ئارىلاش.

ئەمما بۇ ياش يىگىت باشقىلارنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن ئۇ قىز-
نىڭ «مەخپىيىتى»نى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى.

— بايىقى قىزنى دەيمەن، — دېدى ياش يىگىت گەپنى يەنە
شۇ ياققا بۇراپ، — بىر چىرايلىق قىزنىڭ ئەيدىز بولۇپ قالغى-
نىنى... ئىسىت! ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان يىگىتلەر شار ـ پار تا-
قاپ بىر ئىش قىلۇر بولغىيدى ـ ھە؟

ياش يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىشق ـ ھەۋەس ئويى «مانا
مەن» دەپ ئېنىقلا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالى-
چە بولسا، ئۇ قىز ئوپېراتسىيەدىن چىقسا، بىر ياتاقتا بېرىپ،
تەدبىر قوللىنىپ بىر ياتقۇسى بار ئىدى... بۇنى كۆرۈپ يەتكەن
بەكرى دوختۇر سەسكىنىپ كەتتى: «ساراڭمۇ نېمە بۇ؟ ئۇ قىزنىڭ
ئەيدىزلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىنى! ئۇ دوختۇر تۇرۇپ
مۇشۇنداق دەۋاتقان يەردە... نېمە ئاقىۋەت كۆرىدىغىنىنى خىيالىغا
كىرىپ چىقمامدىكىن؟ مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغىلى
تۇرىدىغان بولساق، نېمە ئاقىۋەت كۆرۈرمىز؟ بالىلىرىمىز نېمە
كۈنلەرنى كۆرۈر؟...»

بەكرى دوختۇرنىڭ ئۇ ياش يىگىتكە گەپ قىلىشتىن رايى يې-
نىپلا كەتتى. شۇڭا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاق خالىتىنى سالدى:

— ھوي، ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ياش يىگىتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ۋۇجۇدىنى ئېغىر ھېس قىلغان بەكرى دوختۇرنىڭ كوچا ئاپ-
تۇبۇسىنى ساقلىغۇسى كەلمەي، چوڭ يولنى بويلاپ دۆڭكۆۋرۈككە

قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە بايىقى قىز كىرىۋالدى. «جەمئىيەت نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئىشلىرىمىز يۈرۈشكەنچە بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز مەيلى ئىلىم ئىشلىرىدا بولسۇن، مەيلى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا بولسۇن، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۈزىمىزنى يورۇق قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز بولسا بارغانچە تۇيۇق يولغا مېڭىپ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ. پايدا ـ زىيانىنى دەڭسىمەي، كۆز ئالدىدا شۇنچىكى ئېچىنىشلىق ئىشلار بولۇۋاتسىمۇ، مېڭىۋاتقان خاتا يولىدىن قايتىشنى ئويلىمايۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئەگىشىش ئويىدا يۈرگەنلەر بولسا ئىبرەت ئالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بېپەرۋالىقىچۇ تېخى!» ئۇنىڭ خىيالى چوڭقۇرلاشقانچە ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن بىر چوكان يادىغا كەلدى.

ئۇ يارىشىملىق كىيىنگەن، ئەرلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپمۇ قارىمايدىغان، بېشىغا ئېڭىكىنى قوشۇپ چىگكەن ياغلىقىنى قارىماققا سوغۇقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، هايا ـ نومۇس پەردىسى قىلىش ئۈچۈن چىگكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان چوكان ئىدى.

ئۇ چوكان بۆلۈمگە دەسلەپ كىرگەندە بەكرى دوختۇر هۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى.

بەكرى دوختۇر چوكاننى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ هۆرمەتىنى بىلدۈردى. چوكان ناهايىتى تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇردى ۋە بەكرى دوختۇرغا مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشقا تەمشەلدى. بەكرى دوختۇر چوكاننىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە ئۆزىنى تۇتۇشىدىن «ئۆزىدىن كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. قارىغاندا بىرەرسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلىشىپ مەسلىھەت ئالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ؟» دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ چوكاننىڭ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالدى.

— دوختۇر ئۇكام، بالا ئالدۇرىدىغان ئوپېراتسىيە قىلدۇرماقچىدىم، تېزرەك قىلغىلى بولارمۇ؟ — دېدى چوكان ئۇدۇللا.

بۇ گەپ تولىمۇ ئۇدۇل ئېيتىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىراي-لىق چوكاندىن بۇ گەپنى كۈتمىگەن بولغاچقا، بەكرى دوختۇر تەمترەپ قالدى. شۇنداقتىمۇ بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن بولغاچقا، ئۆزىدىكى بۇ بىنورمال ئەھۋالنى يوشۇرۇپ ئۈلگۈردى.

— بولىدۇ، بۇ ھازىر كىچىك ئوپېراتسىيە، — دېدى بەكرى دوختۇر.

— تېز بولسا بولاتتى.

— قاچان؟

— ھازىرلا.

بەكرى دوختۇر چوكاننىڭ پەيلىدىن ئارتۇق گەپنىڭ لازىم ئە-مەسلىكىنى ھېس قىلىپ، رېتسېپ قەغىزىنى ئالدى ۋە مۇناسى-ۋەتلىك ئەھۋاللارنى يازغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ناخۇشلۇق بىلەن ئۇزاتتى. بۇ چاغدا بەكرى دوختۇردا بايىقى ھۆرمەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— قەغەزدە يېزىلغان بويىچە تەكشۈرتۈپ چىقىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان چوكان نېمىشقىدۇر ئىچىنى تىڭشاپ تۇ-رۇپ قالدى. ئاندىن تولىمۇ تەستە ئېغىز ئاچتى:

— بەك ئالدىرايتتىم.

بۇ گەپكە بەكرى دوختۇرنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— نېمىلا دېگەن بىلەن بۇمۇ بىر ئوپېراتسىيە، ھەرقانچە ئال-دىرىسىڭىزمۇ ئانچە - مۇنچە ئارام ئالمىسىڭىز بولماس...

— شۇنداقتىمۇ... ئەستا... جىقراق پۇل كەتسىمۇ مەيلىتى، تەكشۈرمەيلا ئوپېراتسىيە قىلغان بولسىڭىز بوپتىكەن...

بۇ گەپ بىلەن بەكرى دوختۇرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— تەكشۈرمىسەك بولمايدۇ. ناۋادا بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ قالسا... شۇڭا تەكشۈرۈپ ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىۋالمى-ساق بولمايدۇ... جان بىلەن ئويناشقۇم يوق مېنىڭ!

چوكان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندىن كې-يىن، قاپىقىنى ئۈچۈرغىنىچە چىقىپ كەتتى. بىر چاغدا بىر

دوختۇر ئالاقزادە بولغان هالدا كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى قە-
غەزنى بەكرى دوختۇرغا سۇندى. بۇ بايىقى چوكاننىڭ لابوراتورد-
يەلىك تەكشۈرۈش نەتىجە قەغىزى ئىدى.

بەكرى دوختۇر قەغەزگە شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ
چوكان ئەيدىز بىمارى ئىدى.

بەكرى دوختۇر بۇ نىجىس كېسەل خۇددى ئۇشبۇ قەغەز ئار-
قىلىق ئۆزىگە يۇقۇپ قالىدىغاندەك ئەندىكىپ قەغەزنى تاشلىۋەت-
تى. ئۇلار دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ «قاتتىق تۇزۇمى»نىڭ بېسىمى
ئاستىدا بەرىبىر ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىدىغان بولغاچقا، بۇنداق نە-
تىجىنى يۇقىرىغا يوللاپمۇ يۈرمەيتتى.

چوكان بەكرى دوختۇرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ئېرەن-
سىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئىپادىسىز چىرايىنى كۆرگەن بەكرى دوختۇر ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ: «بىچارە، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئېغىر هالغا
چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتۇ ـ دە! هەي، شۇ تاپتا ئۇ
ئۆزىنىڭ هالىنى ئۇقسا قانچىلىك تۇگىشىپ كېتەر ـ هە؟ ئۇنىڭ-
غا قانداقمۇ ئۇقتۇرارمەن؟» دەپ ئويلاپ، تولىمۇ تەستە ئېغىز
ئاچتى:

ـــ سىزدە باشقىمۇ كېسەللىكلەر بارمىدى؟

چوكاننىڭ چىرايىدا بىزارلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى:

ـــ مەن نەدىن بىلەي. سىز دوختۇر تۇرۇپ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟
تەكشۈرۈش قەغىزىمۇ قولىڭىزدا تۇرۇپتۇ ئەنە...

بەكرى دوختۇر ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى سۇرۇپ بەردى:

ـــ قېنى ئولتۇرۇڭ، ئالدىرىماي...

چوكان قاپىقىنى تۈردى:

ـــ مەن ئالدىراۋاتسام، سىز «ئالدىرىماڭ» دەيسىزغۇ؟

ـــ مەن دېمەكچى...

بەكرى دوختۇر تولىمۇ ئېهتىيات بىلەن شۇنداق دېيىشىگە،
چوكان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— نېمە ئەزمىڭىزنى ئېزىپ ئولتۇرىسىز؟ «تەكشۈر» دېدى-ڭىز، تەكشۈرتتۇم. يەنە نېمە گەپ بار؟
— سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز.
— ۋاي - ۋۇي! سىز بىلەن چۈشەندۈرۈشۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق مېنىڭ.
— سىز... سىز شۇ تاپتىكى ئەھۋالىڭىزنى بىلەمسىز؟
— ئوھوش، نېمە دەيدىغاندۇ بۇ دوختۇر، قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇڭ: قورسىقىمدا جېنىمغا تاقاشقان ئىككىلىك گۆش بار. سىز-نى شۇنى ئېلىۋېتىڭ دەۋاتىمەن. ئەمدى بىلگەنسىز؟
— لېكىن... مەن سىزگە قانداق دېسەم بولار...
چوكاننىڭ چىرايلىق كۆزلىرى چەكچەيدى:
— قارىغاندا دېيەلمەيۋاتقان گېپىڭىز بارمۇ نېمە، دوختۇر؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ.
— باشقا گېپىمغۇ يوق...
— سىزمۇ ئاۋۇ كازىۋەندىكى توكۇر دوختۇردەك مېنى ئۆس-تەلگە چىقىرىشنىڭ چوتىنى سوقۇۋاتامسىز - يە؟ ئۇنداق يېرىڭىز بولسا، مانا مەن تەييار. ئىشىكنى ئېتەيمۇ؟
چوكان شۇنداق دېگىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن بەكرى دوختۇر ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى ۋە يۈگۈرۈپ بې-رىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرلا كىيىمىنى سالىدىغان-دەك تۇرغان ئەلپازىنى كۆرگەن بەكرى دوختۇر باياتىدىن بېرى ئۇنى پۈتۈنلەي خاتا ئويلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاچچىقىدا پوسۇققىدە دەۋەتتى:
— ئەيدىزدەك قىلىسىز!
بەكرى دوختۇر شۇنداق دەپ بولۇپ «ئەمدى نېمە تىل ئىشى-تەرمەن» دەپ تۇرۇۋېدى، بۇ چىرايلىق چوكان ئۇ ئويلىمىغانلا بىر گەپنى قىلدى:
— ئەيدىز بولسام نېمە بوپتۇ؟ شۇنچە تەكشۈرۈپ بىلگىنىڭىز شۇمىدى؟ ئەيدىز بولغانلار بالا ئالدۇرسا بولمامدىكەن؟

بەكرى دوختۇرنىڭ كۆزى چەكچەيدى. ئۇنىڭ نادانلىقىغا، بىدەرۋالىقىغا، ئەقىلسىزلىكىگە، مەسئۇلىيەتسىزلىكىگە ئىچىنندى:

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن، مەخسۇس ئورۇنغا بارسىڭىز، بىر ياقتىن داۋالانغاچ...

— تولا چىشىمنى قېرىشتۇرماڭ، — دېدى چوكان غەزەپ بىلەن سۆزلەپ، — باشقا ئىشىم بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، مېنى دەرھال ئوپېراتسىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

— ھازىرقى ئەھۋالىڭىز بەك خەتەرلىك، بۇنداق سەل قارىسىڭىز...

چوكان بەكرى دوختۇرغا شۇنداق سەت ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇستەل ئۈستىدىكى لابوراتورىيە قەغىزىنى شارتتىدە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بەكرى دوختۇر ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق ئادەمنى ھەم شۇ ھالدىكى ئادەمنىڭ مۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇشىنى زىنھار ئويلىمىغان، كۈتمىگەنىدى. تۇۋا، نېمە دېگەن دەھشەت! نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق!!

«ئادەم دېگەن مۇنداقمۇ بولامدۇ؟ ئادەم ئادەمدىن قورقمايدۇ، دېيىشىدۇ. مۇشۇنداق ئادەملەردىن قورقماي بولامدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئەجەللىك يامان ھالى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ. مۇنداق ئادەملەر بىر بالايىئاپەت! ھەزەر، ھەزەر...!!»

بەكرى دوختۇرنىڭ خىيالى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە داۋام قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، ئىشىكتە دوختۇرخانا باشلىقى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلگەن بولۇپ، خۇددى ئۆزىنىڭ قاتتىق خاپا بولغانلىقىنى بەكرى دوختۇرنى ئېنىق بىلىۋالسۇن دېگەندەك، كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. دەرۋەقە، بەكرى دوختۇر دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ سوغۇق نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزىدىن ئەيمىنىپ تىكىلىپ قارىيالمىدى.

ئۇنىڭ كەينىدە ھېلىقى چوكان ھىجىيىپ پەيدا بولۇۋېدى، بەكرى دوختۇر نېمە ئىشلىكىنى دەرھال چۈشەندى.

دوختۇرخانا باشلىقى چوكانغا سىپايىلىك بىلەن:

— سىز ياندىكى بۆلۈمگە كىرىپ ئىمىن دوختۇر بىلەن كۆ-رۈشۈڭ. مەن ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويدۇم. قالغان ئىشلاردىن سىز خا-تىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

چوكان «رەھمەت يولداش!» دېگىنىچە خۇشال ھالدا ياندىكى بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى.

— بىمار داۋالانغىلى كەلسە، ئۇنىڭغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلماقتا يوق، باشقا يەرگە بۇيرۇغىنىڭىز نېمىسى؟ — دوختۇرخا-نا باشلىقى قاتتىق تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى.

— ئۇ ئەيدىز ئىكەن. ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئادەملەرگە مەسئۇل بولالمىساق بولمايدۇ.

— بۇنى ماڭا چۈشەندۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىمار بىزنى تال-لىغانىكەن، بىز ئۇنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە داۋالىشىمىز كې-رەك.

— بۇنىڭغا سەل قارىساق ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

— ناھايىتى شۇ بالا ئالدۇرىدىغان كىچىك ئوپېراتسىيە ئى-كەنغۇ.

— كىچىك بولغان بىلەن خاراكتېرى باشقا ئوپېراتسىيەلەرگە ئوخشىمىسا...

— بۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. ئۇ بەربىر بىز كۆر-سەتكەن ئورۇنلارغا بارمايدۇ، ئۆزىنى ئاشكارىلىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ. شۇڭا چەت، يىراق بولسىمۇ «قولاي»، «تولا ئاۋارىچىلىقى يوق» دەپ بىزنى تاللىغان گەپ. بۇ نۇقتا ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە بولسۇن. شۇڭا بىز دىققىتىمىزنى باشقا ياققا بۇرىماي، مۇشۇنداق كېسەل-لىكلەرنىڭ ئوپېراتسىيە ھەققىنى ئۆستۈرەيلى. بەش قاتلانسىمۇ مەيلى. بىزگە بىمارنى ساقايتىشلا ئەمەس، ئىقتىسادىي ئۇنۇمىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ھەممىمىز مۇشۇ يەردىن نان تېپىپ يەيمىز ئە-مەسمۇ!

بەكرى دوختۇر ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ

دوختۇرخانا باشلىقىنى ھەرقانچە مەنپەئەتپەرەس بولسىمۇ، بۇنچە-لىك بولار دەپ ئويلىمىغانىدى. بۇ يەر دوختۇرخانىمۇ ياكى پۇل تېپىش ماشىنىسىمۇ؟

— مەن دوختۇرلاردىن بىر قانچىڭىزلەرنى يىغىپ مەخسۇس مۇشۇ ھەقتە يىغىن ئاچسام بولغۇدەك. يانچۇققا كىرىدىغان پۇل كۆپەيسە، مەنمۇ، سىزلەرمۇ خۇش - تە، — دوختۇرخانا باشلىقى شۇنداق دەپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ توختىدى، — بەكرى دوختۇر، بۇنىڭدىن كېيىن بىمارلارغا بايىد-قىدەك مۇئامىلە قىلىدىغان ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ.

دوختۇرخانا باشلىقى شۇلارنى دەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. بەكرى دوختۇر ھاڭۋاقىقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. كۆزىگە يەجۈجى-مەجۈجى كۆرۈنگەندەك بولدى: «تۇۋا، تۇۋا، بىرى ماڭقۇرتلارچە باشقىلارنىڭ جېنى بىلەن ئويناشقان. يەنە بىرى باشقىلارنىڭ جې-نىنى پالاكەت باستۇرغۇچىدىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىشنىڭ كويىدا يۈرگەن. قانداق جاھان بولۇپ كەتتى بۇ؟»

كېيىن دوختۇرخانا باشلىقى ئۈچ دوختۇرغا شۇ مەزمۇندا يىغىن ئاچتى. ئۇ قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، شالۋىقىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، ھېچكىمنى ئېغىز ئاچۇرماي، ئۇنداق بىمارلارنى ئاكتىپلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى قاتتىق تەكىتلىدى. ئاندىن ھەربىر دوختۇرغا تېگىدىغان نەپنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك غېمى ئوتتۇرىسىدا دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئىككى-لىنىپ ئولتۇرغان دوختۇرلارغا دان سەپتى. دوختۇرلارنىڭ كۆزىگە خىزمەت ئىزدەپ دوقۇرۇپ يۈرگەن ۋە تۇمشۇقىغا يېگەن، مەسخىرىد-گە، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان، يىلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىنىڭ ئۇنۇمى بولمىغان مەنزىرىلەر كۆرۈنگەندەك بولىدى... باشلار ئامال-سىز، ئىختىيارسىز لىڭشىدى...

— سا دوختۇرخانا باشلىقى پالچى ئىكەن! ئەۋلىيا ئىكەن!

دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دوختۇرخانا سەل ئالدىراش بولۇپ قالدى. خۇددى بىر - بىرىگە خەۋەر بېرىۋەتكەندەك، بۇ

دوختۇرخانىغا بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىكىلى كېلىدىغان قىزلار كۆپەيگىلى تۇردى. ھەممىسى ئەيدىز! ئارىسىدا نى - نى گۈل بەدەن قىزلار، مۇلايىم، مۆمىن قىزلار، خىزمەت تاپالماي تۇرمۇشنىڭ ئۆمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان، خىزمەت كۇتۇپ چارچىغان قىزلار، بىر بۇردا نان ئۈچۈن ئاشخانا، سودا سارايلىرى، دىسكوخانىلاردا پالاقلاپ ئىشلەپ يۈرگەن، ئەمما ئارمانى ئۈچۈن تېنىنى دوغا تىككەن قىزلار، بىلىم گۈلىستانىدا قايمۇققان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى.

ئۇلار لېۋىنى چىشلەپ جىممىدە كېلەتتى، بەش ھەسسە ئارتۇق پۇلنى لېۋىنى چىشلەپ جىممىدە تۆلەيتتى، كارىۋاتتا لېۋىنى چىشلەپ جىممىدە ياتاتتى، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھالسىزلانغان، خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان بەدىنىنى سۆرىگىنىچە جىممىدە كېتەتتى...

بەلكىم ئۇلاردىمۇ مۇھەببەت ۋىسالى باردۇ، مۇھەببەت ھەسرىتىمۇ باردۇ، ئاياللىق مەسئۇلىيىتى، ئانىلىق مەجبۇرىيىتى باردۇ، تۇرمۇش خۇشلۇقى باردۇ، ئۇنىڭغا خۇشلۇق ئاتا قىلىدىغان ئادىمى باردۇ، ئۇمۇ شېرىن ئارزۇسى ئۈچۈن پالاقلىغاندۇ، موچەنلەپ پۇل يىغقاندۇ، پاك كۆز يېشىنى تۆكىدىغان ئەسكى تاملىق بولسىمۇ باردۇ.

ئاھ، تۇرمۇش! قاچانمۇ بۇلارنى كۆرۈپ قانارسەن؟

بەكرى دوختۇر ھەر قېتىم قولىدىكى قات - قات پەلەيىنى سالغىنىدا ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە قالاتتى، ئۆزىنى جىنايەت سادىر قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن ئەيدىز ۋىرۇسلىرى تېنىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭغا يۇقۇپ، ئۇنى جازالايدىغاندەك غەلىتە تۇيغۇدا بولاتتى.

ئەمما دوختۇرخانا باشلىقى تولىمۇ خۇشال ئىدى. پات - پات ئىسقىرتقىنىچە بۆلۈملەرنى ئارىلاپ قوياتتى.

بەكرى دوختۇر ھەر قېتىم دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ خۇشال ھالىتىنى كۆرگەندە، ئىشكابىنىڭ تۆۋەنكى سۇغۇرتمىسىغا سېلىپ

قويغان بىر دەستە قەغەزنى ئېلىپ، يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا بىر قۇر ۋاراقلاپ چىقاتتى.

1. ئىسمى: ئايگۈل، ئۇيغۇر، 21 ياش، كىيىم ـ كېچەك تۇپ سېتىش سودىگىرى. ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، بىر چوڭ سودا سارىيىنىڭ خوجايىنى بىلەن ئاشنىدارچىلىق قىلىش جەريانىدا يۇقتۇرۇۋالغان.
2. ئىسمى: ئازادگۈل، ئۇيغۇر، 32 ياش، دىبا باشقۇرغۇچى. ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، دىبانىڭ رۇسىيەلىك خوجايىنىدىن يۇقتۇرۇۋالغان.
3. ئىسمى: رەھىمە، ئۇيغۇر، 25 ياش، ساياھەت يېتەكچىسى. نېمە سەۋەبتىن يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى دېيىشنى خالىمىغان.
4. ئىسمى: ما گۇاڭ، خۇيزۇ، 33 ياش، مەلۇم سۇتچىلىك شىركىتىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش ۋاكالەتچىسى. ئۇ نەچچە يىل بۇرۇن يۇرگەن يىگىتى بىلەن كۆپ قېتىم جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇنىڭدىن يۇقتۇرۇۋېلىش ئېھتىماللىقى چوڭ ئىكەن.
5. ئىسمى: جىن چۈەن، خەنزۇ، 23 ياش، داڭلىق ماركىلىق ھاراق ـ تاماكا دۇكىنىنىڭ خوجايىنى، ئۇ پۈتۈنلەي ئېرىدىن گۇمانلىنىدىكەن.
6. ئىسمى: نىلۇپەر، رۇس بىلەن ئۇيغۇردىن بولغان شالغۇت، 20 ياش، مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، قالغان ئەھۋاللارنى دېگۈسى كەلمىدى.
......

ھەر قېتىم تىزىملىكنى كۆرۈپ بېرىمىغا كەلگەندە بەكرى دوختۇرنىڭ تېنى تىكەنلىشەتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ بېقىنىدىن بۇيان دوختۇرخانىغا بويىنىنى باغلىغاندەك بارىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاخىر ئۇ بۇ روھىي بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، باشقا يەردىن ئاستىرتتىن خىزمەت ئىزدەشكە چۈشكەنىدى.
بەكرى دوختۇر ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنى بويلاپ، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئىتتىپاق

تىياتىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالىغا ئوخشاش ئەتراپتا ئادەم مىغىلدايتتى. تۈرلۈك سىياقتىكى، ھەر - خىل سالاھىيەتتىكى ئادەملەر تۈرلۈك مۇددىئالار بىلەن چېپىپ يۈرۈشەتتى. بەكرى دوختۇر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بار ئاماللار بىلەن ياشلىق گۈزەللىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ يا - سانغان ۋە كىيىنگەن ھەمدە ھەرىكىتىگە ياشلىق خۇلقى بېرىشكە تىرىشىۋاتقان قىزلارغا قاراپ بېشىنى چايقىدى: «سىرتقى گۈزەل - لىكنى نېمانچە نامايىش قىلىدىغاندۇ؟ بۇلارنىڭ قانچىسىنىڭ گۆلدەك بەدىنىدە ئەيدىز ۋىرۇسلىرى يامراپ يۈرگەندۇ؟ بۇنى قانچىسى بىلىپ يەتكەندۇ؟ قانچىسى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققاندۇ؟» بەكرى دوختۇر قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى.

ئۇ سائەتكە قاراش ئۈچۈن يانفونىنى چىقاردى. ئۇ يانفونىنى ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ ئوپېراتسىيەگە كىرىشتىن بۇرۇن ئېتىۋەتكەنچە ئۇنتۇپ قېلىپ تېخىچە ئاچمىغانىدى. ئۇ يانفونىنى ئې - چىپ سائەتكە قارىدى ۋە ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بارغىنىنى بىلىپ: «خوتۇن يەنە تەگەپ كېتىدىغان بولدى - دە. ئىشتىن چۈشۈپ ئازراقلا ھايال بولۇپ قالسام كوتۇلدىغىنى كوتۇلدىغان» دەپ ئويلاپ قەدىمىنى تېزلەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يانفونىدىن «نازىركوم» مۇ - زىكىسى ياڭرىدى. تېلېفون ئايالىدىن كەلگەنىدى.

— نەلەردە يۈرىسىز؟ چاققان قايتىپ كېلىڭ. سىزنى ساقلاۋا - تىمىز - ھە؟

ئايالىنىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىش ئادىتى شۇنداق ئىدى. ئۆزى - نىڭ سۆزىنى دەۋالسىلا تېلېفوننى ئالدىراپ قويۇۋېتەتتى. قارشى تەرەپنىڭ ئىنكاسى قانداق، باشقا سۆزى بارمۇ - يوق دېمەي، تې - لېفوننى ئۈزۈۋېتەتتى. ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلەرنىڭ سۆ - زى بولسا، يەنە قايتۇرۇپ تېلېفون قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ھەقتە بەكرى دوختۇر نۇرغۇن سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئايالى ئاغزىدا ھە دېگەن بىلەن ھېچ تۈزىتەلمەيۋاتاتتى. «بۇنداق كىشىلەر تېلې - فوندا ئاشۇنداق سۆزلىشىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق، قارشى تەرەپكە

ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىن؟» شۇنداق غۇدۇڭ-شىغان بەكرى دوختۇر ئۆيىگە بۇرۇلدى.

ئۇ ئۆيىگە بارغاندا ئايالى سەلىمە يېڭىلا لېگەنگە ئېلىنغان پولۇ ئۇستىگە گۆش بېسىۋاتقانىدى.

— پاھ، پاھ! بۇگۈن بۇ پولۇ بەك ئوخشاپ كەتتىغۇ! تاللاپ تۇرۇپ پاقلان گۆشى ئالغان دەڭە تېخى. پولۇدىن بۇرۇن بىر پارچە يەپ بېقىڭ.

سەلىمەنىڭ پولۇ قىلغانلىقى ۋە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشىدىن بەكرى دوختۇر ئۆيدە بىر خۇشاللىقنىڭ بولغانلىقىنى پەملىدى. چۈنكى، ئۇ سەلىمەنىڭ خۇشاللىقنى تاماق ۋە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا بەكرى دوختۇر: «ئۇنىڭغا نېمە خۇشاللىق بولغاندۇ؟» دەپ ئويلىغاچ تاماق شىرەسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— باللارنى ساقلىمايمىزمۇ؟

— ساقلىساق شۇنچە ئەجىر قىلغان پولۇنىڭ تەمىنى تېتىيالماي قالىسىز. قېنى تەمى كەتمەستە ئېلىڭ.

بەكرى دوختۇر قارا گۆشتىن بىر پارچىنى ئاغزىغا سالدى. ئاندىن ئۆزىگە ۋە سۆزىگە بارغانچە سىرلىق تۇس بېرىۋاتقان سەلىمەگە سىنچىلاپ قارىدى:

— نېمە خۇشاللىق بولدى سىزگە؟

— «سىزگە» دەپ كەتكىنىنى. «بىزگە» دەڭ.

— قېنى ئېيتىڭ ئەمىسە، پولۇنىمۇ يەيلى، خۇشاللىقنىمۇ ئاڭلايلى.

سەلىمە بېرىپ بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ كەلدى ۋە:

— ھېلىقى شوپۇر بالا ئەكىلىپ بېرىپ كەتتى. دەرھال تېلېفون قىلسام تېلېفونىڭىز ئېتىك، — دەپ ئۇنىڭغا سۇندى. بەكرى دوختۇر قەغەزنى كۆرۈپ چىرايىغا ئىختىيارسىز كۈلكە يۈگۈردى.

بۇ تۇرپان شەھەرلىك 2-خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بەكرى

دوختۇرنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلغانلىق ئۇقتۇرۇشنامىسى ئىدى.
— ئاخىر ھەل بوپتۇ ـ دە، — دېدى بەكرى دوختۇر يېنىك تىنىپ.
بەكرى دوختۇر ئۇزۇندىن بۇيان يۇرتىغا ـ تۇرپانغا قايتىپ خىزمەت قىلىشنى ئويلاپ، ئارزۇلاپ يۈرەتتى. ئايالى دەسلەپتە: «ھازىر خەق ئۇرۇمچىگە كېلىش ئۈچۈن پايپاسلاۋاتىدۇ... خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىسىمۇ بۇ يەردىن ئۆي ئېلىپ ئۇرۇمچىدە ياشاش ئارزۇسىنى قاندۇرۇۋاتقانلارمۇ شۇنداق كۆپىيىپ كەتتى. شۇنداق تۇرسا، سىز قوپۇپ تۇرپانغا كېتىمىز دەيسىزغۇ؟» دەپ قوشۇلمىغانىدى. ئەمما بەكرى دوختۇر كۆپ چۈشەندۈرۈپ ئاخىر سەلىمەنى قايىل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەلىمەنىڭ پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدىكى ئاتا ـ ئانىسى ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، تۇرپانغا كېتىش سەلىمەنىڭ «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش» ئويىغىمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغانىدى.
— مەنغۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەيمەن. سىز قانداق قىلىسىز؟
— بۇرۇن دېيىشتۇققۇ. بۇ يەردىكى كىيىم دۇكىنىمنى تۇرپانغا يۆتكەيمەن شۇ.
بەكرى دوختۇر بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ كەسىپ ۋە ياشاش ئۆلچىمىنى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆزگەرتىپ، بۇنىڭ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن جاق تويۇپ كەتكەنىدى.
— ئۇنداقتا، مەن چۈشتىن كېيىنلا دوختۇرخانىغا بېرىپ رەسمىيەت بېجىرەي. سىز بالىلارنىڭ مەكتىپىگە بېرىڭ.
— بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى ۋاقتىدا تۈگىتەي. بولمىسا دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەسىر يېتىدۇ.
— بالىلار بەك تارتىنىپ تۇرۇۋالماس ـ ھە؟
— چوڭى ماي تارتىپ يۈرگەن. ئوبدان چۈشەندۈرمەيمىزمۇ.
بەكرى دوختۇر بېشىنى لىڭشىتىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭغا پولۇمۇ، گۆشمۇ ھەقىقەتەن تېتىدى.

# بىرىنچى بۆلۈم

# مۇھەببەت ئوتى ۋە ئازغۇن

# بىرىنچى باب

تولىمۇ ئاددىي جابدۇلغانلىقى ئۈستىگە نەرسە ـ كېرەكلەر رەتسىز، قالايمىقان قويۇلغاچقا، بۇ ئۆي ئادەمگە كۆڭۈلسىز تۇيغۇ بېرەتتى. ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدىن گۇپۇلدەپ چىقىپ تۇرغان سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ دېمىنى سىقاتتى. بىر چەتتىكى توپا باسقان شىرەدىكى چالا يېيىلگەن تاماق قالدۇقى قالغان يۇيۇقسىز قاچا ـ قۇچىلار، چېچىلىپ ياتقان تاماكا قالدۇقلىرى، مەينەت قەغەز، تاماكا كۈللىرى، توپا ئۆرلەپ تۇرغان پايانداز ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇراتتى.

ئۆي ئىچى ئۆيدىكى بىر نەچچە ياش بالىنىڭ سۇلغۇن ھالىتىگە قوشۇلۇپ تېخىمۇ يېقىمسىز كۆرۈنەتتى.

بىر ـ بىرىگە قاراپ ئىچىنى تىڭشىغاندەك ئولتۇرۇشقان بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىگە ئارام بەرمەيۋاتقان بىر نەچچە بىزەڭ چىۋىننى قورۇشقىمۇ ئېرىنىۋاتقاندەك، خۇشياقمىغاندەك ئىدى. چىۋىنلەر تەييار «نېمەت»كە ئېرىشكەندەك ھېلى بىرىنىڭ قاسماق بويىنغا قونسا، ھېلى بىرىنىڭ ئېقىپ قالغان ماڭقىسىغا قوناتتى. بۇدۇر چاچلىق بىر يىگىت دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان پېتى مۈگدەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شۆلگىيى ئېقىپ قالغاچقا ئاغزىغا بىر نەچچە چىۋىن ئولىشىۋالغانىدى، خۇددى بىر ـ بىرىنى مەخپىي بەلگىلەر بىلەن چاقىرىشىۋاتقاندەك بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى.

چىۋىنلەر بۇ ئۆيدىكى ئادەملەردىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى.

كۆزى ياشاڭغىراپ تۇرغان ھەسەن شۆلگىيى ئېقىپ قالغان يىگىتكە قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، ناھايىتى تەستە ئېغىز ئاچتى:

— ھەي، پەتتار چىركىن، چىۋىنلەر سېنى سۆيۈۋاتىدۇ.

پەتتار چىركىن دەپ ئاتالغىنى كۆزىنى سەل ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالدى.

— «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەن شۇ دە، — دېدى دەممۇدەم سائىتىگە قاراۋاتقان مۇرات. بۇ چاقچاقتىن باشقىلار زورۇقۇپ كۈلۈشتى.

— چىۋىنلەرمۇ بىلىپ قونىدۇ ـ دە ئەمدى. «خىل خىلى بىلەن» دېگەن گەپ بارغۇ بىزدە، — دېدى ھەسەن خىرىلداپ كۈلۈپ.

پەتتار دېگىنى باشقىلارنى ئۇدۇل كەلگەن يەردە «چىركىن» دەپ ئاتاپ تىللاپ ئادەتلىنىپ قالغان يىگىت ئىدى. ئۇ باشقىلاردىن تاماكا سورىسىمۇ: «چىركىن تاماكاڭدىن بىر تال بېرە» دەيتتى. ئاشخانىلاردا تاماق يېگەنلەردە دوستلىرىغا: «چىركىن چوكىدىن بىر تال ئېلىۋېتە» دەيتتى. ھەتتا ئۆيدە تاماق يېگەندىمۇ بەزىدە ئايالىغا: «چىركىن مانتاڭدىن يەنە بارمۇ؟» دەپ سالاتتى. شۇ سەۋەبلىك ئايالى ئۇنىڭ بىلەن نەچچە رەت ئۇرۇشۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا دوستلىرىمۇ خېلى نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ ئايالى بىلەن «پەيشەنبە» قىلىپ بولۇپ، تاماكا چەككەچ قالغان ھۇزۇرىنى سۈرۈپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئويلىمىغان يەردىن تېلېۋىزوردا ئۇزۇم بازىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە خەۋەر بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇم سودىسى قىلىدىغان ئاغىنىسى مۆمۈن دۆڭ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىدى. بۇنى كۆرگەن پەتتار: «ماۋۇ چىركىن دۆڭنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىپ يۈرگىنىنى» دەپ غۇدۇڭشۇپ قولىغا يانفونىنى ئالدى ۋە مۆمۈن دۆڭگە تېلېفون بەردى.

— تېلېۋىزورغا چىقتىڭغۇ چىركىن، — دېدى پەتتار.

— سەنمۇ كۆردۇڭمۇ چىركىن، تېلېۋىزوردا تۇرۇپ سەن چىركىننى كۆرۈپ تاس قالدىم قۇسۇۋەتكىلى، — دېدى مۆمۈن دۆڭمۇ بوش كەلمەي.

— مۇنداق گەپ ئاداش، — دېدى پەتتار، — مەن بايا ئايالىم بىلەن پەيشەنبىنى تۈگىتىپ، غۇسلى قىلمايلا تېلېۋىزور كۆرگەنىدىم. شۇ پېتىلا ساڭا قاراپ ساپتىمەن. بولسا بويۇڭنى سۇغا سېلىۋەتكەن بولساڭ.

— ھەقىقەتەن چىركىن ئىكەنسەن، مەن ساڭا قايىل بولدۇم، — دېدى مۆمۈن دۆڭ كۈلۈپ كېتىپ.

بۇ گەپ تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، «چىركىن» دېگەن بۇ سۆز پەتتارنىڭ لەقىمى بولۇپ قالغانىدى. «لەقەمنى ئىگىسى ئۆزى ئىزدەپ تاپىدۇ» دېگەن شۇ دە!

— چىۋىنلەر مېنىڭغۇ چىركىن دەپ قونۇپتۇ. سېنى «تازا ئوخشىغان تاش ھەسەلكەن» دەپ قونغاندۇ تايىنلىق؟ — دېدى پەتتار ھەسەنگە خۇشياقماسلىق بىلەن.

بۇ گەپ بىلەن مۇرات كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، پەتتارنىڭ لەقىمى «چىركىن»بولسا، ھەسەننىڭ لەقىمى «ھەسەل» ئىدى. ھەسەن بىر قىزغا كۆيۈپ قېلىپ، كۆڭلىدىكىنى بىۋاستىمۇ دېيەلمەي، خەتمۇ بېرەلمەي يوشۇرۇن كۆيۈكىنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، قايسىدۇر بىر ناخشىنىڭ «گۈزەلىمسەن، ھەسەلىمسەن» دېگەن بىرلا مىسراسىنى تولا ئېيتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاغزى بىكار بولسىلا ئىختىيارسىز مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ كېتەتتى. توغرىسى، شۇ بىرلا مىسرانى تەكرارلايتتى. بەزىدە ھەتتا «گۈزەلىمسەن، ھەسەلىمسەن» دېگەن بۇ مىسرانى دەرس ۋاقتىدىمۇ شىۋىرلاپ سالاتتى. بەزىدە تېخى بۇ مىسرادىكى «ھەسەلىمسەن» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ كېتەتتى. دوستلىرى شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭغا «ھەسەل» دېگەن لەقەمنى قويۇۋېلىشقانىدى.

— چاتاق يېرى بۇ خۇمسى چىۋىنلەر ھەسەلنى يەپ بولۇپلا شۆلگەيگە يۇگۈرەيدىكەن ئەمەسمۇ.

قالغانلار پەتتارنىڭ ئاغزىغا قارىغانىدى، پەتتار چىركىن ھەسەن ھەسەلگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قىزىل قاپلىق «ياڭ-چېڭ» ماركىلىق تاماكىنى چىقىرىپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ تاماكىنى كۆچەپ - كۆچەپ شورايتتى. تۇرقىدىن خۇددى بايىقى چاقچاقنى ئۇنتۇغاندەكلا قىلاتتى.

باشقىلارمۇ ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ، چاقچاقتىن رايى قايتقاندەك جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى. مۇرات يەنە سائىتىگە قارىدى.

— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ تولا سائىتىڭگە قاراپ كەتتىڭغۇ؟

— دېدى ھەسەن ھەسەل ئېغىر ئەسنەپ.

— ئەمدى مەن ماڭاي. ھېلىمۇ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم. كۆندە مۇنداق ئولتۇرۇۋەرسەم ياخشى بولماس.

— «ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم» دېگىنىنى. تازا ھۇزۇرلىنىۋالغانسەن. يايرىغان ۋاقتىڭدا بۇ گەپ يوق. ئەمدى بولغاندا...

— ئۇنداق خاتا چۈشەنمە. شۇنچە پۇلغا ئالغان ماشىنا پۇل تاپماي يېتىپ كەتسە ياخشى بولماس.

— بەش كوينى دەپ نەمۇ نە قاتراپ يۈرەمسەن؟ خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ، شۇنچە جاپا تارتىپ تاپىدىغىنىڭ ئاران بەش كويغۇ.

— «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەن گەپ بار. ئاز تاپساممۇ تېپىپ تۇرغىنىم ياخشى. بىر ھېسابتا بەش كويمۇ ئاز پۇل ئەمەس. بەش كويمۇ گۆل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتسا ھازىر.

پەتتار چىركىن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ۋە يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن:

— قارىسام توختىماي مېڭىۋاتىسەن، خېلى كۆپ پۇل تاپقانسەن؟ بىكاردىن - بىكار كوچا ئايلىنىپ يۈرمىگەنسەن؟ — دېدى.

مۇرات بېشىنى چايقاپ مەيۈسكىنە كۈلۈپ قويۇپ:

— نەدىكىنى، تاكسى بىلەن پۇل تاپماق بارغانچە مۈشكۈللەپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر ئاسان ئىش نەدە باركىن - تاڭ؟ — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارىساڭ پاتمانلاپ پۇل تاپقاننىڭ گېپىغۇ. ماشىناڭلارنىڭ چاقى بىر مېتىرمۇ بىكارغا چۆرگىلىمىگۇدەكقۇ؟ — دېدى پەتتار چىركىن.

مۇرات ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي. مېڭىشقۇ كۆپ، لېكىن يانچۇققا كىرىدىغان پۇل تايىنلىق. سەنمۇ بىرەر كۈن ماشىنا ھەيدەپ باقساڭ، ئاندىن دەردىمىزنى چۈشىنىسەن، — دېدى.

بايا ماڭقىسى ساڭگىلاپ قالغان يىگىت گەپكە ئارىلاشتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردىكى تاكسىلار بۇرۇنقىدىن بەك كۆپىيىپ كەتتى. شۇ ئازغىنە بەش كويىنىمۇ تالىشىدىغان ئېغىز كۆپەيدى دېگەن سۆز، — دېدى ئەسنەپ تۇرۇپ.

— رىزقى ئايرىم، — دېدى ھەسەن ھەسەل، — پۇلنى قانداق تېپىش ئۆزۈڭگە باغلىق. تاكسىلار كۆپىيىپ كەتتى، دەپ باشقىلاردىن ئاغرىنساڭ قانداق بولىدۇ. ئامالىنى ئۆزۈڭ قىلمامسەن.

— ئۇغۇ شۇ، — دېدى مۇرات.

بۇ چاغدا ھېلىقى ماڭقىسى ئېقىپ قالغان يىگىتنىڭ ئۇيقۇسى رەسمىي ئېچىلغان چېغى، مۇراتنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى:

— مۇرات، ئاڭلىسام سىلەرنىمۇ ئوڭدا قويىدىغانلار بار دەيدىغۇ. سىلەر شۇ بەش كويغا بۈركۈت توشقانغا قارىغاندەك قادىلىپ قاراپ تۇرىدىغان تۇرساڭلار. سىلەرنى قانداقمۇ ئالداپ كېتەر، دەيمىنا.

— بۇ گەپنى دېمىگىنە، — دېدى مۇراتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، — شۇنداق ئىشلارنى ئويلىساملا سەپرايىم ئۆرلەيدۇ.

— بەش كوي دېگەن چۈشۈپمۇ قالىدىغۇ. شۇنىڭغىمۇ كەيپىڭنى ئۇچۇرۇپ يۈرەمسەن، — دېدى ھەسەن ھەسەل.

— ئەجەب چوڭ پاراڭ قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىسەنغۇ سەن، — دېدى پەتتار چىركىن، — بەش كوي - بەش كوي يىغىلسا، قانچە بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپسەندە.

— بەش كوي پۇلنىڭغۇ كارى چاغلىق. ئۇنىڭ قورساق كۆ-

پوكى يامان. شۇ يېرى ئادەمنى جىلە قىلىدۇ.

— قانداق دەيسەن؟

بۇ گەپ بىلەن كىراغا مېڭىش ئىشىنى ۋاقىتىنچە ئۇنتۇغان
مۇرات بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— مەن سىلەرگە بىر ئىشنى دەپ بېرەي. بىر كۈنى ھاۋا
شۇنداق سوغۇق ئىدى. تۇرپاندا ئىسسىق بولسىمۇ تۇخۇمنى قۇمغا
كۆمۈپ قويسا پىشقۇدەك ئىسسىق بولىدۇ. سوغۇق بولسىمۇ كۆز-
دىن باشقا ئۇچۇق قالغان بارلىق ئەزالارنى ئۈششۈتۈپ قويغۇدەك
سوغۇق بولىدۇ. چوڭلار بۇنداق سوغۇقنى «قۇرۇق سوغۇق» دەپ
ئاتىشىدىكەن. دېمىسىمۇ تۇرپاندا قار ياغمىغان بىلەن قار ياغقان-
دىنمۇ بەك سوغۇق بولىدۇ. ۋاي، بۇنى دېمىسەممۇ سىلەر بىلىسى-
لەرغۇ؟

— مۇشۇ ئىشىم كېيىن كىتابقا يېزىلىپ قالسا، باشقا يەرلىك
كىتابخانلار بىلىپ قالسۇن دەپ قەستەنگە دەۋاتىسەنغۇ؟ — دەپ
چاقچاق قىلدى پەتتار چىركىن.

— چاقچاق قىلما، شۇ ئىش يادىمغا يەتسىلا جۇدۇنۇم ئۆرلەي-
دۇ مېنىڭ، — مۇرات شۇنداق دېگىنىچە «ياڭچېڭ» ماركىلىق تا-
ماكىدىن يەنە بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى، — شۇ سوغۇقتا كو-
چىدا تۇزۇك ئادەممۇ بولمىغاندىكەن، ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرسام،
تۆت كوچىدا بىرى ماشىنىنى توسۇپ قالدى. يولۇمغا ماڭاي دې-
سەم، بەش كوي پۇل كۆزۈمگە كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن توختىدىم.
قارىسام ئۇ سەل كەيپتەك بىلىندى. «نەگە؟» دېسەم «چاتقال يېزى-
لىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا» دەيدۇ. «بۇ سوغۇق كېچىدە ماڭماي،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەست ئىكەن. بىكارلا ئاۋارىچىلىقتا قالماي»
دەپ ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدىم. تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلگەن ئۇ
ئاداش ھە دەپ يېلىنغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاداشنى ئاپى-
رىپ قويۇش خىيالىغا كېلىپ قالدىم. چۈنكى، بىرىنچىدىن،
بۇنداق كەچتىكى خېرىداردىن خېلى كۆپ پۇل ئېلىۋالغىلى بولات-
تى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا خېلى تۇزۇك بالى-

دەك بىلىندى. دېمەكچى، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىقتىن غەم قىلمىسامۇ بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز باھا تالىشىشقا چۈشتۇق. بۇنداق چاغدا كۆپرەك پۇل ئېلىۋېلىشنىڭ كويىغا كىرىدىغان گەپكەن. شۇڭا ئۇستىلىق بىلەن باھا تالاشمىساڭ بولمايدۇ. مەنمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇ ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە 50 كويدىن چۈشتۇم. ئادەتتە بىز چاتقال يېزىسىغا كۈندۈزى 20 كويغا ئاپىراتتۇق. شۇڭا مەن ئۇ ئاداشنى كۆپ بولسا 30 كويغا باھا تالشار دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئۇ ئارتۇقچە تالاشمايلا 40 كوي باھا قويدى. مەن ئۇنى «تازا موك چۈشتىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ 45 كوي باھا قويدۇم. ئەمما ئۇ: «بولدى، ھېلىمۇ مەن خېلى يۇقىرى باھا قويدۇم. ئارتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ھالىممۇ يوق ھازىر» دەپ ماشىنىغا چىقتى. مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ماشىنىنى ھەيدىدىم. يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولغاچقا يولدا ماشىنا يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ماشىنىنى بولۇشىغا قوغلاپ بىردەمدىلا يېزا مەركىزىگە يېقىنلاپ قالدۇق. يېزىلىق پاختا زاۋۇتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ دەرۋازىسى ھەيۋەتلىك بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ ئاداش ماشىنىنى توختاتتى. «ئۆي مۇشۇ شۇ. يۈرۈڭ، بىر چىنە چاي ئىچىپ ئىسسىنىۋېلىڭ، ئاڭغۇچە پۇلنى تەييارلاپ بېرەي» دېدى ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ. مەن چاققانراق قايتىشنى ئويلاپ رەھمەت ئېيتىپ، ماشىنىدا ساقلاپ تۇرماقچى بولدۇم. ئۇمۇ ئارتۇقچە تارتىنىشماي دەرۋازا ئالدىغا باردى ۋە بىر نېمىلەر قىلىپ دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى. مەن ناخشا تىڭشىغاچ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم. ئەمما بۇ بىر تال تاماكىنى چېكىپ بولغۇچىمۇ ئۇ ئاغىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇ ئاداش كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بىرەر ئۆينىڭمۇ چىرىغىنىڭ يانمىغانلىقىنى يادىمغا ئالدىم. بۇ ئىش سەل غەلىتە بىلىنگەن بولسىمۇ، «بەلكىم ھويلىنىڭ ئىچىدە باشقىمۇ ئۆي بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇۋەردىم، بىراق يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا چىقمىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈمگە

گۇمان چۈشتى. مەن ماشىنىدا ساقلاۋېرىشكە تاقەت قىلالماي ما-شىنىدىن چۈشۈپ ئاستا دەرۋازا ئالدىغا يېقىنلاشتىم. هويلا ئى-چىمۇ قاراڭغۇ، ئۆيلەردە بىرەر تىۋىشمۇ يوق. مەن ئىككىلىنىپ بىر پەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، دەرۋازىنى بوش ئۇرۇپ «هوي، ئاداش» دەپ چاقىردىم. لېكىن ئىچكىرىدىن هېچبىر سادا يوق. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىم كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرۇشقا باشلىدىم. بىر چاغدا هويلىنىڭ لامپۇچكىسى يېنىپ بىر قىزىل سىرلاقلىق ئىشىك ئېچىلدى ۋە بىر ئايال چىقىپ چۆچۈپ قورقۇپ كەتتى. «سەن، سەن نېمە ئادەم؟» دېدى ئۇ قورقىنىدىن ئارقىغا داجىپ. ئۇنىڭ قورققىنىنى كۆرۈپ مەنمۇ قورقۇپ قالدىم. «شىرئەلى بۇ-ياقتا چىققىنە بالام» دېدى ئايال ئۆي ئىچىدىن بىرىنى چاقىرىپ. ئاڭغۇچە 10 نەچچە ياشلاردىكى بىر بالا كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە چىقىپ كەلدى. «نېمە ئادەم سەن؟!» دەپ سورىدى ئايال يۈرەك كىرگەندەك بولۇپ. «بايا يولدىشىڭىز... ئوغلىڭىز كىرىپ كەت-تى... پۇل ئەپچىقىپ بېرەي دەپ...» مەن دۇدۇقلاپ قالدىم. مې-نىڭدىن قاتتىق گۇمانلانغان ئايال بىر ياندا تۇرغان كالتەكنى قو-لىغا ئالدى. «تولا يامان نىيەتتە بولغۇچى بولما. بولمىسا...» قارد-سام ئۇ ئايالنىڭ «ئوغرى!» دەپ ۋارقىرايدىغان پەيلى بار. شۇڭا ئالدىراپ ـ تېنەپ بولغان ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم ۋە سىرتتا تې-خى ماتورىنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلمىگەن، چوڭ چىرىغى يېنىق تۇرغان ماشىنىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولغان ئايال: «يولدىشىم كۆمۈر ئالغىلى خاڭغا كەت-كەن. مېنىڭ مۇشۇ بىرلا ئوغلۇم بار» دېدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇ-ۋېلىپ: «ئۇ ئاداش راستلا بايا مۇشۇ هويلىغا كىرىپ كەتتى. مەن تېخى بۇنى ئۇنىڭ ئۆيى دەپ ئويلاپ قاپتىمەن» دېدىم. «ئۇ گۆي سىزنى ئالداپتۇ» دېدى ئايال ئۇدۇللا. ئاندىن: «بىزنىڭ ئۆي ئۇ گۇينىڭ خىيالىغا قانداق كەلگەندۇ؟ بۇ ئىشىكنى قانداق ئاچقاندۇ؟ مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، بىز ئۆيلەردىن قانداق خاتىرجەم بولالايمىز؟ مۇشۇ كۈنىنىڭ ئادەملىرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن تاڭ؟» دەپ

غودۇراپلا كەتتى. مەن ئەھۋالغا قاراپ بېقىپ، ھېلىقى ئاداشنىڭ مېنى ھەقىقەتەن ئوڭدا قويغانلىقىنى بىلدىم. بۇ كېچىدە ئۇنى نە- دىن تاپقۇلۇق؟ شۇڭا لېۋىمنى چىشلەپ، ئەلەم بىلەن كەينىمگە ياندىم. «خەپ! بىر كۈنى ئۇچراپ قالارسەن. قالغان ھېسابنى شۇ ۋاقىتتا قىلىشىمىز» دەپ، شۇ ئاچچىق خىيال بىلەن ئۆزۈمنى بەزلىدىم. بىزنى بۇنداق زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلار چىقىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر بازار جايغا بېرىۋېلىپ تۆت كوي پۇلنى تەڭلەپ تۇ- رۇۋالغان. يەنە بەزىلەر ماشىنىغا چىقىۋېلىپلا غەرق مەست بولۇپ كېتىدۇ. مەنزىلگە بارغاندا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئويغىتالمايسەن. يېنىنى ئاختۇرساڭ بىر تىيىن پۇل يوق. يا بۇ خەقتىن ماشىنىغا چىققاندىلا ئالدىنئالا: «كىرا ئاغا تۆلىگۈدەك پۇلۇڭ بارمۇ؟» دەپ سو- رىغىلى بولمىغان. شۇنداق قىلىپ بەزىدە بىرمۇنچە جاپا تارتقانغا تۇشلۇق قولۇڭ پۇل كۆرمىگەن. مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىساڭ، بەزىدە كىرا ماشىنىسى ھەيدىگەنگە تويۇپ كېتىسەن.

— تولا قاقشىما. بەزىدە سىلەرنىڭمۇ باشقىلارنى كومىلايدىغان ۋاقىتىڭلار باردۇ؟ ھە دەپ ئولتۇرۇپ بەرسەڭ قاقشاپلا كېتىدىغۇ. بىزنىڭمۇ قىلىقىمىز بار. ئۇنداق ئىشىڭلارنى ئاڭلىمايمىز دېسەك- مۇ، قۇلاققا يېتىپ قالىدىكەن.

— بەزىدە... ئادەمنىڭ كۆزى قىزىرىپ شۇنداق ئىشنىمۇ قى- لىپ سالىدىغان ئىشكەن. «قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى» دې- گەندەك بىر ئىشقۇ ئۇ، — دېدى مۇرات تىلىنى چايناپ.

— تولا يالغان خىجىل بولغان قىياپەتكە كىرىۋالما، بىز سېنى بىر نېمە دېمىگەندىكىن. نېمە قىلىشىڭ بىلەن كارىمىز يوق. پۇل تاپساڭلا بولدى. سەن پۇل تاپساڭ بىزگىمۇ ياخشى. ھېچ بولمىغاندا بىزدىن پۇل سوراپ ئاۋارە قىلمايسەن.

— تولا چىركىن گەپ قىلمىغىنە، ھەسەل.

— سېسىق گېپىنى سېسىق ھەسەلنىڭ.

— راست، پۇل يېتىشتۈرەلمەيۋاتقان بۇ كۈنلەردە پۇلنى قانداق تاپقانلىقىڭنى سۈرۈشتۈرۈشكە كىمنىڭ چولىسى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى مۇرات يېقىمسىز ھىجىيىپ.

ئەمما بايا چەككەن خېروئىنىنىڭ ھۇزۇرىنى ئەمدىلا سۈرۈپ بولغان پەتتار چىركىنىنىڭ گەپ كوچىلىغۇسى كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ:

— ئەڭ كۆپ پۇل كومىلىغان ۋاقتىڭ قاچان؟ شۇنى بىر بىر دەۋېتە، تارتقان زىيانلىرىڭنى ئويلاپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سۆزۈڭنى ئاڭلاپ ئازراق بولسىمۇ خۇش بولۇۋالايلى، — دېدى.

— بولدىلا، — دېدى مۇرات بۇ ھەقتە سۆزلەشنى خالىماي، — ئەمدى شۇ ئىشنىمۇ سۆزلەپ يۈرسەم... ئادەمنى تولا قىيىندىماڭلار...

— مۇشۇ كۈنلەردە تولا خىجىلچان بولۇۋالدىغان ئىشنى چىقاردىڭ. قېنى تارتىنماي سۆزلە. مۇشۇ باھانىدە ئىچىڭنى بوشىتىۋالىسەن...

— بولىدۇ، بىر ياپوننى ئالدىغىنىمىزنى دەپ بېرەي، — دېدى مۇرات مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — بىر كۈنى يولۇچىلار توشۇش بېكىتىنىڭ يېنىدا تۇرسام، بىر ياپون كېلىپ قالدىرلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئەھۋالغا قاراپلا ئۇنىڭ ماشىنا كىرا قىلماقچى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم ۋە دەرھال چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپ ئىشارەت قىلدىم. ئۇ بىر خەرىتىنى چىقىرىپ تۈيۈقنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ تۈيۈق يېزىسىدىكى جىلغىغا جايلاشقان مىڭئۆيگە بارىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئارىمىزدا باھا تالىشىش ئىشارىتى بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن دەرھال ئەتراپىمغا قارىدىم. مەقسىتىم باھادا ھەمكارلىشىدىغان ھەمراھ تېپىش ئىدى. ئۇنداق ئادەمغۇ بۇنداق چاغدا ئەتراپىمىزدا ئۆزىلا تەييار بولۇپ بولاتتى. دېگەندەك بىر تونۇشۇم ماڭا تەمە بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. ئادەتتە تۈيۈققا كىرا قىلغانلار تۈيۈقتا بەك ھايال بولمىسا يۈز يۈەنگە ئاپىرىپ - ئەكىلەتتۇق. مەن ياپونغا 250 كوي دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ مېنىڭ چىڭ تۇ-

رۇۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ ئىككىلىنىپ قالدى. مەن پۇرسەتنى غە-
نىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇسساپ كەتكەنلىكىمنى، سۇ ئالغىلى
بارىدىغانلىقىمنى ئىشارەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ دۇكانغا كىرىپ
كەتتىم. ئەلۋەتتە، ماڭغۇچە شېرىكىمگە ئۈچ بارمىقىمنى كۆرسى-
تىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدىم. مەن دۇكانغا كىرىپ دۇكاننىڭ دېرى-
زىسىدىن قاراپ تۇردۇم. دېگەندەك، ئۇ ياپون قىلتىقىمىزغا چۈش-
تى. ئۇ يېنىمىزدىلا تۇرغان ھېلىقى شېرىكىمگە ئېغىز ئاچتى.
شېرىكىم ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ 300 كوي
دەپ تۇرۇۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان ياپون گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.
مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دۇكاندىن ئىككى بوتۇلكا «بۇيلۇق»
ماركىلىق مىنېرال سۇنى ئېلىپ بېرىپ بىر بوتۇلكىنى ئۇنىڭغا
سۇندۇم. ئۇ سۇنى ئالدى ۋە ئارتۇقچە گەپمۇ قىلماي ماشىنىغا
چىقتى. مەن ماشىنىنى ئەمدىلا قوزغىشىمغا ئۇ شېرىكىم «50»
دەپ ۋارقىراپ نېسىۋىسىنى ئەسكەرتتى. مەن «30» دەپ ۋارقىرى-
دىم. ئۇ يەنە «40» دەپ ۋارقىرىدى. مەن چېنىپ قالمىسۇن دەپ
ئەنسىرەپ «ماقۇل، بەيبەي» دەپ خۇددى خوشلىشىۋاتقاندەك قو-
لۇمنى پۇلاڭلىتىپ قويدۇم. دەسلەپتە باشقىچە ھالەتتە ئولتۇرغان
ياپون بۇ ھەرىكىتىمنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. شۇ-
نىڭ بىلەن تويۇققا باردۇق. بۇ ياپون تويۇق جىلغىسىغا ھەيران
قالدى. ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. بىز تاغنىڭ باغرىدا بولغاچقا
تاغدىن ئوت ھۇپۇلدەپ تۇراتتى. ياپوننىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق
رەسىمگە تارتىش ۋە خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن ھەلەك ئىدى. مەن
چىدىماي ماشىنىنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچىنى ئېچىپ ئولتۇرۇۋالدىم.
شۇنداق قىلغاچقىمۇ ياكى توختىماي سوغۇق سۇ ئىچكەچكىمۇ
باشقىچىلا بولۇپ قالدىم. بېشىم چىڭقىلىپ، ئىچىم تارتىشقا
باشلىدى. بۇنىڭدىن «ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىغىيدى» دەپ بەك ئەن-
سىرەپ كەتتىم. قايتىدىغان چاغدا ياپونمۇ ھالىمنى كۆرۈپ بىر-
نېمىلەرنى دەپ كالدىرلاپ، ئىشارەت قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشا-
رەتلىرىدىن ماشىنىنى ھەيدىمەي دەم ئال دېگەننى بىلدىم، لېكىن

مەن غەيرىتىمگە ئېلىپ ئۇنى تورپانغا ئەكىلىپ قويدۇم. ئۇ چىرايىمغا قاراپ، چىرايىغا نارازىلىق ئالامەتلىرىنى چىقىرىپ بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، نېرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دوختۇرخانا بىناسىنىڭ ئۈستىدىكى كىرىست بەلگىسىنى كۆرسىتىپ شۇ يەرگە مېڭىشقا بۇيرۇدى. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ مېنى دوختۇرغا بېرىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يېنىدىن 300 كويىنى چىقىرىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ...

— شۇنداق قىلىپ 300 كويىنى موك سوقتۇم دە.

— ئىسسىق ئۆتۈپ قالغىنى يالغاندۇ ـ ھە؟

— ئۇنىسى راست. سىلەرمۇ ئەمدى...

— ئۇنداق چاغدا يالغان ئۆلۈك بولۇۋېلىشتىن يانمايدۇ بۇ.

— تۇغۇتلۇق بولۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن.

— 300 كويىنى دەپ چىركىن ئاي كۆرۈپ قاپتىمەن دەپقۇ باھانە كۆرسەتمىگەنسەن؟ بۇنچىلىك گەپنى چوقۇم دەيسە سەن.

ئۇلارنىڭ كەيپىياتى چاغ بولۇپ قالغان چېغى چاقچاقتا ئېغىزى ئېچىلىپ كەتتى.

— بوپتۇ، نېمە دېسەڭلەر دەڭلەر. بۇرنىمىزنىڭ ماڭقىسىنى تارتىپ ئولتۇرغاندىن ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالسۇن.

ئەمما ئۇلار مۇراتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— سەن پىخسىققۇ ئۇنداق چاغدا ھەرنېمە دېيىشتىن يانمايسەن. كىم بىلىدۇ، بىز ئەقلىمىزگىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان گەپنى دېدىڭمۇ تېخى.

— راست، ئارقىمىزدىن يۈرگىنىڭگىمۇ خېلى بولۇپ قالدى. بىزگە ئارتىلىۋالغىلى ئارانلا تۇرىسەن. نېرى تۇر دەيلى دېسەك، نەرىڭ باركىن، مېھرىڭ ئىسسىق نېمىكەنسەن.

مۇرات بۇ گەپلەردىن قېچىشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋېدى، ھەسەن

ھەسەل گەپنى يەنە ئۇلاپ قالدى:

— ھە، مۇرات، سېنى يېزىدىن كەلگەن مومايلارنىمۇ ئالداپ يۈرىدۇ، دەيدىغۇ. تاپقىنىڭنى ئاڭلىسا خېلى جىققەن. ئەمما يانچۇ-قۇڭدىن چىققىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

— ئەمدى بۇ گەپ ئېشىپ كەتتى. مەن ھەرقانچە ئەسكى بو-لۇپ كەتسەممۇ ئۇنداق پەس ئىشنى قىلمايمەن.

— بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇچۇ سېنى...

— ھېلىقى سەمەتنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا ئارتىۋاتىسىلەر-ھە؟

— قايسى سەمەت؟

— خېرىدار تالىشىپ ئۇرۇشۇپلا يۈرىدىغان سەمەت غالجىر-چۇ.

— ھە، ھە.

— شۇنىڭ تاپمايدىغان ئىشى يوق، — دېدى مۇرات بۇ «تۆھ-مەت»تىن قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ، — بىر كۈنى يېزىدىن كەلگەن بىر موماي ماشىنامغا چىقماقچى بولدى. شۇ ۋاقىتتا سەمەت غال-جىر ماشىنىسى بىلەن يېنىمغا كېلىپ قالدى. مەن مومايدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدىم. موماي: «شەھەرلىك دوختۇرخانىغا» دې-دى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قولىدىكى سومكىنى ئالدىم. شۇ چاغدا سەمەت غالجىر: «چوڭ ئاپا، ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ھەرگىز چىقمىسىلا. سىلىدەك قېرى - چۆرىلەرنى ئالداپ ئۆگىنىپ قالغان نېمە ئۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقىدىغان بولسىلا، شەھەرنى قەستەنگە ئىككى ئايلاندۇرۇپ بىر مۇنچە پۇلنى ئارتۇق ئېلىۋالى-دۇ. ئۇغۇ مەيلى، سومكىلىرىدىن ئايرىلىپ قالمىسىلالا بولدىغۇ» دەپ توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان موماي ئەندىككىنىچە جايىدا تۇرۇپ قالدى. «تولا يوق گەپنى قىلما» دېدىم ئاچچىقىم كېلىپ. «ئاشكا-رىلاپ قويسام ئاچچىقىڭ كېلىۋاتىدۇ - ھە؟» دېدى سەمەت غالجىر ھىيلىگەرلىك بىلەن، «موما، قېنى چىقسىلا» دېدىم مەن سەمە-مىيلىك بىلەن، بىراق موماي تېخىچىلا ئىككىلىنىپ تۇراتتى.

«خاتىرجەم بولسىلا موما. شەھەرلىك دوختۇرخانا يېقىنلا يەردە. بەش مىنۇتتىلا بارىمىز» دېدىم مەن رەللە بولۇپ. مومايْ ماڭا ئىد- شەندىمۇ قانداق ماشىنىغا چىقىشقا تەمشەلدى. ئەمما سەمەت غال- جىر ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ: «قاراڭلار، مومايىنىڭ سومكىسى تۆ- گىدى. مانا سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار، مەن بۇ جاپاكەش مومايىنى بەش كويغىلا ئاپىرىپ قويىمەن. ئىشەنمىسەڭلەر بىرىڭلار مەن بىلەن بىللە بېرىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقىمغا پايلىماي: «ماڭىمۇ گۇۋاھ بولۇپ بېرىڭلار. مەن بىكارغا ئاپىرىپ قويىمەن» دەپ توۋلىدىم ۋە مومايىنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ماشىنىغا چىقىرىپ يولۇمغا ماڭدىم... سەمەت غالجىر ئەنە شۇنداق ئۇششۇق نېمە. يې- قىندىن بۇيان شۇنداق ئىشنى چىقىرىۋالدى. ياۋاش تاكسىچىلار ئادەم سالىمەن دېسە «ئۇ تاكسىچى ئۇنداق، مۇنداق» دەپ يولۇ- چىلارنى قورقۇتۇپ قويىدۇ. بۇنداق چاغدا بەزى ساددا يولۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپمۇ قالىدۇ ۋە ماشىناڭغا چىقىشتىن يال- تىيىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشەي دېسەڭ، ۋاقتىڭ كېتىدۇ. تازا ئاچچىقىڭنى باسالماي قالغىنىڭدا بولسا، گېپىنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇرۇشمەن دېسەڭ، يولۇچىنىڭ كۆزىگە يەنە سەن سەت كۆرۈنىسەن. بۇنى قايسى تاكسىچى خالايدۇ دەيسىلەر...

بۇ چاغدا بايىقى «چاقچاقچىلارنىڭ قىزغىنلىقى»دىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، ھەممىسى مۈگدەپ قېلىشقانىدى. بۇدۇر چاچ يې- گىت يەنە ماڭقىسىنى تارتىشقىمۇ ئېرىنىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ چاترىقىغا قاراپ ئولتۇراتتى. باياتىندىن بېرى ئۆيدە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن چىۋىنلەر يەنە ئۆلارغا بولغان ھۇجۇمنى باشلىغانىدى.

ئۆينى بىر خىل روھسىز، مەيۈس كەيپىيات ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى، بىراق بۇ بۇرۇختۇرما كەيپىياتتىن پەقەت چىۋىنلەرلا مەنپەئەتلىنىۋاتاتتى.

ئۇلارغا قاراپ مۇراتنىڭ ئىچىنى بىر نېمە تاتىلىغاندەك بول-

دى. بۇرنى نەملەشتى. بۇنىڭدىن ئەندىشىگە چۈشكەن مۇرات ئور-نىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدى ـ يۇ، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى تارتىپ تۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ جايىدىن قوپالمىدى. ئىچى تارتىش-قاندەك، ئىچكى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرى بىر نېمىگە تەشنا بو-لۇۋاتقاندەك، تەلپۈنۈۋاتقاندەك، ئىنتايىن كۈچلۈك تەشنالىق تۇي-غۇسى ئىچىدە قالدى. ئاندىن تومۇرلىرىدا ئۇششاق چۈمۈلىلەر توختاۋسىز قىمىرلاۋاتقاندەك بىئاراملىق ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. بۇرنىدىن بولسا سۇ ئاققىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە باھانە ئىزدەشكە باشلىدى: «بۇ ھالدا قانداقمۇ ماشىنا ھەيدىيەلەيمەن؟ مۇشۇ بىر قېتىم... ھەي!» ئۇ ھەسەن ھەسەلگە ئالاقىلاپ قاراشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بايا بۇ يەرگە كىرگۈچە ئۆزىگە بەر-گەن «ئۇلارنىڭ يېنىغا پەقەت پاراڭلاشقىلىلا كىرىمەن. ھېچقانداق ئىشىغا ئارىلاشمايمەن. ئۇزاق ئولتۇرمايمەن. ھەرگىزمۇ...» دېگەن ۋەدىسىنىمۇ ئۇنتۇدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇرات ئاستا سۇرۇلۇپ بېرىپ، بەكمۇ كىر-لىشىپ كەتكەچكە، رېشلىيە قىلىپ ئىشلەنگەن گۈللىرىمۇ كۆ-رۈنمەي قالغان ياستۇققا يۆلىنىپ مۈگدەۋاتقان ھەسەن ھەسەلنى نوقۇدى. ھەسەن ھەسەل كۆزىنى ئېچىشقىمۇ ئېرىنىپ «ھە» دېدى ئارانلا.

— ئازراق بېرە، — دېدى مۇرات پۈتۈن ۋۇجۇدى قورۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ. ئاندىن شىرتىلدىتىپ بۇرنىنى تارتقىلى تۇردى. ھەسەن ھەسەل كۆزىنى خۇشياقمىغاندەك تەستە ئاچتى.

— چاققانراق بولساڭچۇ، — دېدى مۇرات تاقەتسىزلىنىپ.

— مەنغۇ تەييار. بىراق ئۆزۈڭ ئالدىرىمايۋاتساڭ، — دېدى ھەسەن ھەسەل ئەسنەپ.

— سېنىڭ ئادەمنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا قىستايدىغان يې-رىڭ... بولدى، بولدى. مېنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەسقۇ سەن.

— سېنى ئۇبدان بىلگەچكە ساڭا ئارتۇق گەپ قىلماي يۈرد-مەن.

— بايا دېدىمغۇ. كىيلەر ھەپتىنىڭ بىرى ھەممە ھېسابنى ئۇ-زىمەن... مېنى تولا جىلە قىلما.

— گېپىڭدە تۇر. سېنى دەپ مېنىڭمۇ خەقنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇق بولۇپ قالدى. گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي، ئەمدى يەنە مېنى خەيلى قىلساڭ بىكار سەتلىشىپ قالمايلى، مىجەزىمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ- ھە؟

— ماقۇل، ماقۇل. بولىدۇ...

مۇرات تېنەپ كېتىۋاتاتتى.

ھەسەن ھەسەل ئىشتان يانچۇقىنى كولاپ كىچىك بىر بولاق-چىنى چىقاردى. مۇرات تىترەپ تۇرغان قولىرى بىلەن بولاقچىنى ئالدىراپ ئالدى. ھەسەن ھەسەل يەنە كۆزىنى يۇمدى.

مۇرات دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان، باياتىندىن بېرى كۆزىنى ئالالماي قالغان، توپا بېسىپ قالغان مېتال قوشۇقنى چاقچاقانلىق بىلەن قولىغا ئالدى. ئاندىن قوشۇقنى پۈۋلەشكىمۇ تاقەت قىلالماي، ئىچىگە كىچىك بولاقچىدىكى خىروئىننى ئاۋايلاپ تۆكتى. قوشۇقنىڭ ئاستىغا چاقماقتا ئوت يېقىپ، ئىسنى تەشنالىق بىلەن ئىچىگە سۈمۈرۈشكە باشلىدى ۋە راھەتلەنگەن ھالدا كۆزىنى يۇ-مۇپ، بىر شېرىنلىكنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتقاندەك، تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل لەززەتتىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك بىر نەچچە مىنۇت ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ تەشنالىقى بېسىلغاندەك، ئىچىدىكى بىر سىرلىق ئىنتىلىشنىڭ تەلپۈنۈشى قانائەت تاپقاندەك، تومۇرىدىكى چۈمۈلىلەر يوقاپ، قانلىرى راۋان، تىنچ ئېقىۋاتقاندەك بولۇپ، يېنىك «ئۇھ» تارتتى.

مۇرات بىر چاغدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ «ھەي...» دەپ ئېغىر ئۇھسىنىپ كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئەتتى.

— نەگە؟ — دېدى بۇدۇر چاچلىق يىگىت.

— ئەمدى ماڭاي. ھېلىمۇ جىق ئولتۇرۇۋەتتىم.

— ھاۋا شۇنچە ئىسسىق تۇرسا. يەنە بىر ئاز ئارام ئېلىپ ئىسسىقنىڭ تەپتى يانغاندىراق ماڭمامسەن؟

— ھەي بولدىلا.

مۇراتنىڭ يېنى يەر تارتىپ تۇرسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ ئۆيدىن چىقتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئۆينىڭ ئىچىدە قالدى.

پەتتار چىركىن بىلەن ھەسەن ھەسەل سۇلغۇن ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ روھسىز ھالدا پارىڭنى باشلىدى:

— ئۇنىڭغا نېمە جاپا مۇشۇ ئىسسىقتا كىراكەشلىك قىلىمەن دەپ. مەن بولىدىغان بولسام، ماشىنىنى سېتىۋېتىپ، پۇلنى ياز-چۇققا سېلىپ، باشقا بىر يېنىكرەك ئىش قىلغاچ جاننىڭ راھە-تىنى كۆرگەن بولاتتىم.

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن، — دېدى پەتتار چىركىن، — كۆن بويى بىزنىڭ يېنىمىزدا پۇشۇلداپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. يا تۇ-زۇكرەك ماڭمىغان. يا پۇل تاپمىغان.

— شۇ ئەمەسمۇ. شۇ ھالىغا چوڭ پاراڭ سالىدۇ تېخى. ۋاقتى كەلگەندە قۇرۇق قولىنى تەڭلەپ، بىچارە چىرايىنى چىقىرىپ گۆشىيىپ تۇرغان.

— مۇنداق قىلامدۇق -يە، — دېدى پەتتار چىركىن يادىغا بىر ئىش يەتكەندەك روھسىز چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرتۇپ، — ئۇ-نىڭغا دەپ ماشىنىسىنى ساتقۇزۇپ، باشقا ئىش قىلدۇرايلى.

— ئۇ ئۇنارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەسەن ھەسەل ئىشەنگۈسى كەلمەي.

— دەيدەيگە سېلىپ باقمايمىزمۇ؟ — دېدى پەتتار چىركىن ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ، — شۇنداق قىلساق، سەنمۇ ئۇنىڭ-دىكى نېسى قالغان تاماكا پۇللىرىڭنى ئېلىۋالىسەن. ئۇ چاغدا تې-خى ئۇ بىزگە خەجلەپ بەرمەي تۇرالمايدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھەسەلنىڭمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈر-دى:

— بۇ بولىدىغان گەپكەن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بىزمۇ مەلۇم ۋاقىت بولسىمۇ چېكىدىغىنىمىزدىن غەم قىلماي يۈرەلىگۈ-دەكمىز.

— ئۇ چويۇننى گەپكە كىرگۈزگىلى بولار ـ ھە؟ — دېدى پەتتار چىركىنمۇ ئەمدىلىكتە ئىككىلىنىپ قېلىپ.

— ئۇرۇنۇپ باقمايمىزمۇ، — دېدى ھەسەن ھەسەل كۆزلىرىـ نى ئويىنىتىپ.

ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان بۇدۇر چاچلىق يىگىت «قالغان گېپىڭلارنى قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن» دېگەندەك تەتۈر قاراپ يېـ تىۋالدى.

# ئىككىنچى باب

تۇرپان مۇنارى تۇرپاننىڭ كۈچلۈك ئاپتىپىنىڭ نۇرىغا چۆ-مۈلگىنىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تۇرپان مۇنارىنى ئاساسىي گەۋ-دە قىلغان بۇ ساياھەت ئورنىنىڭ ھويلىسىغا ساياھەتچىلەر توشۇپ كەتكەن بولۇپ، بالدۇر كەلگەنلىرى تۇرپان مۇنارىنى ئارقا كۆرۈ-نۈش قىلىپ بەستە ـ بەستە رەسىمگە چۈشۈۋاتاتتى. رەسىمگە چۈشۈپ بولغانلىرى بولسا، مۇنارنىڭ خىش تېمىنى ھاياجان بىلەن سىلىغاچ مۇنارنى ئايلىناتتى، بەزىلىرى بولسا مۇنارنىڭ يېنىغا جايلاشقان مەدرىسە ـ مەسچىت ئىچىگە قىزىقىش بىلەن كىرىپ، ھەيۋەتلىك ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە، نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان كۆركەم ياغاچ تورۇسقا ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى.

ئاشۇ مەدرىسە ئۈستىدىكى پەشتاقتا ئەمدىلا چىققان ئۈچ قىز ئۆزلىرىنى قولىدىكى رەسىملەر بىلەن يەلپۈگىنىچە پەشتاقنىڭ كۆنگۈرىسىدىن ئەتراپقا قىزىقىپ قاراپ كېتىشتى.

بۇ يەردىن تۇرپاننىڭ شەھەر مەنزىرىسىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولاتتى. ئۇدۇل قارىغاندا ئادەمگە راھەتبەخش تۇيغۇ بېغىشلايدىغان يېشىللىق ئىدى. نەزەرنى سەل ئېگىزگە يۆتكەپ يىراققا قارىغاندا بولسا، ئالدى بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغىنى تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تارقىتىش مۇنارى بىلەن نېفىت مېھمانسارىيى-نىڭ ھەيۋەتلىك بىناسى ئىدى. كۆركەم، ھەيۋەت مەنزىرە، غۇر ـ غۇر شامال، مەخسۇس ساياھەت قىلىشتىن ئادەمدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئازادە ۋە ئۈستۈن غۇرۇر چېھرىدە ياشلىق جىلۋىسى

ئويناپ تۇرغان قىزلارنى خۇشاللىقتا چۆمۈلدۈرگەنىدى.

— مەن بۇ يەردە تۇرۇپ شۇنچە يىراقلارنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىمەن، — دېدى ئادىلە قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ، — تۆۋەندە تۇرۇپ قارىسام بۇ يەر ئانچە ئېگىزمۇ كۆرۈنمىگەن بولمىسا.

— مەن ياشلار كوچىسىدا پىيادە مېڭىپ ھېرىپ كېتەتتىم، — دېدى گۈلنىسامۇ يىراقلارغا تىكىلىپ، — ئەمدى قارىسام تۇرپان شەھىرى ئانچىمۇ چوڭ ئەمەسكەن.

— بۇ يەردە بۇنچە ئېگىز بىلىنگەن يەردە مۇنارنىڭ ئۈستى قانچىلىك ئېگىزدۇ؟ — دېدى ئادىلە. بۇ گەپ بىلەن مۇنارغا خېلىمدىن بېرى سىرلىق نەزەردە قاراپ تۇرغان گۈلشەن گەپكە ئارىلاشتى:

— راست، مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولغان بولسا قانچىلىك ياخشى بولاتتى - ھە؟ ئۇنداق ئېگىزگە چىقىۋالساق بېشىمىز قېيىپ كېتەرمۇ - يە؟

— شۇنچىلىك ئېگىز بولغاندىكىن، تۇرپان شەھىرى تېخىمۇ كىچىك كۆرۈنەر تايىنلىق، — دېدى ئادىلە.

— ئاڭلىسام پەلەمپەيلىرىنى بەك ئېگىز دەيدۇ. شۇنداق بولسا، ئۈستىگە چىقماق بىر گەپ ئوخشايدۇ، — دېدى گۈلنىسا.

— ھەرقانچە مۈشكۈل بولسىمۇ چىققىلى بولغان بولسا بولاتتى ئەمەسمۇ. ھەي، بىر قېتىملا چىقىۋالغان بولساق، — دەپ ئەپسۇسلىنىپ كەتتى گۈلشەن.

— «دەز چىقىپ كەتتى، خەتەرلىك» دەۋاتسا، — دەپ مۇنارنى ئىما قىلدى ئادىلە. ئۇلار بايا تۆۋەندە تۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، مۇنارغا مۇداپىئە ئۈچۈن كىيدۈرۈپ قويغان تۆمۈر چەمبىرەككە يەنە قاراشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدىن گۈزەل ئارزۇسىغا يېتەلمەسلىككە ئاشۇ تۆمۈر چەمبىرەك سەۋەبكاردەك مەنە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بۇرۇن نېمىشقا كەلمىدۇقكىنتاڭ، — دېدى گۈلشەن.

— كىچىك تۇرساق، نېمە يادىمىزغا كېلىدۇ بىزنىڭ.

— مەن كىچىكىمدە ئاپاملار بىلەن مۇشۇ مەھەللىگە تويغا كەلگەندە، تۇغقانلارنىڭ باللىرى بىلەن ئويناپ بىر قېتىم كەلگەنىدىم. شۇ چاغدا ئوغۇل باللار مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىمىز دېسە، مەن مۇنارنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن قورقۇپ چىقمىغانىدىم. باشقىلار چىقتى. بىز قورققان بىر قانچىمىز پەستە ساقلاپ تۇردۇق. ئۇ چاغدا بۇ يەرنى رېمونت قىلمىغان، توپىلىق ئىدى. بۇنچەلىك چىك توسايدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. كىشىلەر كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى، — دېدى گۈلنىسا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ.

— نە - نەلەردىن چەت ئەللىكلەر كېلىپ كۆرۈپ كېتىدىكەن بولمىسا، — دېدى ئادىلە ئارمان بىلەن، — ھەي، كىچىك ۋاقتىمىزدا كەلگەن بولساق كۆرۈۋالاركەنمىز.

— كىچىك ۋاقتىمىزدا كەلگەن بولساق ئويۇننى دەپ كېلەتتۇق. مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يۇرتنى كۆرىدىغان خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقمىغان، يا بولمىسا مۇنارغا چىقىپ كەتكەن باللارنى ساقلاپ، مۇنارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ پەستە تۇرغان بولاتتۇق، — دېدى گۈلشەن كۈلۈپ.

— ئۇغۇ راست، — دېدى ئادىلە.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا باياتىندىن بېرى ئۇلارنى رەسىمگە تارتىپ يۈرگەن شوخ يىگىت كەلدى.

— مانا بۇ يەردە تۇرۇپ، مۇنارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ رەسىمگە چۈشمىسىڭىز، تۇرپان مۇنارىغا كەلگەن ھېسابلانمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرگە كۈندە كەلگىلى بولمايدۇ. رەسىمدىنمۇ ئارتۇق، قولايلىق خاتىرە بولامدۇ. قېنى يالغۇز چۈشەمسىزلەر؟ ساقلاتماي ھازىرلا چىقىرىپ بېرىمەن. رەسىمگە قانداق تارتىلدىغانلىقىمنى بايا كۆردىڭىزلەرغۇ؟ — رەسىمچى يىگىت گەپدانلىق قىلغىلى تۇردى.

— چۈشەيلى، — دېدى گۈلشەن ئالدى بىلەن رەسىمگە چۈشىدىغان يەرگە بېرىپ تۇرۇپ، — ئاران بىر كەلگەندە... ئەمدى

قاچان كېلىمىز كىم بىلىدۇ. تۇرپاننىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپمۇ بۇ يەرگە كېلىشىمىز مانا مۇشۇ. مۇنارنى توسۇۋالمىغاندىمەن؟
رەسىمچى يىگىت:
ــ سەل ئوڭغا سۈرۈلۈڭ، ــ دېگەچ ئاپپاراتىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ كۆنگە قاراپ قويۇپ، شەپكىسىنىڭ غاز تۇمشۇقىنى بىر يانغا سۈرۈپ قويدى، ــ كۈلۈمسىرەڭ، ياق، بەك كۈلۈۋەتمەڭ.
رەسىمچى ئاپپاراتىنىڭ بىر كۆنۈپكىسىنى بېسىۋىدى، ئاپپارات غىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر پارچە ئاق قەغەزنى چىقىرىپ بەردى. رەسىمچى ئۇ قەغەزنى دالىدا جايغا ئېلىپ بېرىپ بىردەم تۇرغۇزغاندىن كېيىن قىزلارغا سۇندى.
يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مېھرى ئىسسىق قىز، كەينىدە ھەيۋەتلىك تۇرپان مۇنارى، قىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يېشىللىقلار ئانچىكىم كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رەسىمنى كۆرۈپلا قالغان ئىككى قىزغىمۇ ئوت كەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ رەسىمگە چۈشىدىغان جايدا تۇرۇشقا ئالدىراشتى...
ــ ئەمدى قايتايلى قىزلار، ــ دېدى گۈلشەن كۈنگە قاراپ قويۇپ، ــ چۈشكىچە ئوينايمىز دەپ، مۇشۇ ۋاق بوپتۇ مانا.
ــ ۋاي، نېمىگە دېمىگىنى تارتىسىز، ــ دېدى ئادىلە بەخىرامان ھالدا، ــ يا بىزنى كەينىمىزدىن تېنتىپ تۇرىدىغان ئىش بولمىسا.
ــ شۇنى دەيمەن، ــ دېدى گۈلنىسامۇ، ــ مۇشۇ يېشىمىزغىچە «كۆرۈپ باقايلى» دەپ كېلىشىمىز مۇشۇ تۇرسا.
ئۇلار شۇ پاراڭلار بىلەن تىك پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈشتى ۋە مەدرىسە ئىچىدىن سىرتقا چىقتى. سىرتقا چىققاندىن كېيىن تۇرپان مۇنارىغا يەنە ھەۋەس ۋە ئارمان بىلەن قاراشتى. تۇرپان مۇنارى قىيپاش ۋە سەل قىزغۇچ قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ سىرلىق ۋە سېھىرلىك تۇسكە كىرگەنىدى. قىزلار مۇنار تۈۋىگە بېرىپ ئۇزاق تارىخنىڭ ئىزى قالغان، ئاچچىق كۆز ـ ياش، كاتتا سەلتەنەت، ئېغىر كەچمىشلەرگە شاھىت بولغان خىشلارنى سىلىغىنىچە مۇ ـ

نار بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار تۇرپان مۇنارىنىڭ ئىككى تەرىپى باراقسان تەك بىلەن قاپلانغان پاكىز سېمونت يولى بىلەن چوڭ يولغا چىقىۋېتىپ، چۈشكەن رەسىملىرىنى مەستلىكى كەلگەن ھالدا كۆرۈشتى.

— ھازىر رەسىمگە چۈشۈش قولايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئادىلە ئۆزىنىڭ مۇنارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان رەسىمگە قايتا ـ قايتا قاراۋېتىپ. ئۇلارنىڭ مۇنارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان رەسىملىرى ئىچىدە ئۇنىڭ كۆركەم چىققانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ سۇس يېشىل رەڭلىك كۆڭلىكى رەسىمگە ئالاھىدە سىن بېغىش ـ لىغانىدى.

— شۇنى دەيمەن، — دېدى گۈلنىسا، — بۇرۇن رەسىمگە چۈشۈپ قويۇپ نەچچە كۈن ساقلايدىغان. ھازىرمىغۇ، ساياھەت مەيدانىدىكى رەسىمچىلەرگە رەسىمگە چۈشسىڭىز يېرىم كۈندە ئا ـ لىسىز. بۇ يەردە بولسا بىر دەمدىلا قولغا بېرىدىكەن.

— تۆۋەندە رەسىمگە چۈشۈۋېدۇق يىگىرمە مىنۇتتا خەتلىرىمۇ بار رەسىمنى قولىمىزغا چىقىرىپ بەردى، — دېدى گۈلشەن تېخى ـ چىلا ئۆزىنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان رەسىمنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ قولىدىكىسى سېپىرلىق ئاپپاراتتا تارتىلىپ، كومپيۇتېردا ئۇستىگە «گۈلشەنىنىڭ تۇرپان مۇنارىنى ساياھەت قىلىش خاتىرى ـ سى. 2008 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى» دەپ خەت ـ سان بې ـ سىلىپ، پىرىنتېردا بېسىپ چىقىرىلغان رەسىم ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— پەشتاقتىغا چىققاندا بولسا دەرھاللا چىقىرىپ بەردى. نې ـ مىدېگەن ياخشى ـ ھە! بىر ياقتىن كۆرۈپ، بىر ياقتىن خاتىرە رەسىمنى ئېلىپ قايتساق... ھاردۇقۇم چىقىپلا قالدى.

— كېلەر ھەپتە يارغولغا بارايلى، — دېدى ئادىلە قىزغىنلىق بىلەن، — مۇشۇنداق ساياھەت قىلىپ تۇرساق بولغۇدەك. ئادەم ـ نىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىكەن.

— يارغول قەدىمىي شەھىرىنى بەك ئىسسىق دەيدىغۇ، —

دېدى گۈلنىسا بىر خىل ئەندىشىلىك تەلەپپۇزدا.

— سۇ، دەرەخ يوق خارابە بولغاندىكىن شۇنداقتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر تۇرپاننىڭ ئىسسىقى تازا باشلىنىۋاتقان چاغ تۇر-سا.

— نېمىگە ئەنسىرىگۈلۈك، — دېدى ئادىلە پەرۋاسىزلىق بىلەن، — هەر سالقىن يەرلەردىن كەلگەن ئادەملەرمۇ غەيرەت قىلىپ كۆرۈۋاتىدىغۇ؟ ئۇلار چىدىغان يەردە بىز گەپ يوق چىدار-مىز؟

ئادىلەنىڭ گېپىگە قالغان ئىككى قىز قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— تاكسى توسايلى قىزلار، — دېدى گۈلنىسا.

— كەلگەنلا تاكسىدا ئادەم بارغۇ، — دېدى گۈلشەن.

— بۈگۈن يەكشەنبە دەپ هەممە ئادەم ساياهەتكە چىقىپتىمۇ نېمە؟ — دېدى ئادىلە يولغا تەلمۈرۈپ.

— غەيرەت قىلايلى ئەمدى، — دېدى گۈلنىسا.

# ئۈچىنچى باب

پەرىشان ھالدا بىنادىن چىققان مۇرات بېشىنى سىلىپ بىر ئاز تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن يول بويىدىكى سۇۋادان تېرەكنىڭ سايىسىگە توختىتىپ قويۇلغان يېشىل رەڭلىك «جىلى» ماركىلىق ماشىنىسىغا چىقتى.

تۇرپاندا كىرا ماشىنىلىرىنىڭ يېشىل رەڭدە بولۇشى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، ماشىنىلار يېشىل رەڭدە سىرلانغانىدى. مۇرات چوڭ يولدا توختىماي ئۆتۈشۈۋاتقان، كۆزىگە ھالسىراپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان يېشىل ماشىنىلارغا قاراپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن: «ھەي، بەش كوي پۇلنى تالىشىدىغانلار مۇشۇنچە كۆپىيىپ كەتكەن تۇرسا، ماشىنىنى سېتىۋېتىپ باشقا بىر ئىش قىلايمىكىن يە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈردى. ئالدىن تاماكا ئېلىپ چەكتى. مۇراتنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن چىققان قويۇق ئىس ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن سوزۇلۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ھاۋاغا تارقىلىۋاتاتتى. مۇرات شۇ ئىسلارغا قارىغىنىچە ئىچى ئاچچىق بولدى. نۇرغۇن قېتىمقىغا ئوخشاش ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى ئىلكىدە قالدى. بېشىنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىنىڭ باشلىقىغا قويۇپ كۆزىنى يۇمۇپ: «ھەي، شۇنچە تىرىشىپمۇ نېمىشقا بۇ ئىشتىن ئۆزۈمنى تارتالمايدىغاندىمەن؟ ھەر قېتىم قىلماي دەيمەن، لېكىن مۇشۇ ئاغىنىلىرىمنىڭ قېشىغا بارسام‌لا ياكى ئۇلار تېلېفون قىلسىلا... نېمىشقا تازا پەيتى كەلگەندە ئىرادەم سۇنۇپ ئاجىزلىق قىلىدىغاندىمەن؟ ئۆزۈمگە شۇنچە ۋەدە قىلىمەن - يۇ،

يەنە نېمە ئۈچۈن؟ ئەمدى بولدى، ئەمدى بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇ-تۇۋالاي... مۇشۇنداق كېتىۋېرىپ ئاپامنى تۇگىمەس دەردتە قويماي يەنە...» ئاپىسى يادىغا يېتىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىپ كەتتى.

مېھرى ئىسسىق، جاپادىن ۋايسىمايدىغان، مۇراتقا جېنىدىن ئارتۇق كۆيىدىغان، چىرايىدىن ئېغىر مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بوي، سەھرا ئاياللىرىغا خاس ئاددىي - ساددا كىيىنىپ يۈرىدىغان رەھىمە ئۇنىڭ ئاپىسى ئىدى.

مۇراتنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھازىرغىچە ئېچىلـ-مايۋاتقان بىرنەچچە سىر بار ئىدى.

بىرى، ئۇلارنىڭ چوڭ ئۆيى ئايدىڭكۆل يېزىسىنىڭ يەمشى كەنتىدە بولۇپ، چوڭ دادىسى 2000 - يىلى تۈگەپ كەتكەن، چوڭ ئانىسى بولسا ھېلىمۇ ھايات. ئاپىسى 1987 - يىلى نوپۇسىنى يۆتكەپ يار يېزىسى جىگدىلىك كەنتىدىكى بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇراقلاشقان. بوۋا - مومىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەك ۋە بېغىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ بىر ئوبدان تى-رىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تېخى يىغىپ - توشەپ ئامانەت قويغان پۇلىنى چىقىرىپ، كومسومولدىكى ئامانەت - قەرز كو-پىراتىپىنىڭ دېھقانلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، قىيىنچىلىققا قاراپ تۇرالمايدىغان، ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتقان دېھقانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەپ كېلىۋاتقان مۇدىرى ئاب-دۇرېھىمنىڭ قەرز پۇل ياردەم قىلىشى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن 2006 - يىلىنىڭ بېشىدا مۇشۇ ماشىنىنى ئېلىپ، ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن قايتا - قايتا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپمۇ ئۆتەلمەيۋاتقان مۇراتنىڭ ئىچ - ئىچىگە پاتـ-مايۋاتقان ئەلىمىنى تۈگەتتى. ئەمما، مۇرات كۆڭلىدىكى «ئاپام نې-مىشقا ئايدىڭكۆلدىن جىگدىلىكتىكى بوۋاملارنىڭ يېنىغا نوپۇسىـ-نى يۆتكەپ چىقىدۇ؟» دېگەن سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تا-پالمىغانىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا «ئۇ چاغلاردا نوپۇس يۆت-

كەيدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. نوپۇس يۆتكەشمۇ ئاسان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بوۋاڭ ـ موماڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ ـ دە» دەپلا جاۋاب بېرىپ كەلگەنىدى. ئۇ شۇنچە تىرىشىپمۇ بۇنىڭدىن باشقا جاۋاب ئالالمىدى.

ئىككىنچىسى، رەھىمە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپكە بولغان ئىنتىلىشى، «ئالىي مەكتەپكە ئۆتسىلا ھەممە ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ» دېگەن قارىشى تازا كۈچەيگەنىدى. ئۇ چاغلاردا، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ھازىرقىدەك ئەركىن ئەمەس ئىدى، يەنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكى ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن دەپلا بېرەلمەيتتى. ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئالدىن تاللاش ئىمتىھانى ئېلىناتتى. ھەربىر مەكتەپتىكى ئاشۇ تاللاش ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارلا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولاتتى. ئۇنداقتا 1987ـ يىلى ئاشۇنداق تاللاش ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن رەھىمە نېمىشقا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمىدى؟ بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب ئاددىيلا ئىدى: «ئاغرىپ قالغان» ئەمما، مۇرات بۇنىڭغا قايىل بولمىدى. ئۇنداقتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش قىزغىنلىقى شۇنداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئاپىسى نېمىشقا قايتا ئىمتىھان بەرمىگەن؟ «نېمىشقىكىن قايتا ئىمتىھان بەرگۈم كەلمىدى.» بۇ جاۋابقا مۇرات تېخىمۇ قانائەت قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاددىي جاۋابلار مۇراتنىڭ پىكرىدە يەنە بىر چىگىش، سىرلىق تۈگۈننى قالدۇردى.

ئۈچىنچىسى، بۇ ئەڭ مۇھىم، ئەھمىيىتى ئەڭ چوڭ سىر بولۇپ، مۇراتنىڭ ئاتىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىدى. شۇنداق، بۇ مۇراتنىڭ بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا ئاپىسىدىن جاۋابسىز قېلىۋاتقان ئاتىسى ھەققىدىكى مۇھىم سوئالى ئىدى. ئۇ ئەقلىنى تاپقاندىن تارتىپ باشقا بالىلارغا ئوخشاش ئاتىسى ھەققىدىكى خى-

يال ئۇنىڭ بالىلىق روھىي دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باش-
لىدى. ئۇ ئاتىسىنى ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك ئادەم دەپ تەسەۋ-
ۋۇر قىلاتتى. بەزىدە بولسا ئاتىسىنى گەپنى كېسىپ قىلىدىغان،
ئاچچىقى يامان ئادەم بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. بەزىدە ئا-
تىسىنى قولىدىن نۇرغۇن ئىش كېلىدىغان، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى
قىلىپ بېرەلەيدىغان ئادەم سۈپىتىدە چۈشىدە كۆرەتتى. قىسقى-
سى، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى نۇرغۇن سەبىي با-
لىلارغا ئوخشاشلا ھەرخىل، قىزىقارلىق، تەسىرلىك ئىدى. ئەمما،
ئەنە شۇنداق خىياللاردا بولىدىغان بالىلارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ ئاتى-
سى ھەققىدىكى ئېنىق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدى، ھەتتا رەسىمىنى
كۆرۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدى. پەقەت ئىچى ئاچچىق بولغان
ھالدا: «ھەي، ئاتام نېمىشقىمۇ بىرەر پارچە رەسىمگىمۇ چۈشۈپ
قويمىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. كېيىن ئەقلىنى تېپىپ قالغاندا بول-
سا، رەھىمەدىن ئاتىسى ھەققىدە كەسكىن سورايدىغان بولدى. بۇ
چاغدا رەھىمە: «بالام، ئاتاڭ سەن تۇغۇلىدىغان يىلى قاتناش ۋەقە-
سىدە ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مۇرات
بۇ گەپكە ئىشىنىپ يۈردى، بىراق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىز ئۆز يېشىنى ھېسابلاپ بېقىپ ئويلاپ
قالدى: «ئۇنداقتا مەن تۇغۇلغان ۋاقىت ئاپام ئالىي مەكتەپكە ئىم-
تىھان بېرەلمىگەندىن كېيىنكى يىل ئىكەنغۇ؟» ئاپىسى ئۇنىڭ بۇ
گۇمانىنى ئاڭلاپ تىلىنى چايناپ تۇرۇپ قالدى ۋە: «مەن ساڭا ئا-
لىي مەكتەپكە قايتا ئىمتىھان بېرەلمىگەنلىكىمنى دېگەنغۇ. مەن
ئاتاڭ بىلەن توي قىلىدىغان بولۇپ قالغان... ئۇ چاغلاردا بالدۇر
توي قىلىۋېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. ئۇنداق ئىشلارنى سى-
لەر ياشلار ھازىر چۈشەنمەيسىلەر...» دېدى. شۇ چاغدا رەھىمەنىڭ
كۆز جىيەكلىرىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى، ئىچىدىكى سۇل-
غۇنلۇق چىرايىغا تېپىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن مۇرات: «ئاپامنىڭ
كۆڭۈلسىز، قايغۇلۇق ئىشلىرىنى يادىغا سېلىپ قويۇپتىمەن» دەپ
بولدى قىلدى. ئەمما، كېيىنچە تۇغقانلىرىدىن، چوڭ ئانىسىدىن

سورۇشتۇردى. ئەپسۇسكى، ئۆزى قانائەت قىلغۇدەك ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئاپىسىمۇ «ئاتاڭ قاتناش ۋەقەسىدە تۈگەپ كەتكەن» دېگەن جاۋابتىن تايمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش مۇراتنىڭ كۆڭلىدە سوئال پېتى قېلىۋەردى.

كېيىن رەھىمە باشقىلارنىڭ سالاسى ۋە تۇرمۇش بېسىمى تۈپەيلى بىر قېتىم ياتلىق بولدى. ئەمما، نېمىشقىدۇر يېرىم يىلمۇ ئۆي تۇتمايلا ئاجرىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ياتلىق بولىدىغان گەپلەرگە يېقىنمۇ كەلمىدى.

ئەمما ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر جاۋاب ناھايىتى ئېنىق ئىدى، يەنى ئۇ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە ئاپىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مىڭ - مىڭ قان - تەرىنى تۆككەنلىكىنى، ئوغلىنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى ئۆز ھاياتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىدەك ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن كۆزىدىكى سىرغىپ تۇرغان ياشنى يەنە ئىچىگە سىڭدۇرۇپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگىنىنى، ئۇنىڭ قايغۇسىنى كۆرگەندە ئاپىسىنىڭ ئاجىز ۋۇجۇدىنىڭ لەرزىگە كەلگەنلىكىنى، ھاياتىنى بەدەل قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، قەلبىنىڭ ئەڭ پاكىز يېرىدە ساقلايدۇ!

شۇنداق تۇرۇپ ئەمدى ئۇنىڭ بۇ نېمە قىلىۋاتقىنى؟ ئاپىسىنىڭ بەرگەن جەبىر - جاپالىق قۇربانلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇ بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ؟ بۇلارنى ئويلىغانچە مۇراتنىڭ يۈرىكى تىلىنىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ، باشتىكى مۇرات قېنى؟ ئاپىسىنى يۈرىكىگە تېڭىپ يۈرگەن مۇرات قېنى؟ «ئاپامنىڭ كۆزىدىن خۇشاللىق يېشىدىن باشقا ياش ئاققۇزمايمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن مۇرات ھازىر زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ مۇرات قاچانكى خېروئىن بىلەن «دىدار غەنىيمەت» بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ ئىزىدىن چىقتى. ئۇ بۇرۇن كۈندە تاپقان پۇلىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، كەتكەن ماي، گازنى، چەككەن تاماكىسىنى، ناۋادا سىرتتا تاماق يېگەن بولسا ئۇنىڭ ھېساباتىنى ئېنىق قىلىپ

ماڭاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاپىسى ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشقا قارىتا كۆڭلىدە ئېنىق سان بار ئىدى. ئەڭ ئالدى بىلەن بىر ئايدا قايتۇ-رۇشقا تېگىشلىك پۇلنى توشقۇزاتتى. شۇنداق قىلالىسىلا كۆڭلى خاتىرجەم بولاتتى، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان يۈك يېنىكلىگەندەك بولاتتى، باشقا ئىشقا قولى باراتتى. ئەمدىچۇ؟ ھېساباتنى ئايراي دېسە كەم چىقىۋاتقان، ھېساباتنى ئېنىق قىلاي دېسە گېلىنى، يۈ-رىكىنى، تۇيغۇسىنى ئۆزگە ئەسىر قىلىۋالغان خېرۇئىن ناز قى-لىپ چىللاپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىۋاتقان. ھېساباتنى ياماپ - چۇشەپ يۈرۈشتىن كېلىپ چىققان كەملىكنىڭ قورقۇنچىدىن قاچقان مۇرات يېقىندىن بۇيان ھېسابات قىلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ھېسابات ئىشىنى كۆڭلىدىن چىقىرىد-ۋېتىشكە، ئويىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇنداق قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھەسەن ھەسەللەرگە قەرز بولۇپ قالدى. ئۇ زادى قانداق تاماكىكىنىتاڭ؟ مۇرات بىلەلمەيلا قالدى. باشتا ئارىلاپ - ئارىلاپ ھەسەن ھەسەللەرنى ئىزدىگەنىدى. يېقىندىن بۇيان ھەپتىدە بىر قېتىم، ھەتتا بەزىدە ئىككى قېتىم ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن ئۇ بىر نېمىنى مۇراتقا كۆلۈپ تۇرۇپ بەرگەن ھەسەن ھە-سەل كېيىن دومسىيىپ بېرىدىغان بولدى. يېقىندىن بۇيان بولسا «پۇل چىقار» دەيدىغان بولۇۋالدى. شۇندىلا مۇرات «نازى يامان» ئۇ نەرسىنىڭ يانچۇقنى قانچىلىك قۇرۇقدايدىغانلىقىنى بىلىشكە باشلىدى. پۇلدىن قېچىپ بولدى قىلاي دېسە... ئادەمنىڭ ئىچىنى نېمانچىمۇ تارتىدىغاندۇ بۇ خېرۇئىن دېگەن بىر نېمە؟

«ياق! مەن ئاپامنى يەنە جاپادا قويسام بولمايدۇ. مەنمۇ بىر ئەركەك. گېپىمدە تۇرۇشۇم كېرەك. شۇڭا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئەمدى بارمايمەن. جېنىم چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بارمايمەن!» مۇرات تاماكىسىنى كۆچەپ يول بويىغا تاشلىدى.

بايىقى ئېغىر خىيالى تۇپەيلى كەيپىياتى تېخى ئەسلىگە كەل-مىگەن مۇرات روھسىز ھالدا ماشىنىسىنى قوزغىتىپ چوڭ يولغا بۇرىدى.

ئۇ چوڭ يولغا چىقىپ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك كېتىۋاتقان يېشىل ماشىنىلارنى كۆرۈپ: «سەگەكرەك بولاي، ئۇيقۇمنى ئاچاي، بولمىسا ئاپامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆيدۈرگەن ماي پۇلىنىمۇ تاپالمايمەن» دەپ ئۆزىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئۇ شۇ خىيالى بىلەن بېشىنى سىلكىۋېتىپ، ئەتراپقا دادىل قاراپ گۇاڭخۇي ئۆلتۈراق رايونىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىدە — يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تۇرپان سۇ مەدەنىيىتىنىڭ بىر نامايەندىسى بولغان «ئۈزۈمبۇلاق كۆلى» ئۆز گۈزەللىكى ۋە ھەيۋىتى بىلەن نۇرغۇن سەيلىچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئاۋاتلىشىپ تۇراتتى. ئەمما مۇراتنىڭ بۇ گۈزەل ۋە قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىدىن ھوزۇرلانغۇدەك ھەپىسلىسى يوق ئىدى.

شۇ چاغدا بىر كىشى يول بويىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ماشىنىسىنى توستى. مۇرات دەرھال ماشىنىنى تورمۇز قىلدى. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر تاكسى ئۇچقاندەك كېلىپ، مۇراتنىڭ ماشىنىسى بىلەن ھېلىقى يولۇچىنىڭ ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە ئارىلىققا تۇمشۇقىنى ئەكىلىپ تىقتى. كىرا ماشىنىسى كۆپەيگەنچە ھازىر بىر قىسىم تاكسى شوپۇرلىرى ھېچنېمىگە قارىماي قاراملىق قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. ھازىر ئۇلارنىڭ مۇنداق «تۇمشۇق تىقىش»لىرى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ماشىنىنى تۇيۇقسىز تورمۇزلاش، قائىدىگە خىلاپ ھالدا كەينىگە قايتۇرۇش، بۇرۇلۇش چەكلەنگەن ئورۇندا تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ، يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى يولۇچىنى باشقىلاردىن قىزغىنىپ ماشىنىغا چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش، يىراقتىكى يولۇچىنى تالىشىپ چەكتىن ئاشقان سۈرئەت بىلەن ماشىنا ھەيدەپ يول تالىشىش قاتارلىق ئىشلار ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ يانىدا قوياتتى. شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئېغىر، پاجىئەلىك قاتناش ۋەقەلىرىمۇ ئۇ كىشىلەرنى چۆچۈتەلمەيۋاتاتتى.

مۇراتنىڭ ئۇ تاكسى شوپۇرىغا غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى. ئەمما، ھېلىقى يولۇچى كېلىپ مۇراتنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئىشىـ-كىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى «ياۋا» تاكسى يولىغا ئاستا راۋان بولدى.

— ئۇكام، بىر دەم ساقلاپ تۇرالامسىز؟ سىڭلىمنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن، ھازىر بىنادىن ئەپچۇشۇۋاتىدۇ.

مۇرات بېشىنى لىڭشىتتى. ھېلىقى كىشى ئالدىراپ كېتىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن بايىقى ئەر ۋە ئىككى ئايال كىشى بىر ياش قىزنى يۆلىگىنىچە كېلىپ ماشىنىغا چىقتى.

— ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا.

مۇرات يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار جىددىيلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەس - بەستە سۆزلەپ كېتىشتى:

— سىڭلىم، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ؟

— نەرىڭىز بەكرەك ئاغرىۋاتىدۇ؟

— پۇتىڭىزنى مىدىرلىتىپ بېقىڭە.

— سۇنمىغاندەك قىلامدۇ نېمە؟

— ئەستا، ئۆگۈنلۈككە تۇغقانلارنىڭ مەرىكىسى تۇرسا...

— شۇ ئەمەسمۇ...

ئۇلارنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلىغان مۇرات كۆڭۈل سوراش يۈ-زىسىدىن سوراپ قويدى:

— نېمە قىلىپ پۇتىنى قايرىۋالدى؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

— بىر تۇڭ مايىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋېتىپ پەلەمپەيدە پۇتلىـ-شىپ كېتىپتۇ.

— نېمانچە تىك قىلىدىغاندۇ بۇ پەلەمپەينى دەيمەن؟

— شۇنى دەيمەن. پەلەمپەينى چوڭراق، يانتۇراق قىلسا، ئا-دەم ئازادە ماڭسا، شوتا قويغاندەك تىك قىلىۋالمىسىمۇ...

— يا شۇنداق قىلسا خىش بىلەن سېمونت ئاز كېتىپ، قو-رۇلۇشچىلارغا پايدا بولامدىكىن؟

— ئۇنداقتا، مۇشۇنداق يىقىلىپ چۈشۈپ دوختۇرغا كىرىپ قالغانلارنىڭ پۇلىنى قورۇلۇشچىلار تۆلىسە بولغۇدەك.

— قورۇلۇش باشقۇرىدىغان يەرگە بۇ ئىشنى ئېيتىپ باقساق بولغۇدەك.

شۇ چاغدا ئەر كىشىنىڭ يانفونىدىن:

«ئاناڭ ئايمۇ، ئاتاڭ كۈنمۇ،
تۇغۇپتۇ سەن قىزىل گۈلنى.
سېنىڭ كويۇڭغا سېلىپتۇ،
مېنىڭدەك بىر غېرىب قۇلنى»

دېگەن ناخشا ياڭرىدى. ئەر كىشى تېلېفونىدىكى ناخشىنىڭ مۇشۇ بىر كۇپلېتىنى تولۇق ياڭرىتىۋېتىپ ئاندىن تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، — دېدى ئۇ كىشى ئۈنلۈك ئاۋازدا، — مەن دوختۇرخانىغا كېتىۋاتىمەن، نېمە ئىش؟... ھە، ھە، ئاپلا، ھازىر باراي.

ئۇ كىشى تېلېفوننى قويۇپ مۇراتقا:

— ئۇكام، دەرھال ماشىنىنى توختىتىڭ، — دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا، — بۇ ئىشنىڭ تېنەشچىلىكىدە يادىمدىن چىقىپلا كېتىپتۇ. ئەسلى چۈشتىن كېيىن ئىدارىدە كەسپىي ئىمتىھان بار ئىدى. ھازىر باشلىنىدىغانغا ئون مىنۇتلا قاپتۇ. ھازىر ئىدارىگە بارمىسام بولمايدۇ.

ئۇ كىشى ئىككى ئايالغا قىزنى ئوبدان تەكشۈرتۈشنى ئېيتىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى.

دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە مۇرات ئۇلارنى ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولدى.

— ياردەملىشىۋېتىڭ ئۇكام ئەمدى، — دېدى بىر ئايال ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا. شۇنىڭ بىلەن مۇرات ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇ قىزنى يۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

ھېلىقى ئاياللاردىن بىرسى نومۇر ئالغىلى كېتىۋېدى، مۇرات

چاقفانراق يولىغا راۋان بولۇش ئۈچۈن قىزنى دوختۇرنىڭ ئىشخا-نىسىغا ئېلىپ كىردى. دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدا ئىككى دوختۇر ۋە بىر موماي، موماي يۆلەپ تۇرغان بىر قىز بار ئىدى. مومايىنىڭ كىيىملىرى ئاددىي، رەتسىز بولۇپ، چېچىغا تامام ئاق كىرىپ كەتكەنىدى. چىرايىدىن ئېغىر دەرد تارتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قىز بولسا مۇراتنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. ئۇ قىز شۇنچىلىك ئورۇق ئىدىكى، مۇراتقا ئۇ قىز پەقەت موماي يۆلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆرە تۇرۇۋاتقاندەك بىلىندى. چىرايى كۆلرەڭ، نۇرسىز، ھېلىلا ئۆۋۈلىنىپ چۈشىدىغاندەك بىر ھالدا بولۇپ، پىلىلداپ تۇرغان كۆزلىرى بولمىغان بولسا، ئۇ قىز ئۇزۇن ۋاقىت بوراندا قالغان ھەيكەلنىڭ ياكى يۇزىگە ناچار ئۇپا سۈرۈپ قويغان مۇردى-نىڭ ئۆزى ئىدى. مۇرات بۇنداق يېقىمسىز، كۆرۈمسىز، قورقۇنچ-لۇق چىرايىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى سۇر باستى، تېنى شۈركەندى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ئۆزى ئامراق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتابتىن ئوقۇغان چۆچەك-لەردىكى دېۋە- ئالۋاستىلارنى سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇر قىلاتتى. چۆچەكلەردە دېيىلگىنى مۇشۇنداق چىرايمىكىن؟ ئەگەر كۆز ئالدىدىكى ئادەم بولسا، ئىبلىسقا ئۆزگىرىۋاتقان ئادەم. ئەگەر ئىبلىس بولسا، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئىبلىس. ياق، ئۇ ئا-دەم... كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئادەم.

ئۇ قىزنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقىغا قاراپ پۈتى سۇنغان قىز ھاڭۋېقىپلا قالغانىدى. مۇرات ئېسىگە كەلگەندە بىر دوختۇر مو-مايغا:

— چوڭاپا، سىلىگە بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم ئېيتتىم. بۇنداق كېسەلنى بىز داۋالىمايمىز، داۋالايدىغان يەر ئايرىم، دەپ. خاپا بولماي، شۇ يەرگە بارسىلا، — دەۋاتاتتى.

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن. نەدە ئىدى ئۇ يەر؟ — دېدى موماي ئالدىرىماي.

— تۆت كوچىغا بېرىپ، 2 - يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرسىلا

بولىدۇ.
— بولىدۇ، ماقۇل، — موماي ئورنىدىن بىر ئاز تەۋرىدى. ئاندىن يەنە دوختۇرغا قارىدى، — يا خاپا بولماي ئۆزلىرىلا داۋالاپ قويامالا...
— مەن سۇنۇق داۋالايدىغان دوختۇر، ناۋادا قىزلىرىنىڭ پۇتى قايرىلىپ كەتسە ئەكەلسىلە، مەن داۋالاپ قويىمەن.
— بۇنى بىلىۋالغىنىم ئوبدان بولدى، — دېدى موماي. ئاندىن دوختۇرنىڭ يېنىدا ھەيرانلىق ئىچىدە ئولتۇرغان ياش دوختۇرغا قارىدى، — سىلى بىلمەيدىلا دوختۇر. بۇ قىزىم پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز ئىدى. شاھزادىلەرگىلا لايىق ئىدى. ئىشەنمىسىلە، رەسىمنى كۆرۈپ باقسىلا.
موماي شۇنداق دەپ سىيرىتمىسى بۇزۇلغان كونا سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىشقا ئۇرۇندى. ئەمما دوختۇر:
— رەسىمنى ئالمىسىلا، بۇ دوختۇر شۇنداق چىرايلىق رەسىملەرنى ئىزدەپ يۈرگەن، ئېلىۋالمىسۇن يەنە، — دېدى ئالدىراپ. بۇنى ئاڭلىغان موماي سومكىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە قىزىنى سىرتقا سۆرىدى:
— ئۇنداق بولسا بۇ يەردىن تېز كېتەيلى قىزىم.
قىز يەنىلا ئىپادىسىز ئىدى، بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدى. مومايىنىڭ يېتىلىشى بىلەن يېڭى ئايىغى چىققان بالىدەك يەرنى ئاران دەسسەپ تەمتىلەپ دېگۈدەك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
ئۇلار چىقىپ كېتىشى بىلەن ياش دوختۇر ھەيرانلىقىنى باسالماي قالدى:
— توۋا، بۇ قىز...
— بۇ قىزغا ھەقىقەتەن توۋا دېگۈلۈك، — دېدى دوختۇر ئېچىنغان تەلەپپۇزدا، — بۇرۇن ئۇ قىز ھەقىقەتەن چىرايلىقكەندۇق. بايا رەسىمنى كۆرگەن بولساڭ ھەيران قالاتتىڭ. لېكىن، مومايىنىڭ تۇگىمەس ھېكايىسى باشلىناتتى. قارا، باشقىلار ساقلاۋاتسا، — دوختۇر مۇراتقا قاراپ كەچۈرۈم سورىغاندەك «نو-

مۇر كىرسۇن ـ ھە» دەپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. بىمار قىزمۇ، ئۇنى ئەكەلگەن ئايالمۇ، مۇراتمۇ بۇ گەپكە قىزىقىپ تۇر-غاچقا، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى، — بىزمۇ باشتا مومايىنىڭ سۆز-لىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق، ئەپسۇسلاندۇق، ئىچىندۇق، موماي-غا ئىچ ئاغرىتتۇق. بايىقى قىز چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ئۇس-سۇلغىمۇ شۇنداق ئۇستا ئىكەندۇق. ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ تۇرپاندىن خىزمەت تاپالماي ئۈرۈمچىگە كېتىپ، رېستورانلاردا ئۇسسۇل ئويناپ بىر ئوبدان كىرىم قىلىپتىكەن. نەچچە يىل بۇ-رۇن بىر سىنىپتىن ئۇسسۇلچى ئۆمىكىگە قاتنىشىپ كۆپ پۇل تېپىش ئۇچۇن شاڭخەيگە بېرىپتىكەن. تىلىغىنىغە يارىشا ئۇ يەردە بىر ھەشەمەتلىك رېستوراندا ئۇسسۇل ئويناپ كۆپ پۇل تېپىپتۇ، جا-ھانمۇ كۆرۈپتۇ. لېكىن خېروئىنغا ئۆگىنىپ قاپتۇ. كېيىن بەك قاتتىق خۇمار بولغان چېغى، ئىككى ئاي بوپتۇ، قاقسەنەم بوپ قايتىپ چىقىپتۇ. يېگەن ـ ئىچكىنىنىڭ تايىنى يوق، ھوشى يوق. ئادەم تونۇمايدۇ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيدۇ. ئولتۇرۇپ قالسا ئورنى-دىن تۇرغۇدەكمۇ ماغدۇرى يوق. بايا ئۆزۈڭلەرمۇ كۆردۇڭلەر. ئۇ-نىڭ دەردىدە ئاپىسى ئېلىشىپ قاپتۇ. بايىقى موماي شۇ. دەسلەپتە ئېگىز ـ پەس گەپ قىلسا بىزمۇ بىلەلمەپتىمىز. ھەي، ئىسىت... موماي ھەپتىدە بىر قېتىم قىزىنى يېتىلەپ مىڭ مۇشەققەتتە يې-نىمغا كېلىدۇ. ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يەنە كېتىدۇ. مەنمۇ ئا-مالسىز يولغا سېلىپ قويىمەن.

— قىزنى ساقايتىش خىيالىغا كىرىۋالغان ـ دە. قىزنىڭ ھالىنى دەيمەن. ئۇنداق ياشاپ نېمە كەپتۇ.

— ئۇ قىزنى «ياشاش» دېگەننى بىلىدۇ دەمسىز، — دېدى دوختۇر ئەپسۇسلىنىپ بېشىنى چايقاپ.

— ئاپا چىدىمايدۇ ـ دە، — دېدى پۈتى سۇنغان قىز بىلەن بىللە كەلگەن ئايال.

— راست، — دېدى دوختۇر، — ئاپا چىدىمايدۇ. دەرد ھەممە ئادەمگە بولىدۇ.

شۇ چاغدا يەنە بىر ئايال نومۇر ئېلىپ كىردى.

مۇرات ئاستا كەينىگە ياندى. ئەمدى ئۇنىڭغا بايىقى گەپلەر ئۆزىگە دېيىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئەنە، ئۇ قىزنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايى ئاستا ـ ئاستا مۇراتنىڭ چىرايىغا ئالماشتى. مۇراتنىڭ چىرايى ئۆزگەردى. تۇتۇلدى، ئاقاردى، ناچار ئۇپا سۇرگەندەك يۈز تېرىلىرى ئۇۋۇلاندى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشتى، جانسىز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى...

ھەيھات، ھەيھات! نېمە دېگەن دەھشەت!!

مۇرات دەھشەتلىك سىلكىنىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئامبۇلاتو-رىيە بىناسىنىڭ ئالدىدىكى سېدە ئاستىدا تۇرۇپ قالغان بولۇپ، دەرەخ قوۋزىقىنى چىڭ قاماللاپ تۇتقان بارماقلىرى بىر پارچە قوۋزاقنى قومۇرۇپ ئېلىۋالغانىدى. ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغان مۇرات لېۋىنى چىڭ چىشلىۋالدى. ئاپىسى كۆڭ-لى ئاغرىغان، ئۇنىڭدىن ئاغرىنغان ھالدا مۇراتقا قاراپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئاپىسىنىڭ تۇرقىدىن مۇراتنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەت-تى. «ياق، مەن بۇ يولدىن قايتىشىم كېرەك. بۇ ئىشتىن قول ئۈ-زەي، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئاخىرلاشتۇراي. ئاپام كۈتكەندەك، ئارزۇ قىلغاندەك ئادەم بولاي. ئاپامنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرەي!» ئېغىر ۋە ئۇزۇن تىنىۋەتكەن مۇرات ماشىنىغا چىقتى.

يولغا چىقىش بىلەن مۇراتنىڭ دىلى پاللىدە يورۇپ كەتتى: «بولدى، ئەمدى مەن خېروئىن دېگەن نەرسىگە ئىككىنچى يېقىن كەلمەيمەن. مېنىڭ ئىرادەم كۈچلۈك، قىلىمەن دېگەننى قىلالاي-مەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھەسەن ھەسەللەردەك تىترەپ، پۇت ـ قولىنى قاشلاپ بولالمايدىغان ھالغا چۈشكۈدەك خۇمار بولغىنىم يوق. ئەمدى مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالد-مەن...»

مۇرات تۆت كوچىغا كەلگەندە ئويلىنىپ قالدى: «ھازىر شە-ھەر ئىچىدە كىرا ماشىنىسى كۆپ. كۆل بويىدىمۇ شۇنداق. ئەگ

ياخشىسى ساياھەت نۇقتىلىرىغا باراي. ھازىر ساياھەتكە بارغانلار -
نىڭ قايتىدىغان ۋاقتى. ئۇ يەردە چوقۇم ئادەم چىقىدۇ. بۇ يەردە
قىستىلىشىپ يۈرگەندىن... » مۇرات شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن ماشىنىسىنى تۇرپان مۇنارىغا قاراپ ھەيدىدى.

## تۆتىنچى باب

گۈلشەن ئۆزلىرىگە يېقىنلىغانچە سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋات-قان كىرا ماشىنىسىغا قاراپ قولىنى كۆتۈردى. مۇراتمۇ ئۇلارنىڭ تۇرقىدىنلا ماشىنىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى يىراقتىن بىلىپ بولغاچقا، قىز قول كۆتۈرۈشى بىلەنلا ماشىنىنى تورمۇز قىلدى.

قىزلار ماشىنىغا چىقىشتى. قىزلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال ئىدى. «تازا كۆڭۈلدىكىدەك ساياھەت قىلىپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى مۇرات. ئاندىن:

— نەگە بارىسىزلەر؟ — دەپ سورىدى.

— پىيازچىلار بىلەن شاڭيوغا، — دېدى گۈلشەن. ئارقىدىن تېخىمۇ ئېنىق قىلىش ئۈچۈن:

— بۇ ئىككى دوستۇمنى ئاۋۋال پىيازچىلاردا چۈشۈرۈپ قو-يۇپ، مېنى شاڭيوغا ئاپىرىپ قويىسىز، — دېدى. مۇرات شۇ ھا-مان تاكسىچىلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن قىزغا قارىدى. گۈلشەن مۇراتنىڭ «شاڭيونىڭ نەرىگە؟ ئىچكىرى مەھەللىدىكى ئۆي بولسا كىرا پۇلى يۇقىرى بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى قارىشىنى دەرھال چۈشىنىپ يەنە ئىزاھات بېرىشكە مەجبۇر بولدى:

— شاڭيو داۋيىنىڭ ئالدىغىلا. ئادەتتە تاكسىلار 10 كوي ئا-لىدۇ.

— بىلىمەن، — دېدى مۇرات سۇسلا، — ئەمىسە ماڭدۇق.

ماشىنا سەل ماڭغاندىن كېيىن قىزلار رەسىملىرىنى كۆ-رۈشكە باشلىدى. ئۇلار رەسىملەرنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ، ھەدەپ

بىر ـ بىرىنىڭ رەسىمگە چىرايلىق چۈشكەنلىكىنى ماختاشتى.
پىيازچىلار كەنتىگە يېقىنلاشقاندا گۈلنىسا:
— ئۈنداق بولسا گۈلشەن، كېيىنكى يەكشەنبە بايا كېلىشـ ـكىنىمىز بويىچە يارغولغا بارىمىز جۇمۇ، — دېدى.
— چاتاق يوق، — دېدى گۈلشەن.
— شەنبە كۈنىلا كېلىشىۋالايلى، — دېدى ئادىلە.
مۇرات ئۇلارنىڭ گېپىگە قىزىقتى.
— كېيىنكى ھەپتىمۇ ساياھەتكە چىقىدىغان گەپمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىدىن گۈلشەنگە قاراپ. بايىقى گەپتىن ئۇ مۇشۇ قىزنىڭ ئىسمىنى بىلگەنىدى.
— ھەئە، — دېدى گۈلشەن.
— ھەر يەكشەنبە كۈنى بىر يەرگە ساياھەتكە بارىدىغان بولـ ـدۇق، — دېدى ئادىلە ئالدىراپ.
— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىزلەر، — دېدى مۇرات سۆزدە قىزغىن بولۇشقا تىرىشىپ، — كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىمىز ئۆز يۇرتىمىزدىكى كۆرۈشكە تېگىشلىك يەرلەرنى كۆرۈشكە ۋاقىت چىقىرالماي قالىمىز.
بۇ ماختاشتىن قىزلار بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى.
— ئەگەر ماشىنا لازىم بولسا مەن سىزلەرنى ئاپىراي، — دېدى مۇرات.
قىزلار قايتقۇچە ماشىنا جاپاسىنى تارتقان بولغاچقا، بۇ گەپـ ـكە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇشقان بولسىمۇ، دەرھال جاۋاب بېرىشكە تارتىنىپ قالدى. بۇنى باشقىچە چۈشەنگەن مۇرات:
— غەم قىلمىڭىزلار، باشقىلاردىن ھەرگىز جىق ئېلىۋالمايـ ـمەن، — دېدى كۈلۈپ.
— ئۇ گەپ ئەمەس، — دېدى گۈلشەن، — بۇنىڭدا بىزگىمۇ قولايلىق بولغۇدەك. ئۇنداق بولسا سىزنىڭ تېلېفون نومۇرىڭىزنى يېزىۋالايلى.
مۇرات يانفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى.

پىيازچىلار كەنتىگە كەلگەندە ئادىلە بىلەن گۈلنىسا ماشى-نىدىن چۈشۈپ قالدى.
مۇرات يېزا يولىدىكى لاقىلاردىن قېچىپ ماشىنىسىنى ئېھ-تىيات بىلەن ھەيدەشكە باشلىدى.
گۈلشەن يەنە قولىدىكى رەسىملەرگە قاراشقا باشلىدى. مۇرات ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىدىن بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ:
— تورپان مۇنارىنى كۆرگىلى كەلدىڭىزلەرمۇ؟ — دەپ سو-رىدى.
— ھەئە، — دېدى گۈلشەن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.
— مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىققىلى قويمىغاندۇ ھەقاچان؟
— ئۆزۈن بوپتىكەن مۇنارغا چىقىشنى چەكلىگىلى.
— قولىڭىزدىكى شۇ يەردە چۈشكەن رەسىملەرمۇ؟
— ھەئە. ھازىر ئىشلار ئاسانلىشىپ كېتىپتۇ. رەسىمگە چۈشسىڭىز دەرھاللا چىقىرىپ بېرىدىكەن.
— فوتو ئاپپاراتلار زامانىۋىلىشىپ كەتتى. ھە، سىزنى كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويسام، ئەستا... ئۆيىڭىزلەر بىلەن كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئارىلىقى بار بولسا جاپا تارتىپ قال-ماڭ دەيمەنا.
— ئۆيىمىز كەنت ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىلا، — دېدى گۈل-شەن.
مۇرات قىلىدىغان گەپ تاپالماي تاماكا تۇتاشتۇردى.
سەل تەرلىگەن گۈلشەن قولى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەندىن كېيىن، رەسىملەرنى ئورۇندۇققا قويۇپ سومكىسىدىن قولياغلى-قىنى ئېلىپ تەرىنى سۈرتتى.
بۇنى كۆرگەن مۇرات:
— ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىپ قوياي، — دېدى.
— بولدى رەھمەت. ماڭا ياراشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدۇق.
دەرۋەقە، ماشىنا شاڭيو - جاي كەنت كومىتېتى ئىشخانى-

سىغا كىلىپ قالغانىدى.

— ئاۋۇ سەيپۇڭخانا ئالدىدا توختاڭ، — دېدى گۈلشەن كەنت كومىتېتى ئىشخانىسى دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان «يېڭى ئەسىر گۈلشەن سەيپۇڭخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان سەي-پۇڭخانىنى كۆرسىتىپ، — مەن مۇشۇ دۇكاندا تىككۈچىلىك قى-لىمەن.

ماشىنا توختىدى.

— رەھمەت، — دېدى گۈلشەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئې-چىپ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مۇرات ئالدىراپ، — ماشىنا لازىم بولسا تېلېفون قىلىڭ.

— بولىدۇ، — دېدى گۈلشەن مۇراتقا 10 يۇەننى سۇنۇپ. مۇرات پۇلنى ئېلىپ ماشىنا ئىشىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قوي-دى.

گۈلشەن بىر قولىدا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولى-دىكى رەسىملەر بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگىنىچە سەيپۇڭخانىغا كىرىپ كەتتى.

مۇرات ماشىنىسىنى كەينىگە قايتۇردى.

بىر پارچە رەسىمنىڭ ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىغا ھەر ئىككىسىلا دىققەت قىلمىدى.

تىككۈچىلىك دۇكىنىغا شىپپىدە كىرىپ كەلگەن گۈلشەن «ھىم» دەپ ئاۋاز چىقىرىشى بىلەن قىزلار قولىدىكى ئىشلىرىنى توختىتىشىپ ئىشىككە قاراشتى ۋە يېقىملىق كۈلۈپ تۇرغان گۈلشەننى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ۋاي، ئۇستام قايتىپ كەپتۇ.

— ھەدە...

— گۈلشەن ئايلا...

قىزلار گۈلشەننى ئورىۋالدى.

— قانداقراق ئوينىدىڭىزلار؟

— نەگە باردىڭىزلار؟
— چۈشتە نېمە تاماق يېدىڭىزلەر؟
— ئىسسىق ھاۋادا جاپا تارتىپ قالمىغانسىزلەر؟
— مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي بارمىغىنلى تاس قالدىڭىز ھە؟
قىزلار گۈلشەننى سوئالغا كۆمۈپ تاشلىدى.
— بارغىنىم بەك ئوبدان بوپتۇ. مۇنار ھويلىسى ياسالغاندىن بۇيان بىرىپ باقماپتىكەنمەن، تۇرپان مۇنارى ھازىر بەك ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. تېخى رەسىمگىمۇ چۈشتۇم. مەن دېمىمنى ئېلىۋالاي، سىزلەر مۇنۇ رەسىملەرنى كۆرگەچ تۇرۇڭىزلار.
گۈلشەن شۇنداق دەپ رەسىملەرنى قىزلارغا بەردى. قىزلار ئۇن نەچچە پارچە رەسىمنى تالىشىپ كۆرۈشتى.
— دوستلىرىم بىلەن دېيىشتۇق. بىز ھەر يەكشەنبە كۈنى بىر يەرگە ساياھەتكە چىقىدىغان بولدۇق. كېيىنكى ھەپتە يارغولغا بارىدىغان بولدۇق.
— نېمىدېگەن ياخشى.
— مەنمۇ ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.
— ياخشى كۆرگەن بىلەن ساياھەت قىلالىسىڭىز بولىدۇ. ساياھەت قىلدۇق دەپ ياشلار يولىغا، مەشرەپ مەيدانىغا بارسىڭىزلارلا بولمايدۇ.
بۇ گەپ بىلەن بايىقى قىز ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن گۈلشەن گەپ قىستۇرۇشنى لايىق كۆردى.
— ساياھەتنى ئۇنداق ئويلىسىڭىزلار بولمايدۇ. نەلا بولسا كۆرۈشكە تېگىشلىك بولسا كۆرسەك ساياھەت بولىۋېرىدۇ. ھەرگىزمۇ يىراق يەرگە بارساق ساياھەت بولۇپ، يېقىن يەرگە بېرىش ساياھەت بولمايدىغان ئىش يوق، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن.
بايىقى قىز ئورۇنسىز گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ، خىجىل بولغىنىدىن تىلىنى چىقىرىپ قويدى.
— بىز دوستلار بىلەن ھەپتىدە بىر ئوينىيالمىغان بىلەن ئايدا بىر ئوينايمىز. لېكىن، بۇنداق ساياھەت قىلىشنى ئويلاپ

باقماپتىمىز، — دېدى بىر قىز.
— قىلغىنىڭىزلار توغرا، — دېدى گۈلشەن يەنە، — سايا-ھەتنى شارائىتقا، ئەھۋالغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.
— گۈلشەن ھەدەم بايا دېدىغۇ، ئۇمۇ سىزلەر ئۇچۇن بىر سا-ياھەت.
شۇ چاغدا تېخىچىلا رەسىملەرنى كۆرۈۋاتقان بىر قىز:
— گۈلشەن ھەدە، تۇرپان مۇنارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ رەسىمگە چۈشمەپسىز - ھە؟ — دەپ سوراپ قالدى.
— بارغۇ، — دېدى گۈلشەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئې-گىز پەشتاقتا چىقىپ، مۇنارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ چۈش-كەن...
— ئۇنداق رەسىم يوققۇ.
گۈلشەن رەسىملەرگە تېز - تېز قاراشقا باشلىدى. ئۇ رەسىم ھەقىقەتەن يوق ئىدى. بۇنى بىلگەن گۈلشەن تۇرۇپلا قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كەلدى:
— ئاپلا، بايا كەلگەن تاكسىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ.
— ئاپلا! ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
— چىقىپ قاراپ باقايلى.
— ئۇ ماشىنا بۇ تاپتا نەلەرگە كەتكەن بولماي.
— يا شوپۇر رەسىمنى كۆرسە ئەكىلىپ بېرەرمۇ؟
— تاكسىچىلار دېگەن پۇل تېپىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنى ئەكې-لىپ بېرىدىغانغا نەدە چولىسى؟
— تاكسىنىڭ نومۇرىنى بىلىۋالمىغانمۇ؟
— ئۇ يادىمغا كېلەمدۇ؟
— شوپۇرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى...
— ھە راست يېزىۋالغان...
بىر قىز دەرھال تېلېفون قىلدى. ئەمما مۇراتنىڭ يانفونى ئېتىك بولۇپ چىقتى.
— تېلېفونى ئېتىككەن، — دېدى ئۇ قىز.

— تاكسى شوپۇرى بولغانلىكىن تېلېفوننى ئۇچۇق قويىماي-دۇ.

— ئەستا، — دېدى گۈلشەن مەيۈسلىنىپ، — ئەمما شوپۇر كېيىنكى يەكشەنبە بىزنى يارغولغا ئاپىرىپ قويىماقچى بولۇپ...

— ئۇنداق بولسا شۇ ۋاقىتتا ئېلىۋېلىڭ.

— بىر ھەپتە ساقلايدىغان ئىشمۇ، — دېدى بىر قىز، — ساياھەتكە بېرىپ رەسىمى بولمىسا، ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بول-مامدۇ؟

— ھەي، — دېدى گۈلشەن لېۋىنى چىشلەپ، — بولدىلا، ئىشىمىزنى قىلايلى.

قىزلار روھى چۈشكەن ھالدا ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىغا باردى. ماشىنىلاردىن رىتىملىق ھالدا شىرىلدىغان، تىرىلدىغان ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى.

ئۆزىدە بىر خىل يېڭى تۈيغۇ، يېڭىچە ئىرادە پەيدا بولۇۋاتقان-لىقىنى سەزگەن مۇرات ماشىنىسىنى تازا بىر يۈيماقچى بولدى. بۇرۇن ئۇ شارائىت ئەپلەشسىلا ماشىنىسىنى كۆڭۈل قويۇپ يۇيۇپ چىقاتتى. خېرىدار ساقلاپ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ماشىنىسىنىڭ ئەينەكلىرىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتەتتى. بىراق، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن، ماشىنىسىنى يۇيۇش تۇرماق، ئەينىكىنى ئېرتىشقىمۇ ئېرىنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇرۇن پارقىراپ تۇرىدىغان ماشىنىسى ھازىر توپا بېسىپ «كونا چىراي» بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەتتا بەزىدە ماشىنىنىڭ ئەينەكلىرىنىمۇ سۈرت-مەيلا مېڭىپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا بەش كويىنىڭ بېشىغا سۇ قويۇپ، ماشىنىسىنى ماشىنا يۇيۇش ئورنىغا ھەيدەپ بېرىپ يۇي-دۇرغىلى ئارانلا تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مانا ئەمدى مۇراتقا ماشىنىسىنىڭ توپا باسقان بۇ ھالى ياق-مىدى. ئىدىيە دېگەن يامان نەرسە. ئەگەر ئىدىيە ئوڭ بولسا، ئاقنى ئاق كۆرسىتىدۇ. ناۋادا ئىدىيە تەتۈر بولىدىغان بولسا، ئاقنىڭ ئاقلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

مۇرات شەرقىي ئايلانما يولىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە يول بويىدىكى دەرەخلىكنىڭ سۇغىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ماشىنىسىنى توختاتتى. ئۇ كىچىك چېلەكنى ئېلىپ، دەرەخلىك ئارىسىدىكى كىچىك تۇرۇبىدىن سۇ ئېلىپ، ماشىنىسىنى سۈرتىدىغان لاتىنى پاكىز يۇيۇپ، ماشىنىسىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

ماشىنىدا يېقىملىق ناخشا ياڭرىماقتا. مۇرات بېرىلىپ ماشىنا سۈرتمەكتە. مانا بۇ ئىش ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مۇراتقا كۆڭۈللۈك بىلىندى.

مۇرات ئارقا ئىشىكنى سۈرتمەكچى بولۇپ ئىشىكنى ئاچتى. شۇ چاغدا ئۇ ئارقا ئورۇندۇقتىكى رەسىمنى كۆردى ۋە شۇ ھامانلا بۇ رەسىمنىڭ بايىقى قىزلارنىڭ ئىككەيلىكىنى جەزم قىلدى. ئۇ رەسىمنى قولىغا ئالدى ۋە بۇنىڭ ھېلىقى بۇغداي ئۆڭ، يېقىملىق كۈلۈمسىرەيدىغان، ئورۇنلۇق گەپ قىلىدىغان گۈلشەن ئىسىملىك قىزنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

مۇرات رەسىمنى تۇتقىنىچە: «ئادەم ساياھەتكە بارغاندا سۈرەتكە چۈشۈش ئەڭ ياخشى خاتىرە. خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن رەسىم يىتىپ كەتسە، ئادەمنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ شۇ تاپتا قانچىلىك تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ - ھە؟» دەپ ئويلىدى ۋە رەسىمنى ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

مۇرات شۇ قارارغا كېلىپ بولۇپ، نېمىشقىدۇر، يەنە رەسىمگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئىختىيارسىز: «نېمانداق يېقىملىق قىزدۇ بۇ» دەۋەتتى.

ئۇ ئەمدى ماشىنىسىنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا تېز - تېز سۈرتۈشكە باشلىدى...

مۇرات بىردەمدىلا بايىقى سەيپۇڭخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ماشىنىسىنى توختىتىپ سىگنال بەردى.

ماشىنىنىڭ سىگنالىنى ئاڭلىغان گۈلشەن ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە مۇراتنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

مۇرات ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ماشىنىدىن چۈشۈپ گۈلشەننىڭ ئالدىغا كەلدى:

— سۈرىتىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز.

مۇرات سۈرەتنى گۈلشەنگە سۇندى.

گۈلشەن خۇشال بولۇپ سۈرەتنى ئالدى ۋە چىن كۆڭلىدىن:

— رەھمەت سىزگە، — دېدى.

مۇرات كۈلۈپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلماي ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. گۈلشەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە شاگىرت قىزلار چىقتى.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى شاگىرت قىزلاردىن بىرى.

— بايا مېنى ئەكىلىپ قويغان شوپۇر. رەسىمنى ئەكىلىپ بەردى.

گۈلشەن رەسىمنى قىزلارغا بەردى.

— رەسىمنى ئەكىلىپ بەرگىنىگە پۇل ئالمىغاندۇ؟

— تولا قاملاشمىغان گەپ قىلماڭە، — دېدى گۈلشەن.

— ئەمدى دەيمەنا...

— پۇل ئالمىغان بولسا ئەجەپمۇ ئوبدان شوپۇركەنا. ئەكىلىڭە رەسىمنى...

شۇنىڭ بىلەن قىزلار رەسىمگە ئېسىلىشتى.

— ئەجەب چىرايلىق چۈشۈپسىز، گۈلشەن ئاچا.

— تاتلىق كۈلۈپ ئەجەبمۇ ئوماقلىشىپ كېتىپسىز.

# بەشنچى باب

مۇرات كەچلىك تامىقنى يەۋېلىش ئۈچۈن ئۆيگە ماڭدى.

بۇرۇن مۇرات ئۈچ ۋاقلىق تاماقنىڭ ھېساباتىنى قىلىپ، ئۈچ ۋاق تاماقنى چوقۇم ئۆيدە يەپ، ئامالنىڭ بارىچە پۇل تېجەيتتى. دېمىسىمۇ، ئەگەر كۈندە بىر ۋاق چۈشلۈك تاماقنى سىرتتا يېسە، بىر ئايدا 300 كويدەك پۇل كېتىدۇ، دېگەن گەپ. ئەگەر ئۈچ ۋاق تاماقنى سىرتتا يېسىچۇ؟ كۈندە بىلىنمىگەن بىلەن... شۇڭا مۇرات ئامال بار تاماقنى ئۆيدە يەيتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ماشىنىنىڭ قەرزىنى بالدۇرراق قايتۇرسا، مۇراتمۇ قەرز بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ، ماشىنىنى ئازادە ھەيدىسە... شۇ سەۋەبتىن ئۇ بەزى تاكسىچىلار ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تاماق يېگىلى ماڭسا، «بەش كوي پۇلنى تەستە تاپىدۇ. ئەمما ھېساب ئۇقمايدۇ» دەپ ئۇلارنى ئەيىبلەيتتى.

بىراق، مۇرات يېقىندىن بۇيان، راستىنى ئېيتقاندا ھەسەن ھەسەللەر بىلەن دوست تارتىشىدىغان بولۇپ قالغاندىن بۇيان ئۆزىنىڭ «ھېساباتقا ئۇستىلىقى»نى ئۇنتۇپ قالدى. دەسلەپتە كەچلىك تاماقنى سىرتتا يېدى، كېيىن چۈشلۈك تاماقنى سىرتتا يەيدىغان بولدى. ئاخىر كېلىپ ئاپىسى ئەتىگەن تۇرۇپ تەييارلاپ قويغان ناشتىلىققا قاراپمۇ قويماي، نۇرلۇق يولىدىكى ئەتىگەنلىك تاماق ساتىدىغان ئاشخانىغا بېرىپ، دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن يېيىشلىك قىلىپ ئېتىلگەن كۈدە مانتىسىنى قىزىلمۇچ قىيامىغا

ملەپ يەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن چۇشلۇك تاماقنى تامىقنىڭ ئېسىللىقى بىلەن داڭ چىقارغان «گۆھەر زېمىن»، «خۇشناۋا» قا-تارلىق تېز تاماقخانىلاردا يېسە، كەچلىكى مەخسۇس يېڭى شەھەر رايونىغا بېرىپ كالا گۆشى ئۇگرىسى يەپ كېلەتتى. بۇنداق تاماق-لىنىش ئۇنىڭغا بارغانچە خۇشيېقىپ قالدى ۋە: «جاپا تارتىپ ماشىنا ھەيدەۋاتقاندىكىن ئانچە - مۇنچە راھەتنىمۇ كۆرمىسەم بول-ماس» دەپ ئۆزىگە باھانە كۆرسەتتى. ئاپىسى رەھىمەمۇ بارا - بارا ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىغا كۆنۈپ قالدى. «ياش تۇرسا، ئاغىنىلىرى بىلەن گۇڭۇر - مۇڭۇر تاماق يېگۈسى كېلىدىغاندۇ، كۈن بويى ما-شىنا ھەيدەيدىغان بولغاندىكىن، ئۆيدە دەماللىققا ئىشتىھاسى ئې-چىلمايدىغاندۇ.» رەھىمە مۇشۇنداق خىياللىرى بىلەن ئۆزىگە تە-سەللى بېرەتتى ۋە «ئۆي تامىقىنى سېغىنىپ قالۇر» دەپ ئوغلىغا تاماق ئېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى. مۇرات ئاربلاپ بۇ تاماقنى يەپ رەھىمەنى خۇش قىلاتتى. ئەمما، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇراتقا ئېلىپ قويغان چۇشلۇك تاماقنى رەھىمە كەچلىك تاماق ئورنىدا يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئەمما بۇگۈن ئەھۋال باشقىچە. مۇراتنىڭ ئىدىيەسىدە پەيدا بولغان سىلكىنىش ئۇنىڭغا ئاپىسىنىڭ، ئۆيىنىڭ مېھرىنى سې-غىندۇردى. مۇرات ئاپىسىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ ئاپىسى ئەتكەن تاماققا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەگەر مۇرات ئاپىسى ئەتكەن تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېسە، ئاپىسى ئۇنىڭغا قانچىلىك زوقمەنلىك ۋە ئامراقلىق بىلەن قاراپ ئولتۇ-رۇپ كېتىدۇ - ھە!

مۇرات جىگدىلىك كەنتنىڭ قارامايى يېيىتىلغان سىلىق يو-لى بىلەن ئازراق ئېچكىرىلەپ كىرىپ، يوغان ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىشىغىلا ئاپىسى رەھىمە خۇددى قاراپ تۇر-غاندەك ھويلىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەلدى.

ئوتتۇرا بوي، يۇزى يۇمىلاق ۋە ئاق كەلگەن، قارا قاشلىق، زىننقى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان، پاكىز كىيىنگەن

رەھىمە ئوغلىنىڭ يېنىغا خۇشال ھالدا كەلدى.
ئاپىسىنىڭ خۇشال ھالىتىنى كۆرگەن مۇراتنىڭ ئىچى ئىسسىق بولۇپ كەتتى ۋە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان خىجىللىقتىن يۈرىكى تارتىشقاندەك بولدى.
— ئاپا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، — دېدى مۇرات ئاۋازىنى تەبىئىي چىقىرىشقا تىرىشىپ، — تاماق بارمۇ؟
— بار بالام، بار، — بۇنى ئاڭلاپ رەھىمە تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، — سەن ئامراق تاماقنى قىلىپ، چۈشتە كېلەمدىكىن دەپ... كۇدىگە قارا گۆش قوشۇپ بولاق مانتا ئەتتىم...
— ئىسسىتىپ بېرەمسەن يە؟
— ماقۇل بالام، ئىسسىتىپ بېرەي.
رەھىمە پايپاسلاپ قازان بېشىغا يۈگۈردى. ئۇنىڭ قەلبى ھەقىقەتەن خۇشلۇققا تولغانىدى. ئوغلى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقىلى قانچە كۈنلەر بولغاندۇ ـ ھە؟ بىر ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا يۈرەك پارىسىنىڭ كۆز ئالدىدا سالامەت ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئەتكەن تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ھۇزۇر بارمىدۇ؟
مۇرات ئۆيىگە كىرىپ بىر تال تاماكا چېكىۋالغاندىن كېيىن، شىرە يېنىغا كېلىپ ئاچچىقسۇ بىلەن قىزىلمۇچ قىيامىنى تەييارلاپ بولغۇچە، رەھىمە قايتا ئىسسىتىلغان مانتىنى ئېلىپ كەلدى. مۇرات مانتىدىن بىر تالنى قىزىلمۇچ قىيامىغا مىلەپ يەپ بولغاندىن كېيىن، بىرىپ توڭلاتقۇدىن بايا سېلىپ قويغان كولانى ئېلىپ ئىچتى. كولا ئوبدانلا مۇزلىغان بولۇپ، سوغۇقلۇقىدىن مۇراتنىڭ چىرايى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى. ئەمما، كولانىڭ تەمىدىن ھۇزۇرلانغانلىقىمۇ چىرايىدىن دەرھال ئىپادىلەندى.
— بالام، سوغۇق نەرسىلەرنى جىق ئىچمىسەڭ بولاتتى، — دېدى رەھىمە كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — بولمىسا ئاشقازىنىڭغا زەرەر يېتىدۇ.
ئاپىسىنىڭ كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدىن مۇراتنىڭ تومۇرلىرىغا

ئىسسىق بىر ئېقىم تارىغاندەك بولدى. شۇڭا ئۇ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ بىر چەتكە قويدى ۋە چىنىنى قولىغا ئالدى. بۇمۇ يېڭىچە بىر ھال. بۇرۇنلاردا، ياق، چۈشتىن بۇرۇنلا بولىدىغان بولسا، مۇرات ئاپىسىنىڭ بۇ گېپىگە «سەن بىلمەيسەن، بۇ تاماق سىڭدۇ-رىدۇ» دېگەن، ھېچ بولمىسا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويغان بولات-تى. بالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالغىنىدىن رەھىمەنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى.

مۇرات مانتىنى كۆڭۈللۈك كەيپىياتتا ئولتۇرۇپ يېدى.

— يەنە ماڭىدىغان بولغاندىكىن يەنە بىر ئاز يېگىن، — دېدى رەھىمە.

— بولدى، ئوخشاپتىكەن، جىق يەۋالدىم، — دېدى مۇرات، — ھازىر كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە تاماق يەۋاتقان ۋاقتى. بىر يەرگە بارىدىغانلارمۇ ئۆيىدە تەييارلىق قىلىۋاتقاندۇ. شۇڭا ھازىر كوچىدا تۇزۇك ئادەم يوق. ماڭغان بىلەن بىكار ئايلىنىدىغان گەپ. يېرىم سائەتتەك ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ماڭاي.

— بوپتۇ، دەم ئالىدىغان ۋاقىتتا دەم ئال. بولمىسا ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويىسەن.

شۇنىڭ بىلەن مۇرات تېلېۋىزورنى ئېچىپ، كارىۋاتتا يېتىپ كۆرۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى تىنچىپ قالغا-نىدى.

قازان بېشىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان رەھىمە پات - پات ئوغلىغا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئوغلىغا دەيدىغان گېپى بار ئىدى. ئۇ قولى ئىشتا بولسىمۇ ئوغلىنى خېلى كۆزەتتى. «ئوغلۇمنىڭ كۆڭلى جا-يىدا ئىكەن. خېلى رايىنىش، گەپلىرىمنىمۇ ئىلىك ئېلىۋاتىدۇ. ئەمدى دەپ باقسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى.

ئانىنىڭ پەرزەنت غېمى قاچان تۈگەپ باققان! مىڭ جاپادا يىغقان پۇلىغا مۇراتنى شوپۇرلۇق مەكتىپىدە ئوقۇتتى، ئاندىن ماشىنا ئېلىپ بېرىپ تىرىكچىلىك يولىنى ئېچىپ بەردى. ئەمدى-لىكتە بولسا، مۇراتنىڭ مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرىنىڭ كۆپىنچى-

سى توي قىلىپ بولدى. بەزىلىرى بولسا بىر بالىنىڭ ئاتىسى بول-
دى. مۆراتمۇ ھازىر 21 ياشتىن ئاشتى، ئەمما ئۇنىڭدىن بىر سادا
يوق. بۇنىڭدىن ئاپىنىڭ ئىچى پۇشتى. يېقىندىن بۇيان مەھەللە-
دىكى ئاياللارنىڭمۇ ئاغزى قىچىشقىلى تۇردى. بىر يەرگە كەلسىلا
رەھىمەگە ياغاچ سانجىيتتى. «ئوغلۇڭدىن گەپ ئال» دەپ ئۆگە-
تەتتى ياكى بولمىسا «ئوغلۇڭغا گەپ قىلالمىساڭ، مانا مەن گەپ
قىلىمەن، قانداق قىلىسەن؟» دەپ قىستايتتى... شۇڭا رەھىمە ئۇ-
زۇندىن بۇيان ئوغلى بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ بېقىشنى كۆڭ-
لىگە پۈكۈپ، پەيت كۈتۈپ يۈرەتتى. مانا بۈگۈن رەھىمەگە شۇنداق
بىر پەيت كەلگەندەك بىلىندى.

— ئوغلۇم، كوچا بېشىدا رېمونتچىلىق قىلىدىغان ئاغىنەڭ
رېشىت ئالدىمىزدىكى شەنبە توي قىلىغۇدەكقۇ، — دېدى رەھىمە
گەپنى ئېھتىيات بىلەن يىراقتىن باشلاپ.

— ھەئە، ئالدىنقى كۈنى مەسلىھەت چېيى قىلدۇق.

— ئۇنداقتا، ئاغىنەڭلەر ئىچىدە توي قىلمىغان كىملەر قال-
دى؟

بۇ سوئالدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلغان مۆرات ئاپىسىغا
لەپپىدە قاراپ قويدى، بىراق ئۇنىڭ چىرايىدا ئاچچىقلىنىش ئالا-
مەتلىرى كۆرۈلمىدى. بۇنىڭدىن رەھىمەگە جۈرئەت كىردى.

— بالام، ئەمدى گەپنى ئوچۇقلا دەي. سەنمۇ مەقسىتىمنى
چۈشىنىپ بولدۇڭ. ۋاقتىدا بېشىڭنى ئوڭلاپ قويسام، مەنمۇ غەم-
دىن خالاس بولاتتىم. كېلىشىپ قويغان ئادىمىڭ بارمۇ؟

مۆرات جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتقان، كېلىشىپ قويغان قىزى يوق ئىدى. تولۇق ئوت-
تۇرىنى پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۇ سىنىپىدىكى پەرىدە بىلەن ئوبدان
ئۆتكەن. ئىككىسى كۈندە پاراڭلاشمىسا چىدىشالمايدىغان بولۇپ
قالغان، مۆراتنىڭ كۆڭلىگىمۇ «ئىسسىق» ئۆتۈپ قالغاندەك بولغا-
نىدى. پەرىدە ئىللىق بېقىپ يۈرەتتى. كېيىن مۆرات ئالىي مەك-
تەپكە ئۆتەلمىدى. پەرىدە بولسا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسى-

تېتىغا ئوقۇشقا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. دەسلەپتە قىز ئۇنىڭغا خوشمۇ دەپ قويماي بېيجىڭغا كەتتى. مۇراتنىڭ خېتىگە بىر قېتىم جاۋاب قايتۇردى. كېيىنكى خەتلەر جاۋابسىز قالدى. پەرىدەنىڭ بېيجىڭدىكى تېلېفون نومۇرى توغرۇلۇق سوئالىمۇ جاۋابسىز قالدى. تەتىل قىلىپ كەلگەنلىرى-دىمۇ مۇراتنى ئىزدەپ قويمىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇراتنىڭ دىلى ئازار يېگەندەك بولدى. ئۇمۇ باشتا پەرىدەنى سېغىنىپ يۈردى. كېيىنچە ئۇنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىمۇ ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا مۇرات پەرىدەگە بولغان سېغىنىشىنى ۋە ئۇنى يادىدىن چىقىرالماسلىقىنى مۇھەببەتكە جورۇپ «ياخشى كۆرۈش مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. قارىغاندا مەن پەرىدەنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىرەر قىزغا نىسبەتەن ئىچى تارتىشىدىغان ھېسسىياتتا بولۇپ باقمىدى. ئەلۋەتتە، بەگباشلىق ۋە «ھېلىقى قىزلار»غا بولغان «ياۋايى ھېسسىيات»لىرى ئايرىم گەپ.

شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئايسىنىڭ سۆزىگە كېسىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توي قىلىش ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ-مۇ چىقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ توي ھەققىدىكى گەپلەرگە ئانچە قىز-زىقمايتتى، ئۆزىنىڭ تويى ھەققىدىكى گەپلەرگىمۇ ئۇنچە قىزغىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، ئۇ ئايسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى.

— ئەگەر ئويلاپ قويغان يېرىڭ بولمىسا، بىز چوڭلارغا قو-يۇپ بەر. بۇ بار قائىدە...

— ئاپا، — دېدى مۇرات ئايسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ھا-زىرچە بۇ گەپلەرنى دېيىشمەي تۇرغان بولساق. مەن توي قىلىدىغان ئىشنى تېخى ئويلاشمىدىم. شۇڭا كېيىنچە بىر گەپ بولسا...

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بالام، ۋاقتى كەلگەندە تېنەپ قا-لىدىغان ئىش بولىدۇ.

— نېمىگە تېنەپ قالىسەن؟ ئۇنداق دەپ ئىچىڭنى پۇشۇرما.

بولىدىغان ئىش ئۆز يولىدا كېتىۋەرمەمدۇ؟
— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ماڭا بىر غەم بولىدىكەن. ھەر قېتىم ئاغىنىلىرىڭنى كۆرسەم...
— بۇ ئىشنىمۇ ئۇلارغا سېلىشتۇرۇۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟ تەييار بولۇپ قالغانلار تويىنى قىلىۋەرسۇن...
رەھىمە مۇراتقا قاراپ مەيۇسلۇك ئىچىدە ئېغىر تىنىپ قويدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئانىنىڭ كۆڭلى ئوغلىدىن «پالانچىنىڭ قىزى بىلەن كېلىشىپ قويدۇم» دېگەن جاۋابنى ئالمىغۇچە خاتىرجەم بولالمايدۇ. بۇنداق ئىشتا ئانىنىڭ ئىچى پۇشىدۇ، كۆڭلى تېنەيدۇ، كەلگۈسىدىكى كېلىنى ھەققىدە ئۇچۇر ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ، يىراقلاردىن بىر كۆرۈۋالغۇسى كېلىدۇ، تاتلىق خىياللارنى قىلىدۇ...
— ئۇنداق بولسا، ئوغلۇم، بۇ ئىشقا سەل قارىماي، ياخشىراق لايىق ئۇچراپ قالسا چىڭ تۇت. ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلما.
— ماقۇل ئاپا.
— ئەگەر بىرەر گەپ بولۇپ قالسا ماڭا دەپ تۇر جۇمۇ.
— بولىدۇ. ساڭا دەيمەن.
بۇ گەپ بىلەن مۇرات خۇددى ئەتىلا بىر قىزنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغاندەك رەھىمەنىڭ چىرايى ئېچىلدى، ۋۇجۇدىدا خۇشاللىق ئۇرغۇپ بايىقى غەشلىكى يوقالدى.
روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان رەھىمە كۇنگە قاراپ قويۇپ: «ئەمدى كېچىكسەم سەت بولىدۇ» دەپ ئويلاپ مەھەللىدىكى دوستىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا ماڭدى.
دوستىنىڭ ھويلىسى ئادەمگە تولغان بولۇپ، بىر نەچچە ياش يىگىت ھويلىغا ئورۇندۇق تىزىۋاتاتتى.
— بۇ يەرگە ئورۇندۇق تىزىپ نېمە قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى رەھىمە بىر ئايالدىن.
— ھوشۇر ھاجى نەسىھەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئايال.

بىر دەمدىن كېيىن تويغا كەلگەن كىشىلەر ئورۇندۇقلارغا جايلاشتى. شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەرىپەتپەرۋەر داموللا، يۇرت مۆتىۋەرى ھوشۇر ھاجى ئۆزگە راسلانغان ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. سالاپەتلىك، نۇرانە چىراي بۇ كىشىگە ھەممەيلەن ھۆرمەت بىلەن باقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت! — دېدى ھوشۇر ھاجى ۋەز ـ مەن تەلەپپۇزدا دانە ـ دانە سۆزلەپ، — بۈگۈنكى سۆزۈم بەلكىم ھەرقايسىلىرىنىڭ دىللىرىنى غەش قىلىپ، توي خۇشاللىقلىرىغا مالال يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن، لېكىن مەن ئويلايمەن، سۆزلىگەنلىرىمگە ئەقىل كۆزى بىلەن قارىساق، سۆزۈمنىڭ تېگىگە يەتسەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى، تويلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ خۇشال ئۆتۈشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىشىپ يېتىشۇرلا. بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ ناچار ھالى ئالدىدا ئىككى ئېغىز ۋىجدانەن سۆزلىمىسەك گۇناھكار بولىمىز. ھۆرمەتلىك جامائەت، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەيدىز كېسىلى ھازىرقى زامانىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى، بەختلىك ئائىلىسىنى، چىرايلىق ئىنسانىي سۈپەتلىرىنى، پاك دىللىقتىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىقىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆلۈم سىرتمىقىنى ئىنسانلارنىڭ بوينىغا سېلىپ، ھالاكەت دېڭىزىغا ئېلىپ بارىدىغان قورقۇنچلۇق ئاپەت بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشىمىز، ئۇنى ئوبدان تونۇۋېلىشىمىز لازىم. ھۆرمەتلىك جامائەت، مەن ئالدى بىلەن ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ ۋەھشىي، قەبىھ ۋابانىڭ تارقىلىش يوللىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي. تېبابەت ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېنىقلىشىچە، بۇ ۋابا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل يول بىلەن تارقىلىدىكەن. بىرىنچى، زىنا قىلىش. ھازىر جەمئىيەتتە بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، ۋىجدان، نومۇس ۋە گۈزەل ئەخلاقتىن ئىبارەت ئادىمىيلىك ئۆلچىمىنى بىرياقا قايرىپ قويۇپ، ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق ۋە زىناخورلۇقتىن ئىبارەت ئىنسانىي پەزىلەتكە يات بولغان رەزىل ئىللەتلەرنى يۇقتۇ ـ

رۇۋېلىپ، ئەيدىز نىڭ تارقىلىشىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەڭ يامىنى شۇكى، بىر قىسىم ياش قىزلار ئىلىم مەرىپەت ئۆ- گەنمەي ياكى بىر بەختلىك ئائىلە قۇرماي، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەك- تىكى بىر مىللەتنىڭ ئانىسى بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ، ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىشىغا بىۋاسىتە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك. بۇنى ھەممىمىز ئېنىق تونۇشىمىز كې- رەك. ئىككىنچى، ئەيدىز كېسىلى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈ- چىلەرنىڭ شپىرىسنى ئورتاق ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە يۇقىدۇ. خېروئىننىڭ قانداق نجىس ئىكەنلىكىنى ھازىر ھەممىمىز بى- لىپ يەتتۇق. زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ خۇمارى قوزغالغاندا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت خۇمارىنى بېسىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنى، ئايالىنى، بالا - چاقىلىرىنى، قە- دىرلىك ئاتا ئانىسىنى، دوست - بۇرادەرلىرىنى، شۇنداقلا باش- قىلارنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەرگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ خۇمارىنى بېسىشنى مەقسەت قىلىپ، ھەر قانداق ۋاستە قوللىنىشتىن يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىقتىسادىي زىيان، سالامەتلىك، يۇقۇملىنىش دېگەنلەر كىرىپمۇ چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ تومۇر- غا سالىدۇ. ھەتتا بىر قانچەيلەن بىرلىشىپ بىر شپىرىسنى ئور- تاق ئىشلىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەيدىز ۋىرۇسى تارقىلىپ، ئەردىن ئۇنىڭ ئايالىغا ياكى ئايالدىن ئۇنىڭ ئېرىگە يۇقۇپ، بەختلىك بىر ئائىلە ۋەيران بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئۆزى ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر. ئەمماكى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ يوقتۇر. ئۈچىنچى، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئا- نىدىن ھامىلە ياكى بوۋاققا يۇقىدۇ. ئەگەر ئەر ياكى ئايال كىشى- نىڭ بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغانلىقى ئېنىقلانسا، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، گۇناھسىز، بىغۇبار ئەۋلادلىرىمىزنى بۇ ئېلىس كېسەلنىڭ پالاكىتىدىن يىراق قىلىشىمىز كېرەك. جا-

مائەت ئويلاپ كۆرەيلى، ياش ئاتا ـ ئانىلار جىنسىي ئەخلاقتا رىئايە قىلماي، ئەيدىز كېسىلىنى بىر ـ بىرىگە يۇقتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ نارەسىدە بالىسىغا يۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولسا، ئۇنى قانداقمۇ ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟! ھۆرمەتلىك جامائەت، كۆپلىگەن ياشلىرىمىز قايناق ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، پارلاق كەلگۈسىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، دادىل قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىجاد ـ ئىختىرانىڭ بەيگە مەيدانلىرىدا كەسكىن رىقابەتكە چۈشۈپ، زەپەر قۇچۇپ، غەلىبىسىرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان بۈگۈنكى شادىيانە بەختلىك كۈنلىرىمىزدە، نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىدىغان، دىلنى ئېزىپ، ھاياتقا ۋەھىمە ئېلىپ كېلىدىغان قارا كۆلەڭگە ــ ئەيدىز كېسىلىنىڭ رەھىمسىز ھۇجۇمىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدۇ؟ ھەممىسى نادانلىق، قەلبى كورلۇقنىڭ كاساپىتى. ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! گۈزەل ئەخلاقنىڭ نېگىزى ئەقىلدۇر. ئىنسان ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەقىلگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ. غايىلىك، يۈكسەك ئىرادىلىك بولۇش، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش، ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قىلىش، ھالال ـ ھارام ئىشلىرىدا نەپسى خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەرنى، رەزىل ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، كېلەچەكنىڭ ئۈمىدى بولغان ياش ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساپ ئەقىدە ۋە ئۆتكۈر ئەقىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەم ئەقىل، تەپەككۇر ۋە توغرا ئەقىدە بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەم ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى ساقلىشى، باشقىلارغا زىيان سالماسلىقى لازىمدۇر. ئەزىز قېرىنداشلىرىم، ئىنسان ئۆز سالامەتلىكىگە، ھاياتىغا زىيان سالىدىغان ھەم ھالاكەتكە باشلاپ بارىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى كېرەك. بولۇپمۇ، ھازىرقىدەك دۆلىتىمىز ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىقتىساد يۈكسەلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر ياخشى ۋەزىيەتتە، ئەيدىز ۋە زەھەر چې-

كىشتىن ئىبارەت مىللەتنى ۋەيران قىلىدىغان، كېلەچەكنىڭ ئۇ-مىدى بولغان ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى ئىلىم - مەرىپەت باغچى-لىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، بىلىمسىزلىك تونىنى كىيدۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى بۇزىدىغان، تەرەققىيات ئىشلىرىمىزغا توسالغۇ بولىدىغان ناچار ئىللەتلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشى-مىز لازىم. بەلكىم، بەزى قېرىنداشلار «بۇ ئىشلارغا بىزنىڭ كۇ-چىمىز يېتەمدۇ؟» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ھەربىر ئائىلە ئۆز پەر-زەنتىگە ئىگە بولالىسىلا، مانا بۇنىڭ ئۆزى چوڭ كۈچ قوشقانلىق. جامائەتكە رەھمەت!

— داموللام ئوبدان گەپ قىلدى.

— تېگى بار گەپلەر بۇ.

— ئالىم دېگەن يەنىلا جامائەتنىڭ، يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدى-كەن.

— دېمىسىمۇ، ھازىر بەزى ياشلارنىڭ يولدىن چىقىشى ئا-دەمنى قورقۇنچقا سېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دەردىدە خاتىرجەملىك قالمىدى.

— ھازىر ئۆز - ئۆزىمىزگە ئىگە بولمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى.

كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى خېلىغىچە بېسىقمىدى. بۇلارغا قۇلاق سالغان رەھىمە: «خۇداغا شۈكۈر، مۇرات ئۇنداق ئەسكى ئىشلاردىن يىراق. بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق ئىپلاس ئىشلارغا سې-پىلىشىپ قالمىغاي» دەپ ئويلىدى.

# ئالتىنچى باب

ئايسىنىڭ گېپى تەسىر قىلدىمۇ، مۇرات قىزلارنى ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇ يەردىن تونۇشۇپ، بۇ يەردىن توي قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە. بىرسى بىلەن تونۇشۇپ، ئەپ ئۆتۈپ، مىجەز ـ خۇلقىنى بىلىپ، كېلىشىپ، تويغا تەييارلىق قىلغۇچە بىر مۇنچە جەريان كېتىدۇغۇ. ئەمما، مۇرات شۇنچە كۆپ ئويلىنىپمۇ، كۆڭۈل خانىسىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ بىرەر قىزنى تاپالمىدى.

ئايسىنىڭ گېپى بىلەن ھەقىقەتەن مۇراتنىڭ قورسىقىغا «جىن» كىرگەندەك بولدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا يول بويىدىكى قىزلارغا قاراپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ قىزلارغا بەش كوي تاپىدىغان خېرىدار سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى «كۆڭۈل خېرىدارى» سۈپىتىدە قارىدى. ئاندىن تۇيۇقسىز گۈلشەننى يادىغا ئالدى. قىزنىڭ ئىللىق چېھرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لىپپىدە ئۆتتى. ئالدىنقى يەكشەنبە ئۇ ئاشۇ قىزلارنى ھەقىقەتەن يارغولغا ئايرىپ ئەكەلدى. شۇ جەرياندا گۈلشەن ئۇنىڭدا بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. قىز بىلەن پاراڭلىشىشنى خالاپ قالدى ۋە بىر ـ بىرگە ئەپلىك ئۇلاپ نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلدى.

بۈگۈن شۇ قىز ئۇنىڭ يادىغا يەتكەنىدى. «ئۇلار بۇ يەكشەنبە يەنە ساياھەتكە چىقارمۇ؟ ئەگەر ساياھەتكە بارار بولسا تېلېفون قىلماقچى بولغان. باشقا بىرەر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالماس ـ ھە؟» ئىختىيارسىز شۇلارنى ئويلاپ كەتكەن مۇرات بۇ ئو-

يىدىن كۆلۈپ كەتتى.

شۇ ۋاقىتتا ئۆنىڭ يانفونىدىن «جاندىن كەچتىم جانىم بىلەن، سەنسىز تاپقىنىم بولدى ئەلەم» دېگەن ناخشا سايرىدى. يانفونغا قارىغان مۆراتنىڭ چىرايى تۇرۇلدى. تېلېفون ھەسەن ھەسەلدىن كەلگەنىدى. مۆرات دەسلەپ تېلېفوننى ئالماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى، ئەمما نېمىشقىدۇر، ئىچىنىڭ بىر يېرى قىمىرلىغاندەك بولۇپ تاقەتسىزلەندى. ئاندىن تېلېفوننى ئالدى:

— ۋەي، قانداق ئەھۋالىڭ؟

— ياخشى. ئۆزۈڭچۇ؟ نەدە؟

— ئۆزۈم بۇلاققا كېلىپ قالدىم.

— مەن ھازىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدا. مېنى ئالغىلى كېلە. بىر يەرگە بارىدىغان ئىشىم بار ئىدى.

— ماقۇل.

— دەرھال كەل جۇمۇ.

— ھەئە.

مۆرات تازا رايى تارتمىغان ھالدا ماڭدى. ھەسەن ھەسەل يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق ئادەتنى چىقىرىۋالغانىدى. سەللا يىراق بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ قالسا، مۆراتنى چاقىراتتى. ئەگەر مۆرات يىراق بىر يەردە بولسا ئامال بار ئۆنى ساقلايتتى. ئەمما، ھەسەن ھەسەل پۇل بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە بارغان يېرىدە ھايال بولۇپ، مۆراتنى بىر مۇنچە ئاۋارە قىلاتتى. مۆرات بارماي دېسە ياكى پۇل ئالاي دېسە ئۆزىنىڭ تىل تۇتۇقى بار. ھازىر ئۇلارغا بىر مۇنچە قەرز. تېخى يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىدىغان ئىش. ئۆتكەندە مۆرات ئۆزىگە قاتتىق ۋەدىلەرنى بېرىپ ئۇلارنى ئىزدىمەسلىكنى نىيەت قىلغانىدى، بىراق ئۆنىڭ كاتتا نىيىتى پەس نەپسى — خۇمارى ئالدىدا تازا قەدرىنى تاپالمىدى. ئۆنىڭ ئىچ - ئىچىدىن، تومۇرلىرىدىن قىمىرلاۋاتقان بىر خىل تەلەپ، تەشنالىق ئۆنى يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىراي سارغايتىپ بارغۇزدى. مۆراتتىكى ئىش قىلدۇرمايۋاتقان تەلەپ، تەشنالىق خىروئىن چەككەندىن كېيىن

بىسىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇرات بىر قەدەم كەينىگە چېكىندى. كېيىن يەنە خېروئىن چەككىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشنىڭ ئورنىغا «مەن پەقەت قىزىقىپلا چېكىۋاتىمەن. ھەرگىزمۇ خۇمار بولۇش ئۈچۈن ئەمەس. ھازىرمۇ خۇمار بولمىدىم. شۇڭا كېيىن توختىتىۋالىمەن دەپ توختىتىۋالالايمەن. مەن كۆپ چەكمىسەملا بولىدۇ. ھەپتىدە بىر قېتىملا چېكەي. ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتمەي، نېمىلا بولۇپ كەتسەم بىر قېتىمدىن ئاشۇرماي» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. توغرىسى، خېروئىن چېكىشكە باھانە ئىزدىدى.

مۇرات تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ھەسەن ھەسەل تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن يولغا قاراپ تۇراتتى.

ھەسەن ھەسەل ماشىنىغا چىقىپلا ئالدىراپ دېدى:

— چوڭ داۋانغا.

مۇرات ئارتۇق گەپ قىلماي ماشىنىنى قوزغىدى.

— تېزرەك ماڭساڭچۇ، — ماشىنا تۆت كوچىدىن ئەگىلىشىگىلا ھەسەن ھەسەل ئۇنى تېنەتتى، — چىدىيالايمەنمىكىن دېسەم، چاتاق بولامدۇ نېمە؟ تېزرەك ھەيدىسەڭ بولغۇدەك.

مۇرات ئۇنىڭ سۆزىدىن خۇمارى قوزغىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا سۇرئەتنى سەل ئىتتىكلەتتى.

— مۇشۇنى كۆڭلۈم تۇيۇپ، ئۆزۈمنى بىر جايلاشتۇرۇۋېلىپ ماڭاي دېسەم، چوڭ داۋاندىكى ھېلىقى مىس - مىس تېلېفون ئۇرۇپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك مېنى ئالدىرىتىپ... قولىدىكىسى ئاز قالسا كوش قىلمايدۇ... جېنى تۇمشۇقىغا تاقاشقاندا ئادەمنى ئالدىراتقان..

ھەسەن ھەسەلنىڭ ئاچچىقى ئاستا - ئاستا بېسىلىپ پەسكويغا چۈشتى ۋە ھە دەپ بۇرنىنى تارتىشقا، تىترەشكە باشلىدى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. بۇنىڭغا قاراپ مۇرات ھەسەن ھەسەلنىڭ خۇمارى تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ھەسەن ھەسەل ماشىنا سەئىد دېھقان داۋىنىدىن چۈشۈۋات-

قاندا چىدىيالمىدى. ئۇ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى قايرىۋېتىپ، ھە دەپ تاتىلىغىلى تۇردى، بىراق «قاشلىغىنى جايىغا بارمىدىمۇ» قانداق، يېنىدىن تارغاقنى ئېلىپ ئوڭ پۇتىنىڭ پاقالچىقىنى ھە دەپ تاتىلاشقا باشلىدى. ھەسەن ھەسەل تارغاقنى شۇنچىلىك كۇ-چەپ باستىكى، ئۇنىڭ پاقالچىقىدىكى بۇلجۇڭ گۆش زەخىملىنىپ، بىر نەچچە يەردىن تىرىم - تىرىم قان چىقىپ كەتتى، ئەما ئۇ يەنىلا خۇمارغا تەسلىم بولدى:

— ئەمدى بولمىدى. مۇرات، چاققان ماشىنىنى ئاۋۇ دەرەخ-نىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈز.

ماشىنا يولدىن چىقىپ ئەمدى دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىشىغا ھەسەن ھەسەل:

— بولدى، بولدى، توختات! — دېدى.

مۇرات ماشىنىنى توختاتتى ۋە «ئۇنىڭ چەككىنىنى كۆرمەي. بولمىسا ئۆزۈمنى تۇتالماي قالماي» دەپ چەتكە قارىۋالدى. ئويلى-مىغان يەردىن ھەسەن ھەسەل يېنىدىن شپىرىسنى چىقاردى. مۇرات بۇنىڭدىن ھەيران قالدى ۋە چۆچۈدى. ھەسەن ھەسەل يېنى-دىن بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇنى چىقىرىپ، ئاغزىنى ئاچتى ۋە خېروئىننى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە ئازراق مى-نېرال سۇ قۇيدى. بىرئاز ئىلەشتۇرگەندىن كېيىن، سۇيۇقلۇقنى شپىرىسقا سۈمۈرتتى ۋە مۇراتقا:

— دەرھال چىڭ تاڭ، — دەپ بىر تال رېزىنكە بەردى. قارد-غاندا ھەسەل ھەسەلنىڭ «تەييارلىقى پۇختىدەك» قىلاتتى. مۇرات ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بىلىكىنى چىڭ تاڭدى. ھەسەن ھەسەل جەينىكىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ئوكۇلنى سانجىدى. ئوكۇل ئۇردۇ-رۇشتىن ھېلىغىچە قورقىدىغان مۇرات بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەت-تى.

ئوكۇل سۇيۇقلۇقنى تومۇرىغا ئاستا - ئاستا ماڭدۇرۇپ بولغان ھەسەن ھەسەل كۆزىنى يۇمغىنىچە بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ باشلىقىغا تىرەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھۇزۇرلى-

نىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مۇرات ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈش جەريانىدا «قۇلاق مول-لىسى» بولۇپ، بۇ ھەقتە ئازدۇر - كۆپتۇر «ساۋاتلىق» بولۇپ قال-غانىدى: «ئەڭ نوچى چېكەرمەن ئۆزىگە ئوكۇل قىلىدىكەن. خېرو-ئىننى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندا خۇمارنى تېز بېسىپ، ئوبدان ھۇ-زۇرلانغىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ھوزۇرى تازا قېنىشقان جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ھوزۇرىدىن قېلىشمايدىكەن. لېكىن، خەتىرى بەك چوڭ بولىدىكەن.» بۇنى ئاڭلىغان مۇرات «ئۇلار نېمىشقا بىلىپ تۇرۇپ خېروئىننى ئۆزلىرىگە ئوكۇل قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولغانىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ھەسەن ھەسەلنىڭ ئەھۋالى ئەسلىگە كې-لىپ نورماللاشتى.

— ماڭايلى، — دېدى ئۇ باشتىكى جانلىق ھالىتىگە قايتىپ.

ماشىنا توپا توزىتىپ يەنە چوڭ يولغا چىقتى.

— ئەمدى سەنمۇ ئوكۇلغا چۈشۈپسەنغۇ؟

— نەۋاق. قاچانغىچە سىلەر بىلەن قوشۇق تالىشىپ يۈرد-مەن.

بۇ گەپتىن مۇرات ھەيرانلا قالدى. ھەسەن ھەسەل شۇ تاپتا مەلۇم بىر كاتتا ئىشنىڭ يەنە بىر پەللىسىگە يەتكەن كىشىدەك پەخىرلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ماختى-نىشمۇ بار ئىدى.

— سىلەرگە تېخى بار، — دېدى ھەسەن ھەسەل راھەتلىنىپ كېرىلىپ. «خۇدايىم ساقلىسۇن» دەپ ئويلىدى مۇرات ئارتۇق گەپ قىلماي.

ھەسەن ھەسەل نەرسىلىرىنى يەنە يانچۇقىغا سالدى. ماشىنى-نىڭ ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىنى تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ ھېلىقى تارغاق بىلەن چېچىنى تاراپ قويدى.

— نېمە ئۇ پۇتلىرىڭنى قاشلاپ يۈرىسەن؟

— سىلەردەك يالغاندىن چېكىپ تاماكا زايە قىلىدىغانلار بۇنى

ئۇقمايسىلەر، ــــ دېدى ھەسەن ھەسەل خۇددى مەلۇم ئىشنىڭ كاتتا ئەھلىدەك تەلەپپۇزدا سۆزلەپ، ــــ بوپتۇ، سېنى تەربىيەلىگىنىم بولۇپ قالسۇن، دەپ بېرەي، خۇمار رەسمىي تۇتقاندا بۇ گۆشلەر شۇنداق تاتلىق ۋە ئېچىلىك پۇشقۇدەك قىچىشىدۇ. تاتلاپ ـ تاتلاپ پۇخادىن چىقمايسەن. شۇڭا بەزىدە خۇمار بەك تۇتۇپ كەتسە قول بىلەن تاتىلاپ بولماي، باشقا نەرسىلەر بىلەن تاتىلايدىغان ئىش. تارغاق بىلەن تاتىلاشنى مەن تاپقان. شۇڭا چېچىمنى تاراش ھەم قىچىشقاندا قاشلاش ئۈچۈن يېنىمغا تارغاق سېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدىم.

مۇرات بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىدىكى «چالا خۇمار»نى خىيال قىلىپ ھەسەن ھەسەلنىڭ «تاتلىق قىچىشىدۇ» دېگىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ھەسەن ھەسەلنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتكەنىدى:

ــــ بەزىدە قىچىشىش بېسىلمىسا تاتلاپ قان چىقىرىۋېتىدىغان ئىش. بايا مېنىمۇ كۆردۈڭغۇ.

ــــ شۇنى دەيمەن. قان چىققۇدەك تاتىلىساڭ ئاغرىمامدۇ؟ تاتىلىق قىچىشىدۇ دەيسەنغۇ؟

ــــ ئاغرىشنى ئاغرىيدۇ، جان تۇرسا، لېكىن ئاغرىسىمۇ تاتىلىغۇڭ كېلىپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچى ئايدا ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى بۇرادىرىمىزنى بىلىسەنغۇ. ئۆلۈپ كېتىدىغانغا يېقىن ئۇ ئاغىنىمىز پاقالچىقىنى تاتلاپ يېغىر قىلىپ بولماي، ئاخىر پىچاق بىلەن غىردايدىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا ئۇستىخىنى كۆرۈنۈپ قالغان جۇمۇ...

بۇنى ئاڭلاپ مۇراتنىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى، تېنى جۇغۇلدىدى. «ئادەمگە مۇشۇنچىلىك زۇلۇم بولىدىغان ئىش بولسا، نېمە قىلىدۇ ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك خۇمار بولۇپ... مەن ھەرگىزمۇ ئۇنچىلىك خۇمار بولمايمەن!» مۇرات ئاشۇلارنى ئويلاپ كەتتى ۋە ھەسەن ھەسەلگە شۇبھە بىلەن قاراپ قويدى. ئەمما، ھەسەن ھەسەل بىر خىيالىدا يوق تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

— هازىر ھەممە نەرسە تەرەققىي قىلىپ كەتتى، — دېدى ھەسەن ھەسەل، — شۇڭا بىزنىڭ ئوقۇتمىزدىمۇ چېكىش بىلەنلا كۇن ئۆتكۈزۈپ، ئوكۇل قىلمىغاننى چېكەرمەن دېمەيمىز. ئوكۇل قىلىپ ئۇرساڭ، ئاندىن ھەقىقىي خۇمار بولىسەن ھەم ھەقىقىي ھۇزۇرلىنالايسەن.

«مۇنداق خۇمار ۋە ئۇنداق ھۇزۇردىن خۇدايىم ساقلىسۇن» دەپ ئويلىدى مۇرات.

— بولدى كەلدۇق. ئاۋۇ ھارۋا توختىتىپ قويغان ئۆينىڭ ئالدىدا توختا.

مۇرات ماشىنىنى شۇ ئۆينىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ توختاتتى ۋە ھەسەن ھەسەلگە قارىدى.

— سىگنال قىل.

مۇرات سىگنال قىلدى. بىر چاغدا ئۆيدىن ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، قوللىرى قورايدەك، چىرايى تامدەك، كۆزلىرى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر ئادەم چىقىپ، ئاران يەر دەسسىگىنىچە ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇرات ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ يوغىناپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاغۇچە خېروئىن چەككەنلىكىنى بىلدى. ئەمما، بۇ كۆزلەردە خۇمارلىنىش بىلەن بىللە روشەن سىرىقلىقمۇ بار ئىدى.

— تازا چېكىپسەن - ھە؟ — دەپ سورىدى ھەسەن ھەسەل، — توگىدى دەپ نېمە ئادەمنى ئالدىرىتىسەن. بىر مۇنچە ئاۋارە قىلدىڭ.

— تولا ساقلاپ بولماي... ئەكەلدىڭمۇ؟

— ئۇ گېپىڭنى قويۇپ پۇلۇڭنى چىقار.

— قولۇم سەل قىسقا بولۇپ قالغان...

— مۇرات، ماشىناڭنى ھەيدە، قايتىمىز... ئەمدى نېسىگە ئىش يوق.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم ھوي، — ئۇ ئادەم شۇنداق دېگىنىچە ماشىنىغا چىقتى ۋە يېنىدىن پۇلنى چىقىرىپ ھەسەن ھە-

سەلگە بەردى.

ھەسەن ھەسەل پۇلنى تېزلىكتە ساناپ چىقىپ:

— يەنە يىگىرمە كوي بەر، — دېدى.

— نېمە يىگىرمە كوي؟ — دېدى ئۇ ئادەم ھەيران بولۇپ.

— ما ماشىنىنىڭ كىراسىنى بەرمەمسەن.

ئۇ بەرگۇسى كەلمىگەندەك ئىنجىقلاپ يۈرۈپ يانچۇقىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن يىگىرمە كويلۇق پۇلنى چىقىرىپ ھەسەن ھەسەلگە سۇندى. ھەسەن ھەسەل پۇلنى مۇراتقا بەرگەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ئىككى كىچىك بولاقچىنى ئېلىپ ئۇ كىشىگە سۇندى. بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكەن ئۇ ئادەم «خوش» دەپلا ماشىنىدىن چۈشتى.

مۇرات بۇ قېتىم ھەسەن ھەسەلدىن خۇش بولۇپ قالدى ۋە: «ئەگەر مۇشۇنداق پۇل تېپىپ بېرىدىغان بولساڭ، نەگە دېسەڭ مېڭىۋېرىمەن» دەپ ئويلىدى.

— نېمانچە سارغىيىپ كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى؟ — دەپ سورىدى مۇرات ئىچى پۇشۇۋاتقان ئىشنى تىلغا ئېلىپ.

— خېلى بىر ئىشلارغا دىققەت قىلمىدىغان بولۇپ قاپسەن جۇمۇ، — دېدى ھەسەن ھەسەل مۇراتقا ھەيران بولۇپ قاراپ، — مەن بۇ ئىشنى ئۇرۇمچىدە ئاڭلىغان. خېروئىنغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۇزۇن مۇددەت كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتسە جىگەرگە ئېغىر زىيان قىلىدىكەن. ئاقىۋەتتە جىگەر ئاستا - ئاستا سېسىپ كېتىدىكەن. بايىقى ئاداشنىڭمۇ جىگىرى كاردىن چىققان گەپ.

بۇنى ئاڭلىغان مۇرات ھەسەن ھەسەلگە چەكچىيىپ قارىدى ۋە:

— شۇنچىلىك بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۆزۈڭ ئوكۇل قىلىپ يۈرسەنغۇ؟ يەنە بىزنى نېمىشقا قىزىقتۇرۇپ يۈرىسەن؟

ھەسەن ھەسەل بىغەملەرچە كۈلۈپ كەتتى:

— بىز ئۇنچىلىك كۆپ چەكمەيمىز، ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئوكۇلمۇ قىلمايمىز. شۇڭا ئۇنداق پالاكەت كۆن بىزگە يوق. ئۇنچە-

لىك قورقۇپ، ئەندىشە قىلىپ كەتمە.

بۇ گەپ مۇراتقا تەسەللى بولغاندەك قىلدى، لېكىن شۇنداق-تىمۇ مۇرات: «ھەي، نېمىشقىمۇ بۇ ئىشقا كىرىشكەندىمەن؟ ئاستا قول ئۈزسەم بولغۇدەك. ھەي... » دەپ پۇشايمان قىلىپ كەتتى.

— مۇرات، ئەمدى ساڭا گەپنى ئوچۇق قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى ھەسەن ھەسەل يار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كەل-گەندە، — ئۆتكەندە قېپقالغان نېسىلەرنى نەچچە كۈنگىچە بېرد-ۋەت.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى مۇرات خاپا بولۇپ.

— ئاكىمىز ئەمدى ئۇنداق نېسىگە يول قويمايمىز، قاتتىق تۇتۇڭلار دەپ بەك جېكىلەپ كەتتى، — دېدى ھەسەن ھەسەل قوپال تەلەپپۇزدا، — سېنى دەپ بىرمۇنچە دەشنامىمۇ ئىشىتتىم.

— ماشىنىنىڭ قەرزىنى تۆلىمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا يەنە بىر ئاز ۋاقىت ساقلىساڭلار.

— بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— مېنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەنغۇ.

— مەن بىلگەن بىلەن ئاكىمىز بىلمەيدۇ.

— ئۇنىڭغىمۇ گېپىمنى قىلىپ قوي بولمىسا.

— ئۇ ئادەمنى ئەمەس، پۇلنى تونۇيدۇ.

— ئۇ راستلا قوشۇلماسمۇ؟

— مۇرات، بۇ چاقچاق ئەمەس. ئۇ پۇللارنى تۆلىمىسەڭ، ئەم-دى بىزنى ئىزدىمە. ساڭا ئەمدى بېرەلمەيمىز.

— ھەپتىدە بىر قېتىم چېكىدىغانغىمۇ بەرمەمسىلەر؟

— ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق. گەپ شۇنداق بولسۇن.

مۇرات ھەسەن ھەسەلنىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسىنى كۆرۈپ ماشىنىنى تورمۇزلىدى:

— سېنىڭ بىلەن شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ كەلدۇق. ئەمدىلىكتە مېنىڭ ئاغىنىدارچىلىق يۈزۈممۇ يوقمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەسەن ھەسەل مەككارلارچە كۈلۈپ كەت-
تى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن؟ قايسى زاماندا ياشاۋا-
تىسەن، مۇرات؟ — دېدى ئۇ، — «دوست - پوست» دەپ ئادەمنىڭ
غىدىقىنى كەلتۈرمىگىنە. نەدىكى دوستكەن ئۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان مۇراتنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ گەپ ئاغزىڭغا قانداق كەلدى؟

— بۇ گەپكە ئاچچىقلىنىش كەتمەيدۇ. شۇنى بىلىپ قوي
مۇرات، خېرۇئىنكەشلەر ئارىسىدا ھەقىقىي دوستلۇق، ئاغىنىدار-
چىلىق بولمايدۇ. دەسلەپتە ھەممىسى شۇنداق يېقىن دوستتەك،
ساڭا كۆڭۈل بۆلىدىغاندەك، سەن ئۈچۈن قۇربانلىق بېرەلەيدىغاند-
دەك، بۇنداق دوستلۇق باشقىلارنىڭ ئارىسىدا بولمايدىغاندەك كۆ-
رۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساختا كۆرۈنۈش. بىز-
نىڭ سېپىمىزدە ھەممە ئادەم بىر ئامال قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن يا-
شايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ بۇنى ئۆگەن. بىرەرسى سېنى
دوست تارتسا، ساڭا يېقىنلىقىنى بىلدۈرسە، بۇنىڭغا ھەرگىز ئى-
شەنمە، ھەيرانمۇ قالما. ھەممىسى يالغان. شۇنى بىلگىنكى، سەن
مەڭگۈ يېگانە ئادەم، قالغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ،
يالغان. پەقەت پۇللا، خۇماردىن چىقىشلا راست.

مۇرات بۇ گەپلەرگە ئىشەنگۈسى كەلمەي ھەسەن ھەسەلگە
قاراپلا قالدى. ھەسەن ھەسەلنىڭ كۆزىدىن سوغۇق نۇر چاقناپ
تۇراتتى.

— شۇنداق بولسۇن، پۇلنى ئۈچ كۈنگىچە بېرىۋەت. بولمىسا
باشقىلار سېنى ئىزدەپ بارسا مېنىڭدىن ئاغرىنما.

مۇراتنىڭ ئىچىنى ئاچچىق بىر تۇيغۇ قاپلاپ، بەدىنى تىترى-
دى ۋە كۆڭلىدە «ئۇلار مېنى ئالداپتۇ. دەسلەپتە خېرۇئىنىنىڭ ھۇ-
زۇرىنى ماختاپ، مېنى دەيدەيگە سېلىپ ئېزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر
نېمىنى بىكارغا بېرىپ مېنى قىزىقتۇرۇپتۇ. ئەسلىي مەقسىتى
مۇشۇنداق ئىكەندە. مانا ئۇلار مەقسىتىگە يەتتى. بىراق، مەنچۇ؟»

دېگەن ئوي پەيدا بولدى.
شۇنداق، ئۇ بىر قىلتاق ئىدى. ھازىر مۇرات شۇ رەزىل قىلـ-
تاققا چۈشۈپ بولغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇ قىلتاقتىن چىقىپ كېتە-
لەمدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە، ئەقلىگە، ئىنسانىي تۇيغۇسىغا باغ-
لىق ئىدى!
مۇراتنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئاچچىقتىن مۇشتى تۈگۈلدى.
بىراق، ھەسەن ھەسەل كۆزىدىن سوغۇق نۇر چاقنىتىپ ئولتۇرات-
تى. مۇرات غەزەپتىن ئۆرتەندى. ئەمما، ھەسەن ھەسەلنىڭ كۆزى-
دىن رەھىمسىزلىك چاچراپ تۇراتتى.
مۇراتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. ھەسەن ھەسەل زەھەرخەن-
دىلىك بىلەن كۈلدى.
مۇراتنىڭ گېلى قىچىشقاندەك بولدى، تومۇرىدا بىر نېمە
قىمىرلىدى. مۇرات بۇنىڭدىن چۆچۈدى، قورقتى... تومۇرىنىڭ
نېپىز قات - قاتلىرىدىن باشلاپ كۈچىيىۋاتقان بېسىپ بولغۇسىز
بىر خىل تەشنالىقنىڭ زەربىسى ئۇنىڭ ئىرادە تېمىغا زەرب بىلەن
ئۇرۇلدى...
مۇرات بىر ئاز بوشاشتى.
— ئەھۋالىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى بىر-
دىنلا يۇمشاپ كەتكەنىدى، — ھازىر تۇزۇك كىرامۇ يوق، تاك-
سىلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ماشىنا قەرزىنىمۇ تۆلىيەلمەيۋاتىمەن.
بېشىم بەك قاتتى.
— ماشىنا قەرزىڭ تۈگەپمۇ قالغاندۇ؟
— ئاز قالدى.
— ئۇنداقتا ياخشىكەنغۇ. تۇزۇك پۇل تاپالمايدىغان بۇ ئىشنى
قىلغۇچە، ماشىناڭنى سېتىپ، ئاسانراق پۇل تاپقىلى بولىدىغان
باشقا ئىش قىل. ماشىنا قەرزىڭ تۈگەپ قالغاندىكىن، ماشىنا بى-
كىرىڭغا قالدى دېگەن گەپ.
مۇرات ئۆزىمۇ تۇيماي:
— نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئاسان ئىشنى نەدىن تاپىمەن؟ —

دەۋەتتى.

— ئىش دېگەننى مانا مەن تېپىپ بېرىمەن. ھازىر پۇل تاپىدىغان ئاسان ئىشلار كۆپ. ئۇنداق بەش كويلاپ ئەمەس، بەش يۈز كويلاپ.

— قان -... قانداق ئىش؟

— سەن ئالدى بىلەن ماشىناڭنى سات. ئاندىن دەپ بېرىدىمەن. شۇ چاغدا بەش كوي ئۇچۇن مۇشۇنداق جاپا تارتىپ يۈرگىنىڭگە پۇشايمان قىلىپ قالىسەن.

ئەمما شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ماشىنا سېتىلىپ كېتىدىغاندەك مۇراتنىڭ ئىچى تارتىشتى ۋە ئىچىنى تىڭشاپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— ماشىنىنى ساتامسەن - ساتمامسەن، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. تەكلىپىمنى ئويلىنىپ باقارسەن. بولدى، مېنى ئاپىرىپ قوي، لېكىن پۇلنى ۋاقتىدا قولۇمغا تەگدى قىلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالما.

مۇرات ئۇنى ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن غەربىي ئايلانما يولغا چىقىپ غەمگە پاتقىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمما، تومۇرىدىكى بارغانچە كۈچىيىۋاتقان قىمىرلاش، ئىچى تىتىلداش، بىر نەرسە يېگۈسى كەلگەندەك بولۇۋاتقان تەشنالىق ئۇنىڭ تۇزۇك ئويلىنىشىغا ئىمكان بەرمىدى. ئۇ پەقەتلا تاقەت قىلالمىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىكى پۇللارنى ئالدى. ساناپ كۆرۈپ «يەتكۈدەك» دەپ بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن: «بەرىبىر ئەتە بارىدىغان ۋاقتىم. بىر كۈن بۇرۇن بارغانغا ھېچنېمە بولماس» دەپ ئويلاپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى...

# يەتتىنچى باب

گۈلشەن ئۆكسىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنى مەدەنىيەت، سايا-
ھەت مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىگە بەرپا قىلىنغان فونتان رايونى-
نىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرغىلى ئېلىپ كەلگەن-
دى.

«قۇياشقا تۇتاشقان سۇ پەردىسى» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ سۇ
مەنزىرىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى مۇزىكىلىق فونتان بولۇپ،
«يۈز مېتىرلىق مۇزىكىلىق فونتان» دەپ نام قويۇلغان. فونتان
قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت ئامىلى — رەڭدار سۇ پەردى-
سى، جەلپكار مۇزىكىلار ۋە سۇ پەردىسى ئېكرانىدىن ئىبارەت بو-
لۇپ، بۇ شىنجاڭنىڭ، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ فونتان تارى-
خىدىكى مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سو-
زۇلغان فونتان ئېچىلغاندا، چوڭ - كىچىك، ھەرخىل شەكىلدىكى
فونتان تۆشۈكچىلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان رەڭدار چىراغلار ئى-
چىدە ئۆزگىچە سۇ پەردىسىنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە ئون مېتىرغا،
ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىرغا يېتىدىغان بولغاچقا، جۇشقۇن مۇزىكا ئى-
چىدىكى بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ.
بولۇپمۇ فونتانلارنىڭ نەچچە يۈز خىل سۇ پۈركۈش شەكلى، فون-
تانلارنىڭ ئىچىدىن كۆككە قاراپ ئوت پۈركۈش ئالاھىدىلىكى
ئەتراپقا ئاجايىپ مەنزىرە ئاتا قىلىدۇ. فونتاننىڭ ئەڭ ئۆزگىچە
تەرىپى — سۇ پەردىسى ئېكرانى بولۇپ، سۇ پەردىسى ئېكرانى

ئارقىلىق تۇرلۇك كىنو ـ فىلىملەر قويۇلىدۇ. ئەتراپتىكى ئېگىز بىنالارنىڭ ئۇستىگە ئورنىتىلىغان كۇچلۇك، رەڭدار ئاسما چىراغلار ئەتراپنى يۇمىلاق شەكىلدە ئايلىنىپ يورۇتۇپ، كېچە مەنزىرىسىگە ئاجايىپ داغدۇغا ۋە رومانتىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

شۇنداق، بۇ فونتان رايوننىڭ كەچلىك مەنزىرىسى ھەقىقەتەن چىرايلىق، تەرىپلەشكە ئەرزىيتتى. رەڭگارەڭ چىراغلار كۆزنى قاماشتۇرسا، چىراغ نۇرى ئاستىدا بەس ـ بەس بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان فونتانلار كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. شىددەت بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىققان يۈز مېتىرلىق فونتان كىشىنى ھەيران قالدۇرسا، سۇ پەردىسىنى ئېكران قىلىپ قويۇلۇۋاتقان كىنوغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شۇڭىمۇ نۇرغۇن كىشى قويۇلۇۋاتقان كىنوغا قىزىقىپ ئەمەس، بەلكى سۇنىڭ ئېكران قىلىنىغىنىغا ھەيران قېلىپ بۇ يەردە تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. دېمىسىمۇ، بۇ يەردىكى سۇدىن پايدىلىنىپ ياسالغان كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى كەچلىك مەنزىرىگە ھۆسن قوشۇش بىلەن ئىنسان ئەقلىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلغانىدى.

شۇ تاپتا سۇ ئېكراندا مۇشۇك بىلەن چاشقاننىڭ كىنوسى قويۇلۇۋاتقان بولۇپ، گۈلشەن بىلەن ئۈكىسى بۇ كىنونى بېرىلىپ كۆرۈۋاتاتتى. گۈلشەننىڭ ئۈكىسى كۆز ئالدىدىكى ئېكرانغا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك پات ـ پات:

— گۈلشەن ئايلا، ئۇ ئېكران راستىلا سۇمۇ؟ — دەپ سوراپ قوياتتى.

— سۇ تۇرمامدۇ، — دېدى گۈلشەن، — سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىسەنغۇ.

— بۇنى قانداق قىلغاندۇ؟

— قارا، نۇرغۇن كىچىك فونتانلار زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ئۇلاردىن چىققان سۇلار بەك يېقىن بولغاچقا ئارىلىشىپ پەردىدەك بولۇپ قالغان گەپ. تېگىگە قارىساڭ بىلىسەن.

شۇ چاغدا سۇ ئارىسىدىن نەچچە يەردە گۇرۇلدەپ يالقۇن كۆ ـ

تۇرۇلدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر «هوي»، «ياپىر» دەپ قىلىشتى. گۈلشەن ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىمۇ بۇ كارامەتكە هەيران قالدى. سۇدىن هاسىل بولغان گۈزەل مەنزىرە، كىشىگە قايناق هېسسىيات ئاتا قىلىدىغان ئوت! بۇ هەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئۆزگىچە مەنزىرە ئىدى.

بىر چاغدا گۈلشەننىڭ ئۇكىسى هۆ قىلىپ، بايىلا يېگەن سۇدا پىشۇرۇلغان كۆممىقوناقنى ياندۇرۇۋەتتى.

بۇنى كۆرگەن گۈلشەن چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى گۈلشەن ئەنسىرەپ.

— ئىچىم ئېلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇكىسى مەيدىسىنى تۇ-تۇپ ۋە يەنە قۇسۇۋەتتى.

گۈلشەن سومكىسىدىن قەغەز چىقىرىپ ئۇكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېرتتى، ئاندىن سەل خاپا بولۇپ:

— بايا قالايمىقان نەرسە يېمە، چېقىش كېلىپ قالىدۇ دېسەم ئۇنىمايسەن. ئۇچرىغانلا نەرسىنى يەۋەردىڭ... بوپتۇ، بىر دەمگىچە ياخشى بولۇپ قالارسەن. يۈر قايتايلى.

ئۇكىسى بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەي كەينىگە تارتىشىپ ئا-چىسىغا ئەگەشتى.

ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇكىسى يەنە قۇرۇق هۆ قى-لىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ خېلى قاتتىق هۆ قىلدى. بۇنىڭغا قاراپ گۈلشەن سەل جىددىيلىشىپ قالدى.

— ئاچا، بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن. بېشىممۇ ئاغرىۋاتى-دۇ، — دېدى پۈكۈلۈپلا قالغان ئۇكىسى.

— ئۇنداق بولسا، يۈر، سېنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقاي، دورا يەپ باق، — دېدى گۈلشەن ئالدىراپ.

گۈلشەن ئۇكىسىنى يېتىلەپ كەلگەن پېتى يول بويىدا تۇرغان بىر كىرا ماشىنىسىغا چىقتى.

— تېز بولۇڭ ئۇستام، يېقىن ئەتراپتىكى ئامبۇلاتورىيەگە ئاپىرىڭ. تېزرەك ماڭغان بولسىڭىز.

ماشىنا قوزغىلىپلا سۈرئىتى تېزلىدى.

— ئۆكىڭىزغا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى شوپۇر.

گۈلشەن شوپۇرغا قاراپ ئۈنى تونۇدى. ئۇ مۇرات ئىدى.

— سىزمىدىڭىز؟ — دېدى گۈلشەن ھەيران بولۇپ، — ئۇ-كامغا بىر نەرسە چېقىش كەلدىمىكىن، كۆڭلى ئايىنىپ بولمايۋاتىدۇ.

— ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىغاندۇ؟

— بەدىنى قىزىق ئەمەس بولمىسا.

— كولادەك بىر نەرسە ئىچۈرۈپ باقايلىمۇ يە؟

— باشتا دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقايلى.

— بوپتۇ ئەمىسە.

مۇرات ئۇلارنى شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدىكى بىر ئامبۇلاتورىيەگە ئېلىپ كەلدى. بالا يولدا كەلگۈچە نەچچە قېتىم قۇرۇق ھۆ قىلىپ، گۈلشەننى خېلى ساراسىمىگە سالدى.

دوختۇر بالىنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن:

— چوڭ مەسىلە يوق. بۇزۇلغان يېمەكلىك يەپ سالغان ئوخشايدۇ. ئازراق دورا ئىچسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دېدى ۋە دورا تەييار قىلىپ بەردى.

گۈلشەن ئۇكىسىغا ئۇ دورىنى ئىچۈردى. سەلدىن كېيىن با-لىدا ياخشىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ھۆ قىلىدىغان ئىشىمۇ تۈگىدى.

بۇنى كۆرۈپ گۈلشەنمۇ، دوختۇرمۇ خاتىرجەم بولدى.

— كوچىدىكى يايما قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى يېمىگەن ياخ-شى. ئۇ خىل يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتىگە ئىشەنچ قىلغىلى بول-مايدۇ. ھېلىمۇ تەلىيىڭىز باركەن، ئۇكىڭىز ناھايىتى يېنىك زە-ھەرلىنىپتۇ. بۇ دورىنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەنە بىر قېتىم يې-سۇن.

— مۇشۇ كۈنلەردە يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش كۆپ كۆرۈ-لىدىغان بولۇپ قالدىغۇ، — دېدى مۇرات.

— باللار ئەرزان، يېيىشلىك دەپلا ئۇنداق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يەيدۇ، ئەمما ئۇ يېمەكلىكلەر باللارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. كۆپىنچە ئاتا - ئانىلارمۇ بۇنىڭغا سەل قارايدۇ، — دېدى دوختۇر.

گۈلشەن ئۇكىسىغا:

— ئاڭلىدىڭمۇ ئۇكام، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق يېمەكلىكلەرنى خالىغانچە يېمە، گېپىمىزنى ئاڭلا، — دېدى.

بالا بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇنداق يېمەكلىكلەرنى هازىر «ئەخلەت يېمەكلىك» دەپ ئاتايدۇ، ئەمما ئۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى دوختۇر پاراڭ قىلغۇسى كېلىپ.

— ئەخلەت يېمەكلىك؟ — مۇرات هەيران قالدى.

— بۇنداق دېسەم، «يېگىلى بولمايدۇ» دېگەنلىك ئەمەس، — دېدى دوختۇر كۈلۈپ، — ئوزۇقلۇق قىممىتى بەك تۆۋەن، هەتتا بەزىلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق تەرىپىمۇ بار.

ئۇلار بېشىنى لىڭشىتتى.

— مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار هېچ بولمىغاندا بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتىنى بولسىمۇ چىڭ تۇتسا بولمامدۇ؟ — دېدى گۈلشەن.

— هازىر چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ، — دېدى دوختۇر، — ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغىچە بۇ خىل يېمەكلىكلەر بازىرى قاتتىق تەرتىپكە سېلىنىدۇ. هازىر سودا - سانائەت، سەھىيە نازارەت قىلىش ئورۇنلىرى تەكشۈرۈشنى چىڭىتتى. سۈپىتى ئىشەنچلىك بولمىغان خېلى كۆپ يېمەكلىكنى بىر تەرەپ قىلغانلىقنىڭ گېپى بار.

— مۇشۇ ئولىمپىكنىڭ باهانىسىدە يەيدىغان نەرسىگە چاق - چاق قىلغانلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايدىغان قىلىۋەتكەن بولسا، — دېدى مۇرات قىزىشىپ.

ئۇلار شۇ تېمىدا يەنە بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بۇ چاغدا گۈلشەننىڭ ئۇكىسى ئاساسەن ئەسلىگە كېلىپ بولغانىدى.

كۆندۈزدىكى ئادەمنىڭ دىمىنى سىقىدىغان ئىسسىق تۈگىگەن بولۇپ، كەچلىك ھاۋا خېلى سالقىن ئىدى.

— كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى بىزمۇ قايتايلى، — دېدى گۈلشەن سائەتكە قاراپ.

— بولىدۇ، مەن سىزلەرنى ئاپىرىپ قوياي.

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى. مۇرات ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى.

— رەھمەت سىزگە مۇرات، — دېدى گۈلشەن يېقىملىق ئاۋازدا.

— رەھمەت ئېيتماڭ، قىيىنچىلىقتا قالغان تۇرسىڭىز، قاراپ تۇرسام بولامدۇ، — دېدى مۇرات يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

مۇراتقا نىسبەتەن بارا - بارا يېقىنلىق تۇيغۇسى ئويغىنىۋاتقان گۈلشەن مۇراتقا قاراپ بىر ھازا تۇرۇۋۇەتكەندىن كېيىن:

— تەلىيىمىزگە خۇدايىم بىزگە سىزنى ئۇچراشتۇرۇپتۇ، — دېدى.

— يەنە ئۇچرىشىشقا نېسىپ قىلسۇن، — دېدى مۇرات كۈلۈپ.

بۇ گەپتىن گۈلشەن بىر خىل خۇشلۇقا چۆمۈلدى. ئەمما، ئۇ نېمىشقا مۇنداق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىغا ھەيران قالدى.

ئۇلار ساياھەت توغرۇلۇق سۆزلىشىپ جاي كەنتىگە يېتىپ كەلدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار بولسا تېلېفون قىلىڭ.

مۇرات شۇنداق دېگىنىچە گۈلشەنگە ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتىسىنى بەردى. گۈلشەن ئىسىم كارتىسىنى سومكىسىغا سالدى ۋە سومكىسىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ مۇراتقا سۇندى.

— مەڭ، بۇنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى گۈلشەن بوش ئاۋازدا.

مۇرات گۈلشەنگە قاراپ پۇلنى كۆردى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى مۇرات خاپا بولۇپ.

— ھېلىمۇ كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئالدۇق. ئالمىسىڭىز مېنى خىجىل قىلىپ قويىسىز، — دېدى گۈلشەن مۇراتتىن كۆزىنى

ئېلىپ قېچىپ.
مۇرات تۇرۇپ كېتىپ:
— بوپتۇ، بۇ قېتىم ئالاي، — دەپ پۇلنى ئالدى.
— خوش مۇرات.
— خوش، ئىش بولسا چوقۇم تېلېفون قىلىڭ.
— چوقۇم تېلېفون قىلىمەن.
— ھە راست، بۇ يەكشەنبە يەنە ساياھەتكە چىقامسىزلەر؟
— ھەئە.
— ئۇنداقتا تېلېفونىڭىزنى ساقلايمەن.
— بولىدۇ. مەن سىزگە بىر كۈن بۇرۇن تېلېفون قىلىمەن.
بۇ گەپتىن مۇراتنىڭ دىلى يايراپ كەتتى. بىر خۇشاللىقنى دىلىغا پۈككەن مۇرات كۆزى قىيمىغان ھالدا يولىغا ماڭدى.

# سەككىزىنچى باب

مەلۇم بىر خۇشاللىقنى كۈتكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمگە زور خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. دېمىسىمۇ ئىنسانغا كۈندە بىر خۇشاللىقنى كۈتۈش نېسىپ بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!

مۇراتمۇ مۇشۇ كۈنلەردە گۈلشەندىن تېلېفون كېلىشىنى زارىقىپ كۈتىدىغان بولدى. يانفونىنىڭ ھەر قېتىم سايرىشى ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئەپكېلەتتى، خۇددى گۈلشەنىنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولۇپ، دەرھال تېلېفوننى ئالاتتى... بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىغا ئايلىنىپ قالاي دېگەن ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كۈندە ئەتىگەن مۇشۇ خۇشاللىقنى قوغلىشىپ، كۈتۈپ، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇراتتى. كۈتكىنىگە يارىشا بەزى كۈنلىرى بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭغا نېسىپ بولاتتى.

بىراق، مۇراتنى كۈندە پەقەت شۇ خۇشاللىقنىلا كۈتىدۇ، قوغلىشىدۇ، دېسە يالغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بەزى كۈنلىرى خالاپ ـ خالىماي كۈتىدىغان، تەشنا بولىدىغان يەنە بىر خۇشلۇقىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ خېروئىن خۇمارىنى بېسىش. ئۇ ئۇزىنى شۇنچە تۇتۇۋالاي دېسىمۇ، بەزىدە پەقەت ئامال تاپالمايتتى، خۇمارنىڭ قىستىشىغا تاقەت قىلالمايتتى. بەزىدە ئۇ غەيرىتىگە ئېلىپ خۇمارى تۇتقاندا ئۆز گۆشىنى ئۇزۇۋالغۇدەك قىلىپ كېتەتتى، ئەسەبىيلىشىپ قوللىرىنى چىشلەيتتى. ئاخىرىدا بولسا

يەنىلا تەسلىم بولاتتى.

ئۇنىڭ گۈلشەنگە باغلىق بولغان تاتلىق خىياللىرىنىڭ ئار-قىسىغا بۇ مۇدھىش خىيالى ئۇلىشىپلا كەلسە، ئۇنى پۇشايمانلىق تۇيغۇلىرى قىينايتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغانلىقىدىن ئازابلىناتتى.

گاھىدا ئۇ «بولدىلا، مەن شۇنچىلىك تىرىشىۋاتىمەنغۇ. ھې-لىمۇ باشقىلاردىن مىڭ ياخشى. خېروئىنغا ئۆزۈمنى ئۇرۇپ، ئو-كۇل ئۇرغۇدەك بولمىدىم. يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇشنى بىلىمەن. شۇ-ڭا گۈلشەننى ئويلىغان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى ئۇنچىۋالا بەزلەپ كەت-مىسەممۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق دىققەت قىلسام‌لا بول-ىدىمۇ» دەپ ئۆزىنى بەزلەيتتى.

مۇراتنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر بارغانچە ئۇ قىزغا باغلىنىپ قېلىۋاتاتتى. گۈلشەننى كۆرگۈسى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كې-لەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تېلېفونىنى كۈتەتتى، ئۇنىڭ تېلېفون بېرىشى-نى تىلەيتتى. بەزىدە ئۆزى قىزغا تېلېفون بەرمەكچى بولاتتى-يۇ، پېتىنالمايتتى.

بۈگۈن مۇرات غەيرىتىگە ئېلىپ گۈلشەنگە چوقۇم تېلېفون بېرىش قارارىغا كەلدى، ئەمما يانفونىنى قولىغا ئېلىپ بولدى قىلدى. سەلدىن كېيىن يەنە يانفونىنى ئېلىپ گۈلشەننىڭ تېلې-فون نومۇرىنى بېسىشقا باشلىدى، بىراق ئاخىرقى بىر نومۇر قال-غاندا يېنىۋالدى. ئۇ «قانداق قىلاي؟» دەپ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، يەنە يانفونىنى ئېلىپ گۈلشەننىڭ نومۇرىنى خۇددى «يەنە يېنىۋالماي» دىگەندەك تېز-تېز بېسىشقا باشلىدى.

تېلېفون ئۇلاندى.

مۇرات زارىقىپ كۈتكەن يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى:

— مۇرات، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

مۇرات خۇشال بولدى.

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— دۇكاندا. بىر يوپكىنى ئوڭشاۋاتقان. سىزچۇ؟

— يارغول مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىمەن.
— كىراغا ماڭمىدىڭىزمۇ؟
— بايا ماڭغان، ھازىر ئىش ۋاقتى بولغاچقا، بازاردا ئادەم شالاڭ، شۇڭا دەم ئېلىپ تۇرۇپتىمەن.
— كىشىلەر ئىسسىقتىن قېچىپمۇ ئۆياق - بۇياققا ماڭمايدۇ ھازىر.
— راست، ئىسسىقنىڭ تەپتىمۇ يامىدى.
شۇ گەپ بىلەن ئىككىسى نېمە دېيىشنى بىلمىگەندەك تۇ-رۇپ قېلىشتى. مۇرات گۈلشەننىڭ داۋاملىق گەپ قىلىشىنى ئار-زۇ قىلدى، ئەمما گۈلشەننىڭ قاتتىقراق نەپەسمۇ ئالماي تۇرۇشى-دىن مۇراتنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىككىسى شۇ ھالدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى.
ئاخىر بولماي مۇرات:
— قاچان بىكار بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— بۈگۈن پۈتتۈرىدىغان ئىش جىق. ئۈنىڭ ئۈستىگە بىر شاگىرتىم دەم ئالغان. كەچكىچە بىكار بولالماسمەنمىكىن.
— قىلىدىغان ئىش بولغىنى ياخشى.
— ئىش بولسۇن دەپ، ئىش كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ئادەمنىڭ دەم ئالغۇسى كېلىدىكەن. لېكىن ئامال يوقتە.
مۇراتنىڭ ئاغزىغا يالغان گەپتىن بىرى كەلدى.
— سەل تۇرۇپ شۇ تەرەپكە كىرا تارتىپ ئۆتۈپ قالىمەنمى-كىن. شۇ چاغدا سىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتەي دەپ ئويلىغانىدىم. ئالدىراشكەنسىز، بوپتۇ ئەمىسە.
بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەن ئالدىراپ قالدى، شۇڭا ئۇ:
— چوقۇم كىرىڭ، سىز بىلەن كۆرۈشەلمىگۈدەك ئالدىراش ئەمەس، — دېدى دەرھاللا.
— ماقۇل، يېنىڭىزغا كىرىمەن.
— سىزنى ساقلايمەن ئەمىسە.
مۇرات خۇشلۇقتىن يايراپ كەتتى. «ئەمدى ئادەمنى چۈشۈرۈپ

قويۇپلا كەلدىم، دەپ باراي» دەپ گۈلشەننىڭ يېنىغا بىرىش پىلا-نىنى تۈزۈپ مېڭىشقا تەييارلاندى.
ئەمما...
مۇراتنىڭ قول تورمۇزنى تۇتقان قولى قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
بەدىنى توڭلىغاندەك بولدى، تېنىگە سوس تىترەك ئولاشتى، تومۇرى قىمىرلىدى، غەيرىي بىر تەشنالىق ئۇنىڭ ئىچىنى قىيى-نىدى...
بۇ ئالامەتلەرنىڭ نېمىلىكىنى مۇرات بىلىدۇ.
گۈلشەننىڭ يېنىغا بېرىپ تۆت ئېغىز مۇڭدىشىپ كېلىشكە مۇراتنىڭ كۆزى يەتمىدى. ئۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ قولىنى، پۇتىنى، ئويىنى، ئەقلىنى بىر - بىرلەپ بويسۇندۇردى.
مۇرات ماشىنىنىڭ رولىنى يانغا بۇرىدى.
مۇرات ئاشۇ كونا، ئەمما «مېھرى ئىسسىق» بىنانىڭ بەشىن-چى قەۋىتىگە چىقىپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئىشىكنى ئال-دىراپ چەكتى. بىرى ئېرىنچەكلىك بىلەن كېلىپ، مۇشۇك كۆز-دىن قاراپ، مۇراتنى تونۇغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى.
ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن كۆچلۈك سېسىق، بەتبۇي پۇراق ئۆي ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى، بىراق مۇراتمۇ هازىر بۇنداق پۇراققا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، سېسىقچىلىققا پەرۋا قىلماي ئۆي ئىچىگە كىردى.
ئۆيدە يەنە شۇ تونۇش چىرايلار بىر - بىرىگە پەرۋا قىلماي «هۇزۇر - هالاۋەت» سۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى.
— هە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى هەسەن هەسەل قو-لىدىكى شپرىسنى ئويناپ تۇرۇپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇراتنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەردىن هەممىنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، خۇپسەنلىك قىلىپ سوراۋاتاتتى. بىلىكنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كۆرۈۋاتقان پەتتار چىركىنىمۇ مەسخىرىلىك هىجىيىپ قويدى.
— چاققان بول، — دېدى مۇرات توختىماي بۇرنىنى سۈرتـ-كىنىچە.

— پۇل چىقار، — دېدى ھەسەن ھەسەل سوغۇقلا.
— بولالمايۋاتىمەن.
— پۇل چىقار!
تاقەت قىلالماي قېلىۋاتقان مۇرات يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ھەسەن ھەسەلنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.
— ئالە مانا. ئۆزۈڭ سانىۋال.
— پۇلنى مۇنداق تاشلىما، بولمىسا بىر كۈنلىرى كېلىپ پۇلمۇ سېنى تاشلايدۇ.
ھەسەن ھەسەل شۇنداق دېگىنىچە كىچىك بولاقچىنى چىقىرىپ مۇراتقا سۇندى. ئاندىن يەردىكى ھەر خىل قىممەتتىكى پۇللارنى تېرىپ رەتلەشكە باشلىدى.
خۇمارىنى باسقان مۇرات بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كەيپىياتى نورماللاشقاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەسەن ھەسەلگە قارىدى. ھەسەن ھەسەل مۇرات بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك مۇراتنىڭ پۇلىنى قايتا بىر سانىۋېتىپ، يانچۇقىغا سالدى. بۇنى كۆرگەن مۇراتنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. «ئەمدى ئاپامغا نېمە دەرمەن؟ ھەي... يەنە ئىككى كۈن چىدىغان بولسام... يەنە قەرزنى تولۇق تۆلىيەلمەيدىغان بولدۇم...» مۇرات شۇ خىيالنى قىلىپ تۇرۇۋېدى، پەتتار چىركىن ھەسەن ھەسەلنى سۆيلىدى:
— چاققان بول ھەسەل. مۇرات چويۈننىڭ ئىككى تال پۇلىغا دوم چۈشتۇڭغۇ.
— مەن بىر دەمدىلا تەييار قىلىمەن. سەنچۇ، بىر قارارغا كەلدىڭمۇ؟
— مەن بىلەلمىدىم. يەنىلا ئۆزۈڭ تاللا.
— ياخشىسى يەنىلا جەينىكىڭنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئۇراي، ئۆزۈمنىڭكىگە ئوخشاش.
— مەيلى، بولمىسا يىڭنە ئىزىنى چىدىماسلار كۆرۈپ گەپ تېپىپ يۈرمىسۇن يەنە.

— شۇ گەپ.

پەتتار چىركىن رىزىنكە بوغقۇچ بىلەن ئۆزىنىڭ بىلىكىنى ئۆزى تاڭدى. ئۇنىڭ ئەپلىك ھەرىكىتىدىن بۇنداق چىگىشنى خېلى مەشىق قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ھەسەن ھەسەل خىرۇئىننى قوشۇققا سېلىپ ئوكۇل سۈيۇق-لۇقى بىلەن سۇيۇقلاندۇرغاندىن كېيىن، شپىرىسقا ئىچۈردى. قالغانلار ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. تەييار-لىقنى پۈتتۈرگەن ھەسەن ھەسەل مۇراتقا قارىدى ۋە:

— پەتتارمۇ بالىلىقنى تاشلاپ يىگىت بولدى، ئۇنىمۇ سۇننەت قىلىنۋەتتۇق، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن: «بۇنىڭغا سىلەرنىڭ شەر-تىڭلەر توشمايدۇ. سىلەرگە تېخى بار» دېگەن كۆزگە ئىلماسلىق چىقىپ تۇراتتى. بۇنى چۈشەنگەن مۇرات: «مەن سىلەردەك بەڭگى ئەمەس، قىزىقىپلا ھەپتىدە بىر چېكىپ قويۇۋاتىمەن. كېيىن تاشلىۋېتىمەن. سىلەرنىمۇ ئىزدىمەيمەن» دەپ ئويلاپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

ئوكۇلنى پەتتار چىركىننىڭ بىلىكىنىڭ يېنىغا ئەكەلگەن ھەسەن ھەسەل توختىۋالدى.

— يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى پەتتار چىركىن.

— ئۆزۈڭ ئۇرۇشنى ئۆگەن.

— نېمە؟ — پەتتار چىركىننىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— دائىم مەن ئۇرۇپ قويسام، مەن يوق يەردە قانداق قىلى-سەن؟ ئۇستىگە ئۇنىڭ - بۇنىڭغا يېلىنىپ يۇرسەڭ، باش-قىلار سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇڭا خەقنىڭ نەزەرىدىن چۈشمەي دېسەڭ، ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈڭ ئۇرۇشنى ئۆگەن. مە.

— بۇ... ئاغرىيدۇ...

— ئاغرىغاچقا ھۇزۇرنى سۇرەلەيسەن... بىر - ئىككى قې-تىم ئۇرساڭ ئۆگىنىپ كېتىسەن...

پەتتار چىركىن ئارسالدى بولۇپ ئوكۇلنى قولىغا ئالدى.

— قورقما، تىكەن سانجىغانچىلىكلا ئاغرىيدۇ.

پەتتار چىركىن ئوكۇلنى بىلىكىگە يېقىن ئەكەلدى.
— ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆك تومۇرغا ئۇر.
— ئەستا... — پەتتار چىركىن قولى تىترىگىنىچە تۇرۇپ قالدى.
— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن. بىكار زايە قىلىسەن جۇمۇ.
«زايە قىلىش»، «خىرۇئىن» دېگەن سۆز پەتتار چىركىنگە كۈچ ئاتا قىلدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ يىڭنىنى بىلىكىگە سانجىدى. ئەمما يىڭنە تومۇرغا سانجىلماي گۆشكە سانجىلغاچقا، ئۇ قاقشاپ كەتتى.
— تومۇرغا ئۇر، تومۇرغا.
ئەمما پەتتار چىركىن يەنە سانجىيالمىدى.
— تومۇرغا ئۇر دەيمەن. كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆك تومۇرغا سانجىغىن.
پەتتار چىركىن ئاخىر يىڭنىنى تومۇرغا كىرگۈزدى. يىڭنىگە قان يېنىپ چىققاندا ھەسەن ھەسەل:
— بوغقۇچنى يېشىۋەت، — دېدى. پەتتار چىركىن رېزىنكە بوغقۇچنى ھەسەن ھەسەلنى دوراپ چىشلەپ ئېلىۋەتتى.
— ياخشى، ئوكۇلنى ئاستا باس، كۈچىمە...
سۇيۇقلۇق ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ تومۇرىغا كىرىشكە باشلىدى...
ئوكۇل تولۇق مېڭىپ بولغاندىن كېيىن پەتتار چىركىن ئوكۇلنى ئېلىۋېتىپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.
— ئەمدى ھوزۇرلاندىم، — دېدى ئۇ بىر چاغدا. بۇ گەپ بىلەن ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.
— راستىنى ئېيتسام، ئالدىنقى قېتىمدا ھېچقانداق ھوزۇرلىنالمىغانىدىم، — دېدى پەتتار چىركىن، — ھوزۇرلىنالمىغانلىقىم ئۈستىگە تۇمانىنىڭ ئىچىدە قالغاندەك گاراڭ بولۇپ قالغانىدىم. باشقىچىلا...
— ئەمدىچۇ؟ — سورىدى ھەسەن ھەسەل.

— بۇنىڭ ھۇزۇرىغا ھېچنېمە تەڭ كېلەلمىگۈدەك. جاننىڭ
راھەتى مۇشۇنىڭدىكەن.
— شۇڭا سېنى چوڭ كۆرۈپ بۇنىڭغا سايە قىلدىم.
— ئوكۇل قىلىشنىڭ خەتىرىنى چوڭ دەيدىغۇ؟ — دېدى بۇ-
دۇر چاچلىق يىگىت.
— خەتىرى بولمىسا راھەتى بولامدۇ؟ — دېدى ھەسەن ھە-
سەل ئۇنىڭغا زەردىلىك قاراپ، — نەدە جاپاسىز راھەت بار؟
ھەسەن ھەسەل گېپىنى تۈگىتىپ بايا پەتتار چىركىن ئىش-
لەتكەن شپرىسنى ئېلىپ، خېروئىننى سۈيۈقلاندۇرۇپ شپرىس-
قا كىرگۈزدى. ئاندىن يىڭنىنىڭ راۋانلىقىنى سىناپ باقماقچى
بولۇپ، سۈيۈقلۇقنى ئازراق چىقىرىپ باقماقچى بولدى، بىراق
يىڭنىدىن سۈيۈقلۇق چىقمىدى. بۇنىڭدىن ھەسەن ھەسەلنىڭ
چىرايى تۇرۇلدى.
— بۇ قېتىممۇ ئۇ گۈيلار بىزنى ئالداپتۇ، — دېدى ئۇ خاپا
بولۇپ، — خېروئىنغا بىر نەرسە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.
— قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى پەتتار چىركىن ھەيران
بولۇپ.
— قارا، باشقا نەرسىلەر ياخشى ئېرىمەي، يىڭنىنىڭ تۆشۈ-
كىنى ئېتىپ قويۇپتۇ.
ھەسەن ھەسەل شۇنداق دېگىنىچە يىڭنىنى ئېلىپ يىڭنە تۆ-
شۈكىنى كوچىلىدى. ئاندىن سىناپ بېقىۋىدى، سۈيۈقلۇق ئېتى-
لىپ چىقتى. شۇندىلا ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، بىلىكىگە
ئوكۇل قىلدى. ساپ بولمىغان خېروئىن ئادەمنى ناھايىتى تېز-
لىكتە ھۇزۇرلاندۇراتتى. شۇڭا ھەسەن ھەسەل كۆزىنى يۇمغىنىچە
«جەننەت ھۇزۇرى»نى سۇرۇشكە باشلىدى.
— پاھ، ئەجەبمۇ خۇماردىن چىقتىما، — دېدى ھەسەن ھە-
سەل راھەتلىنىپ. ئاندىن ئۇ كۆڭلىكىنى قايرىپ قورسىقىنى ھۇ-
زۇرلىنىپ تاتىلاشقا باشلىدى.
ھەسەن ھەسەلنىڭ خاتىرجەم بولۇپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قال-

غانلىقنى كۆرگەن بۇدۇر چاچلىق يىگىت سورىدى:
— نېمە ئارىلاشتۇرىدۇ ئۇنىڭغا؟
ھەسەن ھەسەل ئۇنىڭغا سەت ئالىيىپ قويدى:
— ئارىلاشتۇرىدىغان نەرسىلەر جىق. مەسىلەن: لەڭپۇڭ ئۇ-نى، ھاك دېگەندەك نەرسىلەر.
— نېمىشقا ئۇنداق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرىدۇ؟
— پۇل تېپىش ئۈچۈن بولمامدۇ. ئەگەر ساپ پېتى ئەكەلسە، بىز ئۇنىڭ پۇلىغا چىقىش قىلالمايمىز. ھازىرمۇ ئاران تۇرۇۋاتىساق.
— چېكىۋاتقىنىمىزنىڭ ساپلىقى ئەللىك پىرسەنتكە بارام-دۇ؟
— شۇنچىلىك باردۇ.
— ھەي، كامىل كانتۇ، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى پەتتار چىركىن، — تولا يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرغۇچە، چىقىپ پۇلىنىڭ ئامالىنى قىل. بولمىسا ھېلى ماڭقاڭنى ئېقىتساڭ، ئەمدى ئامالىم يوق.
شۇندىلا بۇدۇر چاچلىق يىگىتنىڭ ئىسمىنىڭ كامىل، لەقە-مىنىڭ كانتۇ ئىكەنلىكى ئايان بولدى.
— نەدىن تاپسام بولار؟ — دېدى ئۇ.
— ئۆيدىكىلەر ئۇرۇمچىگە كەتتى دېدىڭغۇ. ئاتاڭنىڭ خاتىرە كومپيۇتېرى تازا پۇلغا يارايدۇ.
— ئاتام بىلىپ قالسا...
— ئەمىسە ئىختىيارىڭ...
كامىل غۇدۇڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى.
ھەسەن ھەسەل دەپتىرىنى ئېلىپ قاراشقا باشلىدى.
— ئەمدى كامىلغا نېسى بەرسەك بولمايدۇ. نەدىن بولسا مەيلى، پۇل تاپمىسا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.
— مۇراتقىمۇ بەرگىلى بولمايدۇ، — دېدى پەتتار چىركىن.
— ئەلۋەتتە، — دېدى ھەسەن ھەسەل. ئاندىن ئۇ مۇراتقا قا-

ردى، ــ گەپنى ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىدىڭ. بىر ئامال قىلىپ پۇل تاپ.

ــ ئۆزۈڭلەرمۇ بىلىۋاتىسىلەر، ھازىر بەش كوي پۇلنىمۇ ئاران تېپىۋاتىمەن. بانكا قەرزىنىمۇ تۆلىيەلمىدىم. ئاران يىغىۋېدىم، بايا يەنە سىلەرگە كەتتى. شۇڭا مېنى ئۇنچە بەك قىستاپ كەتمەڭلەر.

ــ بۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق.

ــ يا كىرانى ئۆرلەتكىلى بولمىسا...

ــ تاكسىچىلىق قىلىپ پۇل تاپالمايۋاتقان بولساڭ، باشقا ئىش قىل، ــ دېدى پەتتار چىركىن.

ــ ماشىنىنى قانداق قىلىمەن؟

ــ ئۆتكەندە ساڭا دېدىمغۇ، ــ دېدى ھەسەن ھەسەل ۋە پەتتار چىركىنگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، ــ ئۇنداق پۇل تاپالمايۋاتقان ماشىناڭنى سېتىپ باشقا ئىش قىل. ساڭا نېمىمۇ جاپا، كۈن بويى بەش كوي ئۈچۈن پالاقلاپ.

ــ شۇنداق، ماشىناڭنى سات! باشقا ئىش قىلىپ، ماشىنا ساتقان پۇلۇڭنى بانكىغا ئامانەت قويىمامسەن.

ــ نېمىمۇ ئىش باردۇ ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان؟ ــ دېدى مۇرات.

ــ سەن باشتا ماشىناڭنى سات. ئاسان ئىشنى بىز تېپىپ بېرىمىز.

ــ راست، بۇنىڭدىن سەن غەم قىلما.

ــ قانداق بولۇر؟

ــ تارتىۋاتقان جاپايىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزۈڭنى ئالداپ نېمىمۇ قىلارسەن؟

ــ ئۇغۇ شۇ...

مۇرات «ماشىنىنى ساتايمۇ ـ يە؟» دېگەن خىيال بىلەن ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقتى.

مۇرات ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ ئويغا پاتتى. «ماشىنىنى سېتىپ باشقا ئىش قىلايمىكىن يا؟ ئەگەر ئۇلار راستلا ئاسان پۇل

تاپقىلى بولىدىغان ئىش تېپىپ بېرىدىغان بولسا، نېمە جاپا ماڭا ماشىنا ھەيدەپ پۇل تاپىمەن دەپ. دېمىسىمۇ، بىر مۇنچە پۇلغا ماشىنا ئېلىپ، بەش كويدىن يىغسام... ھەي، بۇ ھېسابنى نېمىشقا بۇرۇن قىلمىغاندىمەن؟ نېمە دېگەن ئاۋارىچىلىق بۇ؟ بۇ گەپنى ئا-پامغا دەپ باقسام... ئەگەر ئاپام قوشۇلۇپ قالسا...»

ئىچىگە «ماشىنا سېتىش» خىيالى كىرىۋالغان مۇرات چۈش-لۈك تاماق يېيىش ئۇچۇن ئۆيىگە ماڭدى.

رەھىمە ئوغلىنىڭ تاماقنا بالدۇرلا كەلگىنىدىن خۇش بولۇپ پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

— ئوغلۇم، بىر دەم تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇر. كۈدىنى بايىلا پارلاپ تەييار قىلىپ تۇرغان. لەغمەن بىر دەمدىلا پىشىدۇ.

مۇرات تېلېۋىزورنى ئاچتى، ئەمما تېلېۋىزوردىكى مەزمۇنلار ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خىيالى باشقا يەردە ئىدى.

بىر چاغدا رەھىمە كىرىپ:

— قورسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا، نان يەپ تۇرار-سەن، ئەتىگەن ئەكىرگەن يۇمشاق نان بار، — دېدى.

— ياق، قورسىقىم ئانچە ئېچىپ كەتمىدى.

رەھىمە پايپاسلاپ قازان بېشىغا ماڭدى. بۇ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل ئانا ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ماشىنا سېتىش ئىشىنى دېيىشتىن قىينىلىۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن.

شۇنداق، مۇراتقا بۇ ئىش توغرۇلۇق ئاپىسىغا ئېغىز ئېچىش تەس كېلىۋاتاتتى.

مۇرات ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئۆزىگە: «بەلكىم، كۆپرەك پۇل تاپقىلى بولىدىغان باشقا ئىش بولسا، ئاپامۇ جاپا تارتمايدۇ، ئارتۇقچە غەم يېمەيدۇ. ئۆيدە پۇلمۇ بار بولىدۇ. ئاپامنى پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي داۋالىتالايمەن. بۇنداق بولسا ھەممىمىز-گە ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ تەسەللى بەردى.

شۇنداق قىلىپ مۇرات بۇ ئىشنى ئاپىسىغا دېيىش قارارىغا

كەلدى.

شۇ چاغدا رەھىمە قورۇمىسىدىن ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدىغان مەززىلىك پۇراق چىقىپ تۇرغان لەغمەننى ئېلىپ كەل-دى:

— ئىسسىقىدا چاققانراق يە ئوغلۇم. چۆپنى بەك ئىسسىق قىلىۋەتمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپ مۇراتنىڭ بوغۇزىدىلا قالدى. «سەل تۇرۇپ دەرمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

تاماقتىن كېيىن رەھىمە:

— ئوغلۇم، ئەتىگەن رەھىم جۇرىن ئۇچرىشىپ قېلىپ: «ۋاقىت ئاز قالغاندىكىن غەيرەت قىلسىلا، بىر قېتىم قايتۇرماي ئۆتكۈزۈۋەتسىلە قاتلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا جىق پۇلنى قايتۇ-رۇش ئېغىر كېلىدۇ» دېدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دېگىنى توغرا. يىغ-غىپ قويغىنىڭ بولسا بۇ ئايلىقنى قايتۇرۇۋېتەي، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇراتنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قال-دى، ئەمما ئۇ يانغا قاراپ ئولتۇرسا بولمايتتى. شۇڭا دەرھال يې-نىدىكى پۇلنى چىقىرىپ ئاپىسىغا بەردى. رەھىمە پۇلنى ئېلىپ ساناپ كۆرۈپ چىرايى باشقىچە بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاپا، ھازىر كىرا ماشىنىسى جىقلاپ كەتتى. ئۆتكەنلەردە 800 دەك ماشىنا بار ئىدى. ھازىر 2000 دىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ھۆكۈمەتمۇ مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، كىرا ماشىنىسى تەستىقلايدىغان ئىشنى چەكلەپتۇ... تاكسى كۆپ يولۇچى ئاز تۇرسا.

رەھىمە جىم ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئازراق ئىشلىتىپ قويدۇم، — دېدى مۇرات يەنە.

رەھىمە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ چوڭ غەم ماشىنا قەرزى ئىدى. شۇڭا ئۇ پات - پات «قەرز تىنچ - ئامان تۇ-گىسە، ماشىنا مۇلۇك بولۇپ قالسا...» دەپ ئويلاپ كېتەتتى.

— بوپتۇ، كەملىگەن قىسمىنى كېيىن تولۇۋېتەرمىز بول-

مىسا، — دېدى رەھىمە ئاخىر.

— غەم قىلما، ئاپا، — دېدى مۇرات يېنىك تىنىپ، — بۇ ئاي چىقىدىغانغا يەنە ئون كۈنچە بارغۇ. بەكرەك ماڭسام بىر گەپ بوپمۇ قالار.

مۇرات شۇ سۆزدىن كېيىن: «تاكسىدا پۇل تېپىشنىڭ تەس-لىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىكىن، ماشىنا ساتىدىغان ئىشقا ئاپام باشقىچە گەپ قىلماس» دەپ ئويلاپ ئېغىز ئاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا، رەھىمە سۆزلەپ قالدى:

— ئوغلۇم، جاپا تارتىۋاتىسەن، ئەمدى ئاز قالغاندا غەيرەت قىل. قەرز تۈگىسىلا ماشىنا بىكىرىغا قالىدۇ، دېگەن گەپ. تاپقان پۇلىمۇ ئۆزىچە خەجلىيەلەيسەن. مېنىڭدىن ساڭا قالىدىغان مۇ-لۈكمۇ شۇ ماشىنا. بىر چىدىۋەت بالام. ماشىنا ئۆزۈڭنىڭ، ئۆزۈك بەگ، ئۆزۈك خان، قەرزىڭ تۈگىسە ماڭغۇڭ كەلسە ماڭىسەن، ئارام ئالغۇڭ كەلسە ئارام ئالىسەن، بىرسى سېنى زورلىمايدۇ، ئۆز ئۆ-زۈڭگە زو قىلىدىغان ئىشمۇ يوق. ئارتۇق بېسىممۇ بولمايدۇ...

رەھىمەنىڭ ئوغلىغا تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن ئېيتقان بۇ سۆزى ئەكسىچە مۇراتنى ئۈمىدسىزلىككە پاتۇرۇپ قويدى. «قارد-غاندا ئاپام ھازىر بۇ گەپكە قوشۇلمىغۇدەك. ئەمدى قانداق قىلۇر-مەن؟ تاپقان پۇلۇم ماشىنا قەرزىگە ئاران يېتىۋاتسا، يەنە پەتتار چىركىنلەرنىڭ ئالدىدا چىراي سارغايتىپ يۈرۈرمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيگە خىراجەت قىلمىساق تېخى بولمىسا! ھەي... »

شۇڭا مۇرات ئاپىسىغا:

— غەيرەت قىلىپ ـ قىلماي نېمىدى، جاپالىق ئىش بولمى-سا بۇ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مۇراتنى ئېغىر غەم بېسىۋالغانىدى. «ئەمدى شۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن تاپىمەن؟ تاپمىسام قانداق قىلىمەن؟ ھەي، ماڭا تۇر-مۇشتا خۇشاللىق بولىدىغان ئىش تولىمۇ ئاز ئىكەن...» مۇراتنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى «ماشىنا سېتىش» تا ئىدى. شۇ قارارغا كەلگەن ۋاقتىدا ئۇ قانچىلىك خۇشال بولغانىدى ـ ھە! خۇددى ھەممە ئى-

شى يۇرۇشۇپ كېتىدىغاندەك، يانچۇقىدىن پۇل ئۆزۈلمەيدىغاندەك، خىزمەتلەرمۇ بولۇپ تۇرۇدىغاندەك... شۇنداق، ئۇ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك بەش كوي ئۇچۇن كېچە - كۈندۈزلەپ ماشىنا ھەيدەيدىغان جاپادىن قۇتۇلغان بولسا...

مانا ئەمدى ئاپىسىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۇ جاپاسىز، ھۇزۇرلۇق تۇرمۇش ئۇنىڭدىن يىراقلىدى.

«ياق! مەن ئاپامنى قايىل قىلىدىغان ئامال تاپمىسام بولمايدۇ. چۈنكى، مەن ئۆزۈم ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى ئاپامنىڭ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۇچۇنمۇ مۇشۇنداق قىلىمەن دەۋاتىمەن.»

مۇرات مۇشۇنداق خىيال بىلەن خېلىغىچە كوچا ئايلىنىپ يۈردى، يول بويىدا تۇرۇپ ماشىنا توسۇپ قولىنى كۆتۈرگەنلەرگىمۇ پىسەنت قىلىپ كەتمىدى.

بىر چاغدا ئۇنىڭ ماشىنىسى ئىختىيارسىز «مېھرى ئىسسىق» بىناغا قاراپ ماڭدى.

يەنە شۇ سېسىق پۇراق، يەنە شۇ چۈشكۈن چىرايلار.

— ھە، بىر دەمدىلا قايتىپ كەپسەنغۇ؟ — سورىدى ھەسەن ھەسەل.

— ماشىنىنى سېتىۋېتىپسەن - دە.

— ئەمدى توغرا قىپسەن.

— راست ساتتىڭمۇ؟

ئەمما مۇراتنىڭ ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگۇدەك تاقىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ سوئالىنى قايرىپ قويۇپ ئۆز مەقسىتىنى ئېيتتى:

— ماشىنا ھەيدەپ يۈرۈپ ئاسان پۇل تاپىدىغان ئىش يوقمۇ؟

ئولتۇرغانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— نېمە بولدى ئەمدى؟ — سورىدى پەتتار چىركىن.

— ئاپام ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دېدى مۇرات لېۋىنى چىشلەپ،

— مەن ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن.
— ئاپاڭنىڭ كۆڭلىنى ئاخىرىغىچە ئاغرىتمىساڭلا بولىدىغۇ، — دېدى پەتتار چىركىن زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈپ.
— ماشىنىنى ئاپام قوشۇلغاندا ساتىمەن. ئاڭغىچە سىلەر ماڭا ماشىنا ھەيدەپ يۈرۈپ قىلغىلى بولىدىغان ئىش تېپىپ بېرىڭلەر.
— سەن بىر دەم دېمىگىنى ئېلىۋال، بىز ئويلىشىپ باقايلى، — دېدى ھەسەن ھەسەل مۇراتنىڭ ئالدىغا بىر قاپ «ياڭچېڭ» ماركىلىق تاماكىنى تاشلاپ. ئاندىن پەتتار چىركىننى باشلاپ «قازناق»قا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر كىچىك ياتاق ئۆي بولۇپ، ھەسەن ھەسەل ئۇ ئۆيگە باشقا بىرىنى كىرگۈزمەيتتى. يېقىندىن بۇيان نېمە ئىش بولغان، پەتتار چىركىننى ئۇ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كۇسۇرلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا قالغانلار بۇ سىرلىق ئۆينى «قازناق» دەپ ئاتىۋالغانىدى.
ھەسەن ھەسەل قازناقنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىۋاتقاندا ئۆيگە كامىل كىرىپ كەلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ھىجىيىپ كەتكەنىدى.
— ئاران بىر يانفون ئوغرىلىغانسەن تايىنلىق، — دېدى پەتتار چىركىن.
كامىل گەپ قىلماي قولىدىكى گېزىتنىڭ قېتىدىن ئىككى يانفون ۋە بىر كىچىك زىرەكچاقنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.
— نېمىكىن دەپتىمەن، شۇ نېمىلەرگە شۇنچە خۇش بولۇپ كەتتىڭمۇ؟
— مەن ساتتىم، سېتىۋەتتىم، — دېدى كامىل خۇشاللىقتىن ئاغزى ئاران گەپكە كېلىپ.
— نېمىنى؟
— ئالتە مىڭ كويغا ساتتىم.
— نېمىنى؟ — نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقان ھەسەن ھەسەل جىلە بولدى، — سېسىق قوڭۇزنى ئالتە مىڭ كويغا ئالىدىغان

ساراڭدىن بىرسى پەيدا بوپتۇ ـ دە بۇ شەھەردە.

— ئىشىڭنى قىلە ساراڭ كانتۇ، — دېدى پەتتار چىركىن ھەسەن ھەسەلنىڭ كەينىدىن قازناقا كىرىشكە تەمشىلىپ.

— ھېلىقى كومپيۇتېرنى ساتتىم، — دېدى كامىل ئاخىر. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايىغا كۇلكە يۇگۇردى.

— نەگە ساتتىڭ؟

— مىڭچىن سودا سارىيىدىكى كومپيۇتېر ساتىدىغانلارغا.

— ياخشى قىپسەن كامىل، — دېدى ھەسەن ھەسەل چىرايىغا زورمۇزور كۇلكە يۇگۇرتۇپ، — قالغان گەپنى ھېلى دېيىشەيلى.

ئۇلار ئىككىسى قازناقا كىرىپ كەتتى.

— ئاتاڭنىڭ كومپيۇتېرىنى راست سېتىۋەتتىڭمۇ؟ — سورىدى مۇرات.

— سېتىۋەتتىم.

— نېمىشقا؟

— پۇلۇم قالمىسا. باشقا ئامالىم يوق.

— ئۇ دېگەن ئاتاڭنىڭ كومپيۇتېرى تۇرسا.

— خۇمارىم تۇتۇپ كەتسە چىدىيالماي قالىمەن. يا چىركىن نېسىگە بەرمىسە.

— شۇنداق بولسىمۇ توغرا قىلماپسەن.

كامىل ئۇنىڭغا قاراپ ئالايدى:

— ئۆزۇڭنىڭ ھالىڭمۇ چاغلىققۇ. ماڭا كۆڭۇل بۆلگۇچە ئۆزۇڭگە ئامال قىلە. پۇلنى سەن تۆلەمسەن ـ يە؟

كامىلنىڭ توڭ، قوپال گېپىدىن مۇرات «غىنقىدە» بولۇپ قالدى. كامىل «ساڭا قىلىدىغان گېپىم يوق» دېگەندەك بىر چەتكە كەتتى ۋە تومپىيىپ تۇرغان يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى.

بىر چاغدا ھەسەن ھەسەل بىلەن پەتتار چىركىن قازناق ئۆيدىن چىقتى.

— مۇرات، راست پۇل تاپقۇڭ بارمۇ؟ — دەپ بوش ئاۋازدا سورىدى ھەسەن ھەسەل.

— بار.

ھەسەن ھەسەل كىچىك ئىككى بولاقنى چىقاردى.

— ماۋۇنى شىنزەنگە① ئاپىرىپ بەرسەڭ 50 كوي بېرىمەن، — دېدى ئۇ مۇراتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

مۇرات نېمە ئىشلىقىنى بىردىنلا چۈشەندى. ئۇلار مۇراتنى خېروئىن سېتىشقا كۈشكۈرتىۋاتاتتى.

مۇراتنىڭ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن پەتتار چىركىن:

— ماشىناڭنىمۇ ھەيدەيسەن، پۇلمۇ تاپىسەن، — دېدى.

بىراق مۇرات يەنىلا ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن قورقۇپ قالغانىدى.

— بولدى، ئەمىسە تېخىمۇ ئاسانراق ئىش چىققاندا سېنى ئىزدەي، — دېدى ھەسەن ھەسەل بىردىنلا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ.

— قىلاي، — دەۋەتتى مۇرات ئالدىراپ.

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بۇ بوش ئىش ئەمەس، — دېدى ھەسەن ھەسەل سەل جىددىي تەلەپپۇزدا.

مۇرات بېشىنى لىڭشىتتى. پەتتار چىركىن بولاقچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە:

— شىنزەن ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ يېنىدا بىر موزدۇز بار. سەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ: «قىشلىق ئايىغىمنى ياماتماقچى» دېسەڭ، ئۇ: «قىشتا يامىتىڭ» دېسە نەرسىنى ئۇنىڭغا بەر. بولمىسا ھەرگىز بەرمە، — دېدى.

— ئېسىڭدە تۇت، ئۇ بەرگەن پۇلنى ھەرگىز ساناپ يۈرمە، — دېدى ھەسەن ھەسەل، — ئىنتايىن ئېھتىيات قىل. بىزگە ئىش تېپىپ بەرمە.

بۇرۇن مۇرات چەككۈچە ئۇنداق بولاقنى تەقەززالىق بىلەن

① شىنزەن — تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يېڭى بېكەت رايونى.

ئالدىراپ ئالاتتى، خۇش بولاتتى، ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ قولى تىترىدى، بۇ بولاقچىلار ئۇنى خەتەرگە باشلاپ كېتىۋاتقاندەك ساراسىمە ئىچىدە قالدى.

— چاققان بار، — دېدى پەتتار چىركىن.

مۇرات بىنادىن چىقىپ ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا بىر قاردۇەتكەندىن كېيىن، ماشىنىغا چىقتى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ماشىنا ھەيدەشكە قولاشمايۋاتاتتى.

شىنزەنگە كەلگەندە ئۇ ھەقىقەتەن بىر موزدۇزنى كۆردى. ئۇ موزدۇز بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي بىر قىزنىڭ ئايىغىنى تىكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېرىلىپ ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇرات: «ئۇ قانداقمۇ مۇنداق ئىشنى قىلسۇن» دەپ سەل ئارىسالدى بولدى. ئاندىن بېرىپ سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇنىڭ پۇتىغا يەنە تىترەك ئولاشتى. ئۇ خۇددى ئەتراپتا ساقچىلار ماراپ تۇرغاندەك، ھېلىقى نەرسىنى شۇنداقلا يانچۇقىدىن چىقارسا كېلىپ تۇتىدىغاندەك تۇيغۇدا قىينىلىپ كەتتى.

مۇرات شۇ ھالدا موزدۇزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا ھېلىقى قىز مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتاتتى. مۇرات كېلىپ كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئاڭغىچە ھېلىقى قىز ماڭدى.

— ئۇستام، مەن... قىشلىق ئايىغىمنى ياماتماقچى ئىدىم، — دېدى مۇرات غەيرەتكە كېلىپ.

— قىشتا كېلىڭ، — دېدى موزدۇز بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

كۆڭلى تىنغان مۇرات يانچۇقىغا قولىنى تىقتى.

— ئۇنى قولىڭىزغا بوش تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى موزدۇز، — ھېلى بىر ئاياغنىڭ ئىچىگە سالىسىز.

موزدۇز شۇنداق دەپ بولۇپ بىر ئايالچە ئۆتۈكنى قولىغا ئالدى:

— ئۇ ئايىغىڭىزنىڭ ئىچىنى مۇشۇنداق تىكسەم بولامدۇ؟ تۇتۇپ بېقىڭە، — موزدۇز بوش شىۋىرلىدى، — قولىڭىزنى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تىقىپ نەرسىنى قويۇپ قويۇڭ.

مۇرات قولىنى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە نەرسىنى قويۇپ

قويۇپ تىترەڭگۈ ئاۋازدا:
— مۇشۇنداق تىكىپ بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.
— ئۇنداق بولسا ئايىغىڭىزنى ئەكىلىڭ.
ھودۇقۇقىنىدىن كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان مۇرات ئالدىراپ كەينىگە ياندى.
— قانداق بولدى؟ — ئالدىراپ سورىدى ھەسەن ھەسەل.
— جايىدا، — دېدى مۇرات ئۆزىنى تەستە بېسىپ.
— پۇلچۇ؟
شۇندىلا پۇلنى ئېلىشنى ئۇنتۇغانلىقىنى يادىغا ئالغان مۇراتنى قارا تەر باستى.
— بەرمىدى، — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا. بۇنىڭدىن بەك ئاچچىقى كەلگەن ھەسەن ھەسەل دەرھال يانفونىنى چىقاردى:
— ۋەي، ئۇستام، سىلى... ھە، ھە، شۇنداقمۇ؟ شۇنداق، تۇنجى قېتىملىقى، بولغۇدەكمۇ؟ ھە، ھە... بولىدۇ، خوش.
ھەسەن ھەسەل يانفونىنى ئەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئويناۋاتقان كۈلكىنى كۆرگەن مۇراتنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى. پەتتار چىركىنىدىكى جىددىيلىكمۇ بېسىلغاندەك بولدى.
— ئۇستام سېنى ماختاپ كەتتى، — دېدى ھەسەن ھەسەل دوستانە تەلەپپۇزدا، — ئىشنى جايىدا قىلىدىكەن، دەيدۇ. لېكىن، سەن تەمتىرەپ قالغاچقا چاندۇرۇپ قويمىسۇن دەپ پۇلنى بەرمەپتۇ. چاتاق يوق، تۇنجى قېتىمدا شۇنچىلىك قىلماقمۇ ئاسان ئەمەس. بۇ مۇشۇنچىلىك ئاسان ئىش مۇرات. مە، بۇ 50 كوي مۇكاپاتىڭ.
مۇرات پۇلنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى: «يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا مۇشۇنچە پۇل تاپسام... مەن بۇنچە پۇلنى يېرىم كۈن مېڭىپ ئاران تاپىمەن. توۋا، پۇل تېپىشنىڭ مۇنداق ئاسان يوللىرىمۇ باركەن دېسە. نەچچە ۋاقىتتىن بىكارلا جاپا تارتىپ يۈرۈپتىمەن... »

# توققۇزىنچى باب

مۇراتتىكى پۇل تېپىش غېمى ئازراق پەسىيىۋېدى، گۈلشەننى كۆرۈش، پاراڭلىشىش ئىستىكى بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى.

شۇ قېتىم شىنزەندە موزدۇز ئۇستام بىلەن كۆرۈشكەندىن باشلاپ مۇراتنىڭ «كۆزى قىزاردى». ئاسان پايدا، تەييار مەنپەئەت ئۇچۇقلا ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرىدۇ، ئادەمنى جاپادىن قاچىدىغان، يۈكسەك غايىلەرگە بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى ئۆزى بوغۇدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئاشۇ ئەللىك كوي مۇراتنىڭ ئىنسانىي تۇيغۇلارغا چىرمىلىپ تۇرغان ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ ئاجىز تورلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكىگە تۇتىشىپ تۇرغان تەلپۈنۈشىنىڭ ئىنىچكە زەنجىرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندەك بولدى. چۈنكى مۇرات شۇ ئەللىك كوينى خاتىرجەم ئالغاندىن باشلاپ، كاللىسىدا پەيدا بولغان «ئەگەر بىر ھەپتىدە ئىككى بولاق ساتسام يۈز كوي، بىر ئايدا تۆت يۈز كوي بولغۇدەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆپ ساتسامچۇ؟» دېگەن خىيالنى قىلغاندىن ئېتىبارەن، مېڭىسى يۇيۇلۇپ كەتكەندەك كاللىسىدا باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىزناسى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. «خېروئىن سېتىش دېگەن ئۇنچىۋالا خەتەرلىك ئىش ئەمەسكەنغۇ. ئۈن ـ تىنسىز بېرىپ، دېيىشىپ قويغان ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ، باشقىلارنىڭ كۆزى غەلەت بولغان پەيتتە چاندۇرماي بېرىپ قويسىلا پۈتۈدىغان ئىشكەن» دېگەن خىيال بولسا ئۇنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشقا زور ھامىي بولغانىدى.

ئەمدى مۇراتنىڭ قولى تىترىمەيدىغان، تىلى كېكەچلىمەيدىغان، يۈرىكىنى ۋەھىمە باسمايدىغان، ئۆزى ھودۇقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى... قىسقىسى ئۇ پىشىپ قالغانىدى.

ياشلار يولىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن قولىنى يۇيۇپ چىققان مۇرات قولىنى ئېرتماقچى بولۇپ، يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقاردى ۋە ھاجەتخانىغا قارىغۇچىغا:

— ھاجەتخاناڭنىڭ سۈيى ماڭمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

— رېمونتچى كەلمىدى، ئەمدى ئۆزۈم رېمونت قىلسام بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ھاجەتخانىغا قارىغۇچى سەگەكلىشىپ.

— شۇنداق قىل، پۇل تېجىلىدۇ، — دېدى مۇرات.

— ماقۇل، قاراپ باقاي.

ئاخىرقى گەپ تۈگىشى بىلەن مۇرات قولياغلىقىنى دېرىزە كۆزنىكىدىن تىقىپ، ئىچىدىكى بەش بولاقچىنى ئۇنىڭ غەللە سادۇقىغا تاشلىدى. ھاجەتخانىغا قارىغۇچى چاققانلىق بىلەن كېسىپ تەييارلانغان تازىلىق قەغىزىدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى. ئاندىن يەنە شۇ تېزلىك بىلەن بىر مۇنچە پۇلنى ياغلىقىقا يۆگەپ ئۇلگۇردى.

مۇرات تېزلىك بىلەن ياشلار يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئۆتۈپ تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە خاتىرجەم ھالدا ماشىنىسىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئەمدى ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە يانفونى سايراشقا باشلىدى. مۇرات ناتونۇش نومۇرنى كۆرۈپ تېلېفوننى ئىككىلىنىپ ئالدى.

مۇرات ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ:

— ۋەي، سىز كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مۇراتمۇ سىز؟ مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى قارشى تەرەپ. ئۇ بىر قىز ئىدى.

مۆرات يادىغا ئېلىپ تۇرۇۋېدى، قارشى تەرەپ:
— مەن گۈلشەن، — دېدى.
— گۈلشەن؟ ھە، ھە... يادىمغا كەلدىڭىز، بارمۇ سىز؟ — دېدى مۆرات قىزغىنلىق بىلەن.
گۈلشەنمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى.
— ئۈكىڭىز ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ — دېدى مۆرات.
— ئۈكاممۇ؟ ھە... ئۈكام ئەتىسىگىچىلا ئۆچۈشلىپ كەتتى.
نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان مۆرات ئالدىراپ:
— ماشىنا لازىممىدى؟ ماشىنىدىكى يولۇچىلارنى ئاپىرىپ قويۇپ يېنىڭىزغا دەرھال باراي. سىز نەدە؟ — دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەن پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى:
— ماڭا ماشىنا لازىم ئەمەس. مەن ھازىر شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا. سىزنى ساقلاۋاتىمەن، كېلەلەمسىز؟
— ھازىرلا باراي.
مۆرات گۈلشەن بىلەن كۆرۈشۈشكە كۆڭلى تېنىگەن ھالدا ماشىنىسىنى تېزلىكتە ئوت ئالدۇردى.
مۆرات ئەسلىدىكى تۇرپان شەھەرلىك كىنو - تىياتىرخانا بىناسىنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان تۆگلوۋەن سودا بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە «گۈلشەن يىراقراق بىر يەرگە بارغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىۋالغان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!» دەپ ئويلاپ كەتتى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكلەر تارقاپ كەتكەنىدى.
شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن مۆرات شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدىن گۈلشەننى تېزلا تونۇۋالدى.
مۆرات ماشىنىسىنى ئەپلىك ئورۇنغا توختىتىۋالغاندىن كېيىن سىگنال بەردى. سىگنالنى ئاڭلىغان گۈلشەن ئۇنىڭغا قارىدى. مۆرات ماشىنىدىن چۈشمەيلا ئىشارەت قىلدى. گۈلشەن يېقىملىق تەبەسسۇم قىلغىنىچە كېلىپ ماشىنىغا چىقتى.
— ياخشىمۇ سىز؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دېدى مۆرات ئال-

دىراپ ئەھۋال سوراپ.
— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟
— گۈلشەننىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا يېقىملىق ئىدى.
— شۇ، ئادەم توشۇپ...
قورۇنۇشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئىككىسى جىم بولۇپ قېلىشتى.
— نەگە ئاپىرىپ قويىمەن؟ — دېدى مۇرات بىر چاغدا.
گۈلشەن ئۇنىڭغا شوخلۇق بىلەن قاراپ:
— مېنى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويمايسىز. مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن سىزنى مېھمان قىلغىلى كەلگەن، — دېدى.
نېمە ئىشلىقىنى چۈشەنمىگەن مۇرات ھودۇقۇپ:
— نېمە... نېمىگە؟ — دېدى.
— قايسى كۈنى ئۈكام...
شۇندىلا مۇرات يادىغا ئېلىپ:
— ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.
— بۇ ئاۋارە بولۇش ئەمەس، — دېدى گۈلشەن يېقىنلىقىنى بىلدۈرگەن تەلەپپۇزدا، — ئاشۇ كۈنى دەل ۋاقتىدا ياردەم قىلدىڭىز. ۋاقىت چىقىرالماي نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، ۋاقتىدا رەھمەت ئېيتالمىدىم. كەچۈرۈڭ.
— ئەستا...
— كۆڭلۈمنى ياندۇرماڭ. سىزنى بۇيلۇقتىكى بىرەر ئارامگاھقا ئاپارغۇم بار، — دېدى گۈلشەن چىن كۆڭلى بىلەن.
بۇنى ئاڭلىغان مۇراتنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى، ئەمما تۇزۇت قىلدى ۋە خىجىللىق بىلەن:
— بوپتۇ. ئەمما ئاددىيلا تاماق يەيلى، — دېدى.
— نېمە؟ باشقا ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دېدى گۈلشەن مەيۈسلىنىپ.
— ياق. ئەتە – ئۆگۈنگىچە مەن سىزنى ئاپىراي.
گۈلشەن مۇراتنىڭ ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ ئۆزىنى پۇل خەجلەتكۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولدى ۋە:

— ئۇنداق بولسا، ھازىر بېرىپ تاماق يەيلى، — دېدى.

مۇرات گۈلشەننى ئېلىپ شەھەر كوچىسىنى ئايلانغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تولىمۇ خۇشال ھېس قىلدى. چۈنكى، ھازىر ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرغان گۈلشەن ئۇنىڭ يولۇچىسى ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدىكى ئادىمى ئىدى.

مۇرات ماشىنىسىنى «گۆھەر زېمىن تېز تاماقخانىسى»نىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى. تاماقلىرىنىڭ تەملىكلىكى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ ئاشخانا قاچانلا بولسا ئاۋات ئىدى. ئۇلار چەتتىكى كىچىك شىرەگە بېرىپ ئولتۇردى.

— نېمە تاماق يەيسىز؟ — سورىدى مۇرات.

— سىز مېھمان، سىز دەڭ.

— ماڭا بىر تەخسە لەغمەن بىلەن ئىككى زىخ كاۋاپ.

— مۇشۇ بولدىما؟

— بىر ئادەم مۇشۇنچە تاماق بىلەن تويۇر.

— توخۇدىن يېرىمنى قورۇسۇن بولمىسا.

— بولدى رەھمەت، ئىسراپ بولىدۇ.

— بەل كاۋاپتىن بىرەرنى بۇيرۇتايلى.

— بولدى، مەن بايىقى تاماق بىلەنلا تويىمەن.

ئاشخانىچى كۈتكۈچى چەينەك كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ماڭا بىر تەخسە لەغمەن، ئىككى زىخ كاۋاپ.

— ماڭىمۇ شۇنداق. ئاندىن بەل كاۋاپتىن بىرنى.

— بۇنداق جىق تاماقنى كىم يەيدۇ؟

— مەن يەيمەن!

گۈلشەننىڭ قاتتىق تەلەپپۇزىدىن مۇراتنىڭ دېمەكچى بولغان گېپى تىلىنىڭ ئۇچىدا تۇرۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ قاتتىق تەلەپپۇزىدىن ئوڭايسىزلانغان گۈلشەن كۈلۈۋەتتى. مۇراتمۇ كۈلدى ۋە:

— بۇگۈن قورقۇپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان بولدۇممۇ نېمە؟ — دېدى.

— گەپ ئاڭلىسىڭىز قورقمايسىز، — دېدى گۈلشەن. بۇ گەپ

مۇراتنىڭ يۈرىكىنى شېرىن غىدىقلاپ ئۆتتى.

ئۇلار تاماق يەپ بولاي دېگەندە، گۈلشەن يەنە ئىككى قۇتا ئانار شەربىتى بۇيرۇتتى.

— ئالدىراش ئىشىڭىز بولمىسا، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، مۇرات.

— بولىدۇ. ئالدىرىغانغا تۈگىمەيدىكەنغۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى.

گۈلشەن بىلەن مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن مۇرات: «بۈگۈن ھەرقانچە مۇھىم ئىشىم بولسىمۇ تاشلايمەن» دەپ ئويلىدى. مۇرات ئۇبدان مۇزلىتىلغان ئانار شەربىتىدىن ھوزۇرلىنىپ بىر ئوتلىغاندىن كېيىن:

— ئۆزىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەمسىز، — دېدى.

گۈلشەن ئەپسۇسلانغان ھالدا بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىدىم. كېيىن يەنە ئىمتىھان بېرەي دېسەم كۆزۈم يەتمىدى، شۇنداق قىلىپ دوستلىرىمنىڭ زورى بىلەن تىككۈچىلىكنى ئۆگەندىم. ھازىر دۇكان ئېچىپ شۇ ئىش بىلەن كېتىپ بارىمەن. تۆت شاگىرتىم بار. قارىغاندا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ماڭا نېسىپ بولمىغان ئوخشايدۇ.

«ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەپتۇ. تەقدىرىمىز نېمانچە ئوخشاش - ھە!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن مۇرات، بۇنى بىر پايدىلىق ئىشتەك ئويلاپ روھى كۆتۈرۈلدى.

— دۇكاننىڭ ئىشلىرى ئوبدان كېتىپ بارغاندۇ؟

— يامان ئەمەس، تەلىيىمگە قىز - ئاياللار ھېلىمۇ ئۆزلىرى بۇيرۇتۇپ كىيىم كىيىشكە ئامراق، — دېدى گۈلشەن خۇشاللىق بىلەن. ئاندىن ئېھتىيات بىلەن سورىدى، — ئۆزىڭىزچۇ؟

ئادەتتە باشقىلارغا ئائىلىسى توغرۇلۇق سۆزلەشنى خالىمايدىغان مۇرات بۈگۈن نېمىشقىدۇر گۈلشەنگە ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. گۈلشەن كۆزى ياش ھالدا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى

ئاڭلىدى ۋە مۆراتقا بولغان قايىللىقى كۈچەيدى.
پاراڭدىن كېيىن خۇمارى تۇتقان مۆرات تاماكا چەكتى. شۇ چاغدا گۈلشەن سومكىسىدىن رېشىلىيە ئىشلەنگەن ئورۇندۇق ياپقۇچنى ئالدى. مۆرات بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.
— ئالدىدىكى ئىككى ئورۇندۇقىڭىزغا دەپ ئىشلىدىم. بىلمىدىم، سىزگە ياقامدۇ - يوق، — دېدى گۈلشەن ئورۇندۇق ياپقۇچنى مۆراتقا سۇنۇپ.
بۇنى كۈتمىگەن مۆرات ھودۇققان ھەم خۇشال بولغان ھالدا ئورۇندۇق ياپقۇچنى ئالدى. گۈللەر ئىنچىكە، رەڭلىك ئىشلەنگەن بولۇپ، ئادەمگە خاتىرجەملىك ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەتتى. مۆرات گۈلشەننىڭ ماھارىتىگە ھەقىقەتەن قايىل بولۇپ قالدى.
— پاھ، بەك چىرايلىق ئىكەن، لېكىن نۇرغۇن ئادەم چۈشۈپ - چىقىدىغان ماشىنىغا زايە كەتكۈدەك. ئاسان كىر بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ.
— مەيلى، ھېچ بولمىغاندا سىز ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئۇزاقراق ئىشلەتكىلى بولار.
— رەھمەت. بولمىسا ئىشلەتمەي ساقلارمەن.
گۈلشەن يالغاندىن دومسايدى:
— كىر بولۇشتىن قورقۇپ ئىشلەتمىسىڭىز، كىر بولغاندا ئەكىلىڭ، مەن يۇيۇپ بېرىمەن.
بۇ گەپنى دەپ بولۇپ گۈلشەن قىزاردى، مۆرات بولسا يۈرىكى ئوت بولغان ھالدا گۈلشەنگە تىكىلىپ چىن كۆڭلىدىن:
— رەھمەت سىزگە گۈلشەن، — دېدى.
شۇ چاغدا مۆراتنى ئەسنەك تۇتتى ۋە بۇرنىدا نەملىك پەيدا بولدى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن مۆرات ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ:
— رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن. ئەمدى مەن ماڭاي، — دېدى مېڭىشقا تەمشىلىپ.
گۈلشەن مۆراتنىڭ ئەسنىگىنىگە قاراپ: «ماشىنا ھەيدەپ چارچاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئورنىدىن تۇردى:

— بولىدۇ، مەن سەل تۇرۇپ رەخت ئېلىۋېلىپ ئاندىن قايـ-
تىمەن. خوش.
— خوش. كېيىن مەن سىزگە تېلېفون قىلىمەن. بۇيلۇققا
چوقۇم بارىمىز، — دېدى مۇرات.
مۇرات گۈلشەننى بەخت يولىنىڭ كوچا بېشىغا چۈشۈرۈپ
قويۇپ كېتىپ قالدى.
گۈلشەن يولدا كېلىۋېتىپ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۆزىگە:
«مەن نېمە بولدۇم؟ مۇراتنى راستىنلا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن
ئىزدىدىممۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە شۇنچىۋالا تەييار-
لىق قىلىمەن؟ نېمە سەۋەبتىن مۇراتنى خىيال قىلىپ قالىمەن؟
ئۇ نېمە ئۈچۈن ئىختىيارسىز خىيالىمغا كىرىۋالىدۇ؟» دېگەندەك
بىر قاتار سوئاللارنى قويدى.
ئەمما گۈلشەن ئۆزىنىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى خا-
لىمىدى. نېمىشقىدۇر يۈزى قىزىرىپ، ۋۇجۇدى قىزىغاندەك بول-
دى.
راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مۇراتنىڭ ئېغىر - بېسىق، ئاز،
ئەمما ئورۇنلۇق گەپ قىلىدىغان مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.
ئاشۇ ياقتۇرۇش بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى مۇراتنىڭ ئالدىغا باشلاپ
چىققانىدى.
مانا ئەمدى مۇراتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ يۈرەك - باغ-
رىنى ئەزدى. ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ھېسداشلىق، ئانا - بالىنىڭ
قەيسەرلىكى، ئۆز كۈچىگە تايىنىدىغان بەردەملىكىگە بولغان قا-
يىللىق گۈلشەننىڭ ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى توسۇپ تۇرغان تو-
غانلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. بۇلارغا قوشۇلغان «ياقتۇرۇش»
ھېسسىياتى گۈلشەننى ئىسسىق تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلدى.
گۈلشەن تۆت كوچىدىكى تۇرلۇك ماللار سودا سارىيىدىن
چىقىپ، يېڭى تەرەققىيات بازىرىدىكى رەخت رەستىسىگە كېتىۋات-
قاندىمۇ بۇ خىل تۇيغۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتا-
ۋۇر، بەزى رەختلەرنىڭ سۈپىتى يارىسا، بەزى رەختلەرنىڭ رەڭگى

ياقمىدى. شۇڭا ئۇ رەخت ئېلىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ بازاردىن قايتىپ چىقتى.

ئەستا، مەن زادى نېمە بولغاندىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ما-شىنا ساقلاۋېتىپ، — كۆڭلۈم نېمىگە بۇنچە بۆلۈنىدىغاندۇ؟ مۇرات ھەققىدىكى خىيال نېمىشقا مېنى ئارامىمدا قويمايدىغاندۇ؟ توۋا، توۋا، ئادەم نېمە بولسا بۇنداق غەلىتە ھالغا دۇچار بولۇپ قالىدى-غاندۇ؟... بولدى، بولدى. زېھنىمنى يىغىپ ئۆز ئىشىمنى قىلاي، نېمە تۈگىمەس، قالايمىقان خىيال بۇ مەندىكى...

گۈلشەن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، بازارنىڭ قىزىقچىلىقىغا دىققىتىنى بۇرىماقچى بولدى - يۇ، بۇ بىر ئارتۇقچە ئۇرۇنۇش بو-لۇپ چىقتى.

گۈلشەن بۇنىڭغا ھەيرانلا قالدى.

گۈلشەندىكى بۇ ھاللاردىن شۇ نەرسە ئېنىق ئايان بولدىكى، ئۇ قىزلارغا خاس بولغان ئۇيانچانلىقى بىلەن ئۆز يۈرىكىدىكى ھېسسىيات مېۋىسىنىڭ پىشۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى.

گۈلشەن دۇكانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاگىرت قىزلارنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى بىلەن ئۆزىدىكى «پاراكەندە» خى-ياللاردىن بىر ئاز بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، يېنىكلەپ قالدى.

— گۈلشەن ئايلا، — دېدى بىر شاگىرت قىز، — بايا مۇ-ھەممەت شۇجىنىڭ ئايالى كېلىپ قىزىنىڭ كىيىمىنى سىزنى تىكىپ بەرسۇن دەپ جېكىلەپ كەتتى.

قارىغاندا كەنت سېكرېتارىنىڭ ئايالى بۇ شاگىرتنىڭ ھۈنى-رىگە ئىشەنچ قىلالماي شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك، قورسىقى كۆپكەن شاگىرت قىز شۇنداق دەپ دومسايغىنىچە بىر پارچە رەختنى گۈلشەننىڭ ئالدىغا قويدى.

بۇرۇنلاردا بولغان بولسا گۈلشەن «مۇنۇ يېرىنى مەن ئوڭشاپ بەرسەم، قالغان قىسمىنى ئۆزىڭىزلا تىكىۋېتىڭ. ئۇ سىزنىڭ ھۈ-نىرىڭىزنىڭ قالتىسلىقىنى بىلىپ قالسۇن» دەپ، شاگىرت

قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى، ئەمما ھازىر ئۇنداق قىلمىدى.

گۈلشەن رەختنى ئېلىپ ماشىنا ئالدىغا باردى. بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان شاگىرت قىز تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ ئورنىغا كەتتى.

گۈلشەن ماشىنىنى چۆرۈدى، قولى، پۇتى ھەرىكەتكە كەلدى. ماشىنىنىڭ يىڭنىسى شىرىلدىغان پېتى ئېسىل رەخت ئۈستىدە يېپتىن ئىزنا قالدۇرۇشقا باشلىدى.

يىڭنىنىڭ رىتىملىق، تېز ھەرىكەتلىنىپ، يېنىك ئاۋاز چىقىرىپ شىرىلدىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان بىر خىل تۇرغۇن ھال يەنە گۈلشەننى خىيال ئىچىگە باشلاپ قويدى. گۈلشەننىڭ پۇتى پېدالنى تېپىشتىن توختىدى. گۈلشەن رەختنى چىڭ بېسىپ، يىڭنىگە تىكىلگىنىچە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مۇراتنى خىيال قىلىپ كەتتى. گەرچە بۇ خىيالنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئېنىق بولمىسىمۇ، گۈلشەننى ئۆزىگە بەند قىلىۋالغانىدى.

گۈلشەننىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن شاگىرت قىزلار بىربىرىنى نوقۇشۇپ، ئۇنى ئىشارەت قىلىشتى ۋە پىخىلداپ كۈلۈشتى.

ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆزىگە كەلگەن گۈلشەن يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، رەختنى ئوڭشاشقا باشلىدى.

— گۈلشەن ئايلا، سىزگە نېمە بولدى؟

— ئەجەب ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

— قارىغاندا گۈلشەن ئايلام بىرسىنى سېغىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئارىدىكى شوخ قىزلاردىن بىرى. ئەسلى گۈلشەن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلماي دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما بۇ قىزنىڭ گېپى ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

— تولا سەتلەشمەڭە، — دېدى ئۇ جىلە بولۇپ. بىراق، قىزلار ئۇنىڭ جىلە بولغىنىغا پىسەنت قىلىپ كەتمىدى.

— سېغىنغۇچىلىكى بولسا سېغىنغاندۇ؟ — دېدى بايىقى قىز. شۇنىڭ بىلەن قىزلارنىڭ زۇۋانى ئېچىلدى:

— سېغىنىش يامان ئىش ئەمەس، گۈلشەن ئايلا.

— كۆيۈك ئوتى يامان. ئادەمنىڭ ھوشىنى ئالىدۇ.
— گۈلشەن ئايلامنى مۇشۇنچىلىك ئويغا سالغاندىكىن، نوچى يىگىت ئوخشايدۇ ئۇ.
— گۈلشەن ئايلامنىڭ كىمدىن قىلىشقۇچىلىكى بار. ئۇ يىگىتنىڭ تەلىيى بار ئىكەن.
— كىم ئۇ گۈلشەن ئايلا؟
— راست، كىم ئۇ سىز سېغىنغان؟
— كىم ئۇ سىزنى سېغىندۇرغان؟
گۈلشەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىردە جىلە بولسا، بىردە پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شېرىن سېزىم تارىدى. يۈرىكى بولسا دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئارانلا:
— بولدى قىزلار، قولىڭىزلاردىكى ئىشنى ۋاقتىدا پۈتتۈرۈڭلار، — دېيەلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ يۈرىكىدە شېرىن سېزىملەر سەيلە قىلىشقا باشلىغانىدى.

# ئونىنچى باب

خۇمارى بېسىلىپ، خىيرۇئىننىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقان مۇرات كامىلغا قارىدى. كامىل تېخىچىلا ھەسەن ھەسەلنىڭ ئۆزد - گە ئوكۇل قىلىشىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

قارىماققا ئۇ ئوكۇل ئۇرۇشقا قىزىقىپ قالغاندەك تۇراتتى.

ھەسەن ھەسەلدىن كېيىن پەتتار چىركىن ئوكۇل قىلدى. ئۇلار ھاكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان تامغا يۆلەنگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇشۇپ، راھەت - پاراغەت دەرياسىدا ئۈزۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن كامىل بارماقلىرىنى ئىشقىلاپ ئولتۇرالماي قالدى.

— ئوكۇل قىلسا چەككەندىنمۇ بەك راھەتمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاخىر.

— بۇنىڭ ئالدىدا چەككەننىڭ راھىتىنىمۇ راھەت دېگىلى بولامدۇ، — دېدى پەتتار چىركىن گەپ قىلىش خۇشياقمىغاندەك.

— مەنمۇ ئۇرۇپ باقاي، — دېدى كامىل، — مانا پۇلمۇ بار.

ئەمما ئۇ ئىككىسى خۇددى «ئوكۇل قىلىشقا سېنىڭ سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ» دېگەندەك ئىنكاس قايتۇرمىدى. كامىل ئۇلار - نىڭ بىر نېمە دېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ پەرىشان بولدى ۋە ئولتۇر - غان پېتى كەينىگە سۈرۈلۈپ، توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن پارغا يۆلەندى.

بۇنى كۆرگەن مۇرات:

— ساراڭ، چەككىنىڭ يەتمىدىمۇ؟! شۇنىڭغىمۇ كۆڭلۈڭنى

يېرىم قىلامسەن؟! — دەپ تىلىلىدى.
تازا ھۆزۈرلىنىپ يۇخادىن چىققان ھەسەن ھەسەل كۆتمەنگەندە مۇراتقا:
— قانداق مۇرات، سەنمۇ بىر ئوكۇل قىلىپ كۆرۈپ باقمامسەن، — دېدى سىرلىق كۈلۈپ. بۇنى ئاڭلاپ مۇراتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى:
— ياق، ياق!
مۇراتنىڭ بۇنچىلىك چۆچۈپ كېتىشىنى ئويلىمىغان ھەسەن ھەسەل بىلەن پەتتار چىركىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
— ھوي، نېمانچە قورقىسەن؟ — دېدى ھەسەن ھەسەل.
— مەن قورقىمەن، ئىشقىلىپ ئۇرمايمەن.
— قورقۇنچاق، — دېدى پەتتار چىركىن، — بۇنىڭ ھۇزۇرى باشقىچە دەيمەن.
— ئوكۇل قىلساڭ بىلىسەن، — دېدى ھەسەن ھەسەل.
— ياق، مەن ئۇرمايمەن. ئۆزۈڭ نەچچە قېتىم «بۇنداق قىلسا جاننى ئالىدۇ» دېگەن.
— خېروئىننى چەكسەڭ خوي ئۆمرۈڭنى ئۇزارتىدۇ، — دېدى پەتتار چىركىن زەردە بىلەن.
— يەنىلا كامىلنىڭ جىگىرى بار ئىكەن، كېلە كامىل، — دېدى ھەسەن ھەسەل، — يىگىت دېگەن كامىلدەك بولماي.
بۇنى ئاڭلىغان كامىل ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. پەتتار چىركىن ئۇنىڭ بىلىكىنى بوغقۇچ بىلەن بوغدى.
— مۇشۇ نوچىلىقىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىمقىسى ساڭا سوۋغات، — دېدى ھەسەن ھەسەل سۇيۇقلانغان خېروئىننى شپىرىسقا ئىچۈرۈپ، — كېلە، ئوبدان كۆرۈۋال، كېيىن ئۆزۈڭ ئۇرىسەن...
سۇيۇقلانغان خېروئىن كامىلنىڭ تومۇرىغا كىرىپ قېنىغا ئارىلاشتى. كامىل ئەسلى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر ھۇزۇرنى ئويىلىغانىدى. ئەمما، سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ تومۇرىغا مېڭىپ بولغاندىن كېيىن، كۆز ئالدى تۇمانلاشقاندەك بولدى، ئۆزى بولسا باشقىچىلا

بىئاراملىق ئىلكىدە قالدى.

— بۇ... مەن نېمە بولدۇم؟ — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا. ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى دەرھال چۈشەنگەن پەتتار چىركىن:

— قورقما، باشتا مۇشۇنداق بولىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۇزۇرنى ھېچنېمىگە تېگىشمەيسەن، — دېدى.

شۇ چاغدا ھەسەن ھەسەلنىڭ يانفونى سايرىدى. ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ «ھە، ھە، ماقۇل» دېگەندىن كېيىن تېلېفوننى ئۈزدى.

— مۇرات، قورقىدىغان نېمەڭگە بۇ يەردە بىزگە قاراپ ئولتۇرغۇچە ئىشىڭغا ماڭ، — دېدى ئۇ مۇراتقا بەش بولاقچىنى سۇنۇپ. بۇنى ئاڭلىغان مۇرات چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە باشقا نەرسە ئەمەس، ئىككى يۈز كوي پۇل كۆرۈنگەنىدى. ھازىر مۇرات بىر بولاق خېروئىننى يەتكۈزۈپ بەرسە، ھەر بىر بولىقى ئۈچۈن قىرىق يۈەن ئالاتتى. ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكى خېلى توختاپ قالغان بولۇپ، بۇرۇنقىدەك تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ يۈرمەيتتى. ئەپچىل، دادىل ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭ خېروئىن سېتىپ تاپقان پۇلى كۆپەيگەنچە كىراغا ئۇنچە بەك ماڭغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ماشىنا ھەيدەش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان، ئېرىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، تاپىدىغان پۇلى كۆپەيگەنچە، يەنىلا ئۇنىڭ خېروئىن چېكىشىگە يەتمىگىلى ئارانلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئەمدى ھەپتىسىگە ئىككى، ھەتتا بەزىدە ئۈچ قېتىم چەكمىسە چىدىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالاي، چەكلەپ باقاي دېسىمۇ ئامالى بولمايۋاتاتتى.

ھەسەن ھەسەل بولاقچىلارنى ئۇنىڭغا ساناپ تۇتقۇزدى ۋە بۇرۇنقىدەكلا ئەسكەرتتى:

— مۇرات، قاتتىق ئېھتىيات قىل، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلما. ناۋادا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭ، بىزنى ھەرگىز چېتىۋالما!

— چاتاق يوق! — دېدى مۇرات.

مۇرات چىقىپ كەتتى.
— مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى پەتتار چىر-كىن ئەندىشە قىلىپ، — ئۇ قولىغا كىرىدىغان پۇلنىلا كۆزلەيدى-غان بولۇپ قاپتۇ.
— ئەنسىرىمە، — دېدى ھەسەن ھەسەل، — يۈرىكى كىچىك نېمە. كۆرمەيۋاتامسەن، شۇڭا ئۇ بەك ئېھتىياتچان.
— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، مۇشۇ مۇراتنى كۆرسەملا يۈرىكىم ئېغىپ كېتىدۇ.
— سەن ئۇنىڭ قەرزلىرىنى قايتۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرى-گەچكە شۇنداق بولۇۋاتقانسەن؟
— شۇنداقمىكىن يە؟ دېمىسىمۇ ئۇ قەرزىنىڭ ئايىغىنى ئۈز-مەيۋاتسا. يا قولىدا تۈزۈك پۇل يوق ئۇ نېمىنىڭ.
— ئالدىرىما، ئۇ ماشىنىسىنى ساتسا نۇرغۇن پۇلى بولىدۇ.
— ماشىنىسىنى ساتۇرمۇ؟
— مۇشۇنداق مېڭىۋەرسە ساتماي نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ ھا-زىر تەييارغا ئۆگىنىپ كەتتى.
— ساتىدۇ، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى كامىل، — قايسى كۈ-نى «ماشىنىنىڭ قەرزى تۈگىسە سېتىۋېتەيمىكىن، بەش كۈنىنىڭ كەينىدىن پالاقلاش ئادەمنى بەك ھاردۇرۇۋېتىدىكەن» دېدى. قارى-غاندا ئۇ ماشىنىدىن زېرىكىپتۇ.
— سەنچۇ؟ نېمە دېدىڭ؟
— مېنىڭچىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە تاكسى ھەيدەش بەك جاپالىق ئىش. شۇڭا ئۇنىڭغا: «توغرا ئويلاپسەن، ماشىناڭنى سېتىپ، بىر مۇنچە پۇلنى قىرلىۋېلىپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرمەمسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەن ئاكامنىڭ شاپائىتى بىلەن ئوبدانلا پۇل تېپىۋاتى-سەن» دېدىم. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا ھازىرقىدەك ئاسان پۇل تاپىدى-غان ئىش نەدە بار؟
بۇنى ئاڭلىغان ھەسەن ھەسەل مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— مەنمۇ سىلەرگە ياردەملەشسەم بولاتتى، — دېدى كامىل.

— ئالدىرىما، — دېدى ھەسەن ھەسەل، — سەن قىلىدىغان باشقا ئىش بار. ئۇرۇمچىدىكى ئاغام خەۋەر بەرسە، سەن ئۇرۇمچىگە بارىسەن. قىلىدىغان ئىشىڭنى شۇ چاغدا بىلىپ قالىسەن.

— رەھمەت ئاكا، — دېدى كامىل خۇشال بولۇپ.

— پەتتار، — دېدى ھەسەن ھەسەل، — نۇرلۇق كوچىسىدىكى ھېلىقى ئادىلغا دىققەت قىل، ئۆزۈڭ بىۋاستە كۆرۈشمە، بىزگە ئىش تېپىپ بېرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— تازا چېكىدىغان بولۇپ كەتتى ئۇ. يېقىندا ئىككى ئاغىنىسىنىمۇ ئۆگەتتى.

— شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىيات قىل. ھەرگىز نېسى قىلما. ئۇرۇمچىدىكى ئاغام تونۇگۇن تېلېفون قىلىپ «شۇنچە دەپ تۇرسام يەنە نېسى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ بەك خاپا بولۇپ كەتتى. ئۇ يەنە: «ئىش - ئوقتى يوق بىكارچىلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەڭلەر» دەپ قاتتىق جېكىلىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق.

— ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى مۇئەللىم ئىكەن، يەنە بىرى ئۆزۈم سودىسى قىلىدىكەن.

— ئۇنداق بولسا بولغۇدەك. مەن يىغىلغان پۇللارنى ئاغامغا يوللىۋېتەي.

# ئون بىرىنچى باب

تېلېفون كېلىۋېدى، مانتىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان مۇرات يانفونىغا قاراپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— يەنە بىر نەچچە تال يە بالام.

— بولدى، بىر خېرىدارنىڭ جىددىي ئىشى بار ئىدى، ماڭاي.

رەھىمە مۇراتنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى:

— قاراپ ماڭ بالام.

مۇرات بېشىنى ئانچىكىم لىڭشىتىپ قويۇپلا مېڭىپ كەتتى. رەھىمە: «مۇشۇ ماشىنىنىڭ قەرزىمۇ تۈگەر. بىچارە بالام... بىر ئۆھ دەپ نىكاھ ئىشىنى ئويلاشسا، مەنمۇ كېلىنىنىڭ راھىتىنى كۆرسەم» دەپ مۇراتقا ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

— مۇراتنىڭ ئىشى ئالدىراشمۇ نېمە؟

رەھىمە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرەھىمنى كۆردى. ئابدۇرەھىم يەنە شۇ مۇلايىم تۇرقى بىلەن تۇراتتى. ئۇ ئەنە شۇ ئىللىقلىقى بىلەن بۇ يېزىدىكى دېھ- قانلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەنىدى.

— تىنچلىقمۇ رەھىمجان، كۆرۈۋاتىسىز، بالام مۇشۇنداق جا- پالىق مېڭىۋاتىدۇ.

— قەرزمۇ ئاز قالدى. ئەمدى چىدىسۇن. ئۆزلە بەكرەك تۇرۇپ بەرسىلە. نۇرغۇن تاكسىچىلار «قەرز ئاز قالدى» دەپ بەل قويۇۋې- تىپ، قەرزدىن، غەمدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، سۆزىڭىز ئورۇنلۇق.

— قارىسام قەرز قايتۇرۇش سەل ئېگىز - پەس تۇرىدۇ. شۇ-
ڭا دېگىنىم. بولمىسا كېيىن سىلىگە جاپا بولىدۇ.
ئابدۇرەھىم خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.
— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ئۇكام، — دېدى رەھىمە ئۇ-
نىڭ كەينىدىن مىننەتدار بولۇپ، — ئەگەر قەرز يىغىلىپ قالغۇ-
دەك بولسا، مۇراتنىڭ تويىغا ئاتاپ قويغان پۇلدىن قايتۇرارمەن.
مۇراتنى كۈتۈۋاتقىنى ماشىنا لازىم قىلىدىغان خېرىدار ئە-
مەس، بەلكى تاماكا خېرىدارى ئىدى. بايىقى تېلېفون ھەسەن ھە-
سەلدىن كەلگەن بولۇپ، مۇراتنى قولىدىكى ئالتە بولاق تاماكىنى
جايىغا ئاپىرىشنى سۆيلەپ قىلغان تېلېفونى ئىدى. بۇنداق بىر
سايرىتىپ قويىدىغان تېلېفوننىڭ مەنىسىنى مۇرات ئوبدان بىلەت-
تى.
مۇرات غەربىي ئايلانما يولىدىكى «ئاۋات تاللا بازىرى» دەپ
ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر كىچىك دۇكاننى نىشانلاپ تېزلىك بىلەن
ماڭدى. يول بويىدىكى قول كۆتۈرۈپ ماشىنا توسىغان يولۇچىلارغا
قاراپمۇ قويمىدى. چۈنكى ئۇنى دۇكاننىڭ ئالدىدا «ئالاھىدە بىر
يولۇچى» كۈتۈپ تۇراتتى.
مۇرات يىراقتىنلا يول بويىدا ئەتراپقا ئىنتىزارلىق ۋە سە-
گەكلىك بىلەن قاراپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆردى. ئېنىقكى،
مۇراتنى ساقلاۋاتقان كىشى شۇ ئىدى.
مۇرات ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشىۋالغىنى بويىچە
ئۈچ قېتىم سىگنال بەردى. ئۇ كىشى دەرھال ماشىنىغا چىقتى.
مۇرات مېڭىپ كەتتى.
مۇراتنىڭ ماشىنىسى مەدەنىيەت يولىغا چۈشۈپ ماشىنا تو-
پىغا قوشۇلۇشى بىلەن ئۇ كىشى يۈز يۈەنلىك بىر مۇنچە پۇلنى
مۇراتقا بەردى. مۇرات پۇلنى بىر قۇر يىمىرىپ كۆرۈپ باققاندىن
كېيىن، ماشىنىنىڭ ئالدى ئىككى ئورۇندۇقىنىڭ ئارىسىدىكى
نەرسە - كېرەك سالىدىغان ساندۇقچاقتا سېلىپ قويدى. ئاندىن
يېنىدىكى بولاقچىلارنى ئېلىپ ئۇ كىشىگە سۇندى. ئۇ كىشى

بولاقچىلارنى بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك تېزلىك بىلەن يانچۇقىغا سېلىۋالدى. مۇرات ئۇ كىشىنى «مەشرەپ مەيدانى»نىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويدى.

مۇرات تېزلىك بىلەن كېلىپ ماشىنىسىنى «چىن سۆيگۈ كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسى»نىڭ ئالدىدا توختاتقاندىن كېيىنلا، يېنىك تىنىپ «ئۇھ» دەۋەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە تەمكىن تۇتسىمۇ، ھەسەن ھەسەلنىڭ ئالدىدا چوڭ گەپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا بىر خىل قورقۇنچ بار ئىدى. قولىدىكى بولاقچىلارنى بەلگىلەنگەن ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇ كىشىدىن يىراقلىشىپ، ئۆزى بىخەتەر دەپ قارىغان يەرگە كېلىۋالغۇچە يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتەتتى.

ئۇنىڭغا ھۇزۇر كېرەك.

پۇلمۇ كېرەك.

شۇنداقلا جانمۇ تاتلىق!

مۇرات بىر تال تاماكا ئېلىپ بىر نەچچىنى قاتتىق شورىغاندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئېغىر ۋە چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى چىڭگىدە تىرەپ ئولتۇردى ۋە ئاغزىدىكى تاماكا ئىسىنى بىر چەتكە كۈچەپ پۈۋلىدى.

ئادەمنىڭ روھىنى سەگىتىدىغان ئاق رەڭ، چىرايلىق ۋە ئىنچىكە ئىشلەنگەن رېشلىيە، نەپىس كەشتىلەنگەن گۈل!

ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ نەرسىلەر چېلىقتى.

مېھرى ئىسسىق، شېرىن سۆزلۈك، كۆزى ئوتلۇق قىز!

مۇراتنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى.

گۈلشەن!

دېمەك، ئۇنىڭ جېنى ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى گۈلشەنگىمۇ كېرەك ئىدى. ئۇ نېمىشقا پات ـ پاتلا بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؟

مۇرات بېشىنى چىڭ چاڭگاللىغىنىچە زىددىيەتلىك تۇيغۇلار

ئىلكىدە پوكلىنىپ قالدى. ئۇ ھە دەپ بېشىنى رولغا ئۇراتتى. بەزىدە پېشانىسى رولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىگنال بېرىش قىسمىغا تېگىپ ئۇزۇك - ئۇزۇك سىگنال بېرىلىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ ئاۋاز مۇراتقا بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىن زارلانغاندىكى نالىسىدەك، ئاھۇزارىدەك ئاڭلاندى. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، مۇدھىش ئاۋاز - ھە! شۇڭا يوللاردا بۇ ئاۋاز ياڭرىشى بىلەن كىشىلەر بەدەر قېچىشىدىكەن - دە!

مۇراتنى بىردىنلا پۇشايمانلىق تۇيغۇلار ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى. شۇنداق، شۇ تاپتا ئۇ ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدى. ئۆز - ئۆزىگە غەزەپلەندى. «مەن نېمە ئۈچۈن بۇ يولغا ماڭىمەن؟ نېمە ئۈچۈن شۇ نىجىس نەرسىگە خۇمار بولۇپ قالغاندىمەن؟ گۈلشەن بۇ ئىشىمنى ئۇقسا ماڭا نېمە دەر؟ ماڭا قانداق قارار؟ يەنە مەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتەرمۇ؟ ياكى مەندىن نەپرەتلىنىپ يۈز ئۆرۈپ كېتەرمۇ؟ ئۇ ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق قىز. شۇڭا مېنىڭچە ئۇ چوقۇم ماڭا نەپرەتلىنىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ... شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم، خېروئىندىن قول ئۈزۈشۈم كېرەك. ھازىردىن باشلاپ بۇ يولدىن قايتىشىم كېرەك...»

غەزەپ ۋە قەتئىيلىكتىن مۇراتنىڭ ۋۇجۇدى قايناپ تاشتى. ماشىنىنى تېزلىك بىلەن قوزغىدى. ھېلىقى سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەن ئۆيگە ئېتىلىپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى پۇلنى ھەسەننىڭ ئالدىغا تاشلاپلا، كىرگەن تېزلىكى بىلەن كەينىگە ياندى.

— نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا؟ — دېدى كامىل ھەيران بولۇپ.

— گول يولۇچىدىن بىرەرى ئۇچراپ قالغان بولسا، شۇنىڭغا ئالدىراۋاتقاندۇ، — دېدى پەتتار چىركىن.

ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىققان مۇرات ئۆزىنى خېلى يېنىك، ئەركىن، ئازادە سەزدى. ئۆزىدىكى گۇناھلىق تۇيغۇ ئاجىزلاۋاتقاندەك، خاتالىقلىرىنى يۇيۇۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا ئاراملىق بېرىشكە باشلىدى.

مۇرات جۇرئەتكە كېلىپ مۇشۇنداق قىلالىغىنىدىن بەك خۇ-شال بولۇپ كەتتى.

ئۇ بىر خىل توق كۆكۈچ ئۈللۈك ۋە بىردىنلا پەيدا بولغان ئىـ-شەنچ بىلەن گۈلشەنگە تېلېفون قىلدى.

— تىنچلىقمۇ گۈلشەن، مەن مۇرات.

— ۋاي مۇراتمۇ سىز؟ — گۈلشەننىڭ ئاۋازىدىن مۇراتنىڭ تېلېفون قىلغىنىدىن بەك خۇشال بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— گۈلشەن، ۋاقتىڭىز بولسا سىز بىلەن توخۇ قوردىقى يەپ كەلسەكمىكىن دەپ ئويلىغان، — دېدى مۇرات ئالدىرىغاندەك.

— بەك ياخشى بولغۇدەك. ۋاقتىم بار، — دېدى گۈلشەنمۇ دەررۇلا.

— ئۇنداقتا، كەچقۇرۇن ئالغىلى باراي.

— بولىدۇ، ساقلايمەن، — دېدى گۈلشەن ۋە يەنە پاراڭلاش-قۇسى باردەك قوشۇپ قويدى، — هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— بازاردا كىرا تارتىۋاتىمەن.

— ماشىنا هەيدىگەندە دىققەت قىلىڭ جۇمۇ.

— ماقۇل، رەھمەت گۈلشەن.

— ئورۇندۇق ياپقۇچ كىر بولۇپ قالمىغاندۇ؟

— ياق.

— كىر بولۇپ قالغان بولسا ئەكىلىڭ، يۇيۇپ بېرىمەن.

— كىر قىلماي، ئاياپ ساقلاۋاتىمەن.

— تاشلىۋەتمىگەنسىز؟

— ئۇنى تاشلاشقا يۈرىكىم قانداقمۇ چىدىسۇن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلشەننىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. مۇراتقا بولسا خۇددى ئىككىسى بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزهار قىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

— راستمۇ؟

— راست، كۆرسىڭىز بىلىسىز.

مۇرات بۇ گېپىگە ئۇلاپ «سىزگە چىدىمايۋاتقان يۈرىكىمنى

كۆرسىڭىز ھەممىنى بىلەتتىڭىز» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، بۇ گەپنى دېيىشكە پېتىنالماي تەستە يۇتۇۋەتتى. مۇرات بىر ئاز جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، گۇلشەن:

— بولىدۇ مۇرات، كەچتە تېلېفونىڭىزنى كۈتىمەن، — دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

مۇرات ئورۇندۇق ياپقۇچقا قارىدى. ئۇ ئاق ياپقۇچلار كىرلىشىپ قالغان بولغاچقا ئازراق تۇتۇلۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى كۆڭلىگە پۈككەن مۇرات بىر قورۇق يۈيۈش دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇ ھاياجانغا چۆمگەنىدى.

مۇرات كەچكىچىلا شۇ ھاياجان بىلەن يۈردى. ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۆزىنى زەھەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، سۆيگۈگە بارغانسېرى يېقىنلاشتۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «مەن قانداق قىلىپ گۇلشەننى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ ئۇ مېنى راستلا قوبۇل قىلارمۇ؟ يا مەن ئۆزۈمنى ئالداپ، ئۇنىڭ ماڭا تۈز نىيەت بىلەن قىلىۋاتقان ياخشى مۇئامىلىسىنى خاتا چۈشىنىۋالغاندىمەنمۇ؟ يا ئاخىرىدا يەنە پەرىدە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمگە ئوخشاش ئەلەم بىلەن بارماق چىشلەپ قالارمەنمۇ؟ ئۇنى چېكىپ باقاي، ئۇ نېمە ئويدىكىن؟ ئەستا، مەن نېمە بولۇۋاتىمەن؟ ھەي...» مۇرات ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ۋاقىتنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇ قانداق قىلىپ گۇلشەننى يېقىن كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالغانىدى.

مۇرات كەچكە يېقىن گۇلشەننى ئالغىلى باردى. ئۇچرىشىپ ئىككىسىلا خۇشال بولۇپ كېتىشتى.

گۇلشەن ماشىنىغا چىقىپلا مۇراتقا ئامراقلىق بىلەن قاراپ قويدى. ئاندىن ئورۇندۇق ياپقۇچىغا قاراپ ھەيران بولدى:

— ھوي، بۇ ياپقۇچلار پاكىزغۇ. ئىشلەتمەيسىزمۇ نېمە؟

— ئىشلىتىمەن، — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — لېكىن ناھايىتى ئاسرىدىم.

— قانداق ئاسرىدىڭىز؟

— سىزنى ئاسرىغانداك ئاسرىدىم.
— ۋىيىيەي، — دەپ قىزاردى گۈلشەن، — مېنى قانداق ئاسرايسىز؟
— سىزنى رەنجىتمەيمەن، كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتمايمەن، خۇشال قىلىشقا تىرىشىمەن.
گۈلشەن خۇددى مۇھەببەت قەسىمى ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇپ، يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
— قېنى كۆرەرمىز، — دېدى گۈلشەن بوش ئاۋازدا.
گۈلشەننىڭ بۇ گېپىدىن مۇرات خۇددى ئۆزىنىڭ سۆيگۈ تەلىپى قوبۇل قىلىنغاندەك يايراپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىقىنى تەستە بېسىۋېلىپ:
— ماڭامدۇق؟ — دېدى. قانداقتۇر شېرىن خىجىللىقتىن مۇراتقا قارىيالماي قالغان گۈلشەن بېشىنى لىڭشىتتى.
مۇرات ماشىنىسىنى يېڭى بېكەت رايونىغا قاراپ ھەيدىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.
ئۇلار يېڭى بېكەت رايونىدىكى مەخسۇس توخۇ قورۇدىقى قىلىدىغان بىر قاتار ئاشخانىلارنىڭ ئىچىدىكى «سەيۋوپو ئاچچىق - چۈچۈك توخۇ قورۇمىسى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ توخۇ قورۇمىسىنىڭ تەمىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مۇشۇ ئەتراپتىكى نامى چىققان ئاشخانىلارنىڭ بىرى ئىدى.
بىر لېگەن توخۇ ئۈستەلگە قويۇلغاندا مەززىلىك پۇراق ئەتراپنى بىر ئالدى. بۇنىڭدىن مۇراتنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى.
— قېنى ئېلىڭ، — دېدى مۇرات گۈلشەنگە، — خېلى ئوخشىغان ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتىغۇ.
گۈلشەن بىر پارچە گۆشنى چوكىسىغا قىسىپ ئاۋايلاپ ئېلىپ تەخسىسىگە سالدى. ئاران تاقەت قىلىپ تۇرغان مۇرات بىر تال چالا پىشقان سامساقنى بىرلا پۈۋلەپ ئاغزىغا سالدى.
توخۇ قورۇدىقى ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. ئۇلار ئىشتىھا بىلە-

لەن يېيىشتى. گۈلشەن توخۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئېلىپ مۇراتنىڭ تەخسىسىگە سېلىپ قويدى. توخۇ پۇتىنى ئانچە يەپ كەتمەيدىغان مۇرات چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

— ھوي، ئەستا، سىز يەڭ، — دېدى.

— سىزنىڭ ھارماي چېپىشىڭىز ئۈچۈن، — دېدى گۈلشەن.

— رەھمەت، — دېدى بۇ گەپتىن دىلى سۆيۈنگەن مۇرات.

— توخۇ ئاسان يىقىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا سىزنىڭمۇ بىخەتەر بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن.

گۈلشەننىڭ بۇ گېپى مۇراتنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتتى. شۇڭا مۇرات توخۇ پۇتىنى كۆڭۈل قويۇپ يېيىشكە باشلىدى. گۈلشەننىڭ ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ كەتتى.

دەسلەپ خىجىل بولغان گۈلشەن كېيىن كۆنۈپ قالدى ۋە ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى.

مۇرات ھەقىقەتەن خۇشال بولغانىدى. ئۇ گۈلشەنگە قارىغانچە ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلدى ۋە بۇ گۈزەل قىزغا مەپتۇن بولدى. «گۈلشەننىڭمۇ ماڭا كۆڭلى باردۇ ـ ھە؟ يا بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكىنى دەپ باقايمىكىن؟... دەپ ئويلىدى ئۇ، — بەك بالدۇر بولۇپ قالسا، ئۇ رەت قىلىۋېتەرمۇ ـ يا؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا كېيىن ئېغىز ئاچىدىغان يولۇمنى ئېتىپ قويۇرمەن-مۇ؟»

— نېمىگە خىيالغا چۆكۈپ قالدىڭىز؟ — سورىدى گۈلشەن. بۇنىڭدىن مۇرات بەك ھودۇقۇپ كەتتى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — سورىدى گۈلشەن يەنە.

— ئۆزۈمنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى مۇرات.

— نېمىشقا؟ — دېدى گۈلشەن ھەيران بولۇپ. مۇرات «ئۆ-زۈمنى سىزگە ماس كېلەمەنمۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن» دەۋەتكىلى تاس قالدى.

— ماڭا مۇشۇنداق چىرايلىق قىز بىلەن بىللە تاماق يېيىش نېسىپ بوپتۇ دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى مۇرات.

— نەدە... ئادەمنى خىجىل قىلماڭە... — دېدى گۈلشەن خىجىل بولۇپ لېۋىنى چىشلەپ. مۇرات بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ «سىز مەن ئۈچۈن مەڭگۈ چىرايلىق» دېمەكچى بولدى - يۇ، يەنە پېتىنالمىدى ۋە ئوتلۇق، مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى گۈلشەنگە تىكتى. مۇراتنىڭ يۈرەك تىۋىشىنى تۇيغان گۈلشەننىڭ يۈرىكى ھاياجانلىق سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ئوتتۇرىدا مۇھەببەتلىك گەپلەر چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ خۇدۈكسىرەپ ئەتراپقا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى.

ئاشخانىغا يېڭى كىرگەن كىشىلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقى بىلەن دىققىتى بۆلۈنگەن مۇرات ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ماڭامدۇق؟ — دېدى.

— ھەئە، ماڭايلى. پاراڭ بىلەن بولۇپ جىق يەۋاپتىمەن، — دېدى گۈلشەن مۇراتقا قەغەز سۇنۇپ.

ئۇلار سىرتقا چىقىشتى.

— تاماق سىڭدۈرگەچ ياشلار يولىنى ئايلىنىپ كېلەيلىمۇ؟ — دېدى مۇرات.

— ماقۇل.

ئۇلار يىراق - يېقىنغا داڭقى بار ياشلار يولىغا باردى. ياشلار يولىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئادەمگە خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان سۈت رەڭلىك چىراغ نۇرى، يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى، سالقىن ھاۋا، ئۈزۈم تالLIرىدىن ھاسىل بولغان مەپتۇنكار يېشىللىق، ئادەمگە ئىشتىھا بېغىشلايدىغان ساڭگىلاپ تۇرغان ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر... مانا بۇلار بىرلىشىپ ئادەم كۆزىنى ئۈزەلمەيدىغان بىر پۈتۈن مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشقاچ ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياشلار يولىنىڭ ئۇ بېشىغىچە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا، مۇراتقا مۇنداق ئۇزۇن قۇرۇق پاراڭ قىلىش، شۇنداقلا مۇنداق ئۇزۇن پىيادە مېڭىش پەقەت خۇشياقمى-

غان بولاتتى. بىراق، بۇگۇن بۇ ئۇششاق پاراڭلاردىن ئۇ پەقەت زې-
رىكمىدى، ياشلار يولىمۇ تولىمۇ قىسقا بىلىنىدى. ئۇ بۇنىڭدىن
ھەيران قالدى.

— كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، قايتايلى مۇرات، — دېدى گۇل-
شەن. ئەمما، مۇراتنىڭ پەقەت قايتقۇسى يوق ئىدى. ئاشۇنداق تو-
گىمەس پاراڭلارنى يەنە قىلىشقۇسى كەلدى. كىمنىڭ يادىغا نېمە
كەلسە شۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋەرسە... مۇرات شۇ تاپتا ھەقىقەتەن
شۇنى خالاپ قېلىۋاتاتتى.

مۇرات گۇلشەنگە قاراپ ئۇنىڭمۇ بالدۇر قايتقۇسى يوق ئى-
كەنلىكىنى بىلدى، بىراق گۇلشەن قايتىشى كېرەك.

— كېيىن يەنە ئايلىنايلى، — دېدى گۇلشەن. مۇرات ئامال-
سىز باش لىڭشىتتى.

مۇرات گۇلشەننى ئاپىرىپ قويۇپ خۇشال ھالدا قايتتى. بۇ-
گۇن ئۇ گۇلشەنىنىڭمۇ ئۆزىگە مەيلى بارلىقىنى جەزم قىلغانىدى.
«ئەمدى مېنىڭ پەيتىنى تېپىپ گەپنى ئوچۇق دەيدىغان يېرىملا
قاپتۇ. ۋاقىتنى سوزماي... » دەپ ئويلىدى مۇرات.

بىراق ئۇ پىيازچىلار كەنتىگە كەلگەندە ئۇنىڭدا غەيرىي ئالا-
مەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاغزى قۇرۇشتى، كۆزلىرى چەك-
چىيىشكە باشلىدى. بەدىنى مۇزلاپ، تىترىدى. بۇنىڭدىن مۇراتنىڭ
يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئۇ نىمكەش ماللار بازىرىنىڭ
دەرۋازىسىغا كەلگەندە ماشىنىنى تورمۇزلىدى. ئاڭغىچە ئۇنىڭ
ئاغزىغا شۆلگەي توشۇپ كەتتى. ئۇ تولىمۇ تەستە بۇ شۆلگەيلەرنى
يۇتۇۋېتىۋېدى، يەنە شۆلگەي پەيدا بولدى. ئارقىدىن ئاغزى يەنە
قۇرۇپ كەتتى. «غەيرەت قىلاي، — دەپ ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەردى
مۇرات مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، — غەيرەت قىلاي، غەيرەت قىل-
سამلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ نىجىستىن قۇتۇلىمەن، ئەمدى يېقىن يو-
لىمايمەن. شۇنداق قىلسام گۇلشەنىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قال-
مايمەن. شۇڭا چىداي، غەيرەت قىلاي...» گۇلشەننى يادىغا ئېلىشى
بىلەن مۇراتقا يەنە كۈچ كىردى. لېكىن، ۋۇجۇدىنى بارغانچە قامال

قىلىۋاتقان بىئاراملىق، مەيدىسىنى قاماللىۋالغان تىت ـ تىتلىق، تومۇرلىرىدىكى چىدىغۇسىز قىمىرلاش، بەدىنىدىكى بېسىپ بول-غۇسىز قىچىشىش ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇپ، ئىرادىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مۇرات لېۋىنى چىڭ چىشلىدى. ئەمما، ئاغزىدىكى يۇتۇپ ئۆلگۈرەلمەيۋاتقان شۆلگەي ۋە بەدىنىدىكى ئازابلىق تەشنالىق ئۇنىڭ كاللىسىدىكى «گۆلشەن»، «سۆيگۈ»، «غەيرەت»، «قول ئۈزۈش» دېگەنلەرنى قىستاپ چىقىرىپ، كاللىسىنى قۇپقۇرۇق قىلىپ قويدى.

مۇرات ئىختىيارسىز ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. «مۇشۇ بىر قېتىم، — دېدى مۇرات ھاسىراپ، — لېكىن مەن خالاپ قىلمايۋاتىمەن. پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا... مەندە ئىرادە بار، مۇشۇ بىر قېتىم چېكىۋالساملا ئۇ نىجىسنى چوقۇم ئاستا ـ ئاستا تاشلىۋېتىمەن. چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. مەن چىدىيالايمەن، مەن چىدايمەن... »

مۇرات ھېلىقى بىناغا قاراپ ماڭدى.

مانا، ئۇ بىنا مۇراتقا ئوت بولۇپ كۆرۈنمەكتە!

ھۇزۇر ماكانى بولۇپ كۆرۈنمەكتە!

تەشنالىقنى باسقۇچى ئابىزەمزەم بولۇپ كۆرۈنمەكتە!

مۇرات ئىشىكنى كۈچەپ ئۇردى. ئىشىك دەرھال ئېچىلدى. ئىشىكتە ناتونۇش بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېلىلا خۇمارىنى بېسىپ، ھۇزۇر سۈرۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— سىز... نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى ناتونۇش يىگىت. مۇرات ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابمۇ بەرمەي بۆسۈپ دېگۈدەك ئۆي ئىچىگە كىردى.

ئاڭغىچە ھەسەن ھەسەلنىڭ:

— ئۆزىمىزنىڭ ئاغىنىسى، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

مۇرات ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ يېتىپ باردى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ھەسەن ھەسەل ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ خۇپسەنلىك بىلەن.

— چاقچان... چاقچان بول... ماڭا بەر...
مۇرات ھاسىراپ كەتكەنىدى.
— نېمە، ساڭا نېمە بولدى؟ — ھەسەن ھەسەل يەنە خۇپسەن- لىك قىلىۋاتاتتى.
— مەن بولالمىدىم... مەن بىر چېكى -... ۋالاي... — مۇراتنىڭ خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتكەچكە گېپىنىمۇ تۈزۈك دېيەل- مىدى. ئاغزىدىن بولسا شۆلگىيى ئېقىپ قالدى.
«ئەمدى سەن بىزدىن ئايرىلالمىغۇدەكسەن» دەپ ئويلىغان ھەسەن ھەسەل بىر بولاقچىنى مۇراتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى. مۇرات خۇددى بىر ئىت ئالدىغا تاشلانغان قۇرۇق سۆڭەككە تاشلان- غاندەك بولاقچىنى ئالمان - تالمان ئالدى ۋە گېزىت پارچىسى ئۈستىدىكى قوشۇقنى ئېلىپ قولى بىلەنلا ئېرتىۋېتىپ، بولاقچى- دىكى خېروئىننى قوشۇققا تۆكتى. ئاندىن چاقماقنى ئالدى. خۇ- مار تۇتۇپ كەتكەچكە بەك ئالدىراپ كەتكەن مۇرات قولى تىتر- گەنچە چاقماقنى ئاران چاقالىدى...
ۋۇجۇدىدىكى نىجىس تەشنالىق بېسىلغان مۇرات بېشىنى چاترىقىغا تىققىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.
ھەسەن ھەسەل بىلەن پەتتار چىركىن ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتى.
— ئەمدى بۇ يەرگە تولا كېلىۋالما، — دېدى ھەسەن ھەسەل ھېلىقى ناتونۇش يىگىتكە، — لازىم بولسا تېلېفون قىلساڭ، ساڭا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەم بار.
ناتونۇش يىگىت بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئاستانە يېزىسىدىكى ھېلىقى پارنىكچى يىگىتنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟
— ئاتا - ئانىسى ئارتۇق غەۋغا قىلماي، بۇگۈن ئەتىگەن يەر- لىكىگە قويۇۋەتتى.
— ئەتىيازدا پارنىكلىرىنى سېتىۋەتكەن ھېلىقى يىگىتنىڭ ئىشى، — دېدى ھەسەن ھەسەل پەتتار چىركىننىڭ سوئاللىق نە-

زەرىگە جاۋابەن، — مەنمۇ بايىلا خەۋەر تېپىپ «قانداق بولغانىدۇ؟» دەپ ئىچىم پۇشۇپ تۇرغانىدى... ھەي... مەن قانچە ئېيتتىم، جىق ئۇرۇۋالماڭلار، ئوكۇلنى يالغۇز ئۇرماڭلار، دەپ. ئۇمۇ گەپ ئاڭلىماي، ھاجەتخانىسىغا چىقىپ ئوكۇل قىپتىكەن. ئوكۇل بىلىنگىگە سانجىلىق پېتى ھاجەتخانىدىلا يېتىپ قاپتۇ. گەپ ئاڭلىماي بىر يولىلا ھەممە ھۇزۇرنى سۈرۈۋالغۇسى كېلىدۇ بۇلارنىڭ...

ھېلىقى يىگىت بۇ ئىشقا خۇددى ئۆزى جاۋابكاردەك بېشىنى سېلىپ تۇرۇپ كەتتى.

— قول ئىلكىدە بارلارنى كۆپرەك دوست تۇت. پۇلى يوق، چېكىشنىلا بىلىدىغانلار ئادەمگە ئاۋارىچىلىك تاپىدۇ. بولدى، قايتساڭ بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىدىكى ئىشلاردا ساڭا تايىنىمىز.

ئۇ يىگىت خۇشال بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى.

— سەنمۇ ئەمدى بۇ ئۆيگە چاقىرتمىساق ياكى بەك زۆرۈر ئىش بولمىسا كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ. مالنى ۋاقتىدا ساڭا يەتكۈزۈپ بېرىمىز، — دېدى ھەسەن ھەسەل مۇراتقا.

مۇرات يا «ھە» يا «ياق» دېمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

مۇراتنىڭ ھەقىقەتەن روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ ئۇنىڭ كىرا تارتقۇسى كەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيگە قايتتى. مۇرات ئاپىسى رەھىمەنىڭ «مۇرات، تاماق يېدىڭمۇ؟» دېگەن سوئالىغا «يېدىم» دەپ قويۇپلا، ئۆگزىگە چىقىپ، ئاپىسى سالقىن چۈشۈشى بىلەنلا سېلىپ تەييار قىلىپ قويغان ئورۇندا ياتتى.

«ئاتەش ماكان» دەپ نام ئالغان بۇ زېمىندا مۇشۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە ئۆگزىدىن ياخشى يەر يوق. ھويلا دىمىق ئىسسىق، ئازراقمۇ شامال يوق. ئۆگزە بولسا سالقىن، ئانچە - مۇنچە شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ، دىمىق ھېس قىلمايدۇ. چاينى ئوبدان دەملەپ، بىر چىنە بىلەن ياستۇقنىڭ يېنىغا قويۇۋېلىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قىزىقسىنىپ قارىغانچە ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بىلەن مۇڭ-

دىشىپ يىتىپ ئۇخلاپ كەتسە... بۇمۇ ئادەمگە ئۆزگىچە ھۇزۇر بې-
غىشلايدۇ. شۇڭا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ياز تۈنى» ناملىق شې-
ئىرىدا:

ياز كۈنى كۈندۈز قىزىق، بولغاي ھاۋا ئىسسىق ۋە تار،
ھەر كۈن ئاخشامنى كۈتۈپ جان خالىغاي بىئىختىيار.

كېچە ھەركىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا قاراپ،
«كەل، جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار.

... ...

ھەر كىشى بۇ خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشھاللىق ئىلە،
گەپلىشىپ يانىدا يولداشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار.

... ...

دەپ يازغان.

ئەمما مۇرات قەلبىدىن بارغانچە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىۋاتقان گۈلشەن بىلەن خىيالىدا تاتلىق مۇڭدىشالمىدى. قاتتىق پۇشايمان بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. خىياللىرىنىڭ ھەممىسى ئاخىر بېرىپ ئۆزىنى ئەيىبلەش بولۇپ چىقتى. «مەن نېمىشقا گېپىمدە تۇرال-مىدىم؟ شۇنچە چىدىغان ئادەم ئاز ۋاقىت قالغاندا بەل قويۇۋەتتىم؟ ئەمدى گۈلشەنگە قانداق قارايمەن؟ گۈلشەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سېزىپ قالسا، ماڭا قانداق قارار؟ ياق، ياق! ئۇ ھەرگىز مېنى كەچۈرمەيدۇ. شۇڭا مەن يەنە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ خېرىدىن قول ئۈزەي، قىينىلىپ ھەرقانچە ئازابلانساممۇ بەرداشلىق بې-رەي... » گەرچە مۇرات شۇنداق قارارغا كەلگەن بولسىمۇ، گادىر-ماچ خىياللار تۈپەيلى تولىمۇ تەستە ئۇخلىدى.

ئەتىسى ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ روھىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن رەھىمەمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇرات پۇلنى تولۇق تاپشۇرغان

بولغاچقا، رەھىم مۇدىرنىڭ سۆزى بىلەن رەھىمەنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان غىل ـ پال ئەندىشىسىمۇ يوقالدى.
— قاراپ ماڭ ئوغلۇم، — دېدى رەھىمە ئادىتى بويىچە. مۇرات بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يولىغا ماڭدى. «ئوغلۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىغان بىلەن ئەقلى بار. تارتىۋاتقان قىيىنچىلىقىمىزنى ئويلىغۇچىلىكى بار. ئوغلۇمنىڭ تەلىيىگە ياخشى قىز ئۇچرىسىدى.» رەھىمە شۇلارنى ئويلاپ يانچۇقىدىكى پۇلنى بانكىغا سېلىش ئۈچۈن ماڭدى.
مۇرات چوڭ يولغا چىقىشى بىلەن يانفونى سايرىدى. يانفونغا قارىغان مۇراتنىڭ چىرايى تۇرۇلدى. ئۇ پەتتار چىركىن ئىدى.
— ۋەي، نېمە ئىش؟ — دېدى مۇرات سوغۇققىلا.
— گۇاڭخۇينىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا كەل، — دېدى پەتتار چىركىن تېخىمۇ سوغۇق تەلەپپۇزدا ۋە مۇرات بىر نېمە دېگۈچە تېلېفوننى قويۇۋەتتى.
مۇرات «ئىشىڭنى قىل» دېگىنىچە ئۆز يولىغا ماڭدى، ئەمما، ئۇ «ئوت ئۈچۈرۈش ئەترىتى»نىڭ ئالدىغا كەلگەندە خىيالى بۆلۈنۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «نۇرلۇق يولى»غا كېلىپ ماشىنىسىنى توختىتىپ ئويلاشقا باشلىدى: «نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ يېنىغا باراي. مەن نېمىشقا قاراپ تۇرۇپ شۇنچە پايدىدىن كېچىمەن؟ ئۇ تەييارلا پۇل تۇرسا، ھېچقانچە كۈچىمەسەممۇ قولۇمغا كىرىدىغان تۇرسا... ناۋادا پېشىمنى قېقىپ كەتسەم ساراڭلىق قىلغان بولمايمەنمۇ، مۇھىمى چەكمىسەملا بولمىدىمۇ، شۇنداق، خېروئىن دېگەن نەرسىنى ئىككىنچى ئاغزىمغا ئالماي، چەكمەي. شۇنداق قىلاي، ئۇنى چەكمەي، لېكىن پۇلنى تاپاي. بۇنداق ئامەت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. شۇنداق قىلاي، چەكمەيمەن، قەتئىي چەكمەيمەن، بەلكى پۇل تاپىمەن!»
مۇراتنىڭ ماشىنىسى ئاستا قوزغالدى.
مۇرات يول بويى ئۆزىنى بەزلەپ، تەسەللى بېرىپ، گوللاپ ماڭدى. ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان پەتتار چىركىننىڭ يېنىغا بارغۇ-

چە تۆرلۈك باھانىلەرنى ئويلاپ ئۆلگۆردى.

دەرۋەقە، گۆاڭخۆيىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدا قارا كۆزەينەك تا-قىۋالغان پەتتار چىركىن ئەتراپقا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ تۆرات-تى. ئەمما، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچىدە قانچىلىك ۋەھىمە، غەلدى-غەشتىلەرنىڭ بارلىقىنى بىر ئۆزى بىلىدۇ.

پەتتار چىركىن خۇددى ئۇدۇل كەلگەن بىر تاكسىنى توسى-غاندەك مۇراتنىڭ ماشىنىسى يېقىن كېلىشى بىلەن قولىنى كۆتۈ-رۈپ توستى. ئۇنىڭسىزمۇ مۇرات توختاشقا تەييارلىق قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ تورمۇز قىلدى. پەتتار چىركىن ماشىنىغا چىق-تى.

— مۇنارغا، — دېدى پەتتار چىركىن خۇددى بىرسى گۇما-لىنىپ قالمىسۇن دېگەندەك يۇقىرى ئاۋازدا. مۇرات شۇندىلا پەتتار چىركىنىڭمۇ قورقىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى.

ماشىنا شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەتتار چىركىن يانچۇقىدىن بولاقچە ئېلىپ ئۆزى ئولتۇرغان ئو-رۇندۇقنىڭ ياپقۇچىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.

— يازلىق كىنوخانىنىڭ يېنىدىكى سىرىقئاشخانىغا كىرسەڭ پېشانىسىگە پىلاستىر چاپلىۋالغان بىر ئادەم بار. شۇنىڭغا بېرىپ قويساڭ بولىدۇ، — دېدى پەتتار چىركىن جىددىي قىلىپ، — ئەمدى مېنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، دەرھال شۇ يەرگە بار.

مۇرات تېزلىكتە ئۇ سىرىقئاشخانىغا باردى. دېگەندەك ئۇ يەردە ئورۇق، كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچقان بىرى پات - پات ئىشىك-كە قاراپ ئولتۇراتتى. مۇرات كىرىپلا ئۇ كىشىنىڭ پېشانىسىدىكى پىلاستىرنى كۆردى. مۇرات ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇر-دى. ئۇ كىشىمۇ مۇراتنىڭ كىملىكىنى دەرھال بىلدى.

— دورىنى ئەكەلدىڭمۇ ئۇكام، — دېدى ئۇ كىشى تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ، — ئاپام شۇ تاپتا سېنىڭ دوراڭغىلا قاراپ قالدى.

مۇرات بولاقچىلارنى ئوراپ تەييار قىلىۋالغان گېزىتنى ئۇ-نىڭغا بەردى.

— مەن ماڭاي، — دېدى ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، — يەنە دورا لازىم بولسا تېلېفون قىلىمەن.

ئۇ كىشى چىقىپ كەتتى.

— يېزىلىق ئوخشىمامدۇ بۇ تۇغقىنىڭىز؟ — دېدى سېرىق - ئاش ساتقۇچى ئايال، — خېلى بولدى ساقلاپ ئولتۇرغىلى. يې - زىلاردا مۇشكۇل. لازىملىق دورىنى دەرھال تاپقىلى بولمىغان.

مۇرات:

— شۇنى دېمەمسىز، — دەپ قويۇپ ئۇ يەردىن چىقتى.

مال قولدىن چىقىشى بىلەن مۇرات ھەر قېتىمقىدەك يېنىك بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەربىي ئايلانما يول بىلەن قايتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالمىسا يەنىلا بولمايتتى. «مانا مەن ئۆزۈمنى تۇ - تۇۋالالايمەن، — دەپ ئويلىدى مۇرات، — ئەتىگەندىن ھازىرغىچە، ھەتتا قولۇمدا خېروئىن تۇرسىمۇ چېكىشنى ئويلاپمۇ قويمىدىم. مەن تاشلايمەن دېسەملا تاشلىيالايمەن. پەقەت ئازراق ئىرادىسىز - لىكىملا بار. ئىرادەمنى چىڭىتسام‌لا خۇمارنى يېڭەلەيمەن... »

# ئون ئىككىنچى باب

مۇشۇ كۈنلەردە مۇرات قولىغا كىرىۋاتقان «تەييار پۇل»دىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ماشىنا يۈيۈش ئورنىدا ماشىنىسىنىڭ يۇيۇ-لۇشىغا قاراپ ئولتۇرغان مۇرات: «تۇۋا! مۇنداقمۇ ئاسان پۇل تې-پىش بولامدۇ؟ ھەسەن ھەسەللەرنىڭ باشتا دېگەن ئىشى مۇشۇكەن - دە. دېمىسىمۇ قاراپ تۇرۇپلا بىرمۇنچە پۇل قولغا كىرىدىكەن ئەمەسمۇ. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ماشىنامنىڭ كىرا ماشىنىلىق رەسمىيىتىنى بىكار قىلىۋېتەيمىكىن؟ شۇنىڭدا يىلدا تۆلەيدىغان بىر مۇنچە رەسمىيەت پۇلىنى تېجەپ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كىرا ماشىنا رەسمىيىتىنى بېجىرىش تەس بولغاچقا، رەس-مىيەتنى خېلى كۆپ پۇلغا ساتقىلى بولىدىكەن. قېنى، ئەھۋالغا بىر قاراپ باقاي. ناۋادا... » ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ياز-فونى سايراشقا باشلىدى.

يانفونىغا كەلگەن نومۇرنى كۆرگەن مۇراتنىڭ چىرايىغا كۈل-كە يۈگۈردى. تېلېفون گۈلشەندىن كەلگەنىدى. مۇرات يېقىندىن بۇيان ئادەتلەنگىنى بويىچە: «گۈلۈمدىن كەپتۇ» دېگىنىچە تېلېفون-نى ئالدى. يېقىندىن بۇيان مۇرات گۈلشەنگە بولغان يېقىنلىق ۋە مەپتۇنلۇق ھېسسىياتى بويىچە ئۆزىچە گۈلشەننى «گۈلۈم» دەپ ئا-تايدىغان بولغانىدى.

تېلېفوننى ئالغان مۇرات گۈلشەن گەپ قىلغۇچە ئالدىراپ:

— گۈلشەن قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى. گۈلشەن مۇراتنىڭ ئالدىراقسانلىقى ۋە قىزغىنلىقىدىن كۈلۈپ

كەتتى ۋە:
— ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرغانسىز؟ — دېدى يەنە
— مەن تېلېفون قىلسام نېمە باشتا ئەھۋال سوراپ يۈرد-
سىز؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.
— مەن تېخى مەن سىزگە تېلېفون ئۇرغان چېغىم دەپتىد-
مەن، — دېدى مۇراتمۇ بوش كەلمەي.
— قىزىق گەپ، مەن تېلېفون قىلسام قانداقسىگە سىز تې-
لېفون قىلغان بولىسىز؟
— قايسىمىزلا تېلېفون قىلساق ئىككىمىز تېلېفون قىلغاذ-
غا ئوخشاش دەپ ئويلاپتىمەن.
مۇرات بۇ گەپنىڭ قانداقلارچە ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەنلى-
كىنى تۇيمايلا قالدى. بۇنىڭدىن ئۇ ھەم ھودۇقتى ھەم قانداقلا
بولسۇن ئىچىدىكىنى دەۋالغاندەك بولۇپ ھاياجانلاندى.
— راستلا شۇنداق ئويلامسىز؟ — دېدى گۈلشەنمۇ ئاۋازى
تىترەپ.
— ھەئە، بۇ راست گېپىم، — دېدى مۇرات كەسكىنلىك بى-
لەن.
— ئۇنداقتا مېنىڭ گېپىم سىزنىڭمۇ گېپىڭىز ئىكەندە؟
— ئەلۋەتتە شۇنداق.
— بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، كەچتە تۇغۇلغان كۈنۈم-
نى تەبرىكلەيمەن!
— نېمە؟ بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭىزمۇ؟
— بۇنى سورىماڭ، بايىقى گەپ بويىچە ھازىر دېگەن گېپىم
سىزنىڭمۇ گېپىڭىز جۇمۇ، مۇرات.
— چاتاق يوق، بۈگۈن چوقۇم كاتتا تەبرىكلەيمىز.
— رەھمەت مۇرات، — دېدى گۈلشەن ئىچ - ئىچىدىن خۇ-
شال بولۇپ، — مۇرات، بۈگۈن راستلا تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى.
كەچتە ئىككى دوستۇم بىلەن ئولتۇرماقچى. كېلەلەمسىز؟
— چوقۇم بارىمەن، — دېدى مۇرات خۇشاللىق بىلەن، —

نەدە؟

— ئۆزۈم بۇلاق كۆلىدىكى «ۋىسال تېز تاماقخانىسى»دا. ئۇ-رۇمچى ۋاقتى ئالتە يېرىمدا.

— ماقۇل، ۋاقتىدا بارىمەن، — دېدى مۇرات ۋە تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن «پەرمانىڭىزغا بويسۇنىمەن گۈلۈم» دەپ شىۋىر-لىدى. ئاندىن يانفونىغا قارىدى، ئېكراندا خەنزۇچە «2008 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى» دېگەن خەت ۋە سانلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «بۇنى ئېسىمدە تۇتۇۋالاي، — دەپ ئويلىدى مۇرات، — كېلەر قې-تىمقى تۇغۇلغان كۈنىدە ھەرگىز بىخۇدلۇق قىلمايمەن.»

ئىدىقۇت يولىدا كېتىۋاتقان مۇرات ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى: «توۋا، ئەجەب گەپلەرنى قىلىشىپ كەتتۇق. خۇددى مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىۋاتقاندەك. گەپلىرىمىزنىڭ شۇنداق ئۇدۇل كېلىپ كەتكىنىنى دەيمەن. گۈلشەنمۇ خېلى تېگى بار گەپلەرنى قىلدى. شۇ گەپلەر ئەگەر ئىككىمىز يالغۇز تۇرغاندا دېيىلگەن بولسا نېمە بولۇركىن؟ قارىغاندا بۇ گەپلەرنى ئوچۇق دېيىشىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ.»

قىزىل چىراغدىن بوستان يولىغا بۇرۇلغان مۇرات تۇيۇقسىز سوۋغات ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. توغرا، سوۋغات! بۈگۈن گۈل-شەننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە، مۇرات ئۇنىڭغا سوۋغات بېرىشى كېرەكتە! «گۈلۈمگە چوقۇم سوۋغات بېرىشىم كۆڭلۈمدىكى ئادىمىمگە بولغان ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك. نېمە سوۋغا قىلاي؟ گۈل سوۋغا قىلايمۇ - يە؟ قانداق گۈل سوۋغا قىلسام بولۇر؟ نۇرغۇن يىگىتلەر گۈل سوۋغا قىلىدىكەنغۇ. بۇنداق چاغدا ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىدىغاندۇ؟ تۈت كوچىدىكى گۈل دۇكى-نىغا بېرىپ سوراپ باقاي بولمىسا. يا ھازىر سوۋغا قىلىدىغان نەرسە ئۆزگەردىمىكىن؟ بىرەر ئاغىنەمدىن مەسلىھەت سوراي. كىمدىن سورىسام بولار؟» دەپ ئويلىدى مۇرات.

بۇ ئىشتا مۇراتنىڭ بېشى قاتتى. چۈنكى ئۇ قايسى ئاغىنى-سىدىن مەسلىھەت سوراشنى بىلەلمىدى. شۇ چاغدا بىرى ماشىنى-

نى توستى. مۇرات توختىدى. ماشىنىغا ئارخىپ خالتىسى كۆتۈر-
گەن، چانمىغۇدەك گىرىم قىلغان بىر قىز چىقتى.
— نەگە بارسىز؟
— غەربىي ئايلانما يولىدىكى توك ئىشلىرى ئىدارىسىگە.
مۇرات ماشىنىنى كەينىگە بۇرىدى. ماشىنا يولىغا چۈشكەن-
دىن كېيىن، مۇرات يەنە سوۋغات ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.
ماشىنا قىزىل چىراغدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئىش يادىدىن
كەچكەن مۇرات قىزغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى. قىز قارىماققا
مۇلايىم، ئىلمىي ئىدى. شۇڭا مۇرات ئۆزىگە بىر غەيرەت بەردى.
— خاپا بولمىسىڭىز، سىزدىن بىر نەرسىنى سورىسام بولام-
دۇ؟ — دەپ سورىدى مۇرات. قىز چۆچۈپ مۇراتقا قارىدى ۋە:
— نېمە ئىش؟ — دېدى.
— مۇنداق ئىش، — دېدى مۇرات دادىل بولۇشقا تىرىشىپ،
— مەن بىر قىزغا سوۋغا تەقدىم قىلماقچى ئىدىم. توغۇلغان كۈ-
نىگە.
— ئۇ قىز نېمىڭىز بولىدۇ؟ — سورىدى قىز ئەستايىدىللىق
بىلەن. بۇ سوئال بىلەن مۇرات تەمتىرىگىنىدىن بىر ئاز تۇرۇپ
قالدى. ئاندىن جۈرئەتكە كېلىپ:
— يېقىن دوستۇم، — دېدى.
— يۇرۇۋاتامسىزلەر؟ — سورىدى قىز كۈلۈپ. بۇ سوئالغا
مۇرات نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى.
— مۇناسىۋىتىڭىزلەرنى ئوچۇق دېمىسىڭىز سوۋغىنى دەل
جايىدا تاللىغىلى بولمايدۇ.
مۇرات ئاخىر بولماي:
— ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. ھازىر
شۇ ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتىمىز. يېقىندا مەن گەپنى ئوچۇق دې-
مەكچى، — دەۋەتتى ۋە بۇ گەپنى دېگىنىدىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ
سوقۇپ كەتتى. قىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— ئۇنىڭمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىڭىز

بارمۇ؟

— بار!

— ئۇنىڭ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىرەر سەۋەب بارمۇ؟

— يوق!

— ئۇ قىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— سەيپۇڭ.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا ئۆزۈك سوۋغا قىلىڭ. ئۆزۈك سوۋغا قىلىش ھازىرقى يېڭى يۈزلىنىش. ھازىر يىگىتلەر يۈرگىنىگە سېرىق ئالتۇن ياكى ئاق ئالتۇندىن قويۇلغان، يۈرەك ياكى گۈل شەكىللىك كۆز ئورنىتىلغان ئۆزۈك سوۋغا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گىرام سانىمۇ ئوخشىمايدۇ. سىز قايسىسىنى تاللايسىز؟

— بۇنى مەن ئۇقمايمەن، — دېدى مۇرات، — ياخشىسى سىز تاللاپ بېرىڭ.

— مېنىڭچە بولسا، بەك قىممەت بولۇپ كەتسە، مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىككى گىرام ئەتراپىدا بولسۇن. بۇنداق ئۆزۈك ئىنچىكە، نەپىس، كۆزگە سىڭىشلىك بولىدۇ. بەزىلەر «ۋاي ئاق ئالتۇن» دەپ كېتىدۇ، لېكىن يەنىلا سېرىق ئالتۇننى تاللىغان ياخشى. بەزى قىزلار رومانتىكىلىقنى قوغلىشىپ، يۈرەك شەكىللىك كۆز بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭچە، كۆپىنچە قىزلار يۈرەك شەكىللىك كۆزنى سەل چاكىنىلىق دەپ ئويلايدۇ. يەنىلا گۈل شەكىللىك كۆز بولغىنى ياخشى. بۇنداق كۆز كۆركەم، چىرايلىق، ئۇدۇممىزغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ مۇرات ھەيرانلا قالدى. سوۋغات بېرىشنىڭ بۇنچىلىك مۇرەككەپلىكىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا «ھېلىمۇ ئالدىراپ - تېنەپ گۈل سوۋغا قىلىپ سالماپتىمەن» دەپ ئويلىدى.

— گۈل سوۋغا قىلىشقىمۇ بولىدۇ، — دېدى قىز ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، — گۈل مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتماي-

دىغان سوۋغا، لېكىن بۇنداق مۇھىم پەيتلەردە مەنىۋى ھەم ماددىي مەنە بېرىدىغان سوۋغىنىڭمۇ رولى چوڭ.

قىز شۇنداق دەپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— كەلدۇق، — دېدى قىز، — مەسلىھەتىم شۇ. قالغىنىغا ئۆزىڭىز قاراپ بىر ئىش قىلارسىز.

قىز پۇل قاپچۇقىنى چىقاردى.

— ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى مۇرات، — راستلا ئۇنداق قىلماڭ. بېشىم قېتىپ تۇرغان. سىزگە رەھمەت ئېيتقىنىم بولۇپ قالسۇن.

قىز ئارتۇقچە تارتىشمايلا ھەمىيىنىنى سومكىسىغا سالدى.

— سىزلەرگە ۋىسال تىلەيمەن، — دېدى قىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، — لېكىن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭ.

— رەھمەت.

مۇرات ماشىنىسىنى ئۇدۇل ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان دۇكانلار جايلاشقان رەستىگە قاراپ ھەيدىدى.

ئۆزۈم بۇلاق كۆلىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى كىشىنى ھەقىقەتەن مەھلىيا قىلاتتى.

مۇرات ۋىسال تېز تاماقخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، گۈلشەن ئېيتقان ئايرىمخانىغا كىردى. ئايرىمخانىدا گۈلشەن گۈلدەك ئېچىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىيىمى شۇنداق ياراشقان بولۇپ، قىلغان يارىشىملىق گىرىمى قوشۇلۇپ، ئۇنى تولىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭا مۇراتنىڭ يۈرىكى «شۇرررىدە» قىلىپ قالدى. بۇ ئايرىمخانا كۆل تەرەپتە بولۇپ، ئوچۇق تۇرغان ئىككى دېرىزىدىن ئۆزۈم بۇلاق كۆلىنىڭ مەنزىرىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، گۈزەل مەنزىرە بىلەن گۈزەل قىز مۇراتنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

ئايرىمخانىدا يەنە بىر جۈپ قىز - يىگىت بار ئىدى. مۇرات بېرىپ يىگىت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئولتۇرۇشتى.

— مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى گۈلشەن، — بۇ دوس-تۇم ئايگۈل، يېڭى تەرەققىيات سودا بىناسىدا كىيىم دۇكىنى ئا-چىدۇ، بۇ ئەلى، تېلېگراف شىركىتىدە. ئۇلار ئىككىسى كېيىنكى ئايدا توي قىلماقچى. بۇياق مۇرات.

— «مۇرات»لا دەپ قويدىڭىزغۇ؟ «ئاق، كۆك» دەپ سۈپەتى باردۇ؟ — دېدى ئايگۈل شەيتانلىق قىلىپ.

— تاكسى ھەيدەيدۇ. ھەممىمىزنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالغۇسى.

— بىزنىڭغۇ يېقىن دوستىمىز بولسۇن، — دېدى ئەلى ھەزىليارلىق قىلىپ، — بىراق سىزنىڭمۇ يېقىن دوستىڭىزلا بولۇپ قالسا سىزگە ئەلەم بولار.

بۇ گەپ بىلەن گۈلشەن قىزىرىپ كەتتى. مۇرات بولسا شۇ گەپنى دېگەنلىكى ئۈچۈن ئەلىدىن خۇش بولۇپ قالدى.

— تاماق چىقسۇن، — دېدى گۈلشەن گەپنى بۇراپ.

شۇ گەپلەر بىلەن ئارىدىكى تارتىنىش كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى.

تاماق چىقتى. ئۇلار تەكەللۇپ بىلەن تاماق يېيىشكە باشلىدى. سەلدىن كېيىن كەيپىيات تولىمۇ قىزغىن بولدى. ئۇلار بەس-بەستە ئۇششاق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدى تورتنى پاچاقلايلى، — دېدى ئەلى.

ئۇلار تورتنى شىرەگە ئېلىپ شام سانجىشتى. شاملارغا ئوت يېقىلدى. گۈلشەن ئىككى قولىنى كۆكسى ئۈستىگە قويۇپ، تىلەك تىلىگەندىن كېيىن، شاملارنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى.

— نېمە تىلەك تىلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل.

— ھەممىمىزگە بەخت تىلىدىم، — دېدى گۈلشەن.

— مۇرات بىلەن پاتراق توي قىلىشنى تىلىگەنسىز، — دېدى ئەلى.

بۇ گەپ بىلەن گۈلشەن ھۇپپىدە قىزىرىپ مۇراتقا قارىدى ۋە مۇراتنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى كۆرۈپ

ھودۇقۇپ كەتتى.
— بىز بۇ يەرگە مۇنداق تۇرغىلى كەلمىدۇق، — دېدى ئايـ-
گۇل ئوتتۇرىدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۇگىتىش ئۇچۇن، — ئەمدى
تانسا ئوينايمىز. دوستۇم گۇلشەن، بۇ ئەلى ئىككىمىزنىڭ سوۋ-
غىتى. ئاددىي بولۇپ قالدى.
ئايگۇل سومكىسىدىن بىر پوپايىكىنى چىقىرىپ گۇلشەنگە
سۇندى.
— رەھمەت، كۆڭلۇمدىكىدەك رەڭنى تاللاپسىز، — دېدى
گۇلشەن.
بۇ چاغدا مۇرات ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەسلى سوۋ-
غىسىنى ئىككىسىلا بار يەردە بېرىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما شۇ
تاپتا... «ياق، ئەمدى نېمىنى ساقلايمەن؟ يوشۇرغۇدەك گەپمۇ قال-
مىدى.» شۇ قارارغا كەلگەن مۇرات يانچۇقىدىن كىچىك قىزىل
قۇتىنى چىقاردى.
— گۇلشەن، قانداق سوۋغا ئېلىشنى بىلەلمەي...
مۇرات گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قۇتىنى گۇلشەنگە
سۇندى. بۇنى كۈتمىگەن گۇلشەن قۇتىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قال-
دى.
— ئەكىلىڭە، — ئايگۇل شۇنداق دەپ قۇتىنى ئالدى ۋە ئې-
چىپ ئۈزۈكنى ئېھتىيات بىلەن چىقاردى.
— پاھ، — دەۋەتتى ئايگۇل، — نېمە دېگەن چىرايلىق. ئە-
جەبمۇ دىتىڭىز بار ئىكەن مۇرات. مۇنۇ ئەلى يالغان سارالڭ بولۇ-
ۋېلىپ مېنى ئالداپ...
— نەدە ئالدىدىم؟
— بىر دەستە گۈل بىلەنلا ئالدىدىڭىزغۇ! قاراڭ گۇلشەن،
مۇراتنىڭ ھەقىقەتەن دىتى بار ئىكەن. كۆزى مال تونۇيدىكەن. تا-
قاپ بېقىڭە.
ئايگۇل ئۈزۈكنى گۇلشەننىڭ قولىغا مەجبۇرىي سېلىپ قوي-
دى.

— بەك ياراشتى، — دېدى ئايگۈل گۈلشەننىڭ قولىنى ئې-
گىز كۆتۈرۈپ.
— رەھمەت سىزگە مۇرات، — گۈلشەننىڭ ئاۋازى تىترەپ
چىقتى. ئايگۈل ئەلىگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.
— مانا تويلۇقنىڭ بىر قىسمى، — دېدى ئەلى ھىجىيىپ.
— تولا تېتىقسىزلىق قىلماي، ياخشىراق پارىڭىز بولسا
قىلىڭە، سورۇننى قىزىتىدىغان، — دېدى ئايگۈل.
— چاتاق يوق، ئۇنداق بولسا كەتتى بىر تېپىشماق.
— ھەي ئەلى، يېڭىلىپ قالىدىغىنىڭىزغا ھە دېسە تېپىشماق
دەۋېرىدىكەنسىز، — دېدى ئايگۈل.
— ئەمدى ھەرگىز تاپالمايسىز. ئۇنداقتا ھەربىر ئادەم بىر-
دىن...
— مەن تېپىشماق ئېيتالمايمەن، — دېدى مۇرات خىجىل
بولۇپ.
— مەنمۇ تازا بىلمەيمەن. سىلەرنىڭكىنى ئاڭلايلى، — دېدى
گۈلشەنمۇ مۇراتقا ماسلىشىپ.
— بولدى، سىلەر تاماشايىمىزنى كۆرۈڭلەر. ئەگەر ئەلى يې-
ڭىلىپ قالسا، ئىككى يىگىت بىز بولدى دېگۈچە بىز بىلەن تانسا
ئوينايدۇ.
— بولدى ھېساب، — دېدى ئەلى، — ئەگەر يېڭىلىپ قال-
سىڭىز، ئىككى يىگىت ئۆزىنىڭ قىزىنى مۇشۇ يەردە سۆيىدۇ.
كەتتى تېپىشماق: بىر ئادەم كېچىسى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپتى-
كەن، ئايالى كېلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ، بىراق ئۇ كىشى
كىتابنى ئوقۇۋېرىپتۇ. نېمە ئۈچۈن؟
— بەك ئاددىي ئىكەن، — دەپ كۈلدى ئايگۈل، — ئۇ كىشى-
نىڭ ئوقۇۋاتقىنى ئەمالار كىتابى. بىردە نۆل. تىڭشاڭ ئەمىسە:
قايسى جانلىقنى ئۆلتۈرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ قېنى ئاقىدۇ؟
— ئۆزىڭىزنى، — دېدى ئەلى.
— خاتا، ئادەم قانداقسىگە ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك؟

— شۇ ئادەمنى يەۋەتكەن يولۋاسنى.

— يولۋاسقا يەم بولغان ئادەم يەنە قانداق يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قېنىنى ئاقتۇرالايدۇ؟ كالۋا.

— ئۇنداقتا...

— بولدى مەن دەۋېتەي: ئۆزىڭىزنى چاققان پاشىنى ئۆلتۈرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ قېنى ئاقىدۇ. ئىككىدە نۆل. سىزگە كەلدى.

— يېڭى پايپاقتا بىر تۆشۈك بار ئىكەن. نېمە ئۈچۈن؟

ئايگۈل ئويلىنىپ قالدى. ئاندىن كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي ساراڭ، كىيىم - كېچەك ساتىدىغان تۇرسام شۇنى بىلمەسمەنمۇ؟

— دەڭە، نېمە ئۈچۈن؟

— پايپاقتا چوڭ تۆشۈك بولمىسا ئۇنى قانداق كىيىمىز؟ ئۈچتە نۆل. تىڭشاڭ: دەريا بويىدا بىر قۇرت بار ئىكەن. ئۇ قانداق قىلىپ قارشى قىرغاققا بارالايدۇ؟ شەرت: بىرەر ئادەم ياردەم قىلماسلىقى، يوپۇرماققا چۈشمەسلىكى، بىرەر قۇش ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك. قىسقىسى، ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ياردىمىگە تايانماسلىقى كېرەك.

— دەريادا سۇ يوق. ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ، — كۆرەڭلەپ كەتتى ئەلى.

— دەريادا لىق سۇ بار.

— بىرسىنىڭ كۆكتات سېۋىتىگە چۈشۈۋالىدۇ.

— «باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايانمايدۇ» دەۋاتىمەن.

— چۈشى.

— چۈشى ئەمەس، ئوڭى. دەپ بېرەي: كېپىنەك قۇرتىنىڭ كېپىنەككە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز. دېمەك، ئۇ قۇرت كېپىنەككە ئايلانغاندا ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. تۆتتە نۆل. مېنى تانسىغا تارتىڭ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئايگۈل.

مۇرات ئۆلارنىڭ ئوچۇق - يورۇق، ئەركىن - ئازادە ھالدا قىلغان قىزىقچىلىقىغا ھەۋەس قىلىپ قالدى.

— ئازراق ئىچىپ قويىمىزمۇ مۇرات ئاداش، — دېدى ئەلى گەپنى بۇراپ.
— ئىچسەكقۇ ئوبدان بولاتتى، — دېدى مۇرات خىجىل بو-لۇپ، — بىراق سەل تۇرۇپ ماشىنا ھەيدەيدىغان ئىش.
— ئۇنداق بولسا مۇرات ئىچمىسۇن، — دېدى گۈلشەنمۇ، — ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەشكە مەن بىرىنچى بولۇپ قارشى.
— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئايگۈل قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەلى ئەتىدىن - كەچكىچە ھاراقىلا دەپ ئولتۇرماڭ. ھېلىمۇ يېتەر. ھاراق ئىچمىسىڭىز تانسا ئوينىيالامسىز. قوپۇڭە.
— باش ئۈستىگە، — ئەلى ئايگۈلنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئويناشقا باشلىدى.
— ھۇيت، ما مەيدانغا سىلەرگىمۇ ئورۇن بار، — دېدى ئاي-گۈل. شۇنىڭ بىلەن مۇرات بىلەن گۈلشەنمۇ ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئىككىسىنىڭ قولى يېنىك تىترەيتتى.
— ئەسلى مەن مەھەللىدىكى دوستلىرىمنىمۇ چاقىرماقچىدىم. ھەممە جەھەتتىن قولايلىق بولسۇن دەپ ئويلاپ، ئۇ ئىككى-سىنىلا چاقىردىم. بەزى گەپلەرگە خاپا بولماڭ جۇمۇ.
— ياق، ئۇلارنىڭ مىجەزى شۇنداق ياخشى ئىكەن. ئوچۇق - يورۇق ئىكەن.
— ئايگۈل مېنىڭ بەك يېقىن دوستۇم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەيلى.
— بولىدۇ. مەنمۇ ئەلى بىلەن چىقىشىپ قالغۇدەكمەن.
شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىر - بىرىگە تىكىلىپ قاراشقىنىچە جىممىدە تانسا ئويناشقا باشلىدى. بىر چاغدا گۈلشەن مۇراتنىڭ قولىنى چىڭگىدە سىقتى:
— رەھمەت مۇرات.
كۆلكە - چاقچاق ئىچىدە يەنە ئۈچ مەيدان تانسا ئوينىغاندىن كېيىن، ئايگۈل ئەلىگە ئىشارەت قىلدى.
— گۈلشەن بىز ماڭايلى، — دېدى ئايگۈل، — ئازراق ئىشى-

مىز بار ئىدى. يۈرۈك ئەلى.
— ئالدىرىمىغىزلا، — دېدى گۈلشەن ئايگۈلنىڭ قولىغا ئې-سىلىپ، — يەنە بىر دەم ئولتۇرساق بولمامدۇ.
— بىلىمەن، سىزلەر ئەلۋەتتە ئولتۇرىسىزلەر، — دېدى ئاي-گۈل كۆزىنى قىسىپ، — ھەقچان ئىچىمىزدە بىزنى چاققانراق چىقىپ كەتسىكەن دەۋاتقانسىز.
گۈلشەن بىر نەرسە دېگۈچە ئۇلار چىقىپ كەتتى.
— ئۇلار بەك چىقىشىپ ئۆتىدىكەن - ھە، — دېدى مۇرات.
— ئۇلار يۇرگىلى ئۆزۈن بولغان. باشتا ئاتا - ئانىلىرى قو-شۇلماي كەلگەنىدى. مانا ئەمدى چوڭلىرى قوشۇلۇپ تويى بولىدى-غان بولدى.
— ئەلى ئايگۈلنى خېلى ئايايدىكەن جۇمۇ.
— ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر ئايگۈل ئەلىنى باشقۇرىدىغان بو-لۇۋالدى.
— شۇنداقتەك قىلىدۇ.
بىر ئازدىن كېيىن گۈلشەن بوش ئاۋازدا:
— سىزمۇ قىزلارنى ئايامسىز؟ — دەپ سورىدى.
— يۇرىكىم بىلەن ئاسرايمەن، — دېدى مۇرات گۈلشەننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ. ئىككى ئوتلۇق كۆز بىر - بىرىگە تۇتاش-ماقچى بولغاندەك تىكىلىشتى. خۇددى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغاندەك VCD دا قويۇلۇۋاتقان ناخشىنىڭ «يار بىلەن بولار-مەنمۇ سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك» دېگەن يېرى ئېيتىلىۋاتاتتى. مۇرات ئالدىغا ئىنتىلىپ گۈلشەننىڭ قولىنى تۇتۇشقا تەييارلاندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بەخىباشلىق كوچىسىدا يۇرگەن چاغلاردىكى بىر تۇركۇم «قىزلار»نىڭ تېنىگە تەگكەندەك بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھېسسىيات دولقۇنلىرى نەرە تارتتى.
ئەمما ئاشۇ ئىنچىكە پەيتتە گۈلشەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.
— مۇرات كېلىڭە، كۆلنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەچ بىر دەم ئولتۇرايلى.

ئۇلار ئىككى ئورۇندۇقنى دېرىزە تۈۋىگە ئەكىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئېگىزدىن قارىسا ئۈزۈم بۇلاق كۆلىنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ چىرايلىق، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئۇلار ئىككىسى تارتىنىپ ئولتۇرۇپ شېرىن پاراڭلارنى قىلىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىگە گۇۋاھ بولۇۋاتقان بۇ كۆلنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىز:

«زېمىندىكى ئاي شولىسى» دەپ تەرىپلەنگەن «ئۈزۈم بۇلاق كۆلى» ساياھەت، مەدەنىيەت، تارىخ، ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، سودا، ئولتۇراق رايون قاتارلىق تەركىبلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال مەيدان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەتراپى ھەر خىل شەكىلدىكى رەڭدار چىراغلار بىلەن ئورىلىپ، ئۆزگىچە يورۇقلۇق دائىرىسى ھاسىل قىلىنغان كۆل لايىھەسىدە سىمۋوللۇق مەزمۇنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆل مەركىزىدىكى ئىككى يەلكەن كەلگۈسىگە قاراپ ئىنتىلىشكە، كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يەتتە تەقلىدىي بۇلاق يەتتە يۇلتۇز تۈركۈمىگە ھەم بۇ قۇرۇلۇشقا ياردەم بەرگەن چىچان بازىرى (يەتتە بۇلاق بازىرى)دىكى شىركەتلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن «چىچۈەنخۇ»، يەنى «يەتتە بۇلاق كۆلى» دەپ نام بېرىلىپ، چىچان بازىرىدىكى «يەتتە بۇلاق»قا سىمۋول قىلىنغان. يەتتە بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا تۇرپاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر ۋە ئېگىزلىكى 2.4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر كېلىدىغان تۆت چوڭ مەدەنىيەت تېمى بار بولۇپ، بۇ تاملارغا «دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى»، «پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق تاش قاتمىسى»، «قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىكى ئۈستى ئوچۇق مۇزېي»، «ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ياشايدىغان تەبىئەت باغچىسى» قاتارلىق مەزمۇنلار ئاجايىپ نەپىس، ئوبرازلىق، سىمۋوللۇق مىس قاپارتما نەقىش بىلەن مۇجەسسەملەنگەن. بۇ تۆت تام ئالاھىدە، ئۆزگىچە لايىھەلىنىپ، تۇرپاندىكى

تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇزۇن تارىخى ۋە چوڭقۇر مەزمۇنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تاملارنىڭ ھەممىسى سۇ پەردىسى ئىچىگە ئې- لىنىپ، سۇ مەدەنىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ يەردىن چىرايلىق مەر - مەر تاش بىلەن ياسالغان رەڭدار چىراغلىق ئەگمە كۆۋرۈك ئارقىلىق «ئەسىر شامىلى مەيدانى»غا بارغىلى بولىدۇ. بۇ مەيدانغا كىچىك بىر مۇنار ياسالغان بولۇپ، بۇ مۇنار ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان يەتتە يۇمىلاق تۈۋرۈكتىن تەركىب تاپقان، بۇ مۇنارغا پەرۋاز قىلىۋاتقان يەتتە قۇشنىڭ مودېلى ئورنىتىلغان. مەيداننىڭ ئەتراپىدا مىستىن نەقىشلەنگەن يەتتە يۇمىلاق تۈۋرۈك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يەتتە تۈۋرۈكتە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇي- غۇر مۇقامى، ئەنئەنىۋى قول - ھۈنەر تېخنىكىسى، قول بىلەن ئىشلەنگەن ئۈجمە قەغىزى، قولدا توقۇلغان گۈللۈك پالاز، ئەنئە- نىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن دوپپا، قەدىمكى ساپالچىلىق ھۈنىرى قاتارلىق مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، دۇنيا جاما- ئەتچىلىكىنى تۇرپاننىڭ ئالاھىدە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش پۇر- سىتىگە ئىگە قىلغان.

ئۈزۈم بۇلاقنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىگە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سا- ياھەت نۇقتىسى خاڭجۇنىڭ شىخۇ كۆلىدىكىگە ئوخشاش چىرايلىق نىلۇپەرلەر ماكانلىشىپ، غۇنچىلاپ، قىزىل، سېرىق ئېچىلىپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئاتەش ماكان تۇرپاندا ئاز كۆرۈلىدىغان مۆجىزىنى پەيدا قىلغان. كۆلنىڭ ئەترا- پىغا تىكىلگەن مەنزىرە دەرەخلىرى، تۇرلۇك چىراغلار، قىر- غاقلاردا غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل رەڭدار گۈللەر كۆلگە ئۆزگىچە ھۆسن بېغىشلىغان.

بۇ يەردە يەنە بىر دىققەتكە سازاۋەر بولىدىغان نۇقتا «سۇ كو- چىسى مەنزىرە رايونى»دۇر. بۇ مەنزىرە رايونى سۇ كوچىسى، سۇن- ئىي كۆل، مەدەنىيەت مەيدانى قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە پى- يادىلەر كوچىسى، ئاسما كۆۋرۈك، فونتان، رەڭدار چىراغ، ھەي- كەل، سۇنئىي تاغ، شىپاڭ، چىملىق قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن ئەس-

لىھەلەردىن تەركىب تاپقان. مەنزىرە رايونىدىكى «زۇمرەت ئېقىن-
دىكى ئالتۇن بېلىقلار جىلۋىسى» دەپ تەرىپلەنگەن «سۇ كوچى-
سى»نىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، چوڭ-
قۇرلۇقى 1.20 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مەنزىرە رايونى ئەتراپىدىكى
تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېي، ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، يېڭى ئاتەش
مېھمانسارىيى، ئۈزۈم بۇلاق كۆلى ئولتۇراق رايونى قاتارلىق قۇ-
رۇلۇشلار بىلەن تەبىئىي ھالدا بىرىكىپ، تۇرپان شەھىرىدىكى
ئەڭ جەلپكار، ئەڭ سېھىرلىك، ئەڭ ئاۋات رايونغا ئايلاندى. بۇ
يەردىكى تۇرپاننىڭ مەدەنىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەڭ ئوبراز-
لىق، سىمۋول خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش — كىچىك ئۈچ بۇرجەك،
يەنى ئىدىقۇت تېغى شەكلىدە ياسالغان قاپارتما مىس ئابىدە بو-
لۇپ، ئابىدىنىڭ بىر يۈزىگە تۇرپاندىكى 18 مۆجىزە، يەنى چۈنچە،
يېشىل ئۈزۈم، تومۇز ئىسسىق، شىپالىق قۇم، كارىز، يانتاق شې-
كىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىق ئېنىقلىمىسى شېئىرىي شەكىلدە
يېزىلغان. قالغان ئىككى يۈزىگە بۇ 18 مۆجىزىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى
قاپارتما نەقىش شەكلىدە چۈشۈرۈلگەن. بۇ نەقىشلىك سۈرەتلەردە
چىرايلىق ساقاللىق ئۇيغۇر بوۋاي، ئۈزۈن ئۆرۈمە چاچلىق دېھقان
قىزى، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان كارىز، ئوت پۈركۈپ تۇرغان
ئىدىقۇت تېغى قاتارلىقلار ئارقىلىق تۇرپاننىڭ ئالاھىدىلىكى تو-
لۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. سۇ كوچىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلگە قە-
دىمكى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن، شەكلى شاراب قۇيىدىغان جامغا
ئوخشايدىغان چوڭ بىر مىس ئەسۋاب ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ قە-
دىمكى ئەسۋاب كەمتەرلىك، سالماقلىقتا، تەرەققىيات ھەم كىشى-
لىك ھاياتتىكى ئۆلچەم ۋە تەڭپۇڭلۇقتا سىمۋول قىلىنغان. كى-
چىك كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە يەنە ئىدىقۇت دىيارىدىكى
قەدىمكى چالغۇ — ئۇدىنىڭ شەكلى ياسالغان بولۇپ، كەچلىكى
ئۇدىنىڭ «تار»لىرى ھەرخىل رەڭدە يېنىپ، ھەرخىل كۈيلەرنى
چىقىرىپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. بۇ يەردىكى
كىچىك تاغنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى

گۆمبەزلىك راۋاق ياسالغان. كونا شەھەر رايونىغا قارايدىغان كىـ-
چىك مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە چوڭچە شەكىللىك سەككىز تۆۋ-
رۈك ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ تۆۋرۈكلەردە تورپاننىڭ ئالاھىدىلىكى
گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

چاتاق كۆل بويىدىكى ئاشۇ تورلۇك رەڭدار چىراغلاردىن چىق-
تى. قىزغىن پاراڭ بىلەن ئولتۇرغان مۇراتنىڭ يۈرىكى بىر چاغدا
ئاغدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىنى كۆل بويىدىكى ئاشۇ چىراغ نۇرلى-
رى چېقىشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ رەڭدار نۇرلار ئىچىدىكى قى-
زىل نۇر مۇراتنىڭ كۆزىنى چېقىپ، كۆزىنى ئەركىن يۇمۇپ -
ئېچىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇراتنىڭ
دىققىتى، كۆڭلى بۆلۈندى. مۇرات ئالدىراپ قالدى.

— گۈلشەن كەچ بولۇپ قاپتۇ. سىزنى ئاپىرىپ قوياي، —
دېدى مۇرات.

— بولىدۇ. رەھمەت مۇرات، بۈگۈن مەن سىزدىن بەك خۇش
بولدۇم.

— ئۇنداق دېمەڭ گۈلشەن، سىزنى خۇش قىلغىنىم ئۆزۈمنى
خۇش قىلغىنىم.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەن ئۆزىنى تۇتالماي مۇراتنىڭ قۇچىقىغا
تاشلانغىلى تاس قالدى، ئەمما شۇ چاغدا چاي كۆتۈرگەن كۈتكۈچى
قىز كىرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يەردىن چىقىشقا مەج-
بۇر بولدى.

گۈلشەننى ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان مۇرات پەقەت
تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ يۈرىكىنىڭ قات -
قېتىدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان تەشنالىققا بەرداشلىق بېرەلمىدى...
«بۈگۈن مانا مۇشۇ كەمگىچە غەيرەت قىلىپ كەلدىم. مەن تاشلى-
يالايمەن. چوقۇم ئاستا - ئاستا تاشلىيالايمەن. بۈگۈن مۇشۇ
ۋاقىتقا ئەكەلدىم. ئەتە تېخىمۇ كەينىگە سۈرىمەن. شۇنداق قىلىپ
دەت - دەت ئازلىتىپ تاشلايمەن. ئاندىن كېيىن باشقا نەرسىلەر
بىلەن خۇمارىمنى باسىمەن. ئاخىردا تەلتۆكۈس قول ئۈزىمەن.»

ئۆزگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بەرگەن مۇرات ئاخىر ھەمىيىنىنىڭ قېتىدىكى كىچىك بولاقچىنى قولىغا ئالدى...

مۇرات بۇ قېتىم ئۆيىگە قايتقۇچە ئۆزىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمىدى. پۇشايمانلىق تۇيغۇلارغىمۇ چۆمۈلمىدى. ئۇنىڭدا پەقەت ئۆزگە بولغان تەسەللى ۋە ئۆزىنى گوللاشلا بار ئىدى.

ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان مۇرات: «قارىغاندا بۇ نەرسىدىن قۇتۇلـ ـماق تەس ئوخشىمامدۇ» دەپ بەك ئەپسۇسلىنىپ كەتتى. ئاخىر ئۇ ناھايىتى پەرىشان ھالدا ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ چۈش كۆردى. ئۇ شەرقىي ئايلانما يولىنىڭ دوقمۇشىدىكى كىچىك ئېقىن بويىدا ماشىنىسىنى يۇماقتا. ئۇ نېرىدا تەرىنى سۈرتۈپ تۇرغان گۈلشەنگە كۈلۈپ قاراپ قويۇپ ئەينەكنىڭ گىرـ ـۋەكلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەسـ ـتايىدىللىقىغا مەستلىكى كېلىپ، ئامراقلىق بىلەن قاراپ تۇرغان گۈلشەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئەكىلىڭ مۇرات، مەن سۈرتەي. سىز بىردەم ئارام ئېلىۋېـ ـلىڭ.

گۈلشەن شۇنداق دېگىنىچە مۇراتنىڭ قولىدىكى سۈرتكۈچ لاتىنى ئالدى ۋە مۇراتقا قولىدىكى مىنېرال سۇنى بەردى. مۇرات مۇزلىتىلغان مىنېرال سۇنى راھەتلىنىپ ئىچكەچ بېرىلىپ ماـ ـشىنا سۈرتۈۋاتقان گۈلشەننىڭ چىۋەر ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلـ ـدى. «ئۆي ئىشلىرىغىمۇ پىششىق ئىكەن. چىۋەر خوتۇن دېگەن باشقىچە بولىدىكەن. ناۋادا بالىمىز تۇغۇلسا بىر تەربىيەلەپ كەتـ ـكۈدەك» دەپ ئويلىدى مۇرات.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى گۈلشەن.

— بالىمىزنى، — دېدى مۇرات.

— بالىمىز مەكتەپكە كەتكەن تۇرسا، — دېدى گۈلشەن. بۇ گەپ مۇراتقا قىزىق تۇيۇلۇپ «مەكتەپكە كەتكەن بالىمىزنى نېـ ـمىشقا ئەمدى تۇغۇلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندىمەن؟» دەپ ئويلىدى.

شۇ چاغدا بىرىنىڭ «مۇرات» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مۇرات بېشىنى كۆتۈردى. نېرىدا تونۇش ئىككى قىز تاماكا چەك-
كىنىچە ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. مۇرات ئۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەت-
تى. ئۇلار مۇرات بۇرۇن ئارىلاشقان «ھېلىقىدەك» قىزلار ئىدى.

— كېلىڭە مۇرات، دىباغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى، — دېدى قىزلاردىن بىرى.

— بىزنى سېغىنىپمۇ قالغانسىز؟ سىزنىڭ نەپسىڭىزنىڭ چوڭلۇقىنى بىلگەچكە بۇگۈن ئىككىمىز كەلدۇق، — دېدى يەنە بىر قىز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆكسىنى سىلاپ. مۇرات ئىختىيارسىز ئۇلار تەرەپكە ماڭدى.

— مۇرات، نەگە بارىسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى گۈلشەن.

— مەن... مەن... ئۇلار...

مۇرات شۇنداق دۇدۇقلىغىنىچە ئۇ قىزلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە قىزلارنىڭ يېنىدا توختىغان پويىزنىڭ ئۇچەي باسقان ئۇستى ئوچۇق ۋاگونىغا چىقىپ كېتىپ قالدى ۋە: «ئەستا، بۇ ئىشنى گۈلشەن كۆرۈپ قالدىغۇ؟ قانداق يالغان ئېيتسام بولار؟» دەپ ئويلاپ كەتتى. ماشىنىنى ھەيدەپ بىردەمدىلا ئۇلارغا يېتىشىۋالغان گۈلشەن ئۇنىڭغا:

— بۇنى بىلسەم تۇنۇگۈنلا سىزنى سېتىۋەتسەك بوپتىكەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭدىن ئايرىلىپ قالامسىز؟ — دېدى مۇرات.

— ئەنسىرىمەڭ، مېنى ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ.

— ئۇنىڭدىنمۇ بالا ئالامسىز؟

— ئەر - خوتۇن بولۇپ بىللە ياتقاندىكىن بالىلىق بولىدىغان گەپتە.

بۇنى ئاڭلىغان مۇراتنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى ۋە «ياق، ياق» دېگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن «ئېغىر «ئۇھ» تارتىۋەتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ شۇ ئىشلار ئوڭىدا يۈز بەرگەندەك

خېلىغىچە كۆڭلى يېرىم بولۇپ، باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ئاندىن: «بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نېمە ئۈ قىزلار چۈشۈمگە كىرىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكىلى، خىيالىمغىمۇ كىرىپ باقمىغىلى نەكەم. ئەجەب ئىشتە بۇ؟» دەپ ئويلاپ كۈلگۈسى كەلدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا شامالدۇرغۇچ يۇقىرى خوتقا سېلىپ قويۇلغان بولسىمۇ، دۇكان ئىچىنى سالقىنلىتالمايۋاتاتتى. گۈلشەن ئۈنئالغۇنى قويۇپ قويۇپ كىيىم تىكىۋاتاتتى.

«كۆڭلى ئاپئاق، ياخشى يىگىت» دەپ ئويلاپ قاپتىمەن،
«تېپىلمايدۇ جاھاندا» دەپ داڭلاپ ساپتىمەن.
سىرلىرىڭنى بىلگەن چاغدا ئۆلمىدىم ئەمما،
«ئىسىت» دەپ ئەقىدەمگە يىغلاپ قاپتىمەن.

گۈلشەن ناخشىغا ئەگىشىپ غىڭشىغاچ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئاستا خىيالغا كەتتى.

ۋىسال تېز تاماقخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى. ئۈزۈم بۇلاق كۆلىنىڭ ھەيۋەتلىك، كۆركەم كەچلىك مەنزىرىسى دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

گۈلشەن بىلەن مۇرات بىر - بىرىگە باققىنىچە تانسا ئوينىماقتا. مۇرات گۈلشەننىڭ كۆزىگە تەشنالىق بىلەن قارىماقتا. گۈلشەننىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يانغان. مۇراتنىڭ قولى تەگكەن يەرلەر ھارارەتتىن قىزىماقتا. مۇرات گۈلشەننى ئۆزىگە ئاستا تارتتى. ئوتلۇق نەپەسلەر چاقماق كەبى سوقۇلۇشتى. قاغجىرىغان لەۋلەر بىر - بىرىدىن يامغۇر تىلەشتى...

گۈلشەن ئاشۇنداق شېرىن خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا دوستى

ئادىلە كىرىپ قالدى، ئەمما گۈلشەن دوستىنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيمىدى. ئەكسىچە ماشىنا يىڭنىسىدىن چىقىپ كەتكەن يىپقا قا-رىغىنىچە كۆزىدىن شېرىنلىك تۆكۈپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇنى كۆر-گەن ئادىلە «هەي» دەپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىدى. گۈلشەن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— كىمنىڭ كويى چۈشتى سىزگە؟ — دېدى ئادىلە سىرلىق كۈلۈپ.

گۈلشەن ئادىلەنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى. گېپىنى ئاڭلىغاندا بولسا يۈزى ئوت بولۇپ ياندى. شۇڭا ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرى-شىپ:

— يوق گەپنى قىلماڭ. دۇكاننىڭ غېمى بىلەن ئولتۇرۇپتى-مەن، — دېدى.

ئادىلە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ:

— يالغان ئېيتماڭ، دۇكىنىڭىزنىڭ سودىسى شۇنداق ياخشى تۇرسا. سىز چوقۇم بىرسى بىلەن يۈرۈۋېتىپسىز، — دېدى.

گۈلشەن تەمكىن قىياپىتىگە قايتتى:

— ئۇنداق ئىش يوق.

— ئاشىقىڭىزنىڭ دەردىدە تولا خىيال قىلىپ كالىلىڭىزدىن كېتىپ قالماڭ يەنە. ئاشىقلىق يامان جۇمۇ.

— نەدىكى ئاشىقلىقكەن؟

— دىققەت قىلىڭ، «مەن سىزگە ئاشىق» دېسىلا «ئاھ» دەپ قۇچىقىغا ئۆزىڭىزنى ئاتماڭ جۇمۇ.

— مەن تېخى ئۇ هالغا چۈشۈپ قالمىدىم، — قارىماققا گۈل-شەن ئادىلەنىڭ سۆزىگە خاپا بولغاندەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن مۇ-شۇنداق سۆزنىڭ داۋاملىشىشىنى خالاۋاتقاندەك ئىدى، — لېكىن قۇچىقىغا ئاتقۇدەك يىگىت بولسا ئاتىمەن.

— هەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماڭ. كەينىڭىزدىن پالاقلاپ، «تۆمۈر هاسىسى ئۇپراپ، تۆمۈر كەشى تېشىلگەندە» ئاندىن ئۇ يى-گىت بىلەن چىرمىشىپ ئېرىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ... — ئۆز

گېپىدىن خىجىللىق ھېس قىلغان ئادىلە ئاغزىنى ئەتكەنچە كۈلۈپ كەتتى.

بۇنى ئاڭلاپ راستىلا مۇرات بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتقاندەك گۈلشەننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— خاپا بولماڭ دوستۇم، بايا چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئادىلە جىددىي قىلىپ، — يوشۇرىسىڭىزمۇ مەيلى. لېكىن سىزگە دەپ قوياي. ئەگەر ئۇ ئىش ـ ئوقىتى جايىدا، سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان، ساپ دىل، ياخشى يىگىت بولسا ھەرگىز قولدىن چىقارماڭ. ھەتتا ئاكتىپ بولۇڭ. بىز «ئاشىق يىگىت ئۆزى كەلسۇن» دەپ بىر بۇلۇڭدا مۈگدەپ ئولتۇرساق بولمايدۇ. ئاندىن قەدىرلىك دوستۇم، بۇ يوشۇرىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى ئاشىق ـ مەشۇقلۇق گۇناھ ئىش ئەمەس.

گۈلشەن ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتقىنىنى بىلمەي قالدى ۋە: «مەن ئاشىق يىگىتنى خىيال قىلىۋاتسام، ئۇ يىگىت قايسى بۇلۇڭدا مۈگدەپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى.

بۇ چاغدا مۇرات گۈلشەن بىلەن ئىككىسىنىڭ تەقدىرى ئۇستىدە ئاپىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

مۇرات تاماق يەۋاتقانىدى. رەھىمە بولسا ئادىتى بويىچە ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

مۇرات بىر چىنە چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن دۇئا قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى.

— بەك ئالدىراش بولمىساڭ بىر دەم ئولتۇر، — دېدى رەھىمە بىر ئىشقا كۆڭلى تېنىگەندەك، — ساڭا دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

مۇرات ئولتۇردى ۋە چىنىسىگە يەنە چاي قۇيدى.

— بالام، ماشىنىنىڭ قەرزىمۇ بىر يەرگە قاملاشقىلى تۇرۇپتۇ. قالغىنىنىمۇ ئانچە قىينالمايلا ئۈزۈۋېتكۈدەكمىز. ئەمدى بولسىمۇ گېپىڭدە تۇرۇپ تۇرمۇش ئىشىڭنى ئويلاشساڭ بولاتتى.

مۇرات بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تولا تارتىنىپ ئولتۇرمايلا:

— بولىدۇ ئاپا، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان رەھىمە خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە:
— پۇتۇشكەن يېرىڭ بولسا دە. بىز ۋاقتىدا ئادەم كىرگۈزۈپ، بۇ ئىشنى غاچ - غۇچ پۇتتۇرۇۋېتەيلى، — دېدى ئالدىراپ.
مۇرات گۇلشەننىڭ ئىسمىنى چىقارماقچى بولدى - يۇ، لېكىن تېخىچە قىزدىن ئېنىق بىر سۆز ئالمىغىنى ئېسىگە كېلىپ جىم بولۇپ قالدى. مۇراتنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى كۆرۈپ:
— يا مەن ئويلاپ قويغان يەرلەرنى دەپ باقايمۇ؟ — دېدى رەھىمە.
— ياق، بولدى ئاپا، — دېدى مۇرات ئاخىر، — مېنىڭ ئويلاپ قويغان يېرىم بار.
رەھىمە بۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك:
— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى.
— سەن تونۇمايسەن. لېكىن ئۆزى سەيپۇڭ ئاپا.
بۇنى ئاڭلىغان رەھىمە خۇشال بولۇپ كەتتى.
— سەيپۇڭ بولسا تېخى ياخشى. قولىدا گۈلدەك ھۈنىرى بار ئىكەن. ماقۇل دېسەڭ، ۋاقتىدا ئۆيىگە ئادەم كىرگۈزەيلى، — دېدى رەھىمە.
پەرزەنتىنىڭ توي ئىشىغا ئالدىرىمايدىغان ئانا يوق. بۇنداق ۋاقىتتا ئانا ئەڭ ئالدىراقسان، ئىش بېجىرىشكە ئەڭ ماھىر، كۆڭلى ئەڭ تۇيغۇن ۋە نازۇك، ھېسسىياتقا ئەڭ باي، كۆز يېشىمۇ ئەڭ كۆپ بولىدۇ.
— ئەتە بىر جاۋابىنى بېرەي، ئاپا.
— ماقۇل بالام. لېكىن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما.
ئادىتى بويىچە ئوغلىنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىققان ئانا يەنە كۆڭلىنى تىندۇرالمىدى:
— بالام، ھېچ بولمىسا رەسىمىنى بولسىمۇ ئالغاچ كەل.
مۇرات كۇلۇپ قويۇپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى.
ئۇ توي ئىشىدا بۇگۈن ئاپىسىنى خۇش قىلالىغىنى بىلەن ئۆ-

زى غەمدە قالدى. چۈنكى ئۇ گۈلشەننىڭ يۈرەك سىرىدىن، كۆڭۈل مايىللىقىدىن بىخەۋەر ـ دە! «ئادەتتىنغۇ گۈلشەننىڭ ماڭا كۆڭلى بارلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقىنى ئېنىقلا، — دەپ ئويلىدى مۇرات، — لېكىن رەسمىي ئېغىز ئاچقاندا نېمە دەر؟ تەلپىمنى قوبۇل قى-لىپ، تويغا قوشۇلۇرمۇ؟ ياكى يوقىلاڭ باھانە بىلەن ئۆزىنى ئېلىپ قاچارمۇ؟ گەپكە يېقىن كەلمەي تۇرۇۋالارمۇ؟... ھەي، مەن نېمى-لەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغىنى ئېنىقلا تۇرمامدۇ؟ بولمىسا ئۇ مەن بىلەن دائىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاماققا چىقامدۇ؟ يېقىن دوستلىرىغا مېنى تونۇشتۇرامدۇ؟ بەرگەن سوۋغامنى قوبۇل قىلامدۇ؟... دېمەك، ئۇنىڭمۇ ماڭا كۆڭلى بارلى-قى ئېنىق.» ئاخىرقى خۇلاسىسىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان مۇرات يېنىك تىندى.

ئۇ ئازراق كىرا پۇلى تېپىش ئۈچۈن ئادەم كۆپرەك بولغان بېزەكلىك يولى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمما، سەلدىن كېيىن بىر ئىش يادىغا يېتىپ مېڭىشتىن رايى ياندى. «گۈلشەنغۇ ماڭا ھە دەر. بىراق توي ئىشىغا كەلگەندىچۇ؟ — بۇ ئويى بىلەن مۇراتنىڭ بېشى قاتتى، — ئەگەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا مېنى بى-لىدىغانلار بولسا ياكى ئۇلار سۈرۈشتۈرگۈدەك بولۇپ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا... ياق، ياق! ئۇنداق بولسا تۈگەشكىنىم شۇ. ئۇ چاغدا ھېچكىمنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن. ياق، بەلكىم ئۇنداقمۇ بولماس. مەن شۇنداق يوشۇرۇن ئىش قى-لىۋاتسام، مېنى كىم بىلەتتى. بىلگەنلەرنىڭمۇ مەندىن پەرقى يوق تۇرسا. مېنى چېقىپ ئۆزىنىڭمۇ بالاغا قېلىشىنى ئۇلار ھەرگىز خالىمايدۇ. شۇنداق، مەن ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپتىمەن.» مۇرات-نىڭ كۆڭلى يەنە تەسكىن تاپتى، بىراق ئەندىشىلىك خىيالدىن يە-نىلا قۇتۇلالمىدى: «كېيىنچە بۇ ئىشىم ئاشكارا بولماي قالمايدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بىر ئامال قىلىپ ئۇ ئىشتىن قول ئۈزەي. ئاستا ـ ئاستا تىرىشىپ باقاي. خۇمار باسىدىغان دورىلارنى بار دەيدۇ. يا شۇلارنى يەپ بۇ ئىشتىن قۇتۇلارمەن... »

مۇراتنىڭ قارارى ئاخىر مۇقىملاشتى: «بۈگۈن گۈلۈم بىلەن كۆرۈشۈپ گەپنى ئوچۇق دېيىشىم كېرەك!» مۇرات يانفونىنى ئېلىپ نومۇرلارنى باستى:

— ۋەي، گۈلشەن، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ بۈگۈن كەچتە كۆرۈشكەن بولساق، مۇھىم گەپ بار ئىدى.

كەچ، شەرقىي ئايلانما يولىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى كىچىك ئېقىن بويىدا مۇرات بىلەن گۈلشەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— «مۇھىم گەپ بار» دەپ ئادەمنى چاقىرىپ قويۇپ بىر بولسا تاققا - تۇققا گەپ قىلىسىز، بىر بولسا مۇشۇنداق جىم ئولتۇرىدىكەنسىز. يالغان ئېيتىپ شۇنداق دەپ قويغانمىدىڭىز - يە؟

— مۇھىم گەپلەرنى قىلىدىغان ۋاقىتتا تىلىم تۇتۇلۇپ قالىدىغان يامان ئادىتىم بار مۇشۇنداق.

— مۇھىم گەپنى دەۋەتكۈلۈك، — دېدى گۈلشەن، — قېنى دەڭ، مەن سىزگە ياردەملىشەي.

— بۇ سىز توغرۇلۇق گەپ جۇمۇ.

— ئۇنداق بولسا سىزگە تېخىمۇ چوڭ ياردەم قىلالىغۇدەكمەن.

— ئەمىسە دېدىم، — دېدى مۇرات خۇددى يىقىن يەردە بىرسى ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشاۋاتقاندەك ئەتراپقا قاراپ، — گۈلشەن، ئەسلىدىلا بىزنىڭ رىزقىمىز قوشۇقلۇق ئوخشايدۇ. تۇنجى كۆرۈشۈپلا شۇنداق چىقىشىپ كەتتۇق. بۇ جەرياندا مەن سىزگە بىر گەپنى دېيەلمەي كېلىۋاتىمەن، ئەمما بۇ گەپ ئىككىمىزگە ناھايىتى ئايدىڭ.

مۇرات ھەقىقەتەن تاققا - تۇققا گەپ قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ گەپتىن توختىدى. گۈلشەن بولسا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئېيتىڭە، نېمە گەپ ئۇ؟ ئۇ گەپ ماڭىمۇ ئايدىڭ بولسا، ئەجەب مەن بىلمەيدىكەنمەنغۇ، — دېدى گۈلشەن.

مۇرات شارتتىدە بۇرۇلۇپ گۈلشەننىڭ ئىككى مۈرىسىدىن

تۇتتى. بۇنىڭدىن گۈلشەننىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى. مۇراتنىڭ تىلى ناھايىتى تەستە گەپكە كەلدى:

— گۈلشەن، ماڭا ياتلىق بولۇڭ!

قاتتىق ھاياجانلانغان مۇرات گۈلشەننى ئۆزىگە تارتتى. ئەمما گۈلشەن كەينىگە تارتىشتى ۋە مۇراتقا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى مۇرىسىدىن ئاستا چۈشۈرۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن مۇراتنىڭ روھى چۈشۈپ، ۋۇجۇدىغا سوغۇق ئېقىم تارىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن تاماكا چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇردى.

مۇرات تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ تۇرۇۋېدى، ئۇنىڭ يانفونى سايرىدى. بۇ ھەسەن ھەسەلنىڭ ئۇنى «سودا»غا ئالدىرىتىپ ئۇرغان تېلېفونى ئىدى. مۇرات تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى ۋە يانفوننى ئېتىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار بولغانىدى. بىر چاغدا چەتكە قارىۋالغان گۈلشەن مۇراتنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئاستا شىۋىرلىدى:

— قاچان ئەلچى كىرگۈزىسىز؟...

بۇ گەپ ئاخىرلاشمايلا بىر جۈپ نازۇك، چىۋەر قول مۇراتنىڭ سەل تاماكا ئىسى پۇراپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا چىرماشتى...

شۇنداق قىلىپ بۇ كۈن، يەنى 2008 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئۇلۇغ بىر كۈن بولۇپ قالدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ھايات گۈزەللىكى ۋە ئاسىيي

# بىرىنچى باب

ئۆزۈن يىللاردىن بېرى سۈكۈت ۋە جىمجىتلىق ئىلكىدە تۇرغان بۇ قورۇ هازىر قىزغىنلىقتا، ئىللىقلىقتا تولغانىدى. هويلا رەتلىنىپ، ئۆيلەر بىر قۇر زىننەتلەنگەن. يەنە كېلىپ بۇ ئائىلىگە كېلىن قولى تەگكەن بولغاچقا، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ياخشى كېلىننىڭ «مەرى ئىسسىق كېلىدۇ» دېگىنى شۇمىكىن. بەلكىم شۇنداقتۇ؟ بەزىلەرنىڭ «كېلىن» ئەمەس «قېلىن» دېگىنى، ئەلۋەتتە، ئېرىگە، قېيىنئاتا - قېيىنئانىلىرىغا كۆيۈنمەيدىغان، تېگىشلىك هۆرمىتىنى قىلمايدىغان، ئائىلە ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزى ئەتىدىن - كەچكىچە ئەينەكنىڭ ئالدىدىن قوپماي، ئويۇن - تاماشىنىڭ كويىدا يۈرىدىغان كېلىنلەرگە قارىتىلغان.

گۈلشەن رەھىمەنىڭ تەلىيىگە «مەرى ئىسسىق» كېلىن چىقتى. رەھىمە «ئىشچان، كۆيۈمچان، قازان بېشى ئىشلىرىغا قولى چاققان، هۈنەرگە چېۋەر، ئەقلى بىلەن ئىش قىلىدىغان ئېسىل كېلىن ئىكەن» دەپ ئويلاپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق ياخشى قىزنى تاللىغان ئوغلىدىن ئالەمچە خۇش بولاتتى.

بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە تاماققا ئەتىگەنلا تەييارلىق قىلىشقا تۇتۇنغان رەھىمە ئەمدىلا ئوچاققا ئوت ياقماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، گۈلشەن بايىلا تارىغان چېچىنىڭ چىقىپ قالغان يەرلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئىچىگە تىقىشتۇرغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ۋە رەھ-

مەدىن ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى تەمەچىنى قولىغا ئالدى:

— ئەكەلسىلە ئاپا، ئوتنى مەن ياقاي، ئىس ئۆزلەگە زىيان قىلىدۇ.

گەپ تۈگىگىچە گۈلشەن تەمەچكە ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئۈلگۈردى. گۈلشەننىڭ گېپىدىن رەھىمەنىڭ يۈرىكىگە ئىسسىق بىر ئېقىم تارىغاندەك بولدى. «بۇ كېلىن نېمانچە كۆيۈمچان. توي قىلغىلى خېلى كۈنلەر بولدى. ئارتۇقچە شىۋىڭگىدە گەپ يوق. كۆڭلۈمنى ئىزدەپلا يۈرگەن. باشقا ئائىلىلەردە توينىڭ خۇشاللىقى تۈگىگىچە كېلىن بىلەن قېيىنئانا ئوتتۇرىسىدا كۈندە جېدەل بېسىلمىغان. قىزىم، بەختىڭلەرنى بەرسۇن.» رەھىمە كېلىنىگە زوقلىنىپ قاراپ كەتتى. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى تۈپەيلى، جاپا ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ ناچارلىقى قوشۇلۇپ بىر قىشلىقى رەھىمەنىڭ ئۆپكىسى ئەدەپ يېگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ، يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالىنىپلا بولدى قىلغانىدى. شۇ قېتىمقى ئاغرىقنىڭ ئاسارىتىدىن ئۇنىڭ دېمى سىقىلىدىغان، ئازراق ناچار ھاۋا، سوغۇق بولسىلا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا ئۆزى بىلەن بىللە شۇنچە يىل بىرگە ياشىغان ئوغلى دىققەت قىلمىغان بىلەن گۈلشەن ئاللىقاچان سېزىپ بوپتۇ ۋە كىچىك ئىشلاردىمۇ رەھىمەگە كېلىنلىك كۆڭلىنى يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرۈپتۇ. شۇڭا رەھىمە ئۇنىڭدىن خۇش بولماي تۇرالىسۇنمۇ؟

— مۇرات كۈدىدە قىلغان بولاق مانتىغا ئامراق ئىدى. شۇنىڭغا تەييارلىق قىلماقچىدىم.

— بولاق مانتىغا مەنمۇ ئامراق، — دېدى گۈلشەن چەينەككە سۇنى جىقلاپ قويغاندىن كېيىن، — كاۋىدىنمۇ ئازراق قىيما قىلايلى. سىلىگە پايدا قىلىدۇ.

بۇ گەپتىن رەھىمەنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپلا كەتتى.

— ئۇنداق بولسا مەن قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ خېمىرتۇرۇچ

ئېلىپ كىرەي، ــــ دەپ سىرتقا ماڭدى رەھىمە.

مانتا سالىدىغان كورىنى تازىلاپ بولغان گۈلشەن كۈدىلەرنى ئادالاپ تۈرغاندا مۇرات ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ گاز يېقىلغۇسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسىدىن چاتاق چىقىپ، ماشىنىسى رېمونتتا چۈشۈپ قالغاچقا، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئارام ئېلىۋاتقانىدى.

ــــ ئاپام قېنى؟ ــــ دەپ سورىدى مۇرات.

ــــ قوشنىلارنىڭكىگە خېمىر تۇرۇچ ئالغىلى چىقىپ كەتتى، ــــ گۈلشەن ئېرىگە مەستانىلىق بىلەن قاراپ، ــــ ئاپام سىزگە بەك كۆيۈنىدىكەن جۇمۇ. تاماقتىمۇ ئۆزىگە يارىشىدىغانىنى خىيال قىلماي، يەنە سىزنىڭ ئامراق تامىقىڭىزنى ئويلايدىكەن.

مۇرات كېلىپ گۈلشەننى قۇچاقلىدى:

ــــ سىزمۇ ماڭا شۇنداق ئامراق بولۇڭ.

ــــ ھېلىمۇ ئامراق تۇرمايمەنمۇ، ــــ دېدى گۈلشەن. ئاندىن مۇراتنىڭ قولىنى بوشاتتى، ــــ سەت تۇرىدۇ. نېرى تۇرۇڭ.

ــــ كىم كۆرمەكچى، كېلىڭە بىرنى سۆيۈۋالاي.

ــــ تاماق قىلىۋاتسام...

مۇرات نازلىنىپ تارتىنىۋاتقان گۈلشەننى بىرنى سۆيۈۋالدى. بۇنىڭدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن گۈلشەن تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

مۇرات گۈلشەننىڭ قىلىقىغا كۈلۈپ كەتتى ۋە:

ــــ خوش خوتۇن! ــــ دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ــــ ئەجەبمۇ قوپال گەپ قىلغان، ــــ دېدى گۈلشەن ئەركىلەپ.

ــــ نەدە قوپال، ــــ دېدى مۇرات، ــــ بۇ گېپىم سىزگە شۇنداق خۇشيېقىپ، شۇ تاپتا مېنى يەنە شۇنداق ئاتىسىكەن دەۋاتقانسىز؟

ــــ خوي شۇنداقتۇ، ــــ دېدى گۈلشەن، ــــ ئاپام سىزنى دەپ خېمىر سېلىپ مانتا قىلىمەن دەۋاتسا نەگە بارىسىز؟

ــــ ماشىنىغا قاراپ باقاي.

ــــ ئۇنداقتا ۋاقتىدا قايتىپ كېلىڭ.

— بولىدۇ خوتۇن.
— گېپىڭنىڭ سەتلىكىنى...

مۇرات بىر ناخشىغا ئىڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئامراقلىق بىلەن قاراپ قالغان گۈلشەن: «تويىنىڭ تۆتىنچى كۈنىدىن باشلاپلا ماڭغىلى تۇرۇۋېدى، بىر كۈنمۇ ئارام ئالمىدى. شۇنداق مېڭىپمۇ چارچىمايدۇ بۇ مۇرات. بىزنى ياخشى كۈن كۆرسۇن دەپ جاپاغا چىداۋاتىدۇ، لېكىن بىزنى دەپ ئۆزى يىقىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ. ئەمدى گەپ قىلىدىغان يەرگە كەلدى. ياكى بولمىسا كۈندۈزى ئۆزى مېڭىپ كەچلىكى باشقا بىرسىگە بەرسىمۇ بولىدىغۇ. نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق قىلىدىكەنغۇ. بۇنى ئاپامغىمۇ، مۇراتقىمۇ دەپ باقاي. ئادەمگە جانمۇ لازىم. قارىسام مۇرات بىر ئاز جۇدەپ قاپتۇ. ئىشقا ئۆزىنى بەك ئۇرۇۋەتكەن بىلەن مۇشۇنداق بىلىنىپ قالىدىغان گەپ» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى.

ئۆيىدىن چىققان مۇرات مەھەللە بېشىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ئۈزۈملۈك ئىچىدىكى تار يولغا چۈشتى ۋە يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان گاز جىقلاش پونكىتىنىڭ يېنىغا باردى. نېمە ئۈچۈندۇر يېقىندىن بۇيان بۇ يەردە قۇرۇلۇش توختاپ قالغانىدى. مۇرات قورشاۋ تام بىلەن تېخى ئۆرۈلمىگەن كونا ئۆينىڭ كەينى تېمى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئاراشقا كىردى ۋە تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ يېنىدىن «جابدۇق - چارىلىرى»نى چىقاردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرنىدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشقا باشلىغان بولغاچقا، ئۇ توختىماي بۇرنىنى تارتىپ بەك ئاۋارە بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ قات - قېتى بېسىپ بولماس بىر تەشنالىققا ئىنتىلىپ تۇرغان بولغاچقا، بۇلار بىلەن ئۇنىڭ كارى بولمىدى...

مۇرات «جاننى قۇتقازغۇچى تۈتۈن»نى قانغۇچە شورىغاندىن كېيىنلا ئارام تاپقاندەك بولدى ۋە ماشىنىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

مۇرات رېمونتخانىغا بارغاندا رېمونتخانىدىكىلەر ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ چۈشتىن كېيىن پۈتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇرات كۈنگە قاراپ بېقىپ چۈشلۈك تاماققا تېخى بالدۇرلۇقىنى بىلىپ

ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇردى. شاگىرت باللار ئۈستىسى دەپ بەرگىنى بويىچە مەشغۇلات قىلغاچ توختىماي ئۈششاق پاراڭ قىلىشاتتى. بۇنىڭغا ماشىنىسىنىڭ رېمونت نۆۋىتىنى ساقلىشىۋاتقان شوپۇرلار قوشۇلۇپ پاراڭ ئاۋۇپ كېتەتتى.

— هازىر تاكسى شوپۇرلىرىنى بۇلايدىغان ئىشلار جىقلاپ كەتتى، — دېدى تۇرخۇن تازىلاۋاتقان بىر شاگىرت بالا، — ئاخشام توشقانبۇلاقتا بىر تاكسى شوپۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ماشىنىسىنى بۇلاپ كېتىپتۇ.

— نېمە ماشىنا ئىكەن؟ — دەپ دەررۇلا سورىدى يەنە بىر شاگىرت بالا.

— «جېدا» ئىكەن.

— نېمانچە لاۋزا سىلەر، — دېدى ئۈستىسى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئادەم ئۆلسە، نېمە ماشىنا بىلەنلا قالىسىلەر. ئادەم مۇھىممۇ، ماشىنىمۇ؟

— شوپۇرنى بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرگىنى يوق، — دېدى بىر شوپۇر ئالدىراپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىسى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇ باشقىلارنى ساقلاتمايلا ئېيتتى:

— ساقچىخانىدا ئىشلەيدىغان ئاغىنەمدىن ئاڭلىسام، ئۇ شوپۇر چېكىمدىكەن. سىلەر ئۇنى بىلىسىلەر. ئۆتكەن يىلى ماشىنىسىنى رېمونت قىلدۇرغىلى كېلىپ، ماشىنىسىنى رېمونت ئوردىكىگە چۈشۈرۈۋەتكەن شۇ.

— نېمە؟ ئۇ چېكەمدىكەن؟ — دەپ ھەيران قالدى باشتا ئېغىز ئاچقان شاگىرت، — هوي، ئۇ چېكىمدىغاندەك كۆرۈنمەيدىغۇ.

— سېنىڭچە ئۇلار «مەن چېكىمەن» دەپ پېشانىسىگە يېزىۋالسا بولاتتىمۇ؟ ئۇلارنى قاراپ بىلگىلى بولسۇنمۇ؟

— بەزىلەرنى قاراپ بىلگىلى بولىدۇ.

— ئەستا... بولدى قىلىڭلارچۇ يوق ئىشلارنى تالاشماي، — ئۈستام يەنە خاپا بولدى، — ھە، قانداق بولغان ئىشكەن ئۇ؟

— ئۇ چېكىمدىكەن. چەككىلىمۇ ئۇزۇن بوپتىكەن، — دېدى

شوپۇر ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، ــ ساقچىلار بىلگەن ئەھۋال مۇنداق ئىكەن. ئۇ شۇ كۈنى توشقانبۇلاققا كەلگەندە خۇمارى تۇ-تۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ماشىنىسىنى يول بويىغا توختىتىپ خېرو-ئىنىنى تومۇرىغا ئوكۇل قىپتۇ. ئوكۇلنى بەك تېز ماڭدۇرۇۋەتكەن چېغىۋا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئوكۇل قىلغىنى ئانچە ساپ خېـ-روئىن ئەمەسكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماشىنا ئىچىدىلا قېتىپ قاپ-تۇ. كېيىن ھېلىقى نەسىباسقۇرلار كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئەسلى تو-يۇقتىكى دۈشەنبە بازارغا سەي ساتقىلى بارغانلار ئىكەندۇق. ئۇلار شوپۇرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەم ئەقىل-لىق قىلىپ، شوپۇرنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ماشىنىنى ئەپقې-چىپتۇ. ئۇلار ھەق ئېلىش ئورنىدىكى قاتناش ساقچىلىرىدىن قورقۇپ، بۇيلۇق بىلەن مېڭىپتۇ. تازىمۇ ئىش كۆرمىگەن نېمە-لەركەن. ماشىنىنىڭ گازى تۈگەپتىكەن، مايغا ئالماشتۇرىدىغان كۇنۇپكىنى بېسىشنى بىلمەي ماشىنىنى ئوت ئالدۇرالماي تۇر-غاندا، ئۇ يەردىن چارلاش ساقچىلىرى ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇلار ساق-چىلارنى كۆرۈپ ماشىنىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساق-چىلار گۇمانلىنىپ ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇۋاپتۇ.

ــ تازىمۇ دۆت نېمىلەركەن، ــ دېدى بىر شوپۇر.

ــ شۇ ئەمەسمۇ. گازنى مايغا ئالماشتۇرالمايدىغان نېمىسىگە سېپىنى ساتماي، نېمە قويدى ئۇلارغا، ــ دېدى بىر شاگىرت.

ــ بەرىبىر تۇتۇلۇپ قالىدۇ. نومۇر تاختىسىنى ئالماشتۇرغان ھالەتتىمۇ رەسمىيەتلىرىنى ئوڭشىماق تەس، ــ دېدى بىر شوپۇر.

ــ بەزىلەر جەنۇبنىڭ يىراق يېزىلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن-غۇ، ــ دېدى يەنە بىر شاگىرت.

ــ ھە، «ماشىنىنى ئوبدان بىلىمەن» دەپ سەن ئوغرىلىماق-چىمۇ؟ بولدى قىلىش، ــ دېدى ئۇستام، ــ تولا ئادەمنىڭ نومۇ-سىنى كەلتۈرىدىغان گەپنى قىلماڭلار. ئىدىيەڭلەردە چاتاق بار جۇمۇ سىلەرنىڭ. سورىقى بار جاھان بۇ.

ــ مەن شوپۇرنى دەيمەن، ــ دېدى ھېكايە قىلىۋاتقان شو-

پۈر، — نېمە ساراڭلىق ئۇنىڭغا؟ شۇنچە جاپا تارتىپ تاكسىچىلىق قىلىۋاتقاندىكىن، نېمە قىلىدۇ خېرىدار ئۈچۈن چېكىپ. خۇددى پۇل تېپىشى ئاسانغا چۈشىۋاتقاندەك. نى - نى پۇلدارلارنىڭ خېرىدار ئۈچۈن چېكىپ سورۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزى كۆرمەيۋاتامدىكىن. مانا ئۇنىڭغا نېمە كۈن ئەمدى؟ ئائىلىسىدىكىلەرگىچۇ؟ ئۆزىگۇ كەتتى. قالغانلار دەردىدىن تۈگىشىپ كەتمەمدۇ؟ ئايالى، بالىلىرى باردۇ؟ ھەي، ئىسىت!

— شۇلارغا ھەيرانمەن، چەككەنلەرنىڭ سورۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ - بىلىپ تۇرۇپ يەنە چەككەن.

— ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىدىكەن بولمىسا. بۇلارنى ئويلىغۇدەك ئەقلى يوقمىكىن دېسە، بىر كاتتا بالىلار...

— ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا كۈلگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ، ئۆزلىرىچە چەكمىگەنلەرنى ياراتمايدىكەن. ئۇنى ھەقىقىي ئەركەكلەر چېكەرمىش.

— ئۇ لاتىلارنىڭ نەرىنى ئەركەك دېگىلى بولىدۇ؟

— شۇنى دەيمەن. ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قەدەم ماڭغۇدەك ھالى بولسىچۇ كاشكى.

— ئۇنداقلارغا خوتۇنى خوتۇن ئەمەس ئوتۇن.

— ئۇنداقلار ئۆزىنى باشقۇرالمايۋاتسا، بىرنېمىسىنى قانداق باشقۇرىدۇ؟ شۇڭا خوتۇنى ئوتۇن بولىدۇ - دە.

قالغانلار بۇ تېتىقسىز گەپتىن قاقاقلاپ كۈلۈشتى. مۇرات بولسا ئاچچىقتىن غالىلداپ تىترەپ كەتتى. ئەمما، ئۇ نېمە دەپ ئېغىز ئاچالىسۇن؟ شۇڭا ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى.

— پۇلىغۇ يېتىشمىگەن، ئۆيى ئۆي بولمىغان. ئەگەر پەرزەنتى بولسا، ئۇ پەرزەنتىنىڭ ھالىغا ۋاي.

— شۇ ئەمەسمۇ، ناۋادا شۇنداق بولسا بالىلىرى بىر ئۆمۈر ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ.

— ئۇنداق ئادەمدە «مەن ئاتا»، «مەن بىر ئەر» دەيدىغان ئوي يوق.

— ئاتا ـ ئانىسىنى مىڭ قاقشىتىپ، قاق سەنەم قىلىپ قوـ يۇپ، ئاتا ـ ئانا بولغىنىغا تويغۇزغىنىنى دېمەمسەن. شۇڭا ئۇلاردا «مەن پەرزەنت» دەيدىغان ئويمۇ يوق.

— چېكىدىغانلار بەك پەس كېلىدىكەن...

يەنە قانداق ئاچچىق گەپلەر بولۇر بولغىيدىكىن، مۇرات داۋاملىق ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي رېمونتخانىدىن كەتتى.

ئۇنىڭ كەيپىياتى ئېغىرلاپ كەتكەنىدى. بايىقى گەپلەر ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا ياڭراپ ئۆتكۈر پىچاق بولۇپ يۈرىكىنى تىلاتـ تى. ئۇنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلدى، ئەمما بۇ مۇشتلار كىم ئۈچۈن تۈگۈلدى؟ بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاپىسى، گۈلشەن كەلدى. «بىر كۈنلەرگە كەلگەندە بايىقى باللار دېگەندەك راستلا ئۇ ئىككى قەدىردانىمنىڭ يۈرىكىنى داغلاپ قويارمەنمۇ؟» بۇ ئوي تېخىمۇ ئاچچىق ئىدى. مۇرات ئۆزىدىن نەپرەتلەندى. ئىرادىسىزلىكىگە ئاچچىقى كەلدى. «مەن نېمىشقا گېپىمدە تۇرالمايمەن؟ شۇنداق قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئىرادىسىزلىك قىلـ لىمەن؟ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام يامان ئاقىۋەتكە قالماي- مەنمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئاپام بىلەن گۈلشەنگە كۆتۈرەـ لىگۈسىز كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەرمەيمەنمۇ؟... ئەگەر ماڭا بىـ رەر ئىش بولۇشتىن بۇرۇن گۈلشەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ قالسا يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ مېنىڭدەك بىر ئادەمنى تاللاپ قالـ غىنى ئۈچۈن ئۆكۈنسە، پۇشايمان قىلسا تاقەت قىلىپ تۇرالايمەنـ مۇ؟ ئاپامچۇ؟ ئاپامنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ كېتىشى ئېنـ نىق... ياق، ياق! بۇ كۈن ھەرگىزمۇ بېشىمغا كەلمىسۇن... شۇڭا مەن بۇ ئىشتىن قول ئۈزەي، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىن يولىماي. غەيرەت قىلسامىلا، چىدىسامىلا ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەن چوقۇم چىدايمەن... »

ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا بولغان ئاچچىقتىن، قەتئىي نىيەتتىن،

ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان پىغاندىن چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەن مۇرات ئۇدۇل ھەسەن ھەسەلنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

سېسىقچىلىقا پاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە مۇراتنىڭ يۈ ـ رىكى ئاغقاندەك، كۆڭلى بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك بولدى. ئۇ بېشىنى سىلكىۋېتىپ ئىشىكنى چەكتى. ئىچىدىن ھېچبىر سادا بولمىغاندىن كېيىن، مۇرات ئىشىكنى مۇشتى بىلەن ئۇردى. يە ـ نىلا سادا بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇرات يانفونىنى چىقىرىپ ھە ـ سەن ھەسەلگە تېلېفون قىلدى.

— ھە، نېمە بولدى؟ — دېدى ھەسەن ھەسەل ئادىتى بويىچە ئۇدۇللا.

— ئىشىكنى ئاچە، — دېدى مۇرات كەسكىن تەلەپپۇزدا. «نې ـ مە بولغاندۇ بۇنىڭغا؟» دەپ ھەيران بولۇپ غۇدۇڭشىغان ھەسەن ھەسەل:

— ئۆزۈڭ نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا!

— نېمانداق لەقۋا نېمە سەن؟ — دەپ ئاچچىقلاندى ھەسەن ھەسەل، — مەن سىلەرگە نېمە دېگەن ھە؟! قانچە قېتىم جېكىلى ـ دىم «ئەمدى ئۆيگە بارماڭلار» دەپ. مۇشۇنداق قىلىپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن ئاغرىنما! ھە، نېمە بولدى؟

— ساڭا دەيدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى.

— ئۇنداق بولسا يېشىل باغنىڭ ئۇچىنچى ئايرىمخانىسىغا كەل. يالغۇز كەل.

ئۇنىڭ دەۋاتقىنى غەربىي ئايلانما يولىنىڭ چېتىگە رەك جايلاشقان «يېشىل باغ ئالاھىدە قورۇمىلار تېز تاماقخانىسى» بو ـ لۇپ، يەرلىك توخۇ، ئايدىڭكۆل ئوغلىقى قاتارلىق تاماقلىرى داڭلىق ئىدى. ھەسەن ھەسەللەر شۇ ئاشخانىنىڭ كەينى ھويلى ـ سىدىكى ئايرىمخانا ھېسابىدىكى ئاددىي كىچىك ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ئىدى. «ئۇنىڭ بىلەن ھېساباتنى ئېنىق قىلىپ، پۇلىنى بېرىپ،

بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىزدىمەيمەن. ئۇنىڭمۇ مېنى ئىزدىمەسلىكىنى ئېيتىمەن. بولدى، ئىشلار مۇشۇنچىلىك بولسۇن ئەمدى. ئۇ نېمىلا دېسە ئاڭلىمايمەن!» مۇرات «ئايرىمخانا»نىڭ ئالدىغا كېلىپ شۇلارنى ئويلىدى.

ئۇيەدە ھەسەن ھەسەل، كامىل ۋە يەنە بىر ناتونۇش يىگىت بار ئىدى. ناتونۇش يىگىت ھە دەپ بۇرنىنى تارتىپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ مۇرات ئۇنىڭ تازا خۇمارى تۇتقانلىقىنى بىلدى.

ھەسەن ھەسەل مۇراتقا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ:

— كامىل ئۇرۇمچىدىن ئازراق نەرسە ئالغاچ كېلىپتىكەن. شۇنى سۆزلەۋاتقان. سەن بىردەم تۇرۇپ تۇر، — دېدى. ئاندىن سۆزلەشكە ئالدىراپ تۇرغان كامىلغا قاراپ ئېيتتى، — ھە، كامىل، قانداق بولدى؟

— بايا دېگەندەك چوڭ ئاكامنىڭ ئادىمى ماڭا «نەرسىنى پۇختا يەرگە سال. قاتتىق ئېھتىيات قىل» دەپ جېكىلىدى. مەن بېكەتكە بارغۇچە بەك دەككە ـ دۈككىدە بولدۇم. كىچىك ماشىنىغا چىققىدىغان ۋاقىتتا «قانچە يوشۇرسام شۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىمدىكەنمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە قانچە ئاددىي بولسا شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپ چارە ئىزدىدىم. ئاخىر قەلەي قۇتىلىق ئىككى كولا سېتىۋالدىم. ھاجەتخانىغا كىرىپ بىرىنىڭ يېرىمىنى تۆكۈۋېتىپ، نەرسىنى ئۇچكە بۆلۈپ سۇلياۋغا چىڭ ئوراپ قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىۋەتتىم. ئۇنى نەرسە كېرەكلىرىمنىڭ ئارىسىغا سېلىپ ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ھاجەتخانىدىن چىقتىۋالدىم. ئاندىن ماشىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم ۋە ھېلىقى كولانى ئىچكەن بولۇپ، يەنە بىر كولانى شوپۇرغا بەردىم. مۇزدەك كولا شوپۇرغا خۇشياقتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قۇتا كولانى خوتەننىڭ يېنىدىكى ئىچىملىك قويىدىغان ئورۇنغا قويۇپ قويدۇم.

— قاراملىق قىپسەن، — دېدى ھەسەن ھەسەل تەرىنى سۈرتۈپ، — ئۇرۇمچىدىن كەلگۈچە ئىچىپ تۈگىتىپ قويساڭلار ياكى شوپۇر ئىچىپ تۈگىتىۋەتسە، سېنىڭ تۇرسا چېنىپ قالامدۇ.

— مەن ئۇنىمۇ ئويلىدىم، — دېدى كامىل ماختىنىپ، — شۇنداق بولۇپ قالمىسۇن دەپ كولادىن يەنە بىر نەچچە قۇتا ئال-ماقچى بولدۇم. لېكىن شوپۇر پېششىق نېمىكەن. «ئالدىرىماي ئىد-چەرمەن. مەنغۇ بۇنى ئانچە ئىچىپ كەتمەيمەن. بالامغۇ بەك ئامراق» دەپ كولانى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشنىڭ قازىنىنى ئاستى. مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مېڭىپ كەتتۇق. بىرسى چېقىپ قويغانمىكىن، تۇرپانغا كىرىدىغان ھەق يىغىش پونكىتىغا كەلگەندە ساقچىلار ماشىنىنى توختىتىپ «ئاختۇرد-مىز» دېدى. بەك قورقۇپ كەتتىم. ئورۇق كەلگەن ھېلىم دېگەن ساقچى بەك يامانكەن. قارىسا ئادەمنى سۈر باسىدىكەن. ئۇلار ھەم-مىمىزنى شۇنداق ئىنچىكە، قاتتىق تەكشۈردى. ھەتتا كىيىملى-رىمىزنىمۇ سالدۇردى. تەرەت قىلدۇردى. خۇداغا شۈكۈر، كولا قۇ-تىسىغا قاراش ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەتتەك ئاۋارە بولۇپ، ئاخىر بىزنى قويۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ مانا مەن كامىل سېھىرگەر كۆز ئالدىڭلاردا ساق - سالامەت تۇ-رۇپتىمەن.

— يارايسەن! — دەۋەتتى ھەسەن ھەسەل. بۇنىڭدىن كامىل تېخىمۇ كېرىلىپ كەتتى.

— ئەمدى ئۇنداق قىلما جۇمۇ. بۇ ئۇسۇلۇڭ بەك خەتەرلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ» ئەمەسمۇ. لېكىن سېنى مۇكاپاتلىمىسام بولمايدۇ. قانداق مۇكاپاتد-لىسام بولار؟ ياكى...

ھەسەن ھەسەلنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە بۇرنىنى تارتىپ بولالماي قېلىۋاتقان ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئۇنداق قىلماي ماڭا مۇشۇ بىر قېتىم ياردەم قىل.

— ياردەم قىلىۋاتىمەنغۇ ساڭا، — دېدى ھەسەن ھەسەل توڭلۇق بىلەن.

— مۇشۇ بىر قېتىم!

— پۇل تاپ!

— ئۇنداق قىلما... — يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— تولا ئويۇن ئوينىما!

— مەنغۇ مەيلى، — دېدى يىگىت ھەسەن ھەسەلنىڭ پۇتىغا يېپىشىپ ئايىغىغا سۆيگۈدەك بولۇپ، — مەن ئۆلۈپ تۈگەشسەممۇ مەيلى. خاسىيەت شۇ تاپتا ئۆيدە بېشىنى تامغا ئۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەسەن ھەسەلگە بىر خىيال كىردى.

— ھەي، كامىل، — دېدى ئۇ، — ئۆتكەندە سەن ئۇ خاسىيەتگۈلنى بەك چىرايلىقكەن دەپ ماختاپ كېتىۋېدىڭ.

— بولۇپمۇ كۆزى، — دېدى كامىل.

— ئۇنداق بولسا، سەن بۇنىڭ دېگىنىنى بېرىپ تەلىپىڭ بولسا دېمەمسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كامىلنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى. بىراق ھېلىقى يىگىت گەپنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى.

— سەن كامىلنىڭ دېگىنىنى بەرسەڭ، كامىلمۇ دېگىنىڭنى بېرىدۇ.

— مەن نېمىنى بېرىمەن؟

— نېمىلىكىنى كامىل ئۆيۈڭگە بېرىپ دەيدۇ. سەن لايىقىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باق.

ھەسەن ھەسەل شۇنداق دەپ ئىككى بولاقچىنى كامىلغا بەردى. ھېلىقى يىگىت بولاقچىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى تۇتالماي قالدى:

— يۇر ماڭايلى.

— ئۇ پاسكىنىغا شورىتىۋېتەيمۇ - يە؟ — دېدى كامىل قىلىقسىزلارچە ھىجىيىپ.

— بىر نېمەڭنى پارچىلاپ يېگۈزۈۋەتسەڭمۇ ئىختىيارىڭ، — دېدى ھەسەن ھەسەل خىرىلداپ كۈلۈپ.

ئىككىسى ئىككى نىيەتتە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا مۇراتمۇ ئۆز ھالى بىلەن قالغان بولۇپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكى قۇلىقىغا كىرمىدى.

— ھە، نېمە گېپىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ھەسەن ھەسەل ھە دەپ بۇرنىدىن ئاققان سۇيۇقلۇق بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان مۇراتقا.

بۇ چاغدا مۇرات ئۆزىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتاتتى: «چەكمە! چەكمە! چەكمە!»، ئەمما مۇرات پەقەت بولالماي قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىگە قاتتىق ۋەدە بېرىشكە باشلىدى: «چەكمەيمەن! چەكمەيمەن! چەكمەيمەن!»، بىراق خۇمار ئوتى بۇ ۋەدىنى كۆيدۇرۇشكە باشلىدى... ئاخىر مۇراتنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر باھانە ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىن يىغىلىپ كېلىپ ئەقلىنى كەستى: «چېكىپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ ھەسەنگە تازا بىر دەي!» شۇنىڭ بىلەن مۇرات يېنىدىن لازىملىق نەرسىلەرنى چىقاردى. «ئۇھ، نېمە دېگەن ھوزۇر! جاننى قىيناپ نېمىمۇ قىلارمەن؟ بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش. بۇنداق ھوزۇرنى سۈرمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئارماندا قالامدۇ كىشى... »

بىراق خۇمارى بېسىلىپ، ھوزۇرىمۇ ئاخىرلىشىپ، كەيپىياتى نورماللاشقاندا مۇرات يەنە قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە قالدى.

— ھە، نېمە مۇھىم گېپىڭ بار ئىدى؟

مۇراتنىڭ تىلى تۇتۇلغان، گېلى بوغۇلغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگۈچە قىلغان شۇنچە خىياللىرى، ۋەدىلىرى ئۇنىڭ تىلى ئاستىغا دېپىنە قىلىنىۋېتىلدى.

— بۇنى داۋالايدىغان دورا يوقمۇ؟ — دېدى مۇرات تىلى ئۆزىگە بويسۇنمىغان ھالدا.

— بار، — دېدى ھەسەن ھەسەل ھەيران بولۇپ، — ۋاللۇن دەمدۇ، گاللۇن دەمدۇ بىر دورا بارمىش. شۇنى ئىچسە خۇمارنى پەسەيتەرمىش. نېمە قىلىسەن ئۇنى.

— يەپ باقايمىكىن دېگەن.

— ئىشىڭنى قىلە، — دەپ ئالايدى ھەسەن ھەسەل، — تولا ئۆزۈڭنى ئالدىما. ئۇمۇ ۋاقىتلىقلا. ئۆزۈڭنى بىكارلا قىينايسەن. مانا مەن سىناپ باققان. ئۇ دورىنى ئىچسەڭ ئۆلمىسەڭمۇ شۇنىڭغا

يېقىن بىر نېمە بولىسەن. ھۆزۈرلۇقمىكىن دەپ قاپسەندە ئەخ-
مەق. مېنىڭدىن سورا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۆرات لاسسىدە بولۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا
ئۇنىڭ يانفونى سايرىدى.

— تاماق پىشىپ قالدى، — دېدى گۈلشەن.

بۇ يەرگە گۈزەل ئارزۇلار بىلەن قەتئىي نىيەتتە ئوقتەك كەل-
گەن مۆرات سالپايغىنىچە قايتتى.

# ئىككىنچى باب

بۈگۈن ئۇلار خۇمارىنى بېسىشقاندىن كېيىن، يەنە ماشىنا سېتىشنىڭ پارىكىغا چۈشتى.

— ماشىناڭنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى پەتتار چىركىن مۇراتنى قىستىغاندەك، — ساتساڭ ياخشى بىر خېرىدار ئۇقۇشۇپ قويدۇم.

— قانچىگە ئالغۇدەك؟ — دەپ سورىدى مۇرات.

— سەككىز تۈمەن.

— سەككىز تۈمەن! — مۇراتنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئاز كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى پەتتار چىركىن، — ئەگەر تاكسى رەسمىيىتى بولمىسا ئۇ ئەسكى داستەك بولۇپ كەتكەن ماشىناڭنى ئىككى تۈمەنگىمۇ ئالمايدۇ.

— ئوبدان باھا قويۇپتۇ، — دېدى كامىل.

راستىنى ئېيتقاندا مۇرات ئىككىلىنىپ قالغانىدى. بۇرۇن ئۇ چەككىلى پۇلدىن قىسىلغاچقا ماشىنا سېتىشنى ساددىلارچە ئويلىغان بولسا، ھازىر ھۇزۇرلۇق، ئېرىنچەكلىك سەۋەبىدىن ماشىنىدىن قۇتۇلۇش باھانىسىدە ماشىنا سېتىش كويىغا كىرىپ قالغانىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ ھۇزۇرلۇقى كۈچەيگەنسېرى ماشىنا سېتىش ئويى شۇنچىلىك كۈچىيىپ كېتىۋاتقانىدى.

— ئويلىنىپ باقاي، — دېدى مۇرات ئىككىلىنىپ.

— كۈن ئۆتكەنسېرى ماشىناڭنىڭ باھاسى چۈشىدۇ ئەمدى، — دەپ قوقاق سالدى پەتتار چىركىن.

مۇرات ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شۇ زامانلا ئەندىكتى ۋە شۇ گەپ بىلەن تەڭ ماشىنىسىنىڭ باھاسى دەرھاللا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك چىرايىنى پەرىشانلىق قاپلىۋالدى.

تاماق ۋاقتىغا يەنە بىرەر سائەتتەك ۋاقىت بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەسلى يەنە مېڭىشى، بازار ئايلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق ماشىنا سېتىش خىيالىغا كىرىۋالغان بولغاچقا، مېڭىشقا پەقەت رايى بارمىدى.

مۇرات ماشىنىسىنى يول بويىغا توختىتىپ خىيالغا پاتتى. ناۋادا ئۇ ماشىنىسىنى ساتسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ «ئارامخۇدا يۈرىمەن، خالىغان ۋاقتىمدا ئارام ئالىمەن، قېنىپ ئۇخلايمەن، ئارتۇقچە ھېرىپ - چارچىمايمەن، قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ كىرىمىمۇ ئوبدان، پۇلدىنمۇ غەم قىلمايمەن. ئاپام بىلەن گۈلشەنمۇ بىرەر قاتناش ۋەقەسى چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرمەيدۇ... شۇنداق تۇرسا بۇنىڭدەك ئوبدان ئىش نەدە بار؟ بىر كۈن بولسىمۇ غەم - ئەندىشىسىز ياشىغاننىڭ نېمە يامىنى بار؟ تارتىۋاتقان شۇنچە جاپالىرىمىز بەدىلىگە كۆزلەيدىغىنىمىزمۇ شۇغۇ.» بۇ خىياللىرى مۇراتقا ناھايىتى ئورۇنلۇق بىلىندى. «بۇنى گۈلشەنگە ئوبدان چۈشەندۈرۈپ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزەي.» شۇ قارارغا كەلگەن مۇرات ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

«خۇشناۋا ئارامگاھى»نىڭ ئالدىغا كەلگەندە مۇرات ماشىنىسىنى توختاتتى ۋە يانچۇقىدىكى پۇللارنى چىقىرىپ سانىغاندىن كېيىن، بىر قىسىم پۇلنى ئايرىپ يانچۇقىغا سالدى.

شۇ تاپتا ئۇ گۈلشەندىن پۇل يوشۇرۇۋاتاتتى.

مۇشۇ ئىشمۇ مۇراتنىڭ ماشىنىنى سېتىش ئويىنى تېزلىتىۋەتكەن ۋە قارارىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلغانىدى.

ئۇلارنىڭ تويى بولغاندىن كېيىن گۈلشەن مۇراتنى بوش قويۇۋەتمىدى. ماشىنىنىڭ كۈندىلىك كىرىمىگە رەھىمەگە ئوخشاش سەل قاراپ، مۇرات نېمە دېسە ھە دەپ ئولتۇرىدىغان ئىشنى قىلمىدى. بەلكى ماشىنىنىڭ كىرىم - چىقىمىغا مەخسۇس بىر دەپ-

تەر تۆتۆپ، كۆندىلىك ھېساباتنى قىلىپ ماڭدى. گۈلشەن ئەتەگىنى قانچىلىك ماي، گاز بارلىقىدىن تارتىپ، مۇراتنىڭ چەككەن تاماكىسىغىچە بىرمۇبىر خاتىرىلەيتتى. مۇساپىنى، ئۇنىڭغا كېتىدىغان يېقىلغۇنى، ماشىنا ماڭغان شۇنچىلىك مۇساپە بىلەن قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ خاتىرىلەپ قوياتتى. شۇڭا گۈلشەننىڭ بۇ ئىشى مۇراتنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئەگەر مۇرات قاتتىق ئېھتىيات قىلمىسا، سىرى پاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مۇرات ئەقىل تېپىپ پۇلنى گۈلشەنگە كەم مەلۇم قىلىدىغان، گۈلشەننىڭ ماشىنىنى چۈشەنمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، ماڭغان يول لىنىيەسىنى، قاچىلىغان يېقىلغۇنى، خېرىدار ئىزدەپ بازارنى قۇرۇق ئايلانغانلىقىنى، ماشىنا زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرغانلىقىنى يالغان مەلۇم قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. شۇنداقلا ئۇ ھەسەن ھەسەلنىڭ قولىدىكى ماللارنى سېتىپ تاپقان پايدىسىنى ماشىنا كىراسىغا كىرىشتۇرۇپ مېڭىش چارىسىنىمۇ ئىشلەتتى. شۇڭا گۈلشەن ھازىرغىچە مۇراتتىن غەيرىي تەرەپنى ھېس قىلالماي كېلىۋاتاتتى ۋە مۇراتتىن خاتىرجەم ئىدى.

بىراق گۈلشەننىڭ ئاشۇ ئىنچىكە، قاتتىق ھېساباتى مۇراتنىڭ ماشىنىدىن سوۋۇشىغا بىر سەۋەب بولۇپ قالدى. «ئەگەر ماشىنىنى باھاسىغا چىقىرىپ ساتالىسام، بىر مۇنچە پۇلغا ئىگە بولىمەن. گۈلشەنگە ھېسابات بەرگەندىمۇ ئالدى ـ ئارقامغا قاراپ قالىدىغان ئىشمۇ بولمايدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە جاپا تارتىپ يۈرۈدىغان ئىشمۇ بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى مۇرات.

دەرۋەقە، تاماقتىن كېيىن گۈلشەن مۇراتقا قولىنى تەڭلىدى:

ـــ قېنى گۈلشەننىڭ بانكىسىغا ئامانەت قويىدىغان پۇل؟

مۇرات بۇ گەپكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن قىياپەتتە پۇلنى چىقىرىپ گۈلشەنگە سۇندى. گۈلشەن پۇلنى ئېلىپ ساناپ قوشۇمىسىنى تۈردى:

ـــ مۇراتجان، پۇل كەمغۇ؟

— ھە راست، — دېدى مۇرات ئېسىگە ئالغاندەك، — بۇ پە-سىللىك باجغا 185 كوي تۆلىدىم. تورمۇز مېيى ئالماشتۇردۇم، 55 كوي.

— تورمۇز مېيىنى نېمانچە جىق ئالماشتۇرسىز؟ — دېدى گۈلشەن مۇراتنىڭ بۇرۇنمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ. بۇ گەپ بىلەن مۇراتمۇ سەگەكلەشتى:

— ئۇنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىش. بولمىسا جىددىي پەيتلەردە تورمۇز ياخشى تۇتماي قېلىشى مۇمكىن. يا بول-مىسا ئۇزاقتا بىر ئالماشتۇرسامۇ بولىدۇ.

— ياق، پۇل كەتسە كەتسۇن، ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇڭ. جان مۇ-ھىم. مەن مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

گۈلشەننىڭ بىردىنلا پەسكويغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن مۇرات ئىچىدە كۈلدى.

— لېكىن، — دېدى گۈلشەن جىددىي قىلىپ، — يېقىندىن بۇيان تاپشۇرىدىغان پۇلىڭىز بارغانچە ئازلاپ كېتىپ بارىدىغۇ؟

— سىزمۇ بارغانچە چىڭقىلاپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ، — دېدى مۇرات گەپنى چاقچاققا بۇراپ.

— چىڭقىلىقنى قىلمىدىم، — دېدى گۈلشەن مۇراتقا سىنچى نەزەرى بىلەن قاراپ، — نېمىلا دېگەن بىلەن ھېساباتىنى قىلىپ تۇرغان ياخشى. ھېچ بولمىسا خەجلىگەن پۇلىڭىزنىغۇ بىلەرسىز؟

— يائاللا، — دېدى مۇرات ئۆزىنى يالغان كۈلكىگە زورلاپ، — بولىدۇ، سىزگە ھەممىنى مەلۇم قىلاي: بەزىدە كەسپداشلار بىلەن تاماق يەپ قالىدىكەنمىز. بەزىدە ئاغىنىلەر بىلەن سورۇندا بولۇپ قالىدىكەنمىز. بۇنداق ۋاقىتتا خەقنىڭ ئالدىدا يەپ-ئىچىپلا قاراپ ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن. ئۇنداق ئادەمنى خەق كۆز-گە ئىلمايدۇ.

— پۇل خەجلەپ بەرسىڭىزلا سىزنى چوڭ كۆرەمدۇ؟

— ھەممىلا يەردە چىڭلىق قىلىپ يۈرۈش يىگىتكە نومۇس. خەققە بىر تەخسە لەغمەن ئېلىپ بېرەلمەي تۇرۇپ، خەقنىڭ بىر

تال كاۋىپنى يېپىشكىمۇ يۈزۈم چىدىمايدۇ مېنىڭ. شۇڭا خەق مېنى «ۋاي ئاداش» دەپ ئىزدەپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەن ھېلىقى سا-دىقتەك بولۇپ قالىدىغان بولسام... بىلىسىزغۇ؟ ھېلىقچۇ. ھېلىد-قى ھە دېسە موتوسىكلىتىنى ماختايدىغان سادىق كوسىنى دەيمەن. مانا شۇنىڭدەك بولۇپ قالسا نېمە كۈن ئادەمگە. ئۆزى يىل بويى ئاغىنىلەرنى بىرەر كاۋاپ بىلەنمۇ مېھمان قىلالماي يۈرگەنىنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا زورلۇق قىلىپ كېتىدۇ. تېخى بەزىدە يانچۇ-قىدىكى پۇل بىلەن كارى يوق، سورۇنغا بىر مۇنچە ئادەمنى چاقى-رىۋېتىپ، ھېسابات قىلىدىغان ۋاقىتتا باشقىلارغا ئىتتىرىپ قو-يۇپ بىزىرىپ تۇرىدۇ. يانچۇقىدا پۇل بارمۇ - يوقمۇ، بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماي بىزنى ئاشخانىلارغا يۈرەكلىك باشلاپ كىرسە ھەيرانلا قالىمەن. ئۇنىڭ كىرگۈچە «باشلاپ» كىرىپ، ھېسابات قىلىدىغان ۋاقىتتا «تاشلاپ» چىقىدىغانلىقىنى ئاغىنىلەر بىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنى ئا-دەتتە بەك زۆرۈر بولمىسا ئاغىنىلەر مېھمانغا چاقىرمايدىغان بو-لۇۋالدى. قىزىق يېرى، ئۇ شۇ ھالىغا بىرەرسى ئۆزىنى ئاغىنىلەر قاتارى مېھمانغا چاقىرمىسا خاپا بولۇپ، خېلى كۈنگىچە قاقشاپ كېتىدۇ تېخى. جاھاندا ئاغىنىلەر قاچىدىغان بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر ئىش بارمۇ؟

گۈلشەن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۇ يۈرگەندىن باشلاپ توي قىلىپ ھازىرغىچە مۇراتنىڭ مۇنداق كۆپ گەپ قىلغىنىنى، بىر-سىنى بۇنچىلىك دادلاپ بەرگىنىنى كۆرمىگەنىدى. شۇڭا گۈلشەن گەپ تۈگىگەندە كۈلۈۋەتتى.

— ئۇ ئاغىنىڭىز ئۇنچىلىك ئەمەستۇ؟

— سىز قارىغاندا ئۇنىڭ خەقنىڭ داستىخىنىدا باشقىلارنى تاماققا زورلىغىنىنى كۆرۈپ قاپسىز. ئەگەر ئۇنى بىرەر مېھمىنى-ڭىزنى كۈتۈشۈپ بېرىشكە چاقىرىدىغان بولسىڭىز، سىزنىڭ ئۇ مېھمانلارنى قانچىلىك مېھمان قىلىشنى پىلان قىلغىنىڭىز بىلەن كارى يوق، بوپ بېرىدۇ دەڭە. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ساھىبخا-

نىڭ كىچىك باللىرى ئاپىسىغا يوقىلاڭ تەلەپلەرنى دەپ قانچە-لىك ئەركىلەيدۇ؟ نەق شۇنىڭ ئۆزى دەڭە.

— بولدى چۈشەندىم، ئۇنداق بولسا ئۇ چىقىملىرىڭىزنى ئات-چوت قىلىۋەتتىم، — دېدى گۈلشەن كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ، — شۇنداق بولسىمۇ بىلىپ خەجلەڭ، «پۇل تاپقۇچە ھېساب تاپ» دې-گەن گەپ بار. بۇ گەپ خەجلەشكىمۇ قارىتىلغان جۇمۇ.

— بولىدۇ باشلىق، — دېدى مۇرات چاقچاق قىلىپ. بۇنىڭ-دىن گۈلشەن كۈلۈپ كېتىۋېدى، مۇرات دەرھاللا:

— بولىدۇ خوتۇن، — دېدى. گۈلشەن يېقىملىق تەلەپپۇز بى-لەن:

— ساراڭ، — دەپ مۇراتنىڭ پېشانىسىگە نوقۇدى.

شۇ چاغدا گۈلشەننىڭ يانفونى سايرىدى. گۈلشەن: «ئاپامكەن» دەپ تېلېفوننى ئالدى:

— ۋەي، ئاپا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئاتامچۇ؟ مەنمۇ ياخشى تۇ-رۇۋاتىمەن، ياقەي، ئوبدان ئۆتۈۋاتىمىز. بۇ ئاپامۇ ئوبدان تۇرۇۋا-تىدۇ. ياق، مىجەزىنىڭ ئوبدانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ. ھە، كەل-گىنە ئاپا، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كەتمەمسەن؟ ئۇنداق بولسا، كې-لىدىغان ۋاقىتتا خەۋەر قىلىۋەت، مۇرات ئالغىلى بارىدۇ. چوقۇم كەل جۇمۇ ئاپا. ماقۇل، خوش.

— چوڭلار ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇرات.

— ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ. ئاپام كېلىمەن دەيدۇ.

— كېلىدىغان ۋاقىتتا مەن ئالغىلى باراي.

— بوپتۇ، سىزگە ئۇلار تەستە چوڭ قىلغان مەندەك بىر پە-رىشتىنى بەرگەندىكىن، قېيىنئاپىڭىزغا بىر خىزمەت قىلىۋې-لىڭ.

— خوپ، — دېدى مۇرات كۈلۈپ، — قارىغاندا ئاپام ئۇ تويى-دىن ھېلىغىچە كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. مەن ماڭاي.

— مەنمۇ ماڭاي. جىددىي پۈتتۈرىدىغان كىيىم بار ئىدى.

ئۇلار ئىشىكتىن تەڭ چىقىشتى. تويدىن كېيىن گۈلشەن قى-

لىۋاتقان ئىشىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەچكە كىيىم تىكىش دۇكىنىنى يېڭى بېكەت رايونىدىكى بازارغا يۆتكەپ چىققانىدى. گۈلشەن تېتىكلىكى، چاققانلىقى بىلەن ئۆي ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن بولغاچقا، يەنە كېلىپ ياخشى كىرىم قىلىۋاتقاچقا مۇرات بىلەن رەھىمە ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

— ھە راست، — دېدى مۇرات تەبىئىي بولۇشقا تىرىشىپ، — سىزگە دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى.

— نېمە ئىش؟

— مەن... ماشىنىنى سېتىۋېتەيلىمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟ — گۈلشەن ھەيران بولدى، — بىر ئوبدان مېڭىۋاتاتتىڭىز؟ ئەمدىلىكتە نېمە بولدى سىزگە؟

— ماڭا بىر ئىش بولمىدى.

— پۇل تاپالمايۋاتقان بولسىڭىزغۇ...

— قاراڭ گۈلشەن، بۇرۇن تاكسى ئاز ۋاقىتىدا تاپىدىغان پۇل ئوبدان ئىدى. لېكىن ھازىر تاكسى بەك جىقلاپ كەتتى. جاپا تارتىپ بىر كۈن ئايلانغانغا تۇشلۇق پۇل تاپقىلى بولمىسا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلشەن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن باشقىچە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، گۈلشەن. تاكسى ھەيدەشمۇ بىر كەسىپ، لېكىن ئەتىدىن - كەچكىچە بەش كوينىڭ غېمىدە يۈرۈش ئادەمنىڭ خىياللىرىنى بوغۇپ قويىدىكەن. ئادەمنى باشقا چوڭراق ئىشلارنى ئويلىماس قىلىپ قويىدىكەن. ئەتىسى ئەتىگەن يولغا چىققاندا شۇ كۈنلۈك تاپىدىغان پۇلنى ئويلايدىغان، باشقا ئىشنى ئويلىمايدىغان قىلىپ قويىدىكەن. ئادەم كۈندە بۇنداق تەكرار ئىشنى قىلىۋەرسە شۇنىڭغا قانائەتلىنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. بىز ياش تۇرساق، كاللىمىزنى كۈندە بىر خىل تەكرار ئىشقىلا بەند قىلىپ قويساق... شۇڭا بۇ ئىش يېقىندىن بۇيان ماڭا بەك مەنىسىز بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. قويسىڭىزمۇ، ياتسىڭىزمۇ بەش كوي كۆزگە كۆرۈنگەن...

بۇ تەرەپلەرنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان گۈلشەن جايىدا تو-

رۇپلا قالدى. تۇرۇپ مۇراتنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئورۇنلۇقتەكمۇ بىلىندى.

— ئۇنداقتا ماشىنىنى سېتىۋەتسىڭىز، نېمە ئىش قىلىسىز؟

— دەپ سورىدى گۈلشەن.

— مەن ئۇقۇشۇپ باقتىم، قىلىدىغان ئىش جىقكەن. كوچا ئاپتوبۇسى ھەيدىسەممۇ، بىرەر شىركەتنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىسەممۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلسام، كېلىدىغان مائاش بىلەنمۇ بىر ئوبدان ئۆتكىلى بولغۇدەك. ماشىنا ساتقان پۇلنى ئائىلىدىكى چوڭ ئىشلارغا ئىشلەتسەكمۇ...

گۈلشەن خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بۇ چوڭ ئىش ئىكەن. ئاپام بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ باقايلى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر دەملىك خىيال بىلەن ماشىنىنى سېتىشنى ئويلىساق بولماس. چۈنكى بىر ماشىنىنى ئېلىپ يۈرۈشتۈرمەك خېلى مۇشكۈل ئىش. شۇڭا مەسلىھەتلەشكەچ قاراپ باقامدۇق.

گۈلشەن خوشلىشىپ دۇكىنىغا ماڭدى. قارىغاندا ماشىنا سېتىش گېپى گۈلشەنگە تازا خۇشياقمىغان چېغى، ئۇ پەرىشان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ بېشىنى سالغان پېتى خىيالغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئەمما مۇراتنىڭ بۇلار بىلەن كارى بولمىدى. «قارىغاندا گۈلشەنمۇ مېنىڭ مەسلىھەتىمگە قوشۇلىدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ قوشۇلسا، ئاپامنىڭ ئىشى ئاسان!» شۇ خىيالغا كەلگەن مۇرات ماشىنىنى پەتتار چىركىن دېگەن باھادا سېتىش ياكى باھاسىنى بىر ئاز ئۆستۈرۈش ھەققىدە ئويلانغىنىچە يولغا چىقتى.

گۈلشەن دۇكانغا بارغاندا شاگىرت قىزلار جىددىي ئىشلەۋاتاتتى.

— گۈلشەن ئايلا، — دېدى شاگىرت قىزلاردىن بىرى، — مۆمۈن ئاكام سىزنى ساقلىغىلى خېلى بولدى. سىزنى ئۆزىگە بىر ئىشتان تىكىپ بەرسۇن دەيدۇ.

— قايسى مۆمۇن؟
— كەنتىنىڭ كاسسىرىچۇ؟
— ھە.
ئاڭغىچە مۆمۇنمۇ كىرىپ كەلدى.
— نەگە كەتتىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا قىزغىن-لىق بىلەن، — سىزنى ساقلاپ بولماي تاس قالدىم ئۆزۈملا پىچىپ تىكمۇەتكىلى.
قىزلار كۈلۈشتى.
— مۇراتقا تاماق تەييار قىلىپ بولغۇچە ھايال بولۇپ قالدىم.
— ھە راست، — دېدى مۆمۇن، — سىزلەرنى ماشىنىنى سا-تىدىكەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟
«ئىچىمىزدىكى ئۇ گەپ قانداق قىلىپ ئېغىزغا چىقىپ قال-غاندۇ؟» دەپ ھەيران بولدى گۈلشەن. گۈلشەن بىر نېمە دېگۈچە مۆمۇن سۆزلەپ كەتتى:
— قارىغاندا مۇرات ماشىنا ھەيدەشتىن زېرىكىپتۇ. دېمىسە-مىغۇ تاكسى ھەيدەش بەك جاپالىق ئىش. نۇرغۇن ياشلار دەسلەپتە ماشىنا ھەيدەشكە قىزىقىپلا تاكسى ھەيدىسەممۇ مەيلى دەيدۇ. قا-رىغاندا مۇرات باشقا بىر ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئوخ-شايدۇ. مېنىڭچىمۇ قولىدىن باشقا ئىش كېلىدىغان، ئىچى قاينايدى-دىغان ئادەمگە تاكسىچىلىق ياراشمايدۇ. كۈندە بىرخىللا ئىش. ماڭغان، ماڭغان. كۈن بويى بەش كوينىڭ ھېساباتىنى قىلىپ يۈرگەن.
— شۇ، مۇراتمۇ باشقا ئىش قىلاي دەۋاتىدۇ.
— ناۋادا راستلا شۇنداق خىيالى بولسا، باشقىلارنى دوراپ تاكسىچىلىق قىلىپ يۈرگەندىن، باشقا ئىش قىلغان ياخشى. كىم بىلىدۇ باشقا ئىشى تېخىمۇ ئېقىپ كېتەمدۇ تېخى.
— مەنغۇ مۇراتنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى پەقەت بىلەل-مىدىم. شۇڭا ئىككىلىنىپ قېلىۋاتىمەن.
— ئويلىغان يېرى باردۇ. مەن مۇنداق ئويلايمەن. ناۋادا كۆڭ-

لىگىزلەردە سان بولمىسا، ماشىنىنى ساتماي، باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىڭىزلەر. ھازىر پۇلى بار ئادەملەر شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ گۈلشەن خۇشال بولۇپ كەتتى:

— تازا كۆڭلۈمدىكىنى دېدىڭىز. راستىنى ئېيتسام ماشىنىدىنمۇ ئايرىلغۇم يوق، مۇراتنىڭ گېپىنىمۇ يىرغۇم يوق، ئىككى ئارىدا قىينىلىپ بېشىم قېتىپ تۇراتتىم. چىنىمدىكىدەك چارە تاپالماي ئىچىم پۇشۇپ كەتكەنىدى. سىز دېگەن بۇ ئامال تازا بولىدىكەن.

— تازا بولىدۇ، — دېدى مۆمۈن كۈلۈپ، — مۇرات تاپقان ماشىنى سىقىمداپ يۈرسە، سىز بۇ يەردە كىيىم تىكىش ماشىنىڭىزنى تىرىقلاتقاچ ماشىنىنىڭ ئىجارە پۇلىنى بىر پۈتنى نېرى - بېرى قىلماي يانچۇققا موك سېلىپ سېغىز چايناپ ئولتۇرىسىز.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى.

مۇرات پات - پات ماشىنىنى ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى قانداق خەجلەش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ كۈننى كەچ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خىيالى ئاخىر بېرىپ بىر ئاز غەيرىيلەشتى. «قارىغاندا گۈلشەن بۇ پۇللارنى چىڭ تۇتقۇدەك. ناۋادا شۇنداق بولسا كېيىن ماڭا لازىملىق بولغاندا ئۇ چوقۇم نېمىگە خەجلەيسىز؟ دەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. ئەگەر تىلىمنى چاينىسام پۇل بەرمەيدىغىنى ئېنىق. ئۇ چاغدا مەن نېمە بولۇپ كېتىمەن؟ شۇڭا يېنىمدا ئازراق بولسىمۇ ئېھتىيات پۇلى تۇرسا بولغۇدەك، ئۇنداقتا قانداق قىلاي؟ ماشىنا ساتقان پۇلنى ئاپام بىلەن گۈلشەنگە ئاز دەپ بىر قىسىم پۇلنى ئايرىۋالسام بولغۇدەك.» مۇرات بۇ چارىسىنى خوپ كۆردى.

ئۇنىڭ ئويى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھەممە ئىشى ئىزىغا چۈشكەندەك، يۈرۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ يېنىك بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭدا بىئاراملىق پەيدا بولۇپ، بۇرنىدىن سۇ ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىرتىلداپ كەتتى. «ھوي، چۈشتىلا چېكىۋېدىم. يەنە خۇمار تۇتقىلى تۇردىغۇ. ئەستا... بولۇپتىلا، مۇشۇنداق خۇشال كۈنلەردە چەكسەممۇ چېكەيلا. خېلى بولۇپ-

تۇ، قورقۇپ تۇرۇپ چەككىلى. ئۆزۈم خالاپ، خۇشال چەكسەم تېخىمۇ ھۇزۇرلۇقتۇ؟ كېيىن يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمايمەنمۇ، يا بولمىسا ھېلىقى ۋاللۇن دېگەن دورىنى يەپ خېروئىننى تاشلارمەن. ئۇ دورا ئادەمنى ھەرقانچە قىينىسىمۇ خېروئىندەك ئاقىۋەتكە قويمايدىكەنغۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بۇ نېمىدىن چىقىۋالساممۇ ئەجەب ئەمەس. شۇڭا بۈگۈن راھەتلىنىپ بىر چېكىۋالاي.»

ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا خېروئىن قالمىغانىدى. ئۇ كەچتە چېكىش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان «نېسىۋىسى»نى چۈشتىلا چېكىۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەتتار چىركىنگە تېلېفون قىلدى.

— بوستان مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى ياتاقتا كەل.

بوستان مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئارقا كوچىغا جايلاشقان، كىشىلەرنىڭ ئانچە نەزەرى چۈشمەيدىغان قورۇدىكى بۇ بىر ئېغىزلىق ياتاقتا مۇرات بۇرۇنمۇ بارغانىدى. ھازىر ئۇلار ئارىلاپ شۇ يەرگە يىغىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مۇرات ئۇ سېسىق، ئەمما مېھرى ئىسسىق ياتاقتا كىرگەندە بىر نەچچىسى خۇمارلىرىنى بېسىشىپ، ھۇزۇرىنى سۈرۈشۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلار مۇراتقا ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ قويۇشقاندىن كېيىن، ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇشتى.

مۇرات ئۆزىگە سوغۇق قاراپ تۇرغان پەتتار چىركىنگە گەپمۇ قىلماي يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ تەڭلىدى. ئاندىن تازا ھۇزۇرلىنىپ گۈزەل خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ماشىنىنى قانداق قىلىدىغان بولدۇڭ؟ — سورىدى پەتتار چىركىن.

— ئويلىشىۋاتىمەن.

— ئويلىشىۋاتىمەن؟ كىم؟ سەنمۇ يا خوتۇنۇڭمۇ؟

بۇ گەپكە بىر چەتتە تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان يىگىت كۈلدى.

— ئەلۋەتتە مەن! — دېدى مۇرات زەردە بىلەن.

— ئۇنداق بولسا بۇ چاغقىچە بىر نەرسە دەپ بولاتتىڭ، — دېدى ھەسەن ھەسەل.

— دېگەن بىلەنغۇ ماشىنانىڭ تازا باھاسىغا چىققانىدى، — دېدى پەتتار چىركىن.

— نەچچە بولدى؟ — سورىدى ھەسەن ھەسەل.

— ئالدىنقى كۈنى سەككىز تۈمەن دېگەن. ھازىر سەككىز يېرىم تۈمەنگە چىقتى.

— تازا پەللىسىگە چىقىپتۇ، — دېدى ھەسەن ھەسەل.

— سەككىز يېرىم تۈمەن... — مۇراتنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

— ئىشقىلىپ ئوبدان ئويلىشىپ باق.

— ئالىدىغان ئادەم يېنىۋالمىسۇن يەنە.

مۇرات بۇ باھانى ئاڭلاپ قىزىپ قالدى: «ھەي، بولىدىغان باھا ئىكەن. گۈلشەن بىلەن ئاپام قوشۇلغان بولسا، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقىدىغان ئىش ئىكەندۇق.»

مۇرات شۇ خىيالدا تۇرۇۋېدى، كامىل ئالدىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن تازا خۇمارى تۇتۇپ بولالماي قېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— چاققان، چاققان. شىپىرىسنى تەييار قىلىڭلار.

ئۇنىڭ بىر قانچە قېتىملىق «تۆھپە كۆرسىتىشى»دىن كېيىن گېپى ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەسەن ھەسەل بىلەن پەتتار چىركىن ئۇنى ۋاي دېگەنچە باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېيىقىدىغان، قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ بايىقى گەپنى دېيىشى بىلەنلا باياتىندىن بېرى پەرۋاسىز ئولتۇرغان ئىككى يىگىت ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇشتى. بىرى بايا پەتتار چىركىن ئىشلەتكەن شىپىرىسنى قولىغا ئالدى. يەنە بىرى ھەسەن ھەسەل بەرگەن خېرونىنى قوشۇققا تۆكۈپ تەييار قىلدى.

مۇرات شۇندىلا كامىلنىڭمۇ ئۆزىگە ئوكۇل قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆتكەندە كامىل بىرىنچى قېتىم ئوكۇل قىلغاندا كۆرگەنچە قايتا كۆرمىگەچكە، ئۇنى پەقەت چېكىۋاتىدۇ، دەپلا بىلەتتى. كامىلنىڭ ئوكۇل قىلىشقا ئوبدانلا كۆنۈپ قالغان-

لىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى. شۇڭا مۇرات ئۇنىڭ ئوكۇل قىلـ-
ماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قالدى.
مۇراتنىڭ كامىلغا كۆڭۈل بۆلۈشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.
بىر قېتىم مۇرات ئون بولاقچىنى كونا سودا بازىرىدىكى بىر رەخت
سودىگىرىگە ئاپىرىپ بەرگىلى كېتىۋاتقاندا، ئوغرىغا ئالدۇرۇپ
قويدى. بۇ ئۇنىڭغا ئۆلۈم بىلەن تەڭ تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇنىڭ بەك
ئاچچىقى كەلدى. بىراق ئۇ كىمنى تۇتىدۇ؟ ئوغرىنىڭ كىملىكىنى
قانداق بىلەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، پارتلاپ كېتەي دەپ
تۇرغاندا، كامىل بىر دەمدىلا ئۇنىڭ نەرسىسىنى تېپىپ ئەكىلىپ
بەردى. شۇ چاغدا مۇرات ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ كېتىۋېدى، كا-
مىل:
— بۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. مەنمۇ ئىككى بار-
ماقنى ئىشلىتىدىغان شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى تۇرسام، كىمنىڭ ما-
ھارىتىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا ئاسانلا تې-
پىۋالدىم، — دېدى. شۇڭا مۇرات «ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى چوقۇم
قايتۇرىمەن» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇ سەۋەبلىك
مۇرات كۆڭلى يېقىنلىق قىلىپ كامىلنى توسماقچى بولدى.
بىراق، ئەينى ۋاقىتتا مۇرات كامىلنىڭ بۇ ئىشنى شەخسەن ئۆزى
بىر قوللۇق پىلانلاپ، ھەممە بولاقنى ئېچىپ ئاز - ئازدىن ئېلىپ
ئۈچ بولاق قىلىۋالغانلىقىنى، ئورنىنى بولسا ئاغرىق توختىتىش
دورىسىنى ئېزىپ خېروئىنغا ئارىلاشتۇرۇپ تولدۇرغانلىقىنى پە-
قەت يادىغا كەلتۈرمىدى.
مۇرات كامىلنىڭ بىلىكىنى تېڭىۋەتكەنلىكىنى كۆردى.
— كامىل، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى مۇرات.
— دەخلى قىلما! — دەپ ۋارقىرىدى كامىل. مۇرات ئۇنىڭ
گەپ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى بىلىپ جىم بولدى. بۇنداق ۋاقىتتا
ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كېتىدىغان-
لىقىنى مۇرات ئوبدان بىلەتتى. بۇنداق چاغدا ئۆلارنىڭ كاللىسىدا
خېروئىندىن باشقا يەنە نېمىمۇ بولسۇن!

ئوكۇل قىلىپ بولغان كامىل جاھاننى ئۇنتۇغان ھالدا ھۇزۇر سۈرۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا كامىل بۇ ھۇزۇرغا جاھاننى تېگىشىشكىمۇ رازى ئىدى، ئەمما كامىل مۇشۇ «ھۇزۇر»نىڭ ئۇنىڭ ھاياتلىقتىن ئېلىشقا تېگىشلىك ھەقىقىي ھۇزۇرلىرىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىنى قانداقمۇ ئويلىيالىسۇن!

ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان مۇرات ئىختىيارسىز: «ئوكۇل قىلسا ئادەمنى شۇنچىۋالا ھۇزۇرلاندۇرارمۇ؟ ئۇنىڭ ھۇزۇرى شۇنچىلىك كاتتىمىدۇ؟» دېگەننى ئويلاپ قالدى.

خۇددى ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بىلىۋالغاندەك:

— قانداق، سەنمۇ بىرەر قېتىم ئوكۇل قىلىپ باقامسەن؟ — دېدى پەتتار چىركىن.

— ياق، ياق، — دېدى مۇرات.

— ھەممە ئىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولىدۇ. مەسىلەن: سودىگەرمۇ بىرەر قېتىم تازا پايدا ئېلىپ باققۇسى كېلىدۇ. سەنمۇ بىر قېتىم بولسىمۇ ئوكۇل قىلىپ باق.

— مۇراتتا ئۇنچىلىك يۈرەك يوق، — دېدى ھەسەن ھەسەل ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ، — ھازىر ئۇ خوتۇنىدىن سورىمىسا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ.

— ئۇنداق يېرى بولسا، ئۇ بۇ ھۇزۇرنى سۈرەلمىگۈدەك، — دېدى پەتتار چىركىن.

— بولدى زورلىماڭلار. بولمىسا بىر قېتىم ئوكۇل سانجىپ قويغىنىغا ئارىمىزدا چوڭ گەپ قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ، — دېدى كامىل.

— خوتۇن ئالغان چوپچوڭ يىگىتنى ئۇنداق ناچار كۆرمەڭلەر، — دېدى پەتتار چىركىن مۇراتنى دەي ـ دەيگە سېلىپ، — بىز بىلەن چېكىپ يۈرگىلى خېلى بولدى. بىزنى چۈشىنىدۇ. بىز ئۇنىڭغا باشقا نەرسە زورلىمىدۇق. تېخىمۇ كاتتا ھۇزۇرنى كۆرۈپ باقسۇن دېدۇق.

— بىز بىلەن بىللە چېكىپ يۈرۈۋاتىسەنغۇ. بىرەر قېتىم ئوكۇل

قىلىپ باقساڭ نېمە بولىدۇ، — دېدى كامىل.

— بولدى، بولدى قىلىڭلار، قورقىقان ئادەمگە زورلىماڭلار، — دېدى ھەسەن ھەسەل. بۇ گەپ بىلەن ھەممىسى مەسخىرىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كېتىشتى.

— ئەكەل ئوكۇلنى!

بۇ ۋارقىراشتىن ھەممىسى چۆچۈپ مۇراتقا قارىدى. مۇرات ئاچچىقتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكەنچە يېڭنى شىمايلاپ تۇراتتى. پەتتار چىركىن بىلەن ھەسەن ھەسەل مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كامىل بولسا پايپاسلاپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

مۇرات ئورۇنسىز مەردانىلىق كۆرسىتىپ قەتئىيلىك بىلەن تۇراتتى. «بەربىر يالتىيىدىغان بولغاندىكىن بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي. بىر قېتىم ئوكۇل ئۇرغانغا نېمە بولاتتى. بىر قېتىم ئۇرغان ئوكۇل ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەستۇ؟» ئۆزىنى گوللايدىغان ئەنە شۇ خىياللار ئۇنىڭ ئەقلىنى قالايمىقان قىلىپ تۇراتتى.

— ئەكەل قولۇڭنى، مەن بوغۇپ قوياي، — دېدى كامىل رېزىنكە بوغقۇچنى قولىغا ئېلىپ، — دەسلەپتە سەن قولىشالمايسەن.

مۇراتنىڭ بىلىكى چىڭ بوغۇلغاندىن كېيىن كامىل چاققانلىق بىلەن ئۇستەل ئۈستىدىكى بايا ئۆزى ئوكۇل قىلغاندا ئىشلەتكەن شپرىسنى ئېلىپ، ئېرىتىلگەن خېروئىننى شپرىسقا سۈمۈرتتى.

مۇرات لېۋىنى چىڭ چىشلىگىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. كامىل ئۇنىڭ بىلىكىگە ئوكۇل يىڭنىسىنى سانجىدى.

مۇرات مىسلىسىز بىر ھۇزۇرنى خىيال قىلىپ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

— بولدى، تۈگىدى، — دېدى بىر چاغدا كامىل.

مۇرات ھۇزۇرنى ساقلاپ تۇرۇۋەردى، ئەمما ئۇ كۈتكەن ھۇزۇر پەيدا بولمىدى. ئەكسىچە ئۇنى بىر خىل بىئاراملىق ئىگىلىۋالدى، خۇددى بىر پارچە ئاقۇش تۇمان ئۇنىڭ ئىچىدە ئايلىنىۋاتقاندەك

يېقىمسىز تۇيغۇ پەيدا بولدى.
— قېنى ئۇ ھۇزۇر؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ.
— باشقىچە بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى پەتتار چىركىن، — بىر-ىنچى قېتىم ئوكۇل قىلساڭ شۇنداق بولىدىكەنسەن. ئەمدى ئۇ-كۇل قىلىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى مەڭگۇ ئۇنتۇيالماي-سەن.
— راست، نېمىشقىكىن، مەنمۇ باشتا شۇنداق بولغان، — دې-دى كامىل گەپ قىستۇرۇپ، — ئەمما كېيىن ئوكۇل قىلسا ئا-دەمنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئالامەت ھۇزۇرلاندۇرۇۋېتىدىكەن.
مۇرات بولسا لاسىدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. «خەپ! قىلدىممۇ قىلدىم، ئەتە يەنە بىر قېتىم ئوكۇل قىلىپ ئۇلار دەۋاتقان ھۇزۇر-نى بىر كۆرۈپ باقاي. ئاندىن بىراقلا تاشلايمەن.» مۇرات تولىمۇ يېنىكلىك قىلىپ شۇلارنى ئويلاپ كەتتى.
«خۇدايىم، مۇرات يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالمىغاي. خا-تىرجەملىك بولىدىغان بولسا، ئاز پۇل تاپساقمۇ مۇشۇ كۈنىمىزگە شۈكۈر.» مۇراتنى ساقلىغاچ گۈلشەن شۇنى تىلەپ ئولتۇردى. ئۇ سائەتكە قاراپ قويۇپ مۇراتقا تېلېفون قىلاي دەپ تەمشىلىپ تۇ-رۇۋېدى، ئىشىك ئېچىلىپ رەھىمە كىرىپ كەلدى.
— تويى ئۇبدان ئۆتكىدىمۇ؟ — گۈلشەن قىزغىن ئەھۋال سوراپ رەھىمەنىڭ ئالدىغا باردى.
ئەمما رەھىمە خۇشال ئەمەستەك ئىدى.
— نەدىمۇ ئۇنداق توي بولسۇن، قىزىم، — دېدى رەھىمە.
— تويدا كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ؟ — ئېھتىيات بىلەن سورى-دى گۈلشەن.
— كۆڭۈلسىزلىكلا بولغان بولسا مەيلىتتىغۇ، — دېدى رەھى-مە ئېچىنغان ھالدا، — توي بۇزۇلدى.
— نېمە... بۇ...
— ھەي، مەن بۇنداق تويىنى كۆرمەپتىكەنمەن. ئەتىگەن بىر ئۇبدان بولۇۋاتقان توي چۇش بولا - بولمايلا بۇزۇلسا... ئەسلىمى-

غۇ خىل ـ خىلىغا كەلمىگەن توي ئىكەندۇق. بۇ تويغا باشتا چوڭلار قوشۇلماپتىكەن. يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنى ياراتمىغۇدەك. قىزنىڭ تۇغقانلىرى يىگىتنىڭ تۇغقانلىرىنى ياراتمىغۇدەك. قىز ـ يىگىت كېلىشىپ قالغاچقا باشقىلارنىڭ ھە ـ ھۇسى بىلەن بوپتىكەن بۇ توي، لېكىن ئاخىر كېلىپ يەنە شۇ چوڭلارنىڭ جېدىلى بىلەن بۇزۇلدى.

رەھىمە ھە دېسە بۇ ئىشقا قارىتا ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى سۆزلەشكە بېرىلىپ، ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئۇدۇل دېمەي گۈلشەننىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋەتتى.

— نېمىلا بولسا چوڭلار ئۆزىنى بېسىۋالسا بوپتىكەن، — دېدى گۈلشەن ئاخىر بولماي.

— راست، چوڭلار كىچىك بالىدەكلا ئىش قىلدى. سىز بىلمىسىز قىزىم. تويدا بېيىت ئوقۇيدىغان ئىش بار. بۇگۈنمۇ قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ بېيىت ئوقۇماقچى بولدى. ئەسلى ئىككى تەرەپ توينىڭ ئوبدان بولغانلىقىنى تەرىپلەيدىغان، قىز ـ يىگىتكە بەخت تىلەيدىغان بېيىتلەرنى ئوقۇسىلا بولاتتى. قائىدە بويىچە يىگىت تەرەپ بېيىت ئوقۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، توساتتىنلا قىزنىڭ كىچىك ئاپىسى چىرايىنى تۈرۈپ، قوپاللىق بىلەن قائىدىنى بۇزۇپ ئوتتۇرىغا چۈشتى ۋە: «مەن بىر بېيىت ئوقۇي» دەپلا تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

ئايمۇ ئاي تۇغالايدۇ،
كۈنمۇ كۈن تۇغالايدۇ.
بىزنىڭكىدەك بۇ قىزنى،
جاھاندا كىم تۇغالايدۇ؟

يىگىت تەرەپتىكىلەرمۇ ئاران تۇرۇپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چوكان چىرايىدىن بوران ئۇچۇرغىنىچە ئوتتۇرىغا چۈشتى ۋە:

تۇنۇگۈن بازارغا بېرىپ،

كۆردۈم نەچچە ئوقۇرنى.
كىملا تۇغسا تۇغمامدۇ،
بۇنداق سەت چوقۇرنى.

دەپ بېيىت ئوقۇدى. قىزنىڭ يۈزىدە چىقاندىن قالغان ئىككى جاراھەت ئىزى بار ئىكەندۇق. شۇڭا بۇ گەپ ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بېيىت جېڭى باشلىنىپ كەتتى. ئاخىر بېرىپ توي بۇزۇلدى. تويلۇقلار قايتۇرۇلدى. چۈشتىن كېيىن ئاجرىشىمىز دەپ مېڭىشتى. مۇشۇ جېدەللەر بىلەن كەچ قالدىم قىزىم.

گۈلشەن «تۇۋا» دەپ لېۋىنى چىشلىدى. سۆزلەپ ھارغان رەھىمە بولسا: «ئوغلۇمنىڭ تويى بەك ئوبدان بولدى. ئەمدى ئۇلار ئىسسىق - سوغۇقتا بىللە بولۇپ، ئۆيىنى بۇزماي، بالىسىنى ئوبدان تەربىيەلەپ، بىز ئوقۇيالمىغان ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتسا... شۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن، خۇدايىم» دەپ تىلەپ كەتتى ۋە:

— مۇرات يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تېخى كەلمىدى. كىرا ئوبدان بولۇپ قالغان بولسا، سەل كەچرەك كېلەمدىكىن، — دېدى گۈلشەن.

بۇ چاغدا ئوكۇل قىلغان يېرىدىكى يىڭنە ئىزىدىن خۇدۇكسىرىگەن مۇرات ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلگەنىدى.

# ئۈچىنچى باب

مۇرات ئورنىدىن تۇرغاندا گۈلشەن كۆرۈنمەيتتى.
— ئاپا، گۈلشەن قېنى؟
— ساڭا قاراپ بولماي «بۇگۈن دۇكاندا ئىش جىق» دەپ ئەتىگەنلا دۇكانغا كەتتى. مىجەزىڭ يوق بولۇپ قالمىغاندۇ؟ قارىسام بەك ئۇخلاپ كەتتىڭ. گۈلشەننىڭمۇ سېنى ئويغاتقۇسى كەلمىدى.
— شۇنى دەيمەن، نېمە بولدۇمكىن، ئۇخلاپ كېتىپتىمەنغۇ تاڭ.
— ناشتا قىلىۋال.
مۇرات ئىچى سۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەينىگە ماڭدى. يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنىڭ پات - پات ئىچى سۇرۇدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلدى ۋە بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. كېيىن تولا ھاجەتخانىغا مېڭىشتىن زېرىكىپ نان، توخۇم، قورۇغان تاماقلارنى يەپ ئىچىنى قېتىماقچى بولدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭغا ئىچ سۇرۇشى ياخشىلانغاندەك بىلىندى.
مۇرات ناشتا قىلىپ بولۇپ يولغا چىقماقچى بولدى.
— مۇرات، — دېدى رەھىمە، — گۈلشەندىن ئاڭلىسام ماشىنىنى سېتىشنى ئويلىشىۋېتىپسەن.
— شۇنداق، ۋاقىت چىقىرىپ ساڭىمۇ بۇ ئىشنى مەسلىھەت قىلاي دەپ تۇراتتىم.
— ئوبدان ئويلاشقانسەن؟
— جىق ئويلىدىم. ھازىر تاكسىدىن تاپىدىغان پۇلىمۇ تايىن-

لىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنى بەك ھاردۇرۇۋېتىدىكەن، ئادەمنى باشقا بىرەر ئىشنى قىلىشنىمۇ ئويلىغۇسى كەلمەيدىغان قىلىپ قويىدىكەن. شۇڭا باشقا بىرەر ئىش قىلىپ باقاي دېگەنىدىم.

— مەن مۇشۇنچە قىلىپ قويدۇم، ئەمدى قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ بىر نېمە دە. ئارقا ـ ئالدىڭنى ئوبدان ئويلىشىپ بىر ئىش قىل. كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، — ماشىنىغا ئىچى تارتىشقان بولسا كېرەك، رەھمەنىڭ چىرايىدىن ھاردۇق يېتىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ماقۇل ئاپا. بىرەر ئىش بولسا ساڭا دەيمەن.

مۇرات كۆڭگە قاراپ قويۇپ ھەسەن ھەسەللەرنىڭ يېنىغا ماڭ-دى. چۈنكى ئاخشام ئۈمىد ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئادىل بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۆچ بولاق ئەكىلىپ بېرىشنى ئېيتقانىدى.

مۇرات ئۆيگە كىرگەندە ھەسەن ھەسەللەر كۆدە، كاۋىدىن ئې-تىلگەن مانتىنى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يەپ ئولتۇراتتى.

مۇرات ھەسەن ھەسەلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «ئۆچ بولاق بەر» دەپ شىۋىرلىدى.

— ھېلى پەتتار ئەكىلىدۇ، — دېدى ھەسەن ھەسەل بوش ئاۋازدا.

شۇ چاغدا ئۆيگە كامىل غالىلداپ تىترىگىنىچە كىرىپ كەل-دى.

— ناشتا قىل، — دېدى ھەسەن ھەسەل سوغۇق تەلەپپۇزدا.

— مەن... مەن... بە...ك.... بولال... مايۋاتىمەن. ماڭا... ماڭا... ئو... ئوكۇل... — خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتكەنلىكتىن كا-مىلنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەي دۇدۇقلاپ كەتتى.

ھەسەن ھەسەل چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن شپىرىسنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى ۋە:

— ئۆزۈڭنى ئوبدان جۇندىۋېلىپ ئۇرۇمچىگە ماڭ. چوڭ ئاكام جىددىي چاقىرتىپتۇ. سېنىڭ بارىدىغانلىقىڭنى دېۋىدىم، مەيلى دېدى. بېرىپ ئالاھىدە ئىش بولسا دەرھال تېلېفون قىل، — دې-

دى.

كامىل ئوكۇل قىلىشقا بەك ئالدىراپ كەتكەنىدى:

— ماقۇل، ماقۇل، ماقۇل...

كامىل ئوكۇل ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جىمىپ قالدى. ئۇ-نىڭ تۇرقىدىن قاتتىق ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ مۇراتنىڭ كېلى قىچىشقاندەك بولدى. ئاندىن بۇرنىدىن سۈيۈقلۇق كەلدى. مۇرات بۇرنىنى كۈچەپ تارتتى. ھەسەن ھەسەل بۇنىڭغا دىققەت قىلدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ بۇيرۇق كۈتۈۋاتقان كا-مىلغا ئىشارەت قىلىپ قويدى. مەقسەتنى چۈشەنگەن كامىل يەنە بىر بولاق خېروئىننى ئېلىپ سۈيۈلدۈرۈپ بايىقى شپىرىسقا ئىد-چۈردى. ئاندىن مۇراتقا تەڭلىدى:

— قېنى، يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ باق.

بۇنىڭغا قاراپ مۇرات ئىككىلەندى، ئەمما ئۆزىنى تۇتالماي ئۇ-يان ـ بۇيانغا قاراشقا باشلىدى.

— ئەمدى ھۇزۇرلانمىساڭ، مانا مەن ھەممىگە تەييار، — دېدى كامىل مەيدىسىگە ئۇرۇپ. مۇراتنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كەتتى. شۇ-نىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەيتىنى يەنە ئۈستۈن كەلدى. «بوپتۇ، قانچە-لىك ھۇزۇرى بارلىقىنى كۆرۈپ باقاي. بەربىر بۇ نېمىنى تاشلاش نىيىتىگە كېلىپ بولغانىدىكەن.» مۇرات ئىختىيارسىز قولىنى سۇندى!

— مەن ياردەملىشەي.

كامىل ئۇنىڭ بىلىكىنى بوغدى ۋە ئوكۇلنى ئۆزى سانجىپ سۈيۈقلۇقنى ئاستا ـ ئاستا ماڭدۇردى. بىۋاسىتە تومۇرغا ماڭغان خېروئىن بىردەمدىلا تەسىرىنى كۆرسەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارد-غان ھۇزۇر، راھەتتىن مۇرات يايراپ كەتتى، كۆزىنى ئاچقۇسى كەلمىدى، ۋۇجۇدىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقان ھۇزۇرنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، تېرىسىنى تىلىپ گۆشلىرى ئارد-سىغا تىقىپ قويغۇسى كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا دۇنيادىكى بارلىق ھۇزۇر تومۇرلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغاندەك بىلىندى.

مۇرات سوروۋاتقان ھۆزۆرىنىڭ قىچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك كۆزلىرىنى ئاران ئاچتى.

— قانداق؟ — دەپ سورىدى كامىل سىرلىق كۈلۈپ. مۇرات بۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇنىڭ ھۆزۆرى ئالدىدا چەككەنىنىڭ ھۆزۆرى نېمىدى! — دەپ دېمىقىنى قاقتى ھەسەن ھەسەل.

— راست، قالتىس ھۆزۆركەن، — دەۋەتتى مۇرات.

— كامىل يۇر، سېنى يولغا سېلىپ قوياي، — دېدى ھەسەن ھەسەل.

— ھەسەن، مېنىڭ نەرسەم.. — دېدى مۇرات.

— ھېلى پەتتار ساڭا بېرىدۇ.

سەلدىن كېيىن پەتتار چىرىكىن كېلىپ مۇراتقا ئۈچ بولاق بەردى.

مۇرات ئۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال سېزىۋاتاتتى. «ئوكۇل قىلغانىنىڭ ھۆزۆرى راست كاتتىكەن. بوپتۇ، بۇنىمۇ كۆرۈپ باققىنىم بولۇپ قالدى. بولمىسا قانداق ئىشكىن دەپ ئۆتۈپ كېتەركەنمەن. ئەمدى بولدى قىلاي.» مۇرات ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى.

مۇرات مەكتەپكە يېقىنلاشقاندا يەنە ئىچى سۇرگەندەك بولۇپ تەرىتى قىستاپ كەتتى. «ئەستا، ئەجەب ئاۋارە قىلدىغۇ!» مۇرات تۆت كوچىنىڭ يېنىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىردى. سەل قاراڭغۇ كەلگەن بۇ ھاجەتخانا سېسىقچىلىققا تولغان بولۇپ، مۇرات غەيرەت قىلىپ ئولتۇردى ۋە: «بىرەرسىگە مۇشۇ ھاجەتخانىدا مۇشۇنداق يانمۇ - يان ھاجەت قىلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا يەتكۈزۈپ بەرسەم بولغۇدەك. بۇنىڭدا ھېچكىم گۇمان قىلمىغۇدەك» دەپ ئويلىدى.

مۇرات ئۈمىد ئوتتۇرا مەكتىپىگە يېقىنلاشتى، ئەمما بەلگىلەنگەن ئورۇندا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەسلىدە مالنى ئالىدىغان مۇئەللىم مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ

ئاستىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشى، ئاندىن ئۇلار بىر ئوقۇغۇچىنىڭ گېپىنى قىلىشقاچ ئىشىنى پۈتتۈرمەكچى بولغانىدى، بىراق ھازىر ئۇ يەردە ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «مېنى ساقلاپ بولماي دۇكاندەك بىر يەرگە نەرسە ئالغىلى كىرىپ كەتتىمۇ - يە؟ بىر دەم ساقلاپ باقاي.» مۇرات شۇ خىيال بىلەن دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ماشىنىنى توختاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر نەچچە ساقچى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن مۇرات بەك چۆچۈپ كەتتى ۋە دەررۇ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى: «ئۇلارنى كۆرۈپلا بۇنچىلىك چۆچۈپ كەتسەم ئۇلار گۇمانلىنىپ قالامدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدى؟ ئۇلارنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشىنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ شۇڭا تەمكىن بولاي.» ھەسەن ھەسەلمۇ بۇنداق ۋاقىتتا چوقۇم تەمكىن بولۇشنى، ھودۇقماسلىقنى جېكىلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھودۇققان كىشى ھەممىنى چاندۇرۇپ قويىدىكەن. ھەتتا ئاشكارىلىنىش نىسبىتى نۆل بولغان ئىشلارمۇ شۇ سەۋەبلىك ئاشكارىلىنىپ كېتىدىكەن. شۇڭا مۇرات ئۆزىدىكى ھودۇقۇشنى بېسىش، ساقچىلارغا پەرۋا قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش ئۈچۈن تاماكا ئېلىپ چەكتى. ئەمما، ئۇنىڭ قولى سېزىلەرلىك تىترەشكە باشلىدى.

قېرىشقاندەك ساقچىلار ئۇنىڭ ماشىنىسى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى مۇراتنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى. شۇڭا ئۇ تاماكىسىنى شوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. مۇرات تاماكىسىنى تۇتقان پېتى ماشىنىسىنىڭ كەينىنى كۆرۈش ئەينىكىگە تىكىلىپلا قالدى.

«قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ساقچىلار ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

«تاك، تاك، تاك!»

مۇراتنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

«تاك، تاك، تاك!»

بىر ساقچى ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئەينىكىنى چېكىۋاتاتتى.

مۇرات قولاشمىغان ھەرىكەت بىلەن ئەينەكنى چۈشۈردى. ساقچى كىنىشكىسىنى چىقاردى:

— بىز ساقچى. بايا بىر ئايال سىزنىڭكىگە ئوخشاش كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپتىكەن. قىممەت پۇللۇق ئۈزۈكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىلىيارت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك ئىكەن. بىز ھازىر شۇ ماشىنىنى ئىزدەۋاتىمىز. شۇڭا توغرا چۈشىنىپ بىزگە ماسلاشقان بولسىڭىز.

«ھە، شۇ ئىشمىدى، ئەسلى ماشىنىنى ئاختۇرماقچى ئىكەنغۇ. بىكارلا قورقۇپ كېتىپتىمەن.»

— بولىدۇ، چاتاق يوق. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇراي.

مۇرات خاتىرجەم ھالدا ماشىنىدىن چۈشتى.

— كەچۈرۈڭ، بىز بىلەن ئىدارىگە بارغان بولسىڭىز. تەرتىپ بويىچە سىزنىمۇ تەكشۈرىمىز.

بۇ گەپ ئۇنىڭغا «سىزنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمىز» دېگەندەك ئاڭلىنىپ پۇتۇن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، پۇت - قولىدا جان قالمىدى.

— يۈرۈڭ.

«ئاھ، تۈگەشتىم!» مۇراتنىڭ يۈرىكىنىڭ قېتىدىن شۇ سادا ياڭراپ چىقتى. ئاختۇرۇلۇشتا ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسىلەر ئېنىقلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ چاغدا مۇرات... قورقۇنچتىن مۇرات خۇدىنى يوقىتىپ قويدى.

مۇرات بوشاشقان، كاللىسى غۇڭۇلدىغان ھالدا ساقچى ماشىنىسىغا چىقتى. ئۇلار بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، بىر ئۆيگە كىردى. ساقچىلار ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇردى. ئاندىن يەنە ماشىنىغا چىقىرىپ، مەكتەپنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. مۇراتنىڭ قۇلىقىغا:

— ماسلاشقىنىڭىزغا رەھمەت! سىزنى ئاۋارە قىلدۇق. يولىڭىزغا ماڭسىڭىز بولىدۇ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن مۇرات ئۆزىنىڭ مەكتەپنىڭ

ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. بىر ئىش يادىغا كەلگەن مۇرات دەرھال يانچۇقىنى ئاختۇردى. يوق! «ئاپلا، ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە!» مۇرات بۇنىڭدىن بەك ئەپسۇسلىنىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بۇ خىيالىغا كۈلگۈسى كەلدى. «توۋا سارائگلىقىمنى، ئەگەر ئۇ نەرسە ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ساقچىلار مېنى بوش قويۇرمىدى؟ ئۇنداقتا... » بۇ ئىش مۇراتقا تولىمۇ سىرلىق بىلىندى. راست، ئۇنداقتا ئۇ نەرسە قېنى؟

مۇرات گاڭگىرىغان ھالدا تۇرۇپلا قالدى. شۇ ھالدا بۇ ئىشقا ئەقلى يەتمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بىر خىيال پەيدا بولدى: «چۈشۈپ قالغانمىدۇ ـ يا؟» شۇنىڭ بىلەن ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇردى، يوق. ماشىنىنىڭ ئىچىنى ئاختۇردى، يوق. تۇرغان جايىغا قاراشتۇردى، يەنە يوق. ئۇنداقتا نەدە چۈشۈپ قالغاندۇ؟ «مەن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ماشىنىدىن چۈشمىسەم، ماشىنىدا چۈشۈپ قالماي نەدە چۈشۈپ قالىدۇ؟» مۇراتنىڭ خىيالى چىگىشلىشىپ كەتتى. «ھە راست، ماشىنىدىن چۈشۈپتىمەن. ئىچىم سىرۇپ كېتىپ تۆت كوچىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىپتىمەن. بىراق، ئۇنىڭ ھاجەتخانىدا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟» شۇنىڭ بىلەن مۇرات باشقا ئېھتىماللىقلارنىمۇ ئويلاشقا باشلىدى. ئويلىرىنىڭ ئاخىرى يەنە شۇ ھاجەتخانىغا بېرىپ تاقىلاتتى، ئاخىر بولماي: «نېمىلا بولسا شۇ ھاجەتخانىغا بېرىپ قاراپ باقاي» دېگەن قارارغا كېلىپ شۇ يەرگە ماڭدى.

ھاجەتخانىغا كىرگەن مۇرات ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇننى يادىغا كەلتۈرۈپ شۇ ئورۇنغا قارىدى. ھاجەتخانا ئىچى سەل قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇ نەرسىلەرنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن چاقمىقىنى چاقتى.

ئەنە!

مۇراتنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى، ئالاق ـ جالاق بولۇپ تۇرغان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

دەرۋەقە، كىچىك سۇلياۋ بولاق بىر بىزەپ قەغەزنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئالدىراپ كەتكەن مۇرات چاقىقانلىق بىلەن چاڭگال سالدى. قولىغا نىجاسەت مىلىنىپ قالغىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي شۇ پېتى يانچۇقىغا تىقتى. ئۇ ھاجەتخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

خاتىرجەم بولۇپ قالغان مۇراتنىڭ ئەمدى ئويلىرىمۇ ئىزىغا چۈشتى. «ساقچىلار راستىلا ئۇزۈك ئىزدەۋاتقانمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ياق، ئۇلارنىڭ جىددىي ھەرىكىتىدىن قارىغاندا چوقۇم باشقا بىر گەپ بار. نەدە يىتكەنلىكى ئېنىق بولمىغان بىر ئۇزۈكنى دەپ مېنى ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ شۇنچىلىك ئاختۇرۇپ كېتەمدۇ؟ بۇ تازا نورمال ئىش ئەمەس. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ قارىغاندا مەن دىققەت قىلسام بولغۇدەك. ناۋادا بۇ نەرسە چۈشۈپ قالمىغان بولسا... ھەي...» مۇراتنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

ئۇ بۇ ئىشنى تېلېفون ئارقىلىق ھەسەن ھەسەلگە دېۋىدى، ھەسەن ھەسەل خېلىغىچە جىم بولۇپ كەتتى. ئارقىدىن:

— ئۇلار سېنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا سېنى ئۇزۈك باھانىسىدە تەكشۈرگەن گەپ. ھەقىقەتەن تەلىيىڭ بار ئىكەن. ئەگەر يانچۇقۇڭدىكى چۈشۈپ قالمىغان بولسا، قالغان ئىش خۇدايىمغا ئامانەت ئىدى. بىر ساقلاپتۇ سېنى، — دېدى.

— مەن شۇنداق ئېھتىيات قىلغان تۇرسام، نېمىشقا مېنىڭدىن گۇمانلانغۇدەك؟ — دېدى مۇرات ئىشەنگۈسى كەلمەي.

— ئەخمەق، — دېدى ھەسەن ھەسەل ئاچچىقلىنىپ، — ساقچىلارغا يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئادەم بار ئوخشايدۇ. ئەمدى قاتتىق ئېھتىيات قىل. قاراپ ئىش قىل. «ئالماقچىدىم» دېسىلا يۈگۈرۈپ كەتمە. راست - يالغانلىقىنى بىلىپ ئىش قىل.

ھەسەن ھەسەلنىڭ بۇ گېپى مۇراتنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ھەسەن ھەسەلمۇ: «ئۆزىمىزنى سەل چەتكە ئالمىساق چاتاق

چىقمىغان ئوخشايدۇ. ئوتتۇرىدىكى زەنجىرنى كۆپەيتسەم بولغۇ-دەك. چوڭ ئاكام بۇرۇنلا مۇشۇنداق دېۋىدى، پايدىنىڭ بىر قىسمى شۇلارغا كەتكۇدەك دەپ ئۇنىماپتىمەن. ئەسلى چوڭ ئاكام توغرا دەپتىكەن. ئەتە ـ ئۆگۈن ئاپلا دېگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ» دەپ ئەندىشىدە قالدى.

مۇرات بەك قورقۇپ كەتكەچكە كىرا تارتقۇسى كەلمەي ئۆيگە بېرىپ ياتتى. بۇگۈن دۇكاندىكى ئىشلىرىنى بالدۇر تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، ئۆيلەرنى تازىلاۋاتقان گۇلشەن ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىۋېدى، مۇرات «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ قويدى.

مۇراتنىڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئويلىغانچە ئەمدى ئۇنى تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. كۆزىنى يۇمسىمۇ، يۇممىسىمۇ كۆز ئالدىدا كويزا، ساقچى، سوت مەيدانى، تۈرمە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى. شۇ ھالدا ياتقان مۇرات ئىختىيارسىز چېپىلداپ تەرلەپ كەتتى.

— مۇرات، تاماق پىشتى.

گۇلشەننىڭ بۇ گېپى ئۇنى قورقۇنچلۇق خىياللار قايىنمىدىن قايتۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىر ۋە ئۇزۇن ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن تاماق يەيدىغان ئۆيگە چىقتى.

— سىزچۇ، سىز تاماق يېمەمسىز؟ — دەپ سورىدى لەغمەنگە قىزىل مۇچ سېلىۋاتقان مۇرات.

— قورسىقىم ئانچە ئاچماپتىكەن. سەل تۇرۇپ ئاپام سودىلىقتىن كەلگەندە بىللە يەرمەن.

مۇرات تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. لەغمەن تۈگەي دېگەندە ئۇنىڭ يەنە ئىچى سۇرىدىغاندەك قورسىقى ئاغرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇرات قالغان لەغمەننى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپلا كەينىگە يۈگۈردى.

— نەگە؟

— ئۇياقتىن يەپلا بۇ ياقتىن ھەزىم بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ — مۇرات گېپىنىڭ ئاخىرى چىققۇچە ئۆزى ئىشىكتىن چىقىپ بول-

دى.
مۇرات ئىشنى تۈگىتىپ كىرگەندە گۈلشەن بىر پارچە گېـ-زىتنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.
— مۇرات، ئارقىغا نېمانچە كۆپ قاتراپسىز؟ — دەپ سورىدى گۈلشەن ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — خېلى كۈنلەر بولدى سىزگە دىققەت قىلغىلى. تاماق ۋاقتىدا ياكى تاماق يەپ بولۇپلا ھاجەتكە چىقىش سەت ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالامەتلىككىمۇ زىيانلىق.
— راست، — دېدى مۇرات، — پات - پاتلا ئىچىم سۈرۈدىغان بولۇپ قالغىلى ئۇزۇن بولدى. نېمە بولدۇمكىن تاڭ؟
— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقتىڭىزمۇ؟
— كۆرۈندۈم. دەسلەپتە مەن «ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قالدىمـ-مىكىن» دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن تەكشۈرتسەم ئۈچەيىمدە مەـ-سىلە يوقكەن. دوختۇرلارمۇ نېمە ئىشلىقىغا تازا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىدى.
— دېمىسىمۇ غەلىتە ئىش ئىكەن، — دېدى گۈلشەن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، — كېسەل دېگەننىڭ سەۋەبى بولىدىغۇ. يا ئەتەـ-ئۆگۈن ياخشى بىر تەكشۈرتۈپ باقايلى.
— ماقۇل، بەزىدە شۇنچە ئىسسىق كۈنلەردىمۇ يۆتىلىپ كېـ-تىۋاتقانلىقىمنى دېمەمسىز تېخى. شۇنچە دورا قىلسامىمۇ بۇ يۆتەلـ-دىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن. تاماكىنىڭ تەسىرىمىكىن - يە. ناۋادا شۇنداق بولسا، تاماكا تاشلاشنى ئويلاۋاتىمەن.
— ياخشى ئويلاپسىز. مۇشۇ باھانىدە تاشلىۋېتىڭە شۇ تاماكىـ-نى. مەنمۇ بۇ گەپنى سىزگە دەي دەپ تۇرغىلى ئۇزۇن بولغان.
— قېنى تىرىشىپ باقاي.
— «تىرىشىمەن» دەڭ.
— چوقۇم تىرىشىمەن. مەن قەدىرلىك گۈلشەنئاي باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسام قانداق بولىدۇ؟ — مۇرات شۇنداق دەپ تەخـ-سىنى قولىغا ئالدى.

— ئاش سۈيى ئىچكۈڭىز كېلىۋاتىدۇ ـ ھە؟ مەن مۇھىم بىر خەۋەرنى ئوقۇۋاتقانىدىم. خاپا بولماي ئۆزىڭىزلا...

— خوپ!

مۇرات ئاش سۈيىنى ئەكىرىپ تازا ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى.

بىر چاغدا گۈلشەن گېزىت كۆرۈشنى توختاتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى جىددىيلىك قاپلىغانىدى.

— مۇرات، ئاڭلاڭ، — دېدى گۈلشەن تولىمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا، — مۇنۇ يەردە بىر خەۋەر بار ئىكەن. ھازىر مەخسۇس تاك-سى شوپۇرلىرىنى بۇلايدىغان ئادەملەر پەيدا بوپتۇ. ئۇلار يىراق، خىلۋەت يەرلەرگە بېرىشنى باھانە قىلىپ، تاكسى شوپۇرلىرىنى بۇلايدىكەن. مۇنۇ خەۋەردە دېيىلىشىچە، بۇلاڭچىلار پويىز ئىستان-سىسىغا بېرىشنى باھانە قىلىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە شوپۇرنى يارىلاندۇرۇپ، باغلاپ بىر ئازگالغا تاشلاپ قويۇپ، ماشىنىسىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىنئالا تەييارلىقى بولغاچقا، ماشى-نىنى نومۇر تاختىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئۇرۇمچىگە ھەيدەپ كېتىپ-تۇ. ئۇلار ماشىنىنى ئۈرۈمچىدە ساتماقچى بولۇپ تۇرغاندا قولغا چۈشۈپتۇ. ساقچىلار ھەق يىغىش ئورنىدىكى كۆزىتىش ئاپپاراتى ئېلىۋالغان كۆرۈنۈشلەرنى تەكشۈرۈپلا بۇ دېلونى ئاسانلا پاش قىپتۇ. مۇشۇنداق بىر ئىش ئالدىنقى ھەپتە رادىيودىمۇ خەۋەر قى-لىنغانىدى. ئۇ چاغدا بۇلاڭچىلار شوپۇرنىڭ يانفونى بىلەن پۇلىنى بۇلاپتىكەن. ھازىر تاكسى بۇلايدىغان ئىش كۆپىيىپ قاپتۇ. دىققەت قىلىڭ جۇمۇ. بەك كەچكىچە يۈرمەڭ، يىراق، چەت يەرلەرگە كىراغا ماڭماڭ، ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن.

مۇرات گۈلشەننىڭ شۇنچىلىك ئەنسىرەپ كەتكىنىدىن كۈل-دى:

— خاتىرجەم بولۇڭە. كۈندە ئۇچرايدىغان نەدىكەن ئۇ بۇلاڭ-چى؟ غەم قىلماڭ، مېنىڭ قوغدىنىش قوراللىرىم تەييار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىغا چىقىمەن دېگەن ئادەمگە بىر قاراپلا ئۇنىڭ يا-

مان نىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
— شۇنداقتىمۇ دىققەت قىلىڭ، — دېدى گۈلشەن.
— مۇشۇ گېزىتلەرمۇ ئاندا ـ ساندا بولۇپ تۇرىدىغان مۇ ـ شۇنداق ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ باشقىلارنىمۇ يۈرەكئالدى قىلىۋې ـ تىدىكەن.
— ئۇنداق دېمەڭ مۇرات، بىزنى ئاشۇنداق ئىشلاردىن ئا ـ گاھلاندۇرۇپ تۇرغىنى ياخشىغۇ. بىزنى ھوشيار بولسۇن، ئورۇن ـ سىز كۆڭۈل ئاغرىقىغا قالمىسۇن دەيدىغۇ.
بۇ گەپكە مۇرات بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا ئارتۇق گەپ قىلمىدى ۋە گەپنى ماشىنىنى سېتىش ئىشىغا بۇرىدى.

# تۆتىنچى باب

«ناشتىلىقنىلا» ئوكۇل قىلىپ روھلىنىپ كەتكەن مۇرات چۈش بولمايلا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بالدۇرلا كېلىۋالغانلىقىنى كۆرگەن گۈلشەن ھەيران بولدى.

— نېمە بولدى سىزگە؟ بۈگۈن بالدۇرلا كېلىۋاپسىزغۇ؟

مۇرات سىرلىق كۈلدى:

— ھالىڭىزدىن پات - پات خەۋەر ئېلىپ تۇرمىسام بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە دىققەت قىلىپ تۇرمىسام، ھە دېسە ئۆزىڭىزنى ئىشقا ئۇرۇپ كېتىسىز. بۇنداق قىلسىڭىز چارچاپ كېتىسىز.

— چارچىسام نېمە بوپتۇ؟ — دەپ كۈلۈپ سورىدى گۈلشەن خۇپسەنلىك قىلىپ.

— ھازىر چاتاق يېرى سىز چارچىسىڭىز ئىككى كىشىلىك چارچايسىز ئەمەسمۇ.

گۈلشەنمۇ بوش كەلمەي:

— ناھايىتى ياخشى مۇرات، ئۇنداقتا ئەمدى ماڭا ئىككى كىشىلىك كۆڭۈل بۆلسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى.

— جېنىم بىلەن.

بۇ گەپكە گۈلشەن ئۇيات ۋە خۇشاللىق بىلەن كۈلدى.

كۆز ئاخىرلىشىشقا يېقىن گۈلشەن ئۆزىدە ئۆزگىچە بىر ھالنى سەزگەن ۋە يېقىندا بۇنى مۇراتقا ئاشكارىلىغانىدى.

ئۇلار ئاتا ـ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.
بۇ ئىش بۇ ئائىلىگە يېڭى خۇشاللىق ئاتا قىلدى. گۈلشەن بىر ئاز بىكار بولسىلا بالىسى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى قىلاتتى. مۇرات بولسا ھەدەپ «قىزمىدۇ ــ ئوغۇلمىدۇ؟» دەپ تەھلىل قىلىپ ھارمايتتى. بەزىدە «بالام ئۇچۇن بولسىمۇ ھوشۇمنى يىغىۋالاي» دەپ قىلىۋاتقان خاتا ئىشىدىن قول ئۈزمەكچى بولاتتى. ئەمما، پەيتى كەلگەندە بولسا يەنە ئىرادىسىزلىك قىلىپ، ئاشۇ «ساختا ھۈزۈر»نى قوغلىشاتتى. تېخى بۇنداق ۋاقىتلاردا كەيپ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، تۇغۇلغۇسى بالىسىنى ئويلاپ شادلىققا چۆمەتتى. بولۇپمۇ ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەن رەھىمە بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇش بولدى، سۆيۈندى.
ئۇلار ئاشۇنداق تاتلىق گەپلەر بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغاندا گۈلشەننىڭ يانفونى سايرىدى.
ــ ئاپامكەن، ــ دېدى گۈلشەن يانفونىنىڭ ئېكرانىغا قاراپ.
ــ قايسى...
ــ ساراڭ، ئۆزۈمنىڭ ئاپىسى بولمامدۇ، ــ گۈلشەن شۇنداق دەپ تېلېفوننى ئالدى، ــ ۋەي، تىنچلىقمۇ ئاپا؟ ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ ئاتامنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟
ــ ۋاي، بولدى قىل، ــ دېدى گۈلشەننىڭ ئاپىسى، ــ نېمانچە ئەھۋال سوراپ كېتىسەن؟ ئەمدى مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىسام بولىدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىم خېلى ياخشى. ھە سەنچۇ؟ مەن سېنىڭ ئىشىڭدىن خەۋەر تاپتىم. ئۆزۈڭگە دىققەت قىل. تۇنجى تۇغۇتتا كەتكۈزۈپ قويساڭ ئاسارىتى قېپقالىدۇ.
بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەن خىجىلچىلىق ئىچىدە كۈلدى:
ــ ماقۇل ئاپا. ئەمدى ساڭا دەي دەپ تۇرغان.
ــ دېمىسەڭمۇ مەن دىققەت قىلىپ تۇرغىلى خېلى بولغان، ــ دېدى ئاپىسى، ــ قالغان گەپنى ئەتە ئۆيۈڭلەرگە بارغاندا دېيىشەيلى.
ــ ۋاي، ئاپا، راستىلا ئەتە كېلەمسەن؟

— ھەئە.
— نېمىدېگەن ياخشى. ئاپا، ئاتامۇ كەلسۇنچۇ؟
— ئاتاڭ قويلارغا قارىمىسا بولمايدۇ.
— ماقۇل، ساقلايمەن ئەمىسە.
— قېيىنئاپامنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلسام بولار؟ — دېدى مۇرات كۈلۈپ.
شۇ ۋاقىتتا ئۆيگە رەھىمە كىرىپ كەلدى.
— ئاپا، — دېدى گۈلشەن ئالدىراپ، — ئەتە ئاپام كەلگۈدەك.
— ياخشى بولغۇدەك، — دېدى رەھىمەمۇ خۇش بولۇپ، — ئۇ قۇدام بىلەنمۇ باش قوشۇدىغان يەرگە كېلىپ قالغانىدى.
گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن گۈلشەن خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.
كۈنلەر ئەنە شۇنداق پەرزەنت ئىشقىدا كۆيۈش، خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.
سۇس قاراڭغۇ ئۆي چۈشكۈن، سۇلغۇن چىرايلار بىلەن ۋەھىمىلىك تۇيۇلاتتى.
ھەممىسى جىممىدە ئولتۇرۇپ ھە دەپ ھەسەن ھەسەلگە قاراشاتتى. بۈگۈن ھەسەن ھەسەل چىچىلىپ قالغان بولۇپ، دىتىغا ياقمىغانلارنى ھە دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتاتتى. شۇڭا قالغانلار ئارتۇق گەپ قىلىپ سېلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن ئولتۇرۇشاتتى.
ھەسەن ھەسەل تىت ـ تىت بولۇپ سائىتىگە قارايتتى، جىلە بولاتتى.
كامىل ئۇرۇمچىگە «چوڭ ئاكا»نىڭ يېنىغا كەتكەن بولۇپ، بۈگۈن ئاللىقاچان كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە يا قارىسى كۆرۈنمەيتتى، يا خەۋىرى بولمايۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ھەسەن ھەسەل تۇرۇپ «كامىل نېمىشقا مۇنداق قىلىدۇ؟» دەپ ئاچچىقلانسا، يەنە تۇرۇپ « بىرەر چاتاق چىققانمىدۇ ـ يە؟» دەپ قورقاتتى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى شۇ

تاپتا مۇرات بىلەن پەتتار چىركىنلا بىلەتتى. ھەسەن ھەسەل نەدىن «مال» ئەكىلىۋاتقانلىقىنى باشقىلاردىن قەتئىي مەخپىي تۇتاتتى. ئۇلارغا ھېچكىمگە تىنماسلىق توغرۇلۇق قاتتىق گەپلەرنى قىلاتتى.

يانفونىنىڭ سائىتىگە قارىغان مۇرات ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قايتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆز كەيپىياتىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، يەنە بىر تال ئوكۇل ئۇرۇۋالمىسا ئەتە ئەتىگەن چاتاق بولىدىغانلىقىنى پەملىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا پەتتار چىركىننىڭ يېنىغا باردى.

— ئوكۇل قىلىۋېلىپ قايتاي دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

ئەمما پەتتار چىركىن رېزىنكە بوغقۇچنى ئويناپ ئولتۇرغان بولۇپ، ھېچبىر ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن! — دېدى مۇرات ئاچچىقى كېلىپ.

پەتتار چىركىن خۇددى دېمىسە بولمايدىغان گەپنى دېمەكچى بولغاندەك ئېغىر تىنىپ:

— مۇرات، مۇنداق چېكمۇەرگىنىڭ بىلەن بىزنىمۇ يىقىتىپ قويىسەن جۇمۇ، — دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا تەنىمۇ ئېنىق ئىپادىلەندى.

مۇرات ئۇنىڭغا بىر ھازا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— غەيرەت قىل، مۇشۇ ئايدا بىراقلا بېرىۋېتىمەن. چىداپ باقساڭ نېمە بولىدۇ؟ خۇددى مېنى بىلمەيدىغان كىشىدەك، — دېدى.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن...مانا، شۇنداق دەپمۇ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، توي قىلدىم، ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم. بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارمىسام بولماس.

جىملە بولۇپ تۇرغان ھەسەن ھەسەل گەپكە ئارىلاشتى:

— مۇراتاخۇن، گەپ قىلمىسا... موراڭدىن تۈتۈن چىقىرىمەن دەپ، بىزنىڭ مورىمىزدىن چىقىۋاتقان تۈتۈننى يوق قىلما يەنە.
ئۇلارنىڭ مۇنداق مەنىدە، مۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىنى پەقەت كۈتمىگەن مۇرات غىققىدە بولۇپ قالدى:
— بۇ قېتىم راست بېرىۋېتىمەن. ئايالىم يازچە ئائىلە سايا-ھەتچىلىكى ئورنى ئاچقانلارغا دوپپا، كىيىم تىكىپ بەرگەندى. ئۇلار شۇ پۇلنى نەچچە كۈنگىچە بېرىدىغان بوپتۇ.
— ئۇنىڭدىن قانچىلىك كىرىم بولماقچى؟! — دېدى ھەسەن ھەسەل زەردە بىلەن. ئۇلار قېرىشقانچە مۇراتنىڭ خۇمارى تۇتۇشقا باشلىدى.
— ماشىنىنى ساتىدىغانغا ئۆيدىكىلەر بىلەنمۇ ئاساسەن بىر-لىككە كېلىپ بولدۇق، ئەتىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتسەكمۇ مەيلى. ھەرقانچە قەرزىم بولسىمۇ، شۇ پۇل يېتەر؟
بۇ گەپ بىلەن ئارىدىكى جىددىيلىك بېسىلغاندەك بولدى. ھەسەن ھەسەل پەتتار چىركىنگە لەپپىدە قاراپ قويدى. شۇ قاراش بىلەن مەقسەتلەر چۈشىنىشلىك بولۇپ كەتتى.
— توغرا مۇرات، سەن بىلەن چۈشىنىشمەيدىغان يېرىمىز يوق، لېكىن سەنمۇ ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار، شۇڭا بىزنى چۈ-شەنمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟ چوڭ ئاكام قىستىمىسا بىزگە نېمە ئا-مال؟ گېپىنى ئاڭلىمىساق ھەممىمىز قىيىنچىلىقتا قالىمىز، ئۇ چاغدا نەگە بارىمىز؟
مۇراتقا ئۇنىڭ گېپى توغرىدەك بىلىنىپ، ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.
— ھە، چۈشەنگەن بولساڭلا بولدى. «ھېسابلىق دوست ئاي-رىلماس» دېگەن گەپ بار. گېپىڭدە تۇرۇپ بېرىۋېتەرسەن. مە. ھۆزۈرلىنىمىز دەپ ئەكەلگەن نېمىدىن ھۆزۈرلانماي ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟
مۇرات «نەدىمۇ ئارىمىزدا دوستلۇق بولسۇن» دېمەكچى بولدى-يۇ، پەتتار چىركىنىنىڭ بولاقچىنى چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ تى-

لىنى يىغدى.
خوماردنى قاندۇرۇۋالغان مۇرات ئورنىدىن تۇردى:
— تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ. مەن ماڭاي.
— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ — دېدى پەتتار چىركىن.
مۇرات خۇشاللىق بىلەن ئېيتتى:
— ئەمدى ماڭمىسام بولمايدۇ. ئايالىمنىڭ بويىدا بار ئىدى.
هازىر پەتتار چىركىن بىلەن ھەسەن ھەسەلنىڭ بايىقى قوپال پوزىتسىيەسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇلار مۇراتنىڭ خۇشال-لىقىغا جور بولماقچى بولغاندەك كۈلدى.
— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ھەسەن ھەسەل.
— ھوي، مۇبارەك بولسۇن! قاچاندىن؟ — دېدى پەتتار چىر-كىنمۇ.
— ئون - يىگىرمە كۈندەك ۋاقتى قالدى.
— ئۇنداق بولسا ماشىنا ھەيدەش ساڭا تېخىمۇ جاپا بولغۇ-دەك، — ھەسەن ھەسەل شۇنداق دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يانفونى سايراشقا باشلىدى.
— نېمە؟! — تېلېفوننى ئالغان ھەسەن ھەسەل قاتتىق چۆ-چۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازى قالغانلارنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى.
مۇشتۇمنى پېشانىسىگە تىرەپ تۇرۇپ كەتكەن ھەسەن ھەسەل سۆزلەشتىن توختاپ ئىككى يېڭىياچىغا:
— سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ يېڭىيا-چىلارنىڭ كامىل ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلىشىنى خالىمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئىككى يىگىت ئارتۇق گەپ قىلماي چىقىپ كەت-تى.
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى پەتتار چىركىن قورقۇمە-سىراپ.
— كامىلنى ئاپشاركا چىشلىۋاپتۇ.
بۇ گەپتىن كامىلنىڭ ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلى-قىنى بىلگەن پەتتار چىركىن ئولتۇرالماي قالدى. مۇراتنىڭ ئى-

چىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇمىد ئوتتۇرا مەكتىپنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ يادىغا يېتىپ ئۇنى سۈر باستى.

— قانداق قىلىمىز؟ ۋاقتىنچە بىر يەرگە كېتىمىزمۇ ـ يە؟

— دەپ سورىدى پەتتار چىركىن ئالاقزەدە بولۇپ. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە شۇنى توغرا دەپ قارىغان مۇراتمۇ ھەسەن ھەسەلنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قارىدى، ئەمما ھەسەن ھەسەل پەتتار چىركىنگە قاراپ سەت ئالايدى. ئۇنىڭ ئالىيىشىدىن سوغۇقلۇق، ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن پەتتار چىركىن جىمىقىپلا كەتتى. ھەسەن ھەسەلنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ باقمىغان مۇرات بولسا قورقۇپ كەتتى.

— نېمە قورقىسەن چىركىن!؟ — دەپ ھۆركىرىدى ھەسەن ھەسەل، — ئازراق شامال چىقسىلا مۇشۇنداق قورققىلى تۇرساڭ، ناۋادا بوران چىقىپ قالسا يۇرتىڭ يېرىلىپ كېتەمدۇ نېمە؟ باشتىلا مەن ساڭا نېمە دەپ ئۆگەتكەن؟ تىك تۇر، بىز تېخى ھايات!

ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش گۇرۇپپىسىدىكى ساقچىلار چۈشتىن كېيىندىن باشلاپلا شەھەرگە كىرىش ئېغىزىدىكى ھەق ئېلىش پونكىتىدا يولغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. تۇرپاننىڭ 5 ـ ئاينىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئىسسىقى ۋە سايىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئىسسىق شامالمۇ ئۇلارنى قىلچە تەۋرىتەلمىگەنىدى. ئۇلارغا بىردىنىڭ ئۇرۇمچىدىن 44 گىرام خېروئىن ئېلىپ تۇرپانغا ماڭغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلگەنىدى. ئەمما شۇنچە ساقلىسىمۇ ئۇلار ساقلاۋاتقان ماشىنا كەلمىدى. يا ئاخبارات خاتا بولۇپ قالغاندىمۇ؟ لېكىن خەۋەر بەرگەن تەرەپ ئۇ ماشىنىنىڭ ئاللىقاچان يولغا چىقىپ بولغانلىقىنى دەلىللىدى. ئۇنداقتا ئۇلار باشقا ياققا يول ئېلىپ كەتمىگەندۇ ـ ھە؟ ساقچىلار باشقا ھەق ئېلىش ئورۇنلىرىغا تېلېفون ئۇرۇپ، قارا رەڭلىك، كەينى ئەينىكىگە يوغان قىلىپ «سانتانا» دەپ خەت چاپلانغان، «سانتانا» دېگەن خەتتىكى «ت»نىڭ چېكىتى سويۇلۇپ كەتكەن ماشىنىنىڭ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىنى

سۇرۇشتۇردى. ئاخىر ئۇ ماشىنىنىڭ باشقا ھەق ئېلىش ئورۇنلى-رىدىن ئۆتۈپ پارچە ساغال ھەق ئېلىش ئورنىدىن تېخى ئۆتمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. ھېلىم ساقچى بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى: «ئۇنداقتا ئۇ شۇ ئارىلىقتا يەنە نەگە باردۇ؟ ماشىنىدا تۇرپانغا كې-لىدىغان باشقا يولۇچىلار بار تۇرسا.» ھېلىم ساقچى كۆپ ئويلى-نىش ئارقىلىق ماشىنىدىكى جىنايەت گۇماندارىنىڭ چوقۇم بىر ھىيلە ئىشلىتىپ باشقىلارنى قايىل قىلىپ، ماشىنىنى يېرىم يولدا توختىتىۋالغانلىقىنى جەزملەشتۇردى. دېگەندەك ئۇ ماشىنى-نىڭ ئۇرۇمچى ۋاقتى كەچ سائەت توققۇز بولغاندا پارچە ساغال ھەق ئېلىش پونكىتىدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى.

دەرۋەقە، كامىل يېرىم يولدا ھىيلە ئىشلەتكەنىدى. نېمە ئۈ-چۈندۇر كامىل ئۆزىنىڭ كۆڭۈل تۇيغۇسىغا بەك ئىشىنەتتى ۋە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئەگەر مەلۇم ئىشتىن بۇرۇن ئاشۇنداق غەلىتە تۇيغۇغا كەلسە ياكى بىرەر دىتىغا ياقمايدىغان ئىش بولسا، ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن قول ئۈزەتتى ياكى پىلانىنى مەلۇم دە-رىجىدە ئۆزگەرتەتتى. بىر قېتىم ئۇ لەمجىندە ئاپتوبۇستا بىر ئا-يالنىڭ يانفونىنى ئوغرىلىدى. ئاپتوبۇس ۋاقىتلىق بېكەتتە توخ-تىۋىدى، ئۇ ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بولدى. ئۇ ھاجەتخانىغا كى-رىپلا ئىشىك تۈۋىگە قىلىنغان نىجاسەتنى دەسسەپ سالدى. شۇ-نىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېغىپ كەتتى ۋە: «چوقۇم بىر ئىش بار» دەپ ئويلاپ ھاجەتخانىدىن چىققۇسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېرىزىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئايلىنىپ ئۆ-تۈپ ھاجەتخانا ئالدىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىدە ئىككى ساقچى ئۇنى پايلاپ تۇراتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، ئارامسىزلىنىپ كەتتى. يۈرىكى سىقىلىپ قىينالدى. شۇنىڭ بىلەن «بىرەر چاتاق بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ماشىنا پارچە ساغالغا كەلگەندە ساراسىمە ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن شوپۇرغا:

— ئۇستام، مېنىڭ مۇشۇ يەردە ئازراق ئىشىم بار ئىدى. بى-

رەر دەم توختىغىلى بولارمۇ؟ — دېدى. بۇ گەپ خۇشياقمىغان شوپۇر:
— باشقىلارمۇ بار تۇرسا. شۇلار نېمە دەر؟ — دېدى. باشقىلارنىڭ چىرايىدا شۇ هامان نارازىلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.
— سىلەر سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار. مېنىڭ مۇشۇ يەردىكى بىر يەردە ئەللىك مىڭ يۈەندەك ئېلىشىم بار ئىدى. بىر يىلدەك بولۇپ قالغان. بايا يولغا چىققۇچە تېلېفون قىلسام، مۇشۇ يەرگە كېلىپ تېلېفون قىلىشىمنى ئېيتتى. پۇلنى تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. شۇڭا شۇ پۇلنى ئېلىۋالاي دېگەنىدىم. سىلەرگىمۇ مەلۇم، هازىر باشقىلارنىڭ قەرز ئالغان پۇلنى بېرىمەن دېمىكى بەك تەس.
باشقىلار بىر ئاز غۇدۇراشقاندىن كېيىن «بوپتۇ» دېيىشتى. ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. كامىل بىر دەم ـ بىر دەم يانفونىنى چىقىرىپ يالغاندىن «نېمە كېلەلمەيسەن!» دەپ ۋارقىراپ قويدى.
— ئەمدى ماڭايلى. ئۇ ئاغىنىڭىز كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى بىرەيلەن كېلىپ. كامىل يەنە هىيلە ئىشلەتتى:
— يەنە بىر ئاز غەيرەت قىلساڭلار. هېچ بولمىسا تاماق يېگەچ ساقلايلى.
كامىل شۇنداق دەپ ئۇلارنى مەجبۇرىي دېگۈدەك بىر توخۇ قوردىقى ئاشخانىسىغا باشلاپ كىردى. شۇنداق قىلىپ يەنە بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى.
قاراڭغۇ چۈشكەندە باشقىلار چىدىمىدى. كامىل يەنە «يەمچۈك» تاشلىدى:
— يەنە يېرىم سائەت ساقلايلى. يەنە كەلمىسە ماڭايلى. سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلارنى ئالغىنىمغا...
كامىل ئۇلارنىڭ كىرا پۇلىنى كۆتۈرىدىغانلىقىنى، شوپۇرغا يەنە يۈز يۈەن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇلارغا «چوڭ ئاكا»سى بەرگەن، ئۆزى ئەمدى ئىككى تال چەككەن ئېسىل تاماكىسىنى تۇتۇپ چىقتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار: «بوپتۇ. پەيتى كەلگەندە ئۇمۇ پۇ-

لىنى ئېلىۋالسۇن. بىر دەم غەيرەت قىلايلى» دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ سائەت 9:00 بولدى. كامىلمۇ كۆڭلى تىنغاندەك ھېس قىلىپ: «قارىغاندا ئۇ يەنە مېنى ئالدىغان ئوخشايدۇ. خەپ بىر كۈنى كېلەر» دەپ مېڭىشنى ئېيتتى.

ھېلىم ساقچىلار چارچاپ، تاقەتسىزلىنىپ تۇرغاندا ئاخباراتتا ئېيتىلغان ماشىنا ھەق ئېلىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى. ساقچىلار جانلىنىپ كېتىشتى.

ساقچىلارنى كۆرگەن كامىل لاسىدە بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ تۇيغۇسى ئۇنى ئالداپ قويغانىدى.

ساقچىلار ماشىنىنى ھەق ئېلىش ئورنىنىڭ خىزمەت بىناسى ئالدىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇلارغا مۇھىم بىر ماتېرىيالنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى، شۇڭا تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشكە ماسلىشىشىنى ئېيتتى. يولۇچىلار «بىزدە نېمە ئىش بولماقچىدى» دەپ خاتىرجەم تۇرۇشتى. ئەمما كامىلنىڭ ئىسسىقتىن ئەمەس، قورقۇشتىن تەرلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشمىدى.

ماشىنىنىڭ ھەممە يېرى تەكشۈرۈلدى. زاپاس چاق، ھەتتا ماي باكىنىڭ ئىچىمۇ تەكشۈرۈلدى. ئادەملەرمۇ بىرمۇبىر تەكشۈرۈلدى. ئاياغنىڭ ئىچى، ئىچ كىيىملەرنىڭ بەللىكلىرىنىڭ ئىچى تەكشۈرۈلدى. سومكىلار، نانلارنىڭ قات ـ قاتلىرى تەكشۈرۈلدى. مال تېپىلمىدى. ساقچىلار جىددىي ئانالىز قىلىشتى. ئەمما «مال» پەرەز قىلىنغان يەرلەردىن يەنىلا تېپىلمىدى. شۇندىلا كامىلنىڭ يۈرەك سوقۇشى سەل نورماللاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۇختا ئىش قىلغىنىدىن مەمنۇن بولدى.

ــــ بىز مەسىلىدىن سەل چەتنەپ ئويلىشىپ باقايلى، ــــ دېدى ھېلىم ساقچى تەن بەرگۈسى كەلمەي جاھىللىق بىلەن، ــــ بەلكىم بىز ئەڭ ئاددىي دەپ سەل قارىغان نۇقتىدىن چاتاق چىقىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى بىز «مال»نى مەخپىي يەرگە ئەمەس، ئاددىي يەرگە يوشۇرغان دەپ ئويلاپ ئىزدەپ باقايلى.

باياتىندىن بېرى شۇنچە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ھارغان ساقچىلار يەنە باشقىدىن تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ھېلىم ساقچى ئۈستەل ئۈستىگە يېيىتىلغان نەرسە - كېرەكلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئۇ بىر قاپ ئېسىل تاماكا بىلەن بىر قاپ ئاددىي تاماكىنىڭ بىر يەرگە قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ تاماكىلار كىملەرنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ئادەمنىڭ، — دېدى نەرسە - كېرەكلەرنى تىزىملىغان ساقچى. شۇ ھامان ھېلىم ساقچىنىڭ گۇمانى قوزغالدى: «نېمىشقا بىر ئادەمنىڭ يانچۇقىدا پەرقى چوڭ ئىككى خىل تاماكا بولىدۇ؟ ئەگەر ئادەتتىكى تاماكىنى چېكىدىغان ئادەم بولسا، ئېسىل تاماكىنى چەكمەي ئېلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ تاماكىمۇ خېلى چېكىلگەن. ئەگەر ئۇ ئېسىل تاماكا چېكىدىغان ئادەم بولسا ناچار تاماكىنى تاشلىۋەتكەن بولاتتى، لېكىن ئاغزى ئېچىلغان ناچار تاماكا بىر تالمۇ چېكىلمىگەن بولسىمۇ ئۇنى ساقلاپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا بۇ يەردە بۇنداق ماسلاشماسلىق بار؟ ئەجەبا...» ئويلىغانچە بۇ ئىش ھېلىم ساقچىغا غەلىتە بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېسىل تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ پۇرىدى ۋە ئوتتۇرىدىن سۇندۇردى. مەسىلە يوق. ئاندىن ئۇ ناچار تاماكىدىنمۇ بىر تال ئېلىپ پۇرىدى ۋە ئۇنىمۇ سۇندۇردى. بۇ تاماكىدىن تاماكا خۇرۇچى ئەمەس، بەلكى كامىل تۇجۇپىلەپ يوشۇرغان «گۆھەر» چىقتى...

غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن ھەسەن ھەسەل ئۇ يەر - بۇ يەرگە جىددىي تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ۋە:

— يەنىلا كونا بۇرەدەرلەر ياخشى - دە. بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز. سىز دەرھال كامىلغا خەۋەر كىرگۈزۈڭ. ھەرگىز بىزنى ئاشكارىلىمىسۇن. ئۇنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمىز. پۇل تۆلەشكە بىز رازى. بىزگە ۋاقتىدا خەۋىرىنى بېرىۋېتەرسىز، — دېدى. گېپىنى تۈگەتكەن ھەسەن ھەسەل «ئۇھ» دەپ

تاماكا تۇتاشتۇردى.

— قانداق بولدى؟ — دەپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى پەتتار چىركىن.

— ھېلىقى نەپسى بالا نۇرشات زابوي، ھە راست «نۇرشات ساقچى» دەپ قوياي، يەنىلا شۇ ئەسقاتتى. ئىشنى شۇ توغرىلايدىغان بولدى.

پەتتار چىركىن كۆلۈپ يېنىك تىندى. شۇ تاپتا مۇراتنىڭ بۇ يەردىن بەك كەتكۈسى كېلىپ كەتكەنىدى.

— مەن ماڭاي، — دېدى ئۇ ئاستا.

— بوپتۇ. ھە راست، ئەتە ماشىنىنى راست ساتامسەن ـ ھە؟

بۇنى ئاڭلىغان مۇرات جىم بولۇپ قالدى.

— ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلما دېمە جۇمۇ سەن. بىزنى نېمە كۆرۈۋاتامسەن؟! — دېدى پەتتار چىركىن ئاچچىقى بىلەن.

— ساتىمەن! — دەۋەتتى مۇرات.

— ماۋۇ 5000 كوي ياچېك، ئال، — دېدى پەتتار چىركىن بىر تۇتام پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، — قالغىنىنى ئەتە ماشىنىنى قولغا ئالغاندا بېرىدۇ. جەمئىي سەككىز تۈمەن ئىككى مىڭ.

ئىككىسىنىڭ ئەلپازىدىن بىرئاز سور بېسىپ قالغان مۇرات پۇلنى ئېلىپ ئاستا ماڭدى.

— نەگە بارىسەن؟ «ماشىنىنى سەككىز تۈمەن ئىككى مىڭغا ساتتىم. 5000 كوي ياچېك ئالدىم. ماشىنىنى ئەتە بېرىمەن» دەپ ھۆججەت ياز. شۇنچىلىك قائىدىنىمۇ ئۇقمامسەن.

مۇراتنىڭ ئالدىغا قەغەز ـ قەلەم تاشلاندى.

## بەشىنچى باب

تاڭ سەھەر. سەھەرنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. سەھەردىكى بۇ ئازادىلىك، تىنچلىق، جىمجىتلىق، چالا قالغان ئۇيقۇنىڭ شېرىنلىكى ئادەمگە ھاياتنىڭ تولىمۇ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئەمما، بۈگۈنكى سەھەرنىڭ، يەنى 2009 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى بۇ سەھەرنىڭ مۇرات ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىك كۈنلىرى باشلانغان سەھەر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇلار ھېچ كۈتمىگەنىدى.

مۇرات ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ كامىلنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۇققاندا باشتا «مەنمۇ چېتىلىپ قالارمەنمۇ؟ ئۇلار مېنىمۇ پاش قىلىپ قويارمۇ؟» دەپ خېلى قورققانىدى. ھەسەن ھەسەلنىڭ ئاخىرقى تېلېفونىدىن كېيىن قورقۇنچى بىرئاز بېسىلدى. «ئۇلارنىڭ يولى بولغاچقا قورقماي ئىش قىلىدىكەن ـ دە. توۋا، ساقچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بۇلار بىلەن تىلى بارلار بار ئىكەن. نېمىشقا ئۇلار تىنچ ساقچىلىقىنى قىلمايدىغاندۇ؟ جاھاندىكى ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟»

مۇرات ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ماشىنىسىغا كۆڭلى تارتىشتى. ئۇ ماشىنىسىنى ئاستا سىلىدى: «شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ماشىنىدىن ئايرىلىپ قالىمەنمۇ؟ ھەممىنىڭ مېھرى چۈشكەن ماشىنا ئىدى. بوپتۇ، ئۇبدان باھاسىغا چىقتى. سەككىز تۈمەن ئاز پۇل ئەمەس. كىم بىلىدۇ، ئىزدەپ

باقسام تېخىمۇ ياخشى ئىشلار ئۇچرامدۇ تېخى!» مۇرات ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى.

شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدىكى ئۈچ كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە ماشىنىنى ئىككى كىشى توستى. بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولغان بولسا، مۇرات ئالدىراۋاتقان، ئۇيقۇ قىستاۋاتقان بۇنداق چاغدا ھەرگىز توختىمىغان بولاتتى. ئەمما، بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم كىرا تارتىشى، ئۇلارمۇ مۇراتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يولۇچىلىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. .

«بوپتۇ، تاكسىچىلىق قىلغىنىمنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن.» مۇرات شۇ ئوي بىلەن ماشىنىسىنى تورمۇزلىدى...

ماشىنا يېنىغا ئالدىراپ كەلگەن ئۇ كىشىلەرنىڭ بىرى ماشىنىنىڭ ئالدىغا، يەنە بىرى كەينىگە چىقتى. مۇراتنىڭ يېنىغا چىققىنى نېمە ئۈچۈندۇر قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى. مۇرات بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى.

— نەگە؟ — دەپ سورىدى مۇرات ئەسنەپ.

— يارغولغا، — دېدى ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى.

بۇنى ئاڭلاپ مۇراتقا يارغولغا بېرىش خۇشياقمىدى. مۇراتنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بايىقى يولۇچى:

— بىر تۇغقىنىمىز تۇيۇقسىز تۇگەپ قاپتۇ. ئېغىر كۆرمەي ئاپىرىپ قويغان بولسىڭىز، — دېدى ئۆتۈنۈپ. ئاندىن مۇراتنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يەشمەكچى بولغاندەك قوشۇپ قويدى، — كۆزۈم ئاغرىپ قالغان. ئەمدى مېيىتتا مۇشۇنداق يۈرىدىغان بولدۇم. لېكىن ماڭا نېمە ئامال؟

بۇ گەپ مۇراتقا تەسىر قىلدى.

— ئۇنداق بولسا بولىدۇ، مەن ئاپىرىپ قوياي، — دېدى مۇرات.

— رەھمەت، — دېدى ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى.

مۇرات ماشىنىنى يارغول تەرەپكە ھەيدىدى. سەھەر ۋاقتى بولغاچقا كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. يارغول يولىدا بولسا تېخىمۇ

شۇنداق ئىدى. بەزىلەر تېخى شېرىن ئۇيقۇدا بولسا، بەزىلەر ئو-زۇملۇكتە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتاتتى.
ماشىنا ئادەمسىز تاشلاندۇق ئۆيلەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئال-دىدا ئولتۇرغان كىشى:
— مۇشۇ يەردە توختىغان بولسىڭىز. بىز ئاۋۇ دۆڭدىن ئايلى-نىپ ئۆتۈپ مۇسىبەت بولغان ئۆيگە بارىمىز. بەرىبىر ئۇ يەرگە ماشىنا بارالمايدۇ. سىزنىمۇ ئاۋارە قىلمايلى، — دېدى.
مۇرات ماشىنىنى توختاتتى. كەينىدە ئولتۇرغان كىشى ماشى-نىدىن چۈشتى. ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى پۇل چىقىرىش ئۈچۈن يېنىنى ئاختۇرۇپ پورتمانىنى چىقاردى ۋە:
— ئەستا، بىر ئون كويلۇقنى ئايرىپ سېلىپ قويۇۋېدىم، — دەپ غۇدۇڭشىدى.
شۇ ۋاقىتتا كەينىدە ئولتۇرغان كىشى مۇرات تەرەپتىكى ئى-شىككە كەلدى.
— مەندە پارچە پۇل بار، — دېدى ئۇ كىشى. مۇرات ئۇ كى-شىگە قارىماقچى بولدى، ئەمما گېلىگە تەڭلىنىپ بولغان پىچاقنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ساددا ئۇمىد ۋە ئاڭسىزلىق بىلەن يانغا قارىۋېدى، ياندىكى كىشىمۇ پىچاقنى ئۇنىڭ بىقىنىغا تىرەپ بول-غانىدى.
— ماڭا قارىما، — دېدى دېرىزە يېنىدىكى كىشى مۇراتنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىپ. بۇنىڭ بىلەن مۇراتنىڭ تېنىگە تىت-رەك ئولاشتى. شۇندىلا ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ نېمە ئۈ-چۈن قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى چۈ-شەندى.
— ئامان قالاي دېسەڭ پۇل، يانفونۇڭنى چىقار، — دېدى ئال-دىدا ئولتۇرغان كىشى يىمىرىپ سۆزلەپ. «تۇگەشتىم» دەپ ئويي-لىغان مۇرات قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي يانفوننى بېرىشكە مەجبۇر بولدى.
— پۇلنىمۇ چىقار!

مۇرات گۈلشەننىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئېسىدە تۇتمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ھېچ بولمىسا بۈگۈندىن ئېتىبارەن بۇ ماشىنىد-
دىن خوشلىشىدىغان بولغاچقا ئۆيىگە تىنچ كېتىۋالغان بولسىچۇ؟!

— مەندە راستىلا پۇل يوق. تېخى كىراغا ماڭمىدىم. ئۆيدە ئې-
غىر ئاياغ ئايالىم بار، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى مۇرات. ئاخىرقى گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى راستتىنلا قاتتىق چىقىپ كەتتى.

ئەمما، ئۇلار مۇراتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. دېرىزە تۈۋد-
دە تۇرغىنى پىچاقنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ گېلىگە بىر ئاز نىقتىدى.

— كۆردۈڭمۇ، سەن چاقچاق قىلما، — دېدى يېنىدا ئولتۇر-
غىنى، — ئەگەر ياۋاش بولماي ئاۋازىڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ ئۇ سېنى بوغۇزلىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا چىرايلىق ئايالىڭ تۇل، قورساق-
تىكى بالاڭ يېتىم قالىدۇ. جېنىڭغا تۇرساڭ، ئۇلارغا ئىچىڭ ئاغ-
رىسا، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل. بولمىسا...

— راستتىنلا پۇل يوق...

يېنىدا ئولتۇرغىنى مۇراتنىڭ يوتىسىغا پىچاق تىقىۋەتتى. مۇرات ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن يوتىسىغا يەنە پىچاق تىقىلدى. مۇرات ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن گېلى تىلىنىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ جېنى چىققان مۇرات ھالسىزلىنىپ ئورۇندۇقتا يېتىپ قالدى.

— ياۋاشلىق بىلەن پۇل چىقارمىساڭ مۇشۇنداق ئەدىپىڭنى يەيسەن.

— ساندۇقتا پۇل بار، — دېيەلىدى مۇرات ئارانلا. ئۇلار ساند-
دۇقنى ئاختۇرۇۋېدى، يۈز يۈەندەك پۇل چىقتى.

— كىمىڭنى ئالدايسەن! — دەپ ھۆركىرىدى يېنىدىكىسى، — كېچىچە كىراغا مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا ئۆيىگە قايتقان ئادەمدە ئاران مۇشۇنچە پۇل بولامدۇ؟

ئۇ مۇراتنىڭ يوتىسىغا يەنە پىچاق تىقتى. مۇرات ۋايجانلاپ پۈكلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، پەتتار چىركىن

بەرگەن پۇلنى تېپىۋالدى.

— ۋاھ! قارا، نېمىدېگەن جىق پۇل بۇ! — دەۋەتتى دېرىزە يې-نىدا تۇرغىنى.

— ماشىنىنى قانداق قىلىمىز؟

— ھەي، يوروۇق چۈشۈپ قالدى - دە. بوپتۇلا، تەلىيىمىزگە خېلى جىق پۇل غەنىيمەت ئالدۇق.

— تەلىيىڭ باركەن، بۇرادەر. ماشىناڭنى ئۆزۈڭ ئىشلەت. خوش.

ئۇلار تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بولدى. مۇراتتىن ئاققان قان ماشىنا ئىشىكىدىن تامچىشقا باشلىدى...

شەھەرلىك 2-دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى-نىڭ ئالدى بۇرۇنقىدەكلا پاتىپاراقچىلىقتا، ئاھ - ۋاھقا تولغان-دى. بۇ يەردە ھاياتى بىلەن ئويناشقانلارنى، ھاياتلىق بىلەن ئوي-ناشقانلارنى، شۇنداقلا ئۆلۈم بىلەن ئېلىشقۇچى «ئاق خالاتلىق جەڭچى»لەرنى ھەقىقىي كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردە ھايات ۋە مامات ئۆزىنى سىزگە ھەقىقىي تونۇتاتتى.

قورسىقى كۆرۈنەرلىك تومپىيىپ چىققان، چىرايىدىن ئالاق-زەدىلىك چىقىپ تۇرغان گۈلشەن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. شۇ كۈنى كېچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، مۇراتقا خاپا بولۇپ چىققانىدى. چۈنكى رەھىمە ئاي-دىڭكۆلدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولۇپ، مۇرات ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشى، تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان ئايالىنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. گۈلشەن مۇراتقا ئاچچىقلىنىپ ئولتۇرغاندا، بۇ شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەنىدى.

بۆلۈمدىن ئالدىراپ چىققان سېستىرا قىزنى كۆرگەن گۈلشەن ئىتتىك ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

— ئېرىمنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ ئۇدۇللا سورىدى گۈل-شەن. سېستىرا گۈلشەننىڭ تۇرقىغا قاراپ بېقىپ، ئۇنىڭ بىمارنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىمۇ قانداق:

— يولدىشىڭىز هازىر خەتەردىن قۇتۇلدى، لېكىن يولدىشىڭىزدىن بەك كۆپ قان چىقىپ كېتىپتىكەن، شۇڭا هازىر جىددىي قان بېرىشكە تەييارلىنىۋاتىمىز. ئارتۇقچە ئەندىشە قىلماڭ، — دېدى.

گۈلشەن «ئۇھ» دەپ يۈرىكىنى تۇتتى ۋە: «مىڭ شۈكۈر خۇدايىم، بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپسەن. مۇرات چاققانراق ساقايساكەن. ئۇلۇغ ئاللا، بالامنى تۇغۇلماي تۇرۇپلا قارا يېتىم قىلىپ قويمىغايسەن. بالام بىلەن ئىككىمىزگە مۇرات بولمىسا بولمايدۇ. ھەممىمىزگە تىنچ - ئامانلىق بەرگەيسەن» دەپ تىلەپ كەتتى.

ئاشۇنداق تىلەك تىلەپ ئورۇندۇقتا خېلىغىچە ئولتۇرۇپ كەتكەن گۈلشەننىڭ ئىچى پۇشۇپ بولماي، دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ باققۇسى كەلدى. ئۇ سېسترالار «دوختۇر، دوختۇر» دەپ چاقىرىۋاتقان كىشىنىڭ كەينىدىن ئىشخانىغا كىردى.

گۈلشەن دوختۇر بىلەن مۇراتنى قانداق كۈتۈش ھەققىدە سۆزلەشتى.

— سىڭلىم، بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ. بۇ سىزگە بەك زىيانلىق، — دېدى بەكرى دوختۇر تەمكىنلىك بىلەن.

بۇ ئۈرۈمچىدىكى «شىنرېن» دوختۇرخانىسىدىن تۇرپانغا يۆتكىلىپ كەلگەن ھېلىقى بەكرى دوختۇر ئىدى.

بەكرى دوختۇر تۇرپانغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ يۈردى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ خىزمەت قىلدى. ھازىر ئۇ بۇ شەھەردە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇر، جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. ئايالىمۇ ئۈرۈمچىدىكى دۇكىنىنى بىر دوستىغا كۆتۈرە بېرىۋېتىپ، تۇرپانغا يەنە بىر دۇكان ئېچىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ يەردىكى دۇكىنىنىڭ سودىسىمۇ يۈرۈشۈپ كەتكەچكە، تۇرپانغا كۆچۈپ كېلىش سەۋەبىلىك ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇنچە چوڭ داۋالغۇش بولمىدى. پەقەت كىچىك بالىسى «ئۈرۈمچىدە ئاكامنىڭ يېنىدا ئوقۇيمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ، خېلى ئۇزاققىچە

ئاۋارە قىلدى. كېيىن، ئۇ بالىسىمۇ قاقشاپ ـ قاقشاپ توختاپ قالدى. ئىشلار شۇنداق كېتىۋەرگەن بولسا، ئۇلار تۇرمۇشتىن ئىزدىگەن گۈزەللىك ۋە خۇشاللىقلارغا ئېرىشكەنمۇ بولاتتى. ئەپسۇسكى، تەقدىر ئۇلارغا داۋاملىق كۈلۈپ باقمىدى. 2008 ـ يىللىنىڭ يىل بېشىدا كەلگەن روزى ھېيت ھارپىسىدا ئۇلار بەختسىزلىككە دۇچار بولدى. روزى ھېيتنىڭ باھانىسىدە كۆپرەك سودا قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئايالى ئۈرۈمچىگە مال ئالغىلى باردى. قايتىشىدا ئۇلار چۈشكەن ماشىنا چاقى ئېتىلىپ كېتىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولدا ئۆرۈلۈپ كەتتى. شۇ قېتىمقى قاتناش ھادىسىسىدە بۇ مېھنەتكەش ئايال بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشتى...

گۈلشەن بەكرى دوختۇرغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. بەكرى دوختۇر گۈلشەننىڭ بەك تىتىلداپ، جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

ـــ سىڭلىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. بەك ئەندىشە قىلىپ كەتمەڭ. ھازىر ئۆزىڭىزنىمۇ ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ. بەك جىددىيلىشىپ، ئەندىشە قىلىپ كەتسىڭىز، بالىغا تەسىر يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىڭىز بىر مەزگىل ئوبدان كۈتۈنسە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. بايا ئۇقتىڭىزغۇ، ئېرىڭىز خەتەرلىك پەيتتىن ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر چوڭ مەسىلە يوق.

ـــ رەھمەت دوختۇر. ئېرىمنى ياخشىراق داۋالاپ قويۇڭ. ئۇ بىرنەرسە بولۇپ قالسا مەن كۆتۈرەلمەيمەن، ـــ دېدى گۈلشەن كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ـــ بايا ئېيتتىم سىڭلىم، سىز ھازىر خاتىرجەم بولۇڭ.

شۇ چاغدا ئىشخانىغا بايىقى سېستىرا جىددىيلەشكەن ھالدا كىرىپ كەلدى ۋە گۈلشەننى كۆرۈپ ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، بەكرى دوختۇرغا ئىشارەت قىلىپ قولىدىكى قەغەزنى كۆرسىتىپ قويدى.

ـــ نېمە ئىش؟ ـــ دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى بەكرى دوخ-

تۇر.
سېسترا ئامالسىز قولىدىكى قەغەزنى بەكرى دوختۇرغا بەر-دى. بەكرى دوختۇر قەغەزگە شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. ئەمما، يەنە دەررۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.
— سىز خاتىرجەم بولۇپ، يولدىشىڭىزنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى كۈتۈڭ، — دېدى بەكرى دوختۇر تەبەسسۇمسىز سۆزلەشكە تىرىشىپ. ئۇلارنىڭ ئايرىم گېپى بارلىقىنى پەملىگەن گۈلشەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزىنى سۈرتكىنىچە چىقىپ كەتتى.
بەكرى دوختۇر قولىدىكى قەغەزدىكى شۇنچە چوڭ بەلگىگە قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى:
— خاتا بولۇپ قالمىغاندۇ؟
— ياق، ئەستايىدىل تەكشۈردۇق، — دېدى سېسترا.
— بۇ ھەقتىكى تۇزۇم سىزلەرگە ئايان، ئارتۇق پاراڭ بولمىسۇن، لېكىن بىمارنى داۋالاش جەريانىدا ئېھتىيات قىلىڭىزلار، — دېدى بەكرى دوختۇر چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا، — مەن ھازىر كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش مەركىزىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىمغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ باقاي.
سېسترا ئارتۇقچە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى.
بەكرى دوختۇر تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ دوختۇرخانا باشلىقىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلگىنى بويىچە، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش مەركىزىگە تېلېفون قىلدى:
— ئايگۈل ياخشىمۇ سىز؟ ھازىر ئىشخانىغا كېلەلەمسىز؟ بىر بىماردا گۇمانلىق ئەھۋال كۆرۈلۈۋاتىدۇ.
تېلېفوننى قويغان بەكرى دوختۇرنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئىنتايىن ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقىدى.
ئەيدىز! يەنە شۇ ئەيدىز!
«ئەي، ئەيدىز، سەن ئىپلاس، زەھەرلىك قولۇڭنى ئەمدى دېھقان يىگىتلىرىگە، يىل بويى تەر تۆكۈپ جېنىنى جان ئېتىدىغان

جاپاكەش دېھقانلارغا سۇندۇڭمۇ؟ سەن قېرى - ياش، قىز - يىگىت دېمەيسەن، ھاياتنىڭ قۇۋناقلىقىنى كۆردى - كۆرمىدى دېمەيسەن، ئاتا - ئانا ياكى پەرزەنت دېمەيسەن. ئاھ، جاھاندا سېنىڭدىنمۇ ئۆتە شەپقەتسىز نەرسە بارمۇ!؟» بەكرى دوختۇرنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ ئاچچىق نىدا پۈتۈن بىنانى تىترىتىۋەتكەندەك بولدى.

گۈلشەن تىت - تىت بولغىنىچە كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ پات - پات مۇرات قۇتقۇزۇلۇۋاتقان بۆلۈمگە قاراپ قوياتتى. ئۇ دوختۇرنىڭ سۆزىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ، بۇنىڭغا پەقەت ئىمكانىيەت بولمايۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەھمەنى تاپماقچى بولۇپ، ئايدىڭكۆلدىكى چوڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى، بىراق تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئاپىسى ئۆزىنى يوقىتايلا دەپ قالدى ۋە تېلېفوننى تاشلاپ يولدىشى بىلەن بۇياققا چاپتى.

بەكرى دوختۇر ئىشخانىسىدا بېشىنى قاماللاپ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇرغاندا، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ خادىمى ئايگۈل ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

ئايگۈل «تىنچلىقمۇ؟» دەپ ئەھۋال سوراپلا، ئارتۇق گەپ قىلماي دوختۇرنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئالدى. ئايگۈلنىڭ بۇ مەلۇماتقا قارىتا تولىمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

دېمىسىمۇ ئايگۈل بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى:

— راست مۇسبەت ئىكەن. مەن بىمارنىڭ قان ئەۋرىشكىسىنى ئىدارىگە ئاپىرىپ يەنە بىر تەكشۈرۈپ، ئاندىن ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش مەركىزىگە يوللاپ بېرەي. سىز بىلىسىز، ئۇلارنىڭ بېكىتىشى بولمىسا بولمايدۇ. ئاڭغىچە سىزلەر بىمارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرۈڭىزلەر.

— بولىدۇ. رەھمەت سىزگە.

— ئۇنداق دېمەڭ دوختۇر. بىز مۇشۇ ئىشقا رازىلىقىمىز بى-

لەن كىرىشتۇقمۇ بولدى، قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق
كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ شۇنچىكى رو-
ھىي ئازابى ئالدىدا، بىزنىڭ بۇنچىلىك جاپايىمىز نېمىدى.
— راست ئېيتىسىز، ھەربىرىمىز ئۇلارغا كۆيۈنمىسەك، بو-
لۇپمۇ بىزگە ئوخشاش مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقانلار ئۇلارنى چۈ-
شەنمىسەك، ئۇلارغا يار - يۆلەكتە بولمىساق، باشقىلارنىڭ چۈشى-
نىشىنى تەلەپ قىلىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.
— دېمىسىمۇ ئۇ بىچارىلەرگە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.
— بەزىدە ئاچچىقىڭىز كېلىدۇ. بولۇپمۇ، خېروئىننى ئوكۇل
قىلىپ، باشقىلار بىلەن قالايمىقان مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۇقتۇ-
رۇۋالغانلارغا...
— راستىنى ئېيتقاندىمۇ بەزىدە ئۇنداقلارغا «جاجاڭنى يەپ-
سەن» دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ، لېكىن بىز يەنىلا ئۇلار ئۈچۈن
خىزمەت قىلمىساق بولمايدۇ - دە.
ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىرئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن ئايگۈل كې-
رەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.
ياتاقتا گۈلشەن مۇراتقا ئۇسسۇزلۇق ئىچۈرۈپ ئولتۇراتتى.
مۇراتنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكەندى. دې-
مىسىمۇ مۇراتنىڭ قان قاچقان چىرايى، داكىلانغان بويىنى، ئورۇق
قولىغا قاتىرىغا ئېسىۋېتىلگەن ئاسما ئوكۇل، قاتمۇقات تېڭىۋې-
تىلگەن يوتىسى ئۇنى قورقۇنچلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.
بىر چاغدا ياتاققا ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن گۈلشەننىڭ ئاپى-
سى مۇراتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ كەتتى.
گۈلشەندىن ئەھۋالنى ئۇققان ئاتىسى بولسا:
— ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ، — دەۋەتتى. گۈلشەننىڭ ئاپى-
سى مۇراتنىڭ خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزى-
نى بېسىۋېلىپ:
— قۇدامچۇ؟ ئۇقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇ ئاپام ئاخشام ئايدىڭكۆلگە كەتكەن. باياتىندىن بېرى ئۆ-

زى دەپ بەرگەن نومۇرغا تېلېفون بەرسەم ئادەم يوق. شۇڭا بۇ ئىشتىن تېخى خەۋەرسىز.

— نومۇرى قانچە؟ تېلېفون ئۇرۇپلا تۇرساق ئېپ قالار. قۇدى-مىز ۋاقتىدا ئۇقمىسا بولمايدۇ. يا مەن بېرىپلا باقارمەن، — دېدى ئاتىسى. گۈلشەن يانفوننى ئېلىپ، نومۇرنى تېپىپ بەرگەندىن كېيىن ئاتىسىغا بەردى.

ئاتىسى يانفوننى كۆزىگە يېقىن ئەكىلىۋېلىپ، نومۇرنى بىر-دىن - بىردىن بېسىپ، قۇدىسى رەھىمە كەتكەن ئۆيگە ۋە ئايدىڭ-كۆلدىكى تونۇش - بىلىشلىرىگە تېلېفون بېرىشكە باشلىدى.

# ئالتىنچى باب

كەچكە يېقىن گۈلشەننىڭ يانفونى سايرىدى. تېلېفون ئايدىڭ-كۆلدىن كەلگەنىدى. ئەسلىدە ئۇلار قوشنا مەھەللىدىكى تۇغقانلى-رىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولۇپ، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەندە تېلې-فوننىڭ ئېكرانىدا ساقلىنىپ قالغان نومۇرلار ئىچىدىكى بىر قە-دەر كۆپ ئۇرۇلغان بۇ نومۇرغا قايتۇرۇپ ئۇرغانىدى.

مۇراتنىڭ خېلى ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن رەھىمە-نىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئەنسى-رەپ:

— باشقا چاتاق يوقتۇ بالام؟ — دەپ سورىدى.

— باشقا چاتاق يوق، ئاپا. بوينۇم يېنىكلا تىلىنىپتۇ. پۇتۇم سەل ئاغرىۋاتىدۇ.

— بوپتۇ بالام، خۇدايىم ساقلاپتۇ. بىر تېلېفون بىلەن ئازراق پۇل جاننىڭ ئالدىدا نېمىدى؟ «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. پۇل، يانفون دېگەننى تېپىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مۇرات: «هازىرغۇ يالغان ئېيتتىم. 5000 كوي-نى قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟ بۇ ھامىنى ئاشكارىلىنىدىغۇ. ئەستا، شۇ پۇل بىلەن ھەممە ئىشىم ئاشكارا بولمىسا بولدىغۇ. ناۋادا شۇنداق بولسا قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئويلاپ قىينىلىپ كەتتى.

رەھىمە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مۇشۇنداق خەتىرى بولىدىغان بولسا، بولدىلا بالام، ماشى-نىنى ساتساڭمۇ ساتسىنا. بىزگە خاتىرجەملىك كېرەك.

— مەنمۇ شۇنى ئويلىدىم ئاپا. مۇرات ئەتە - ئۆگۈن ياتاقتىن چىقىپ كەتسە بولىدىكەن. شۇ ۋاقىتتا لايىقىدا ئالىدىغان ئادەم بولسا سېتىۋېتەيلى.
— مەيلى، مەيلى. مۇشۇ گەپنى ئاڭلاپ يول بويى دېمىم سىقىلىپ كەتتى. شۇ ماشىنا يادىمغا يەتسىلا تېنىم شۈركەندى. ئەمدى كۆزۈم كۆرمىسۇنچۇ...
ئانىنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. شۇڭا گۈلشەن بېشىنى لىڭشىتتى.
— ھازىر قىلىمەن دېسە ئىش جىققۇ، — دېدى گۈلشەنىنىڭ ئاپىسى، — مۇراتجانىنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىمۇ جىق. ئېپىدە بىرەر ئىشنى تېپىپ قىلسا بولىدىغۇ.
— بىز شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى تۇغقىنىمىزنى ئىزدەپ باقساقمۇ بولىدۇ. ئۇ تۇغقىنىمىز مۇشۇنداق ئىشلار بولسا ئىزدەڭلەر، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن دېگەن، — دېدى گۈلشەنىنىڭ ئاتىسى.
— رەھمەت، — دېدى رەھىمە ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، — يەنە ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە قىلغۇدەكمىز. مەن دوختۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئوبدان داۋالاشنى دەپ باقاي. كېيىن ئاساردىتى قالمىسۇن دەيمىنا. قىزىم، دوختۇرنىڭ ئىشخانىسى قايسىكەن؟
— ياندىكى ئىشخانا شۇ. بۈگۈن دوختۇر كەچكىچىلا كەتمەي ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىرمۇ بارمىكىن.
— مەن چىقىپ باقاي.
رەھىمە دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقلۇقىنى كۆرۈپ ئىشىكنى چەكتى. ئىچىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. رەھىمە ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئىچىگە كىردى.
ئىشخانىدا بەكرى دوختۇر بىر ماتېرىيالنى بېرىلىپ كۆرۈۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ قىيا قاراپ:
— تىنچلىقمۇ؟ بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىر بىمار توغرۇلۇق سۆزلىشىپ باقاي، دېگەنىدىم.
— كەچۈرۈڭ، مەن بىر جىددىي كېسەللىك ھەققىدە ماتېرىيال كۆرۈۋاتقانىدىم. خاپا بولمىسىڭىز، مەن سىزگە باشقا بىر دوختۇرنى تونۇشتۇرۇپ قويسام...
رەھىمە كەينىگە ياناماقچى بولدى ـ يۇ:
— مەن دېگەن بىمارنى سىز داۋالاپتىكەنسىز، — دېدى.
— ھە، سىز مۇراتنى دەمسىز؟ — بەكرى دوختۇر شۇنداق دەپ كەينىگە رەسمىي بۇرۇلۇپ، رەھىمەگە قارىدى، — سىز...
بەكرى دوختۇرنىڭ گېپىنىڭ يېرىمى ئاغزىدا قالدى. رەھىمە بەكرى دوختۇرنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تېڭىرقىدى.
ئىككى جۈپ كۆز رەسمىي ئۇچراشتى. كۆزلەر بىر ـ بىرىگە تىكىلدى، كۆزلەردىن چاقنىغان كۈچلۈك نۇرلار كۆز ئىچىدىكى سىرلارنى ئىزدىدى، ئۆتكۈر نەزەرلەر كۆز تومۇرلىرى ئارقىلىق يۈرەككە بېرىپ، يۈرەكنىڭ پىنھان يېرىدىكى مۇگدەك سەزگۈلەرنى ئويغاتتى، كۆزدىكى ھارارەتلىك ئۇچقۇنلار يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىدىكى مۇزلارنى ئېرىتىشكە ئۇرۇندى...
بەكرى دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يۈرىكىنى تۇتقان رەھىمە ئىختىيارسىز كەينىگە بىر قەدەم داجىدى.
ئارىدىن 22 يىل ئۆتۈپتۇ! لېكىن ۋاقىت بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرغان بىلەن، يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرالمايدىكەن. مەسىلەن، سۆيگۈنى. يەنە مەسىلەن، نەپرەتنى! شۇ تاپتا بۇ كۆزلەردە 22 يىل بۇرۇنقى سۆيگۈمۇ، نەپرەتمۇ بار ئىدى.
بەكرى دوختۇرنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، رەھىمەنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى. بىراق، رەھىمە دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆزلىرىدىكى نەملىكنى يوق قىلىۋەتتى. ئۇ شۇئان دوختۇرنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىمارنىڭ ئاپىسىغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن تەمتىرەپ قالغان بەكرى دوختۇر ئىختىيارسىز ھالدا بايىقى سوئالىنىڭ ئاخىرىنى دەپ سالدى:
— سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟

— ئاپىسى.

رەھىمە خۇددى شۇ گەپنىلا قىلغىلى كىرگەندەك، باشقا ھېچ-قانداق مەقسىتى يوقتەك ئاستا چىقىپ كەتتى.

بەكرى دوختۇر بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇ-رۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئەسلىمىلەر ئاستا - ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان چۈشتەك غۇۋالىشىۋاتقان گۈزەل ئەسلىمىلەر، ھاياتىنىڭ خۇشاللىقلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ۋىجدان ئازابلىرىنىڭ يۇقۇندىلىرى شۇ تاپتا تىرىلگەندەك، ئەسلىي قىيا-پىتى بىلەن قايتا ئايان بولغاندەك دەردلىك ئاھ ئۇردى.

دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولغان، شارائىتىنىڭ ئەۋ-زەللىكى ۋە مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن «ئايدىڭكۆل» دەپ تولىمۇ يېقىملىق ئىسىم بىلەن ئاتالغان يېزىنىڭ يەمشى دەيدىغان كەنتى بار ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر قوشۇمچە تۈز سېتىپ، تۈزدەك ھالال ياشايتتى. بەكرى بىلەن رەھىمە يەمشىنىڭ ئاشۇ تە-بىئىي تۈزىنى يەپ چوڭ بولغان ياشلار ئىدى.

ئۇ چاغدا ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى. دەۋر شۇنداقمۇ ياكى شۇ چاغدىكى ياشلار ھېسسىياتىنى بەك پىنھان تۇتامدۇ، ئۇلار ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇشقان بولسىمۇ، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئارىسىدا قىز - يى-گىتلەرنىڭ مەنىلىك قىيا بېقىشى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. سىنىپتا بىرەر يىگىتنىڭ قىزلارغا ئادەتتىكى مەزمۇندىكى سالام خەت يېزىپ پارتىسىغا تاشلاپ قويۇشىمۇ چوڭ مەخپىيەتلىك ھې-سابلىناتتى. ناۋادا بۇ مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ كېتىدىغان بولسا، يىگىتكىمۇ، قىزغىمۇ بەك ئەلەم بولاتتى. ساۋاقداشلىرى ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېقىپ جىلە قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ پارتى-سىغا خەت تاشلاپ قويىدىغان، ئانچە - مۇنچە «كېلىشىپ» قالغان قىز - يىگىتلەرنىڭ دەرس ۋاقتىدا خەت ئېتىشىدىغان ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى. دەرس ۋاقتىدا خەت ئېتىشىپ ئويناش ئادەتتىكى

ئىش بولغاچقا، «ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالغانلار» باشقىلارنىڭ بۇ ئىشقا دىققەت قىلمايدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا خەت ئېتىشىپ سىردىشاتتى. بىر قېتىم بىر يىگىت:

ئالما ئاتسام دەرياغا،
لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ.
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
لاۋۇلدايدۇ ئۆچمەيدۇ.

دېگەن خەلق قوشىقىنى ۋە خەتنىڭ ئاستىغا ئادەت بويىچە «13» دەپ يوقلىما نومۇرىنى يېزىپ، خەتنى قىزغا ئېتىپتۇ. قىز خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، قەغەزنىڭ بوش يېرىگىلا:

ئېگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق،
كەڭ دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يايرىم يوق.

دەپ يېزىپتۇ ۋە ئۇمۇ خەتنىڭ تېگىگە «35» دەپ يوقلىما نومۇرىنى يېزىپ، قەغەزنى ئوبدان پۈكلەپ، ئوتتۇرىدا ۋاسىتە بولۇۋاتقان ساۋاقدىشىغا بېرىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ساۋاقدىشى خەتنى يەتكۈزۈپ بەرمەي، تەنەپپۇس ۋاقتىدا خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارىلىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سىنىپتا مەسخىرە، ياپتا گەپ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ قىز چىدىماي مەكتەپ ئالمىشىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ گەپ بېسىلىپ قاپتۇ.

مۇشۇنداق نازۇك، جىددىي بىر ئەھۋالدا بەكرى بىلەن رەھىمەگۇمۇ ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالدى. ئىش مۇنداق بولدى:

تولۇق 3 ـ يىللىقتا چىققاندا خەنزۇ تىلى دەرسىدە بىر تېكىستنى ئوقۇشقا توغرا كەلدى. بۇ «كىنوغا بېرىش» دېگەن تېكىست ئىدى. بۇ دىيالوگ شەكلىدىكى تېكىست بولغاچقا ئىككى

ئوقۇغۇچى ئوقۇشى كېرەك ئىدى. مۇئەللىمىنىڭ مەقسەتسىزلا نو-
مۇر چاقىرىشى بىلەن ئويلىمىغان يەردىن بەكرى بىلەن رەھىمە
تېكىست ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى. تېكىست راۋان ئوقۇلدى. تې-
كىستنىڭ ئاخىرىدا «ئىككىمىز كەچتە بىللە كىنو كۆرەيلى»،
«بولىدۇ»، «ئەمىسە كەچ سائەت يەتتىدە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كۆ-
رۈشەيلى» دېگەن دىيالوگلار بار ئىدى. مۇشۇ دىيالوگلار ئاخىرىغا
بارغاندا «ئىش تېرىدى». دەرستىن كېيىن كەپسىز ئوقۇغۇچىلار
«شۇنچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا ۋەدىلەشتىڭلەر. ئەمدى بىللە كىنو
كۆرمىسەڭلەر بولمايدۇ» دەپ گەپنى يوغىناتقىلى تۇردى. رەھىمە
بۇنىڭغا خېلى جىلە بولدى. بەكرى بولسا كۇلۇپلا تۇردى.

ئىككى كۈندىن كېيىنكى كەچتە قىزىق ئىش بولدى. شۇ كۈ-
نى يېزا مەركىزىدىكى كىنوخانىدا پاكىستاننىڭ «مەڭگۈلۈك مۇ-
ھەببەت» دېگەن كىنوسى قويۇلماقچى بولدى. بەكرى بىر نەچچە
ساۋاقدىشى بىلەن كىنوخانىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، رەھىمەمۇ ئىككى
دوستى بىلەن كېلىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن بەكرىنىڭ ساۋاقدىشى
ئۈنلۈك قىلىپ:

— ھە، ئەسلىدە كېلىشىۋالغان ئىشمىدى؟ — دېدى. بۇ گەپ
بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشتى. كىنو تەسىر قىلدىمۇ قانداق، بەكرى-
مۇ، رەھىمەمۇ بىر خىل شېرىن ھېسسىيات ئىلكىدە كىنو كۆر-
دى.

شۇ كۈندىن باشلاپ خېلى ۋاقىتلارغىچە سىنىپتا «مەڭگۈلۈك
مۇھەببەت» دېگەن كىنونىڭ پارىڭى بولدى. پاراڭ تازا قىزىغان
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بەكرى دەرس ۋاقتىدا رەھىمەگە تۈنجى باغاق-
چىسىنى ئاتتى. باغاقچىغا «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» كىنوسىنىڭ
ئاساسلىق ناخشىسىنىڭ «دۇنيادا كېتىدۇ بارچە نەرسە قۇرۇپ، پاك
مۇھەببەت قالىدۇ مەڭگۈلۈك بولۇپ» دېگەن ئىككى مىسراسى يې-
زىلغانىدى. رەھىمە خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، جاۋاب ئورنىدا
خىمىيەدىكى بىر رېئاكسىيە فورمۇلاسىنى خاتا يېزىپ ئۇنىڭغا
ئاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەرس ۋاقتىدىكى باغاقچە يې-

ـڭشى ئۆزۈلمىدى. بەكرى بىر كۈنى باغاقچىگە:

ئېگىز ئاسماندا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

دەپ يېزىپ رەھىمەگە ئاتتى. رەھىمە بولسا باغاقچىنى چىڭ سىـ-
قىمداپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

يامغۇرلار تولا يېغىپ،
ئۆيدىن ئۆتتى تامچىسى.
مېنى تولا قىيىندى،
ئوت يۈرەكنىڭ قامچىسى.

بۇنى كۆرگەن بەكرى دەرھال «كەچتە سۇ ئامبىرىغا چىقالام-
سەن؟» دەپ باغاقچە ئاتتى. باغاقچىنى كۆرگەن رەھىمە ئالدىغا
قاراپ ئولتۇرغىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئول-
تۇرغان بەكرى بۇ ئىشارەتنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.
يەمشى كەنتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ جىلغىسىدا يارغول
سۇ ئامبىرى بار ئىدى. بۇ ئامبارنىڭ سۈيى سۈزۈك، ئەتراپى يې-
شىلچىلىق ۋە پىنھان بولۇپ، سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. تىوق-
قۇزنىچى ئاينىڭ ئوتتۇرىسى بولسىمۇ، تۇرپاننىڭ ھاۋاسى يەنىلا
ئىسسىق بولغاچقا، سالقىن شامال جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى.
بەكرى كەچقۇرۇنلۇقى سۇ ئامبىرىغا بارىدىغان يولغا چىقىپ تۇر-
دى. بىر چاغدا رەھىمە ئەدەبىيات كىتابىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ
كەلدى. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. يۈرەكلەر ھاياجاندىن،
خۇشاللىقتىن ئىتتىك سوقاتتى. ئەتراپقا تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ
كەتتى. ئۇلار بىر ئېقىن بويىغا كېلىپ قالغانىدى. تاقەت قىلالماي
قالغان بەكرى دەرھال رەھىمەنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتتى. چۆ-

چۈپ كەتكەن رەھىمەنىڭ قولىدىكى كىتاب يەرگە چۈشۈپ كەتتى. رەھىمە كەينىگە داجىدى.
— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى بەكرى ھاسىراپ تۇرۇپ. ئۇ چاغلاردا قىز - يىگىتلەرمۇ «سەن»لىشەتتى. رەھىمە گەپ قىلماي يەنە كەينىگە تارتىشتى.
— مەن سېنى راستىلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سېنى كۆندە كۆرمىسەم، سەن بىلەن كۆندە گەپلەشمىسەم چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ گېپىم راست.
بەكرى شۇنداق دەپ بولۇپلا رەھىمەنى قۇچاقلىماقچى بولدى.
— ئۇنداق قىلما، — دېيەلىدى رەھىمە ئارانلا.
— ماڭا ھە دېمىسەڭ، مەن بىر نېمە بولۇپ قالغۇدەكمەن. دەرسلەرمۇ كاللامغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. كىتابقا قارىسام مۇ سەن كۆرۈنىسەن. ئەگەر ھە دېمەي مېنى قىينايدىغان بولساڭ، مەن ئالدىن تاللاش ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتەلمىگۈدەكمەن.
ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى تەسىر قىلدىمۇ، رەھىمە بىر ئاز بوشاشتى ۋە كەينىگە تارتىشمىدى. بۇنى سەزگەن بەكرى يەنە ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولدى.
— ئۇنداق قىلما بەكرى، ئوقۇشىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. ھازىر بىز دېگەن ئوقۇغۇچى. ئالدى بىلەن ياخشى ئوقۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىشلارنى ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئويلاشساقمۇ بولىدۇ.
— سەن مېنى مۇشۇنداق قىيناپ يۈرسەڭ ئالىي مەكتەپكە قانداق ئۆتەلەيمەن؟ كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ، بىللە ئۆگىنىش قىلىپ، ئالىي مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇساق نېمىدېگەن ياخشى.
— راست شۇنداق بولۇرمۇ بەكرى؟
— ماڭا ئىشەن.
— مەن قورقىمەن. بەكرى...
بەكرى رەھىمەنى قۇچاقلىۋالدى ۋە لېۋىنى لېۋىگە چىڭ

چاپلاپ، ئۇنى ئېغىز ئاچۇرمىدى. دەسلەپ رەھىمە ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ خېلى تېپىرلاپ باقتى. سەلدىن كېيىن بولسا باياتىندىن بېرى كەينىگە قىلىۋالغان نازۇك قوللىرى بەكرىنىڭ بويىنغا چىڭ چىرماشتى...

شۇ كۈنكى شېرىنلىكتىن كېيىن ئۇلار باشقىچىلا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولدى. تۇرلۇك باھانىلەر بىلەن سۆزلىشىدىغان پۇرسەت چىقىراتتى. شۇنىڭغا بېقىپ چارىلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. شۇنداقلا پەيت تېپىپ قانغۇچە سۆيۈشەتتى. بەكرىنىڭ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشىدىن رەھىمە مەست بولۇپ كېتەتتى. رەھىمە بەزىدە بۇنىڭدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالاتتى، ئەمما ئۇلارنى خۇش قىلغىنى، ئىككىسىنىڭلا ئۆگىنىشىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. بولۇپمۇ ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشى ئۈچۈن، ھەممە ئوقۇغۇچىنى مەكتەپ ياتىقىدا يېتىپ ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار داۋاملىق بىللە ئۆگىنىش قىلىپ سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، سىنىپ مەسئۇلى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى سېزىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆگىنىشىگە ئەكس تەسىر بېرىپ قويمىسۇن دەپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ساۋاقداشلىرى بولسا ئۇلارنى «غېرىب ـ سەنەم» دەپلا چاقىراتتى.

5 ـ ئايدا ئىدىقۇت ۋادىسى ئىللىقلىققا، يېشىللىققا تولاتتى. مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئېتىز بويىدىكى جىگدىلەر چىرايلىق چېچەكلەپ، ئەتراپنى خۇشپۇراققا تولدۇراتتى.

جىگدە پۇرىقى يۈرەكنى ياشارتاتتى.

جىگدە پۇرىقى كۆڭۈللەرگە ۋەسۋەسە سالاتتى.

جىگدە پۇرىقى ئادەمگە كۈچلۈك سۆيگۈ ھىدىنى ھېس قىلدۇراتتى.

جىگدىلەردىن ئاشۇنداق سۆيگۈ پۇراپ تۇرغان بىر كېچىسى بەكرى بىلەن رەھىمە جىگدىلىككە كەلدى. ئۇلار مۇزدەك قۇمدا ئولتۇردى. رەھىمە ئىختىيارسىز بېشى ئۇستىدىكى بىر تال جىگ-

ده نوتىسىنى سۈنىدۈرۈپ پۈراپ ئولتىۈردى. بەكرى ئاستا ئۈنىڭ قولىنى تۇتتى.

— بەكرى، تاللاش ئىمتىھانى يېقىنلىشىپ قالدى. مەن بىر ئاز ئەنسىرەۋاتىمەن.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسەن. ئىككىمىز هازىر سىنىپنىڭ ئال-دى تۇرساق.

— خەنزۇ تىلىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. سۆزلەرنى هازىر ئۆگەن-سەم بىر دەمدىلا ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمەن. سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈشنى هەرقانچە قىلساممۇ بىلەلمەيۋاتىمەن.

— شۇمۇ گەپمۇ، خەنزۇ تىلىغا ھەممىمىز ئاجىز. بىز بىلمى-گەننى باشقىلارمۇ بىلمەيدۇ دېگەن گەپ.

— لېكىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بار تۇرسا.

— غەم قىلما، — دېدى بەكرى رەھىمەنى قۇچاقلاپ، — سۆز، جۈملىلەرنى يادلايمىز.

— شۇنداق قىلغىلى بولارمۇ؟

— غەم قىلما دېدىمغۇ...

بۇ چاغدا بەكرى جىگدىنىڭ شېرىن پۇرىقى ئىچىدە سۆيگۈ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر رەھىمەمۇ ئېرىپلا كەتكەندى.

شۇ تاپتا جىگدىنىڭ شېرىن ھىدى ئۇلارغا ھەمراھ ئىدى.

بەكرى رەھىمەنىڭ يۇمران كۆكسىنى ئاستا سىلاشقا باشلى-دى. مەستخۇش بولۇپ كەتكەن رەھىمە بۇ قېتىم بەكرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشىلىق كۆرسەتمىدى...

ئاقىۋەتتە ئۇلار جىگدىنىڭ شېرىن پۇرىقىنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى پەدىشەپىنىمۇ بۇزۇۋەتتى. ھېسسىيات ئەقىلنى ۋاقىتلىق بويسۇندۇرۇپ، رەھىمەنىڭ مۇقەددەس قىزلىق ھاياتى مەھەللە چېتىدىكى خىلۋەت يەردە ئاشۇنداق ئاددىي ھالدا ئا-خىرلاشتى.

شۇ كۈنى «مۇشۇ بىر قېتىملا» دەپ ۋەدە بەرگەن بەكرىنىڭ

ئىشى شۇ بىر قېتىم بىلەنلا توختاپ قالمىدى. رەھىمەمۇ كېيىن بەكرىنىڭ ئۇ ۋەدىسىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمىدى.

شۇ ۋاقىتلاردىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان تۈزۈمى بويىچە، ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنى بىرلىك قىلىغان ھالدا ئالدىن تاللاش ئىمتىھانى ئېلىناتتى. مۇشۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشالايتتى. دېگەندەك، بەكرى بىلەن رەھىمە بۇ ئىمتىھاندىن سىنىپىنىڭ ئالدى بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئۇلارغا ئالەمچە خۇشاللىق بېغىشلىدى. شۇڭا ئۇلار خىلۋەتتە قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ئۆكۈنۈپمۇ كېتىشمىدى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتاتتى. بەس ـ بەستە ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ ئالدىدىكى دۇكاندىكى شام يېتىشمەي قالدى.

شۇنداق جىددىي كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەھىمە كۆزى ياش ھالدا مەيداندىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى. بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان بەكرىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئۇ «رەھىمەگە نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، كۈننى تولىمۇ تەستە كەچ قىلدى. كەچتە ئۇلار يەنە جىگدىلىكتە كۆرۈشتى. بۇ قېتىم ئۇلارغا جىگدىلىك تولىمۇ ئاددىي تۇيۇلدى.

— ئادەت كەلمىگىلى ئىككى ئاي بولاي دەپ قالدى، — دېدى رەھىمە يەنە كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى چۈشەنمىگەن بەكرى ھەيران بولۇپ.

— ساراڭ، — دېدى رەھىمە جىله بولۇپ، — بويۇمدا قاپتۇ...

رەھىمە شۇنداق دەپلا مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەكرى ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ئۇلاردا پەقەت «ھەقىقىي توي قىلىسىلا باللىق بولغىلى بولىدۇ» دەيدىغان تولىمۇ ساددا قاراش بار بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدە مۇنداق مەسئۇلىيەتنىڭمۇ بارلىقىنى يادىغىمۇ ئېلىشمىغانىدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى بەكرى قورقۇمسىراپ.
— مەن قوشنىمىزنىڭ كېلىنىدىن سوراپ بىلىۋالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ئادەت كۆرمىگىلى ئۈچ ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى، چوقۇم بويىدا قالغانلىقىنى ئېيتتى. قانداق قىلىمىز؟
بەكرى بوشىشىپلا كەتكەنىدى.
— قانداق قىلساق بولار؟
بەكرى ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭ جىمىپ كەتتى.
— قانداق قىلىمىز دەۋاتىمەن؟ — دېدى رەھىمەنىڭ ئىچى پۇشۇپ.
بەكرى نېمە قىلىشنى راستلا بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ يادىغا تۇيۇقسىز ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى سالامەتلىك تەكشۈرۈشى كېلىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.
— راست، ۋاقتىدا ئامال قىلساق بولغۇدەك. بولمىسا كېيىن سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە...
بۇنى ئاڭلىغان رەھىمە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.
— يىغلىما، ئاۋازىڭنى چىقارما، باشقىلار ئاڭلاپ قالىدۇ، — دېدى بەكرى تىتىلداپ.
— چۈشۈرۈۋېتەيلى، — دېدى بەكرى خېلىدىن كېيىن.
— قانداق چۈشۈرۈۋېتىمەن؟
— باشقىلاردىن سورا.
— باشقىلاردىن سورا؟ قانداق سورايمەن؟
— ئۇنداقتا مەن سورايمەنمۇ؟
— سەن...، — رەھىمەنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى، — باشتا شۇ ئىشقا مېنى ئۆزۈڭ قىستىدىڭ، ئەمدى يەنە مېنى قىستايسەنغۇ؟
— توغرا، قىستىدىم، لېكىن مەجبۇرلىمىدىم. ئۇنداقتا كېيىنچۇ؟
— ھە، بىلدىم، ئەسلىدە گېپىڭ شۇمىدى.
رەھىمە ئاچچىقىدا قوپۇپلا ماڭدى. ئۆزىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ

قويغانلىقنى بىلگەن بەكرى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى:
— توختا رەھىمە. گەپ تەگەشمەيلى. ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئوبدان ئويلىشىپ، ياخشىراق بىر ئامال تاپايلى. بايىقى گېپىمگە راستلا خاپا بولما رەھىمە.
رەھىمە جايىدا ئولتۇردى.
— بولىدۇ رەھىمە، مەن ئاستىرتىن ئۇقۇشۇپ باقاي. ئۇنىڭ بىرەر ئامالى بارمىكىن؟ — دېدى بەكرى.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار كۆڭۈلسىزلا خوشلاشتى. بەكرىنىڭ ھەر قېتىم خوشلاشقاندا «توختا رەھىمە، لېۋىڭدىن بىر چىشلەم ئۈزۈۋېلىپ، يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكىچە شوراپ يۈرەي» دەيدىغان شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.
نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار كۆرۈشىدىغان ۋاقىتتا، چۈشتە ئۆيىگە كەتكەن رەھىمە تولىمۇ كېچىكىپ كەلدى.
— نېمانچە كېچىكتىڭ؟ — دېدى بەكرى ئىختىيارسىز دوق قىلىپ. بۇ دوق رەھىمەنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— ئۇدۇل قوشنىمىزنىڭ قىزى تۇگەپ قاپتىكەن. يۈز كۆرۈستىپ چىققۇچە لېكىن بىرئاز ۋاقىت كەتتى، — دېدى.
— مەن بىرسىدىن ناھايىتى ياخشى بىر ئامالنى ئاڭلىدىم، — دېدى بەكرى سۆزلەشكە ئالدىراپ، — لېكىن بىرئاز قىيىنلىدىكەنسەن شۇ.
— قىينالساممۇ مەيلى، — دېدى رەھىمە خۇش بولۇپ، — قانداق ئۇسۇلكەن؟
— ئېگىز يەردىن سەكرىسە ھامىلە چۈشۈپ كېتىدىكەن. سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىدا ئۇنداق يەر جىققۇ.
— ياق!
رەھىمەنىڭ كەسكىن ئاۋازى بەكرىنى چۆچۈتۈۋەتتى.
— نېمە بولدى ساڭا؟ قورقۇۋاتامسەن؟
رەھىمە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— گەپ قىلە رەھىمە، قورقتۇڭمۇ؟

— ياق، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى رەھىمە ئۆكسۈشتىن توختاپ، — مەن بايا ساڭا دېگەن قوشنىمىزنىڭ قىزىمۇ شۇنداق قىلىپ... ئۇنى ئېرى بەك خورلايدىكەن، شۇڭا ئۇ قىز چىدىماي ئۆلۈۋالماقچىمۇ بوپتىكەن. يېقىندا بويىدا قاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ بالىنى تۇغقۇسى يوق ئىكەن. ئالدۇرۇۋېتىمەن دې-سە، ئېرى ئۇنىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئېرىگە بۇ بالىنى تۇغۇپ بەرگۈ-سى كەلمەي، ئاخىر بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئېغىلنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپتىكەن، بالىغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ، بىراق ئۆزد-دىن بەك كۆپ قان ئېقىپ كېتىپ، ئۆلۈپ قاپتۇ. بايىلا ئۇنىڭغا شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ كەتكەنىدى...

بۇنى ئاڭلىغان بەكرىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ.

— باشقا ئۇسۇل يوقمىدۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىزلا ئىزدەپ باقايلى.

ئۇلار يەنە كۆڭۈلسىز خوشلاشتى. رەھىمە قورقۇنچلۇق ۋەھد-مە ئىچىدە قالدى. بەكرى بولسا ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغاندەك ئېزىلىپلا كەتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا بارلىقى، ئىستىقبالى مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك تۈگىشىدىغاندەك بىلىنىپ ئەلەم چېكەتتى، پۇشايمان قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئامال ئىزدەش بىلەن ئۆتۈشكە باشلى-دى. بۇ روھىي زەربە رەھىمەنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆگى-نىشتىمۇ چېكىنىدى، خىيالى بىر يەردە تۇرمايدىغان بولۇۋالدى. چىشىنى چىشلەپ زېھنىنى يىغىپ ئۆگىنىشكە قارىتاي دېسە، چىڭ تېڭىلغان قورسىقى ئىسسىقتا ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇپ، يەنە زېھنىنى چاچاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكرىنىڭ بارغانچە ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان بولۇپ قېلىشى، ھەدەپ «ئامال ئىزدەۋاتىمەن» دەپ باھانە كۆرستىشى رەھىمەگە تېخىمۇ چوڭ زەربە بولدى. رە-ھىمە كېيىنچە بەكرىنىڭ ھەممىنى قايرىپ قويۇپ ئۆگىنىشكە

بىرىلگىنىنى كۆردى. بۇنىڭدىن رەھىمەنىڭ ئەلەملىك ياشلىرى تۆكۈلدى، ئۆزىنى ئەيىبلىدى. بەزىدە پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ ئولتۇرۇپ: «بوپتۇ، بەكرى بولسىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسۇن. مەن كېلەر يىلى ئىمتىھان بېرەرمەن» دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى.

ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقىتمۇ ئاخىر كەلدى. رەھىمە چىشىنى چىشلەپ، زور روھىي بېسىم ئاستىدا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلاندى. ئەتە ئىمتىھان دېگەن كۈنى بەكرى شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىدا رەھىمەنى ساقلاپ تۇرۇپ: «رەھىمە، ئىمتىھاننى چوقۇم ياخشى بېرىڭ» دېگەن بىر جۈملە سۆزنىلا قىلدى.

رەھىمە ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىدى. ئۆيىگە سالپىيىپ قايتىپ كەلگەن رەھىمەگە دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى. چۈنكى ئاپىسى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قالدى. يىگىتىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن سوئال - سوراق قىلىشقا باشلىدى، قاتتىق - يىرىك ۋاسىتىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى، ئالداشلار ئۇنىڭ نازۇك يۈرىكىنى زەردابقا تولدۇردى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بەكرىنىڭ ئىسمىنى پەقەت تىلغا ئالمىدى. رەھىمەنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا چىدىمىغان ئانا ئاخىرى بولماي بالىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولدى، بىراق بۇنىڭغا ئاتىسى «ئۇنداق قىلساق يامان بولىدۇ، رىزقى بولسا ياشاپ قالار» دەپ قەتئىي ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ رەھىمە ئۇ بالىنى تۇغماقچى بولدى. بەكرىگە بولغان سۆيگۈسى تۈپەيلى بۇ مۇھەببەت يالدامىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولدىمۇ ياكى باشقا كەلگەننى كۆرۈپ باقماقچى بولدىمۇ ۋە ياكى ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىدسىز قاراپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن «نېمە بولسا بولمامدۇ» دەپ ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، چوڭلارنىڭ پىكرىگە ئۈن - تىنسىز قوشۇلدى. شۇنداقتىمۇ چوڭلار «يۈزىمىز تۆكۈلمىسۇن» دەپ، مەھەللىدىكىلەرگە «رەھىمە گۇچۇڭدىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرگەچ، شۇ يەردە تەكرار ئوقۇيدىغان بولدى» دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۈمسۈمۇل كەنتىدىكى بوۋاي - مومايلارنىڭ يېنىغا

ئاپىرىپ قويىدى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن رەھىمە ئېغىزدا بىر قې-تىم «توي قىلغان بولدى».

مۇرات ئاشۇ «رىزقى بار ياشاپ قالغان» بالا ئىدى!

ئەمما بەكرى كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى.

بەكرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا رەھىمە بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ خېلى ئىزدى-گەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۇ-رىكى ئېچىشتى، رەھىمەنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا رەھىمەنى يۈرىكىنىڭ قېتىدا ساقلاپ يۈردى. ئۇنىڭ توي قىلغى-نىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. كېيىنكى يىللارغا بارغاندا بولسا ئوقۇش، خىزمەت تېپىش، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تۈپەيلى، رەھىمە ئۇنىڭ يادىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئا-يالى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بولسا، رەھىمە ئۇنىڭ خاتىرىسى-دىن ئۆچتى...

ئەمما بەكرى دوختۇر بۈگۈن بىلدىكى، رەھىمە ئۇنىڭ خاتى-رىسىدىن ئۆچمەپتۇ. بەلكى خاتىرە ۋارىقىدىن يوقىغان بىلەن خا-تىرە ۋاراقلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىكەن. خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەي تۇرغان بىلەن مەلۇم دورىغا ئۇچرىسا ئايان بولىدىغان مەخپىي خەتتەك! مانا بۇ مەخپىي خەت «ئەقىدە، ۋىجدان» دېگەن دورا بىلەن ئۇچرىشىۋېدى، ئاستا - ئاستا نامايان بولۇشقا باشلىدى...

بەكرى دوختۇر ئەسلىمە قوينىدىن چىقىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. «مېنىڭ سەۋەبىمدىن يۈرىكى زېدىلەنگەن بۇ ئايال ئوغلى سەۋەبلىك يەنە قانچىلىك ئازابلارغا دۇچار بولار؟ ئوغلىنى مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان ئۇ ئەر قانداقراق ئا-دەمدۇ؟ ئىسىت، بۇ يىگىت ئۇ ئەبلەخكە زايە كېتىپتۇ!» شۇنى خى-يالىدىن ئۆتكۈزگەن بەكرى دوختۇرنىڭ چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتى غەزەپلىك تىترىدى.

# يەتتىنچى باب

ھەسەن ھەسەل كامىلدىن تېخىچە خەۋەر بولمىغاچقا: «ھۆ پالاكەت، سەندەك نېمىنىڭ ساقچى بولۇپ قالغىنىنى. شۇڭىمىغۇ سەن ساقچىلىقنى قاملاشتۇرالماي مېنىڭ سىقىمىمدىن چىققانىنى يالاپ يۈرسەن. قېنى سەن مۇشۇ ئىشنى پۈتتۈرمەيباق، مېنىڭ پۇلۇمنى خەجلەشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن» دەپ، ھېلىقى نۇرشات دېگەن ساقچىنى تىللاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مىجەزى چۇسلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، باشقا ئۇلپەتداشلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ بۇ ئۆيگە كېلەلمەيۋاتاتتى. بەزى «ئېلىپ ـ ساتار»لار بولسا كامىلنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئاڭلاپلا ئۆزلىرىگە بىرەر خەۋپ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يىراق ـ يېقىنغا قېچىپ كېتىشكەنىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەن ھەسەلنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى. غەزەپلەنگىنىدىن ئۆزىنى باسالماي «ئەمدى ئۇلارنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن، ئۇلار بىلەن سودا قىلماڭلار، ئالاقىمۇ قىلماڭلار. شۇمۇ ئېسىڭلەردە بولسۇنكى، ئۇلارنى مال بىلەن تەمىنلەشكە بولمايدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكى بىلەنمۇ كارىم يوق. نەدىنلا تېپىپ چەكسە چەكسۇن» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ھەسەن ھەسەل ئاچچىق ۋە غەزەپتىن كېسىلىپ يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، پەتتار چىرىكىن ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— چاتاق بولدى، — دېدى ئۇ.

— نېمە بولدى؟

— تونۈگۈن ئەتىگەن مۆراتنى بۇلاپ كېتىپتۇ.
— نېمە؟ بۇ گەپنى ئەمدى كۆتۈرۈپ كەپسەنغۇ!
— تۈنۈگۈن چۈشتە ئۆزۈمنى ئوڭشاپ ئۈنىڭغا تېلېفون قىلسام يانفونى ئېتىك. ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ قوشنىسىدىن ئۇقتۇم.
— ماشىنىچۇ؟
— ماشىنا باركەن. ئۆزىگە پىچاق تىقىۋېتىپتۇ. ھازىر خەتەردىن قۇتۇلغان ئوخشايدۇ.
— ماشىنىنى قانداق قىلىمىز ئەمدى؟
— ئازراق ياخشىلانسا بېرىپ ئەكىلىۋالىمىز.
— بۇ ئىشنى چىڭ تۇت. ئالدىن مۆراتنىڭ بۇرۇنقى نېسى پۇللىرىنى، ئۆتكەندە قېپقالغان مال پۇللىرىنى تۇتۇۋال. ئۆزى يىغىۋالسۇن. ھە راست، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلا جۇمۇ. ئۇنىمىسا ئەدىپىنى بېرىپ قوي.
— ماقۇل.
— ھەر ئېھتىمالغا قارشى دوختۇرخانىغا بېرىپ تىڭتىڭلاپ باق. بولسا ئۆزى بىلەن كۆرۈش. بىكار ئۇمۇ ئىشنى بۇزۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە.
— بولىدۇ. مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتاتتىم.
پەتتار چىرىكىن دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى.
دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىرىغىنىچە كىرىپ كەلگەن ئايگۈل بەكرى دوختۇرنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىقنى، سۇلغۇنلۇقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.
— نېمە بولدىڭىز؟ روھسىز كۆرۈنىسىزغۇ؟
بەكرى دوختۇر نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇۋېدى، ئايگۈل:
— چارچاپ قاپسىز. قارىغاندا كېچىچە ئىشلىگەن ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.
— ھەئە، چارچاپ قالغان ئوخشايمەن، — دېدى بەكرى دوختۇر گەپنى ئۇدۇل كەلتۈرۈپ، — ئۆزىڭىزچۇ؟ قارىسام بەك جىد-

دىلىشىپ كېتىپسىز.

ئايگۈل قولىياغلىقىنى چىقىرىپ تەرىنى سۈرتتى:

— ھېلىمۇ باركەنسىز دوختۇر. سىزنى بىرەر يىغىنغا كېتىپ قالمىسۇن، دەپ كۆڭلۈم تېنەپ، ئۈرۈمچىدىن ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە كېلىشىم.

بەكرى دوختۇر بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ:

— نېمە؟ ئۈرۈمچىگىمۇ بېرىپ كەلدىڭىزمۇ تېخى؟ — دېدى.

— بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلمىساق بولمايدۇ ـ دە.

— ھە، نەتىجىسى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى بەكرى دوختۇر.

— ۋىرۇسلىنىش دەۋرىدىن كېسەللىك ھالىتىگە ئۆتكىلىمۇ بىرەر يىل بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئايگۈل جىددىي تەلەپپۇزدا.

بۇنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇر ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقىدى:

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى؟ بۇگۈنكى كۈندىكى باللار نېمىشقىمۇ گۈلدەك ھاياتىنى نابۇت قىلىدىغاندۇ؟ ھەي، ئىسسىت!

«ھەي ئىسسىت» دېگەن گەپ بىلەن رەھىمە كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولغان بەكرى دوختۇر ئاچچىق تولغاندى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزگەن ئايگۈل:

— راست چارچاپسىز. ئازراق ئارام ئېلىۋالامسىز ـ يە؟

— ياق بولدى، سۆزلەۋېرىڭ.

— بىمارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ باقتىڭىزلارمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن بەكرى دوختۇرنىڭ چىرايى جىددىي ھالەتكە كىردى:

— ئەھۋالنى ئىگىلەپ كۆرسەك، ئۇ بالا خېروئىن چېكىۋاتقىلى ئۇزۇن بوپتۇ. بەزىدە خېروئىننى كۆك تومۇرىغا ئوكۇلمۇ قىلىدىكەن. بۇ ئەھۋالنى قانۇن ئورۇنلىرىغىمۇ مەلۇم قىلىپ قويدۇق.

— خېروئىن بىلەن ئەيدىز ئىنسانلار ئۈچۈن ئەزەلدىن قوش ـ

كېرەك ئاپەت. ئېنىقكى، ئۇ شېرىسىنى ئورتاق ئىشلىتىشتىن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپتۇ. ئۇنداقتا چوقۇم ئۇنىڭ ئايا-لىنىمۇ تەكشۈرۈش كېرەك.

بەكرى دوختۇر ئېغىر تىنغىنىچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن غەزەپلىنىش ۋە ھېسداشلىق قىلىش ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئايگۈل ئۇنىڭدىكى بۇ مۆرەككەپ ھالغا ھەيران بولدى.

بۇنداق جىمجىتلىقتا، سۈكۈتكە ئۆزىمۇ تاقەت قىلالمىغان بەكرى دوختۇر ئاخىر:

— ئايگۈل، ئۇنىڭ ئايالى ھامىلدار ئىكەن. ئون بەش كۈن-چىمۇ ۋاقتى قالماپتۇ، — دەۋەتتى.

ئايگۈل بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئاندىن ئىچى سىي-رىلگەن ھالدا ندا قىلدى:

— ئاھ، خۇدا، نېمە كەلگۈلۈك بۇ ئۇلارغا!؟

— ھەي، ئىسىت، قاراپ تۇرۇپ ئۈچ جان... بوۋاقتا نېمە گۇ-ناھ - ھە؟ — دېدى بەكرى دوختۇر ئېچىنغان ھالدا.

— توغرا، بوۋاقتا نېمە گۇناھ؟ ئۇ تېخى دۇنيادا نېمىنىڭ گۇ-ناھ، نېمىنىڭ ساۋاب، نېمىنىڭ ياخشىلىق، نېمىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىر بىغۇبار جانغۇ! — دېدى ئايگۈل كۆزى نەملەنگەن ھالدا.

— بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىزنىڭ ئاقىۋىتى، — دېدى بەكرى دوختۇر بېشىنى چايقاپ.

ئۇلار ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەنگەن ھالدا ئولتۇرۇپ كېتىشتى، بىراق رېئاللىق شۇنداق ئىدى. رېئاللىق رەھىمسىز. ئۇ بىر كى-شىنىڭ ئارزۇسى ياكى دەرد - ھەسرىتى ۋە ياكى خۇشاللىقى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. بەكرى دوختۇر بىلەن ئايگۈل ھەرقانچە ئۇس-تا دوختۇر بولغان بىلەنمۇ بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئە-مەس. شۇڭا ئۇلار بۇ رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىشى كېرەك.

— ئەمدى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، بالىنى ساقلاپ قېلىشقا

بولسىمۇ تىرىشمىساق بولمايدۇ، — دېدى ئايگۈل قەتئىيلىك بىلەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى بەكرى دوختۇر ھەيران قېلىپ. «مەن بۇ كېسەللىك بىلەن ھەر ھالدا تونۇشلۇق. نۇرغۇن كېسەل بىلەنمۇ ھەپىلەشتىم. بىمار ئاندىن تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ساق تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن. ناۋادا شۇنداق بولسا بۇ بىر مۆجىزە بولىدۇ» دەپ ئويلىدى بەكرى دوختۇر ھەم ھەيرانلىق، ھەم ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى بىلەن.

بۇ گەپ بىلەن ئايگۈل ھاياجانلاندى:

— ھازىر بۇ ساھەدە بىر قىسىم كاتتا ئىلگىرىلەشلەر بولدى، قانداق دېسىڭىز، مۇشۇنداق ئەھۋالدىكى بوۋاقنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىپ، ئۇنى ئايرىم ئايرىپ مەخسۇس داۋالاپ ۋە پەرۋىش قىلىپ، ئىمكانقەدەر بالىنى قوغداپ قېلىش سىناق قىلىنىۋاتىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ ھەقتە بىزگىمۇ ئالاقە كەلگەنىدى. بىزمۇ ئىدارىدە مۇشۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانىدۇق.

— ھە... مۇنداق دەڭ. بۇ ياخشى ئىشكەن، ياخشى بوپتۇ، — بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇر ھەيرانلىقتا كەينى - كەينىدىن بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇڭا مېنىڭچە، بۇ قېتىم بىزمۇ دادىللىق بىلەن سىناق قىلىپ باقساق بولىدۇ. مەن بۇ ئويۇمنى دەرھال ئىدارە رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلاي. ئىدارىمىز بىلەن دوختۇرخانىڭلار ئەتراپلىق كېڭىشىپ ھەمكارلاشسا، مېنىڭچە ئۈمىد بار. بىز بىرلىككە كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ رەھبەرلىرىمىزگە دوكلات قىلايلى. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ بەكرى دوختۇر، بۇ ئىشىمىزدا چوقۇم كۆڭلىمىزدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىمىز. راستىنى ئېيتسام، بىمارنى قايىل قىلىپ مۇشۇ سىناقنى قىلمىساق ئارماندا قالىمەن. ئاشۇ سەبىي بوۋاق ئۈچۈن بولسىمۇ بىر تەۋەككۈل قىلىپ باقايلى.

شۇ تاپتا ئايگۈل ھەقىقەتەن ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

— بولىدۇ ئايگۈل، سىزنىڭ گېپىڭىزگە قىزىقىپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ھازىرقى بۇ تەرققىياتتىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن. پىكرىڭىزگە قوشۇلدۇم. سىز ئالدى بىلەن گۈلشەن بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ.

— شۇنداق قىلاي. بىمارنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بەك نازۇك ئىش.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن.

ئايگۈل سىرتقا چىقىپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، گۈلشەننىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولدى ـ يۇ، مۇراتنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ بىر سېستراغا گۈلشەننى چاقىرتقۇزدى.

— سىز بىلەن ئايلانغاچ بىردەم پاراڭلىشاي دېگەن. سىز ۋە ئېرىڭىز مۇرات توغرۇلۇق، — دېدى ئايگۈل گۈلشەنگە تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن. گۈلشەن ئايگۈلدىكى سەمىمىيلىك ۋە جىددىيلىكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن پەقەت: «قارىغاندا مۇراتنىڭ يارىسى ئېغىر ئوخشايدۇ. تونۇگۇن ئۇلار ماڭا تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويغان چېغى» دېگەن خىياللا كەچتى.

ئۇلار تۇغۇت ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاچ ياشلار يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ مەشرەپ مەيدانىغا كەلدى.

مەشرەپ مەيدانى ئۆزگىچە مەنزىرىسى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلغانىدى. سەيلىچىلەر سالقىن، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگەچ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، شۇ تاپتا مۇئەللىپنىڭ مەشرەپ مەيدانىنى تەسۋىرلەش زوقى قوزغىلىۋاتىدۇ. رۇخسەت قىلغايسىزلەر. چۈنكى، گۈلشەننىڭ ھاياتىدىكى گۈزەل، مەنىلىك ئىشلار بۇ قەدىمىي زېمىندىكى گۈزەل، قىممەتلىك يەرلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، گۈلشەن «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى»غا بېرىپ مۇرات بىلەن تونۇشتى، «يۇز مېترلىق مۇزىكىلىق فونـ

تان» مەنزىرە نۇقتىسىغا بېرىپ، مۇرات بىلەن بولغان مۇناسىۋى-تى چوڭقۇرلاشتى، «ئۇزۇم بۇلاق كۆلى»گە بېرىپ ۋىسال تاپتى. ئەمدى مەشرەپ مەيدانىدا ئۇنى مۇراتقا باغلىق بولغان قانداق خە-ۋەر، ئۇچۇر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟

شەھەرنىڭ مەركىزي كوچىسىنىڭ بويىغىلا جايلاشقان، «چىنىقش رايونى، سۇ ئۈستى پائالىيەت رايونى، مەدەنىيەت رايونى، ئورمان رايونى»دىن تەركىب تاپقان، «بوستانلىق باغرىدىكى مەدە-نىيەت» دەپ تەرىپلەنگەن «مەشرەپ مەيدانى» ئىنتايىن ئۆزگىچە، چىرايلىق، جەلپكار بولۇپ، ھەممىلا جاي ئېگىز - ئېگىز قاپاق تېرەكلەر، ياڭاق، ئاكاتسىيە دەرەخلىرى، مەجنۇنتاللار بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. دەرەخلىك ئارىسىدىكى كىچىك يوللار ياپيې-شىل چىملار بىلەن ئورالغان. مەركىزىي يولدىن كىرگەنلا جاي مەشرەپ ئوينىلىدىغان كىچىكرەك مەيدان بولۇپ، مەيداننىڭ قار-شىسىغا ئېگىز قاپارتما شەكىللىك مەدەنىيەت تېمى ياسالغان. جە-نۇب تەرەپتىكى تار يول بويىغا قەدىمكى دەۋردىكى تۆت سىمۋوللۇق زاتنىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغان. مەيداننىڭ مەركىزىي قىس-مىغا فونتانلىق كۆل جايلاشقان بولۇپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا ۋە كۆل بويىدا گۈمبەز شەكىللىك شىپاڭ بار.

«مەشرەپ مەيدانى»نىڭ مەركىزىگە بىر چوڭ، ئىككى كىچىك مىس قاپارتما ھەيكەللىك مەدەنىيەت تېمى ياسالغان. ئېگىزلىكى 3.9 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 18 مېتىر كېلىدىغان قاپارتما ھەيكەلدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال ۋە با-لىلار بولۇپ، 27 كىشىنىڭ مەستانىلارچە مەشرەپ، نازىركوم ئويناۋاتقان، ساما سېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. قاپارتما ھەيكەلدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى، چىراي ئىپادى-سى، كىيىم - كېچەكلىرى، چاچ شەكلى قاتارلىقلار روشەن ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىككى ياندىكى ئىككى مەدەنىيەت تېمىغا بولسا ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا ناغرا - سۇناي، داپ، ساتار، غېجەك

چىلىۋاتقان، ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر چۈشۈرۈلگەن. قا-پارتما ھەيكەللەر ناھايىتى جانلىق، كۆركەم، ئوبرازلىق بولۇپ، كىشىگە ھەقىقىي مەشرەپ مەيدانىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

مەيداننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تار يولغا بۇددا مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۆت ھەيكەل، يەنى «ياغاچ ئادەم»، «تاش ئادەم»، «قاشتېشى ئادەم»، «ئالتۇن ئادەم»نىڭ ھەيكىلى ۋە ئىبرەت سايىنىنى بىلەن قەدىمكى ھېكمەتكە سىمۋول قىلىنغان كۈپنىڭ مودىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «ياغاچ ئادەم» مۇلايىم، خاتىرجەم، تۇراقلىق كەيپىياتنى؛ «تاش ئادەم» يۈرەكلىك، دادىل، تۈز سۆزلۈك، ھەققانىيەتچىل خاراكتېرنى؛ «قاشتېشى ئادەم» قانائەتچان، تېجەشچان، ماددىي مەنپەئەتنى قوغلاشمايدىغان خاراكتېرنى؛ «ئالتۇن ئادەم» ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز، ئېھتىياتچان، كەمتەر خاراكتېرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى توغرا كەيپىياتقا، ئىناقلىققا ئۈندەيدۇ. ئىبرەت سايىنىنى ۋە ھېكمەت مودىلى بولسا كىشىلىك ھاياتتا ھەممە نەرسىنىڭ لايىقىدا، تەڭپۇڭ، باراۋەر بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كىشىلەرگە ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ شادىمانلىقى نامايان بولۇپ تۇرغان مانا مۇشۇنداق ئېسىل مەيداندا گۈلشەن ئېغىر كۈلپەتلىك خەۋەرنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، قىممەتلىك ھاياتىنىڭ نابۇتلۇق ناخشىسىنىڭ ھەسرەتلىك مۇقەددىمىسىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

ئايگۈل ۋايىملىق تۇيغۇدا، گۈلشەن بولسا مۇرات ھەققىدە يەڭگىل ئەندىشە قىلىپ تۇرغان بولغاچقا، بۇ مەنزىرىلەر ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. ئۇلار بۇددا مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۆت ھەيكەل ئورنىتىلغان تار يول بىلەن كېلىپ، دەرەخلىك ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى.

گۈلشەن ئايگۈلنىڭ جىم ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ باشتىكى ئەندىشىسىنى توغرا تاپقاندەك بولدى ۋە ئالدىراپ ئېغىز

ئاچتى:
— ئېرىمنى خەتەردىن قۇتۇلدى، مۇۋاپىق قان بەرسەكلا چوڭ مەسىلە يوق دەۋاتاتتىڭىزلار، لېكىن يەنىلا چىڭ تۇتۇپ داۋالاۋاتىسىزلەر. چوڭلار ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى تاشلاپ كۈندە كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئېنىق ئەھۋالنى بىلەلمەي بەك تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ. گەپ بولسا ئوچۇق دېسىڭىزلەر. بەلكىم بەكرى دوختۇر بىرەر تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ، ئايال كىشى دەپ سىزنى ئەۋەتكەندۇ؟
— مەن سىز بىلەن مەخسۇس مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشەي، دەپ كېلىشىم، — دېدى ئايگۈل داۋاملىق سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ.
«ھەرقانداق گەپ بولسا ئۆزۈمنى تۇتالايمەن» دەپ ئويلىغان گۈلشەن ئەمەلىيەتتە بۇ گەپ چىقىشى بىلەنلا چۆچۈپ كەتتى:
— نېمە؟ ئېرىمگە قان بەرسىمۇ ياخشىلانمىدىكەن؟
— قان بېرىش ئىشىغۇ ئەمەس... — دېدى ئايگۈل ئاستا.
گۈلشەن ئايگۈلگە گۇمان بىلەن قارىدى:
— دوختۇر، سىز مېنىڭدىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتامسىز نېمە؟
— ياق... ئۇنداق ئەمەس...
ئايگۈلنىڭ دۇدۇقلاپ قېلىشى گۈلشەننىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى:
— دوختۇرلار باشتا شۇنداق جىددىي قۇتقۇزۇۋاتقانىدى، كېيىن جىم - جىملا داۋالاۋاتىدۇ، ئايرىم ياتاقتا يۆتكىدى، يا پۇل دېمەيدۇ. شۇنىڭدىنلا كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغانىدى. گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ.
ئايگۈل يېنىك كۈلۈشكە تىرىشتى:
— بەك جىق ئويلاپ كېتىپسىز.
— دوختۇر، مەن خېلى غەيرەتلىك ئايال. ھەرقانداق كۆڭۈلسىز، ئېغىر گەپ بولسىمۇ كۆتۈرەلەيمەن. شۇڭا نېمىلا گەپ بولسا دەۋېرىڭ، — دېدى گۈلشەن يېلىنغاندەك.

ئايگۈل تۇرۇپ كەتتى.
— ماڭا ئىشىنىڭ دوختۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھامىنى ماڭا دەيدىغان ئىشتۇ؟ — دېدى گۈلشەن يەنە، — شۇڭا نېمىلا بولسا... مېنىڭ ئاڭلىغىنىم تۈزۈك.
— ئۇنداقتا مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورايمەن، لېكىن چو- قۇم ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشقا، قورقماسلىققا، جىددىيلەشمەسلىك- كە، ئامال بار كەيپىياتىڭىزنى نورمال ساقلاشقا كاپالەت بېرىشى- ڭىزنى ئۆتۈنىمەن.
گۈلشەن لېۋىنى چىشلەپ:
— ماقۇل، مەن چوقۇم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىمەن، — دېدى.
— سىز بەك جىددىيلىشىپ كەتسىڭىز ھامىلىگە تەسىر يې- تىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، بۇنىڭ ئاقىۋىتى بەك يامان.
گۈلشەن بېشىنى لىڭشىتتى.
— سىز ئېرىڭىزنىڭ غەيرىي ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بايقى- غانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايگۈل ئېھتىيات بىلەن.
گۈلشەن:
— ياق، ئۇ ئائىلىگە بەك سادىق. بىر ئائىلىنى بېقىش ئۇچۇن كېچە - كۈندۈز تاكسى ھەيدەيدۇ، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.
ئايگۈل سوئالىنى داۋام قىلدى:
— قالايمىقان پۇل خەجلەمدۇ؟
— ياق، ھەتتا ئۇنىڭ يېڭى كىيىم ئېلىشقىمۇ قورسىقى ئاغ- رىيدۇ.
— ئۇنىڭ باشقا كىرىم يولى بارمۇ؟
— باشقا ئوقەتى يوق.
— سىزنىڭچە ئارتۇقچە چىقىمى بارمۇ؟
— بەزىدە «ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قالدۇق» دەپ ناھايىتى ئاز پۇلنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. ھەتتا بەزىدە كىرا پۇلىنى تاپشۇرمى- غانلىقى ئۈستىگە، مېنىڭ تىككۈچىلىك بىلەن تاپقان پۇلۇمنىمۇ

خەجلەيدۇ. ئەر كىشى تۇرسا، بەك ئىچكىرىلەپ سوراپ كەتمەپتىمەن.
— گەپ مانا مۇشۇ يەردە. قالايمىقان پۇل خەجلىمەيدىغان ئىبىرىنگىزگە نېمىشقا شۇنچە پۇل يەتمەيدۇ؟ سىز ئېرىڭىزنىڭ ئىشىنى راست ئۇقماپسىز.
— نېمە ئىشىنى؟
— بايا دېدىمغۇ، جىددىيلەشمەڭ.
گۈلشەن بېشىنى لىڭشىتتى، لېكىن، ھە دەپ قولىنى ئىشقىلاپ ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى بېسىشقا تىرىشتى.
ئايگۈل ئاخىر گەپنى داۋەتتى:
— ئېرىڭىز... ئۇزۇندىن بۇيان ئاق تاماكىغا ئۆگىنىپ قاپتۇ.
— نېمە!؟ — قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن گۈلشەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى.
ئايگۈل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.
— گۈلشەن، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. سوغۇققان بولۇڭ، بالىنى ئويلاڭ، چوقۇم ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ.
گۈلشەن مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى:
— ئۇ نېمىشقا ئۇ نىجىس ئىشنى قىلىدۇ؟ نېمىشقا مېنى، بالىسىنى ئويلىمايدۇ. شۇمۇ ئادەم قىلىدىغان ئىشمۇ؟ ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن، ئۇنى زەھەر تاشلايدىغان ئورۇنغا ئاپىرىمەن.
— ئالدىرىماڭ، گەپ تۈگىمىدى. داۋالىتىش ئىدىيەسىدە بولغىنىڭىز بەك ياخشى بولدى. ئۆزىڭىزنى يەنىمۇ تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىڭ. سىزگە دەيدىغان يەنە بىر گەپ بار. بۇ تېخىمۇ مۇھىم. سىز بىلەن ئوبدان مەسلىھەت قىلىشمىساق بولمايدۇ.
گۈلشەن ياشلىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.
ئايگۈل ئەمدى ئارتۇقچە گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرمىدى:
— بۇ گەپنى سىزدىن يوشۇرسام بولمايدۇ. ئېنىق دەۋېرەي، لېكىن ئۆزىڭىزنى قاتتىق تۇتۇۋېلىڭ. ئېرىڭىز ئەيدىز ۋىرۇسى

بىلەن يۇقۇملىنىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەن داڭقېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بايا «ئاق تاماكا»نىڭ گېپى بىلەن يۈرىكى ئۇششۇپ كەتكەن گۈلشەن ئەمدى خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

— يالغان ئەمەستۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك.

— بۇ گەپنى چاقچاقتىنمۇ دېگىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ بىز بۇ جەھەتتە ھەربىر ئېغىز گېپىمىزگە ئىگە بولمىساق بولمايدۇ.

گۈلشەن «ھە» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن «ئەيدىز، ئەيدىز» دەپ شىۋىرلىدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالغان ئايگۈل ئۇنىڭ قولىنى چىڭڭىدە تۇتۇۋالدى، ئەمما گۈلشەن توختىماي «ئەيدىز» دەپ شىۋىرلايتتى.

— ئۇنداقتا... — دېدى گۈلشەن بىر چاغدا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ.

ئايگۈل ھېسداشلىق تۇيغۇسى بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، سىزمۇ...

گۈلشەن كۆزىنى چىڭڭىدە يۇمۇۋالدى. كۆزىدىن ياش سىرغىپ چىقتى. ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرە شۇ تاپتا ئۇنىڭغا نىسبەتەن چۆل - جەزىرىدىن پەرقسىز ئىدى. گۈلشەن ئاچچىق شىۋىرلىدى: «مەن نېمىمۇ گۇناھ قىلىپ قويغان بولغىيدىم؟ قايسى سەۋەنلىكىم تۈپەيلى بۇ كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندىمەن؟ نېمە تارتقۇلۇق بۇ ماڭا؟»

— بىزدە «ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى» دېگەن گەپ بار. بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە داۋالايمىز. مۇھىمى سىزلەر ئۈبدان ماسلاشمىسىڭىزلار بولمايدۇ.

گۈلشەننىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى:

— داۋالاش؟

— ھەئە.

كۆزىدە ئاجىز ئۈمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولغان گۈلشەن گوماندەك

سىراپ سورىدى:

— داۋاسى يوق كېسەل دەۋاتاتتى رادىيودا.

بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەك ئايگۈلگە بەك تەس كەلدى:

— بىز داۋالاشتا... بالىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمىز...

بۇ گەپ بىلەن گۈلشەن ئۈجۈقۈپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچ - باغرىدىكى بارلىق ئۈمىدلەر، ھاياتتىكى گۈزەل نەرسىلەر، جىمىكى مەنىلىك ئىشلار، ئىزگۈ ئويلار سۆيۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. دەك، ئىچىدە زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتىن باشقا نەرسە قالمايۋاتاتتى. دەك، قاراڭغۇلۇق بارغانچە كۈچەيسە، ئاخىر كۈچلۈك بىر پارتلاش يۈز بېرىپ ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدىغاندەك يامان تۇيغۇ ئۇنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگە. رىشلەرنى سېزىپ ئولتۇرغان ئايگۈلنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

بىر چاغدا گۈلشەن ناھايىتى تەستە لېۋىنى مىدىرلاتتى:

— ئۇچۇ؟ ئۇ نېمە دەيدۇ؟!

— بۇ ئىشنى ئېرىڭىز تېخى ئۇقمايدۇ. ئۇنىڭغا سەل تۇرۇپ ئۇقتۇرىمىز. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئېرىڭىز بىلەن ھەرگىز ئۇ. رۇش - جېدەل قىلماڭ. ئەمدى ھەممە ئىشتا بالىنى ئويلاڭ.

گۈلشەن روھسىز ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئايگۈل گۈلشەننى يۆلىۋالدى. گۈلشەننىڭ كۆزلىرىدە ياش، بارماقلىرى توختاۋسىز تىترەيتتى.

ئۇلار تۆت ھەيكەل ئورنىتىلغان تار يول بىلەن ئاستا قايتتى.

ئىبرەت سايمىنى ۋە ھېكمەت مودىلى بولسا كىشىلىك ھاياتتا ھەممە نەرسىنىڭ لايىقىدا، تەڭپۇڭ، باراۋەر بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۇ. كىنى كىشىلەرگە ئۇنىسىز، ئەمما رەت قىلىپ بولماس تارىخىي پا. كىتلار بىلەن ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

# سەككىزىنچى باب

مۇرات خېلى ياخشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق دوختۇرلارنىڭ ئۇنى ياتاقتىن چىقارمايۋاتقانلىقى رەھىمەنىڭ ئىچىنى بەك پۇشۇرۇۋەتتى. بۇ ھەقتە گۈلشەنمۇ بىر نەرسە دېمەي تۇرۇۋېلىۋاتاتتى.

— مۇرات ياخشى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، نېمىشقا دوختۇرلار ئۇنى ياتاقتىن چىقارمايدۇ؟ — دەپ سورىدى رەھىمە.

— دوختۇرلار سەللىمازا ساقايسۇن دەيدۇ، — دەپ قوياتتى گۈلشەن. بەزىدە مۇراتنىڭ دېمى سىقىلاتتى:

— قېنى ئۇلار باشتا بىر - ئىككى كۈننىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. مانا بۈگۈن ئىككى كۈنمۇ توشتى. يەنە ياتىمەنمۇ بۇيەردە دورا يۇراپ...

— دوختۇرلارنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ، — دېدى گۈلشەن سوغۇقلا.

گۈلشەننىڭ بۇ پوزىتسىيەسى رەھىمەنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇراتقا ۋە ئۆزىگە شۇنداق كۆيۈنۈۋاتقان گۈلشەننىڭ بىردىنلا پەرىشان بولۇپ قېلىشى، ھەتتا بەزىدە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىشى رەھىمەنى ھەم ئەنسىرىتەتتى، ھەم ئەندىشىگە سالاتتى.

— چارچاپ قاپسىزمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى رەھىمە.

— ياق، — دېدى گۈلشەن بوشلا.

— راست چارچاپ قاپسىز قىزىم. مەن بۇ يەردە بولغاندىكىن،

ئۆيگە بېرىپ ئارام ئېلىپ كېلىڭ. ئۆزىڭىزنى ئاسىرىمىسىڭىز بولمايدۇ. ھازىر مۇراتنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولغاندىكىن...
— ياق بولدى. بىردەم يېتىۋالساملا ياخشى بوپ قالىمەن.
— قىزىم، چوقۇم ئۇبدان ئارام ئېلىڭ. ھازىر كوش قىلماي، كېيىن «ئاپلا» دەپ ياقا تۇتقان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ھەرگىز ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويماڭ.
— بولىدۇ ئاپا.
گۈلشەن ھەرقانچە چاندۇرمايمەن دېسىمۇ، بىراق تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى يەتكۈچە تېتىغان رەھىمەنىڭ كۆڭلىدە تۇ - گۈن پەيدا قىلىپ قويدى، شۇڭا رەھىمە گۈلشەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە مۇراتنى سوراقفا تارتتى:
— گۈلشەننى رەنجىتىپ قويمىغانسەن؟
— ۋوي ياق، ئىككى كۈندىن بۇيان بۇ يەردە ياتسام، نەدە يۈرۈپ ئۇنى رەنجىتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان تۇرسا بىكاردىن - بىكار رەنجىتىمەنمۇ؟
— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ چىرايى نېمىشقا ئېچىلمايدۇ؟
— ۋاي تاڭ، مەن نەدىن بىلەي؟ مىجەزى يوق بوپ قالغاندۇ؟
شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى جىم بولۇپ قالدى. رەھىمە ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.
— ئاپا، ئەھۋالىم ئېغىر بولسا يا ئۇلار بۇنى بىزدىن يوشۇ - رۇپ...
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
گەرچە رەھىمە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئويلىنىپ قالدى: «راستلا شۇنداقمىدۇ - يە؟ ناۋادا ئۇلار بۇ ئەھۋالنى گۈل - شەنگە دېگەن بولسا، گۈلشەن شۇنى ئىچىگە ئېلىپ كېتىپ دەرد تارتىپ يۈرەمدىغاندۇ؟» رەھىمە ئاخىردا بۇ ئويىغا ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالدى ۋە راستلا شۇنداقتەك يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى.
— بالام، ئەھۋالىڭ شۇنداق ياخشى تۇرسا، — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا.

— شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەردە ئىچىمىز پۇشۇپ تۇرغاندىن دوختۇرنىڭ يېنىغا دىككىدە چىقىپ باقامسەن ـ يە؟

رەھىمە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

مۇراتنىڭ ئاپىسىنى ياتاقتىن چىقىرىۋېتىشتە باشقا بىر مەقسىتىمۇ بار ئىدى. ئالدىنقى كۈنى مۇرات يېرىم كېچىدە ھاجەتخانىغا چىققان بولۇپ سېستىرانىڭ ئىشخانىسىدىن ئوغرىلاپ چىققان ئىككى شپىرىسنىڭ بىرى بىلەن ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنىڭ لېپىزىگە يۇشۇرۇۋالغان خېروئىننى ئۆزىگە ئوكۇل قىلىپ خۇمارىنى باسقان، يەنە بىر شپىرىسنى بولسا ياستۇقىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغانىدى. تۈنۈگۈن پەتتار چىركىن ئۇنى «يوقلاپ» كەلدى. گۈلشەن بار يەردە گەپ چىرايلىق بولدى، ئەمما ئىككىسى ئايرىم قالغاندا نەق گەپنىڭ ئۆزى دېيىلدى.

— ماشىنىنى قانداق قىلىسەن؟

— سەن بەرگەن پۇلنى بۇلاپ كەتتى.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق.

— ئۇنى بىلسەم پۇلنى ئالماي تۇراركەنمەن.

— مۇرات، ئۇ گەپلىرىڭنى ماڭا قىلما. ھۆججىتىڭمۇ بار مانا.

— مەن مۇشۇنداق ياتسام...

— ماشىنىنى قاچان ئېپكېتىمەن؟ قالغان پۇلنىمۇ تەييار قىلىپ قويدۇم. ھازىر دېسەڭمۇ ئەكىلىپ بېرىمەن.

— بولىدۇ، مەن ياتاقتىن چىققاندا بولسۇن.

— قاچان؟

— ئۈچ كۈنگىچە.

— بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ساڭا تېلېفون قىلىمەن. مېنى كولدۇرلىتىمەن دېگۈچى بولما.

— ماقۇل، لېكىن ماڭا بىر نەچچە بولاق بەر. بۈگۈن خۇمارىم تۇتۇپ كېتىدىغان بولسا... كەلمىسەڭمۇ بەربىر ساڭا تېلېفون...

— بېرەلمەيمەن.

— مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىنىمۇ ساتى-

دىغان بولدۇمغۇ.
— ئۇنداقتا ئىككى بولاق بېرەي.
— بۇ...
— تۇگىسىغۇ مېنى ئىزدەرسەن...
پەتتار چىركىن مۇراتنىڭ داكىلانغان بوينىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.
مۇرات شۇ تاپتا گۈلشەننىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئاپـ - سىنى ياتاقتىن چىقىرىۋېتىپ، شۇ خېرونىن بىلەن خۇمارىنى بېسىۋالماقچى ئىدى. ئۇ ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ ئوكۇلنى ئالدى. ئۇ ئەمدى ئوكۇل قىلىپ بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك چېـ - كىلدى. مۇرات ھوزۇر سۇرۇپ يېرىم مىنۇتتەك تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن شپرىسنى يەنە جايىغا تىقىپ قويدى. شۇ چاغدا ئىشىك يەنە چېكىلدى.
— مۇرات، — بۇ گۈلشەننىڭ ئاۋازى ئىدى. مۇرات دىڭكوسلاپ بېرىپ ئىشكنى ئاچتى.
— ئىشكنى تاقىۋاپسىزغۇ؟
— ئىچ كىيىممىنى يۆتكىۋالاي دەپ تۇرغان... بىرەرسىنى كىرىپ قالمىسۇن دېدىم...
— ئاپامچۇ؟
— دوختۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى.
گۈلشەن سومكىدىن مۇراتنىڭ ئىچ كىيىممىنى ئالدى.
بەكرى دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ كەلگەن رەھىمە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ خىيالى بايا ئوغلى بىلەنلا بولۇپ قېلىپ، كۆرۈشىدىغان ئادىمىنىڭ بەكرى دوختۇر ئىكەنـ - لىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ چىرايى جىددىي تۇسكە كىرگەن رەھىمە كەينىگە بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولـ - دى - يۇ، لېكىن يەنە توختاپ قالدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ يەردە داۋالاشتىن خەۋەرسىز ھالدا ئىچى پۇشۇپ تۇرۇپتۇ. «ئوغـ - لۇمنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن چوقۇم خەۋەردار بولۇشۇم كېرەك.

ئەگەر ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك بولسا ئۈرۈمچىگە يۆتكەي-
مەن. ئوغلۇمنىڭ بەختى ئەمدى ئېچىلدى، مەن سەل قارىسام
ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنداق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن يوقىلاڭ خىياللار
بىلەن ئۆزۈمنىڭ يولىنى توسىمەن؟ ئۇ دېگەن دوختۇر!» قەتئىي
نىيەتكە كەلگەن رەھىمە ئىشىككە قول ئۇزاتتى. ئەمما، بۇ قېتىم
نېمىشقىدۇر يۈرىكى تىترىگەن ھالدا ئىشخانىغا كىردى.

رەھىمەنى كۆرگەن بەكرى دوختۇرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەت-
تى. بۇنى رەھىمەمۇ بىلدى. يۈرىكىنىڭ دۈكۈلدىشىدىن ئەندىشىگە
چۈشكەن رەھىمە: «ئېسىڭدە تۇت، ئۇ بىر دوختۇر، ئوغلۇڭنىڭ
ھاياتىنى قوغداۋاتقان بىر دوختۇر، باشقا دوختۇرلارمۇ بەجا كەل-
تۈرىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئۆتەۋاتقان دوختۇر» دەپ ئۆزىنى ئا-
گاھلاندۇردى ۋە:

— دوختۇر، مەن ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلىشەي
دەپ كىرگەن، — دېدى.

— ئاۋۋال ئولتۇرۇڭ.

— ياق بولدى. ھازىر ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشى.
شۇڭا چىقىپ كەتسەكمىكىن دېگەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇرنىڭ چىرايىغا جىددىيلىك
تېپىپ چىقتى. ئاندىن بۇ جىددىيلىك غەزەپكە ئۆزگەردى.

— ئەگەر ئوغلۇمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا باشقىچە ئۆزگى-
رىش بولغان بولسا ئېنىق ئېيتقان بولسىڭىز. بىز شۇنىڭغا قارى-
تا تەييارلىق قىلغان بولساق.

بەكرى دوختۇرنىڭ كۆز ئالدىغا مۇرات كەلدى. مۇرات بەكرى
دوختۇرنىڭ ياش ۋاقتىدا ياخشى كۆرگەن قىزىنىڭ پەرزەنتى بو-
لۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق تىلدى. بەكرى
دوختۇرنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتىنى ياققان ياش، بەرنا رەھىمە
ھازىر بىر پەرزەنتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئانىغا ئايلانغانىدى. «ئۇ-
نىڭ كۆڭلىنى ئايىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى بەكرى دوختۇر.

— مەن نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى.

— نېمە گەپ بولسا دەۋېرىڭ، — دېدى رەھىمە. بۇنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:
— دېسەملا بولۇۋېرىدىغان ئۇنداق ئاددىي گەپ ئەمەس ئۇ.
بۇ گەپتىن رەھىمە ئەندىكتى.
— بالىنىڭ ئاتىسى قېنى؟ — بۇ سوئالى بىلەن بەكرى دوختۇرغا ئۆزىنىڭ باغرىنى ئۆزى تىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئەسلىي ئۇ «ئېرىڭىز قېنى؟» دەپ سورىماقچى ئىدى، ئەمما بۇنىڭغا تىلى ۋە دىلى پەقەت يول قويمىدى.
بۇ سوئالغا قارىتا رەھىمە جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمايۋاتقاندەك جىم تۇرۇپ قالدى.
— مەن ھەيران، ئۇنىڭ ئاتىسى نېمىشقا ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ كېلىپ قويمايدۇ؟ شۇمۇ ئاتىمۇ؟ — دەپ قايناپ كەتتى بەكرى دوختۇر، — بالىنى ئوبدان تەربىيەلەشنىڭ ئورنىغا جەمئىيەتكە شۇنداقلا تاشلاپ قويغان بارمۇ؟ مانا ئەمدى پۈتۈنسۈرۈك بىر يىگىت قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغان ـ ھە؟
رەھىمە بۇ گەپلەرگە ھاڭۋېقىپ قالدى. بەكرى دوختۇر بولسا ئۆزىنى باسالماي قالغانىدى:
— ئىسىت، ئىسىت ئۇنىڭ ئاتا بولۇپ قالغىنى.
بۇنى ئاڭلىغان رەھىمەنىڭ كۆزىدىكى نەملىك تېشىغا تېپىپ ياش بولۇپ سىرغىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى پىشىلدۇرغان مەڭزىدە نەپرەتلىك، ئەپسۇسلۇق يېشىنىڭ ئىزناسى قالدى.
— بۇنداق دېسەم خاپا بولماڭ، — دېدى بەكرى دوختۇر، — ئۇ تولىمۇ ۋىجدانسىز ئەبلەخ ئىكەن.
رەھىمە ياشلىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى:
— ئۇنىڭغا بۇمۇ ئازلىق قىلىدۇ، بەكرى.
بۇ رەھىمەنىڭ ئۇلار شۇنچە يىللار ئۆتۈپ قايتا ئۇچراشقاندىن كېيىن بەكرى دوختۇرنىڭ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم بىۋاسىتە ئاتىشى ئىدى.

— شۇنداق، ئۇ «ئاتا» دەپ تىلغا ئېلىنىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەم ئىكەن.

رەھىمە مەسخىرىلىك كۈلدى. ياشلىق كۆزدىكى بۇ مەسخىرە بەكرى دوختۇرنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى.

— شۇنداق بەكرى، ئۇنىڭغا سىز ئەڭ ئوبدان باھا بېرەلەيسىز، — دېدى رەھىمە.

— مەن؟ — دەپ ھەيران بولدى بەكرى دوختۇر، — ئۇ كىم؟

— سىز ئۇنى تونۇيسىز، — دېدى رەھىمە دادىللىق بىلەن.

— ئۇ كىم.

— مەن ئۇنى سىزگە چوقۇم دەيمەن. دېمىسەم بولمايدۇ. لېكىن، سىز ئالدى بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئاشۇ «ئاتا» بولۇشقا سالاھىيىتى يوق ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن قانداق «بالا - قازا»غا دۇچار بولغانلىقىنى دەپ بېرىڭ.

بەكرى دوختۇر بىر قىسىم ئەھۋالنى رەھىمەگە دېيىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. بۇنىڭغا قوشۇلغان «ئاتا»نىڭ كىملىكىنى بىلىش ئىستىكى تۈپەيلى بەكرى دوختۇر تېزلا ئېغىز ئاچتى:

— رەھىمە، مەن ئوغلىڭىز توغرۇلۇق بىر گەپنى دەيمەن، ئەمما بۇنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئوغلىڭىز ئالدىدا ھەرگىز چاندۇرمايسىز. بولمىسا بىزنىڭ داۋالاش پىلانىمىزغا تەسىر يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلىڭىزغىمۇ ياخشى ئەمەس.

— بولىدۇ، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، — دېدى رەھىمەمۇ ئالدىراپ.

— ئوغلىڭىز مۇرات خېروئىنغا خۇمار بولۇپ قاپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن رەھىمەنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولدى. شۇنداق، بۇ خەۋەرنى دەسلەپ ئاڭلىغان نۇرغۇن ئادەمگە ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

— يالغان ئېيتماڭ، سىز ئېيتمىغان مۇشۇ يالغان قالدىمۇ ئەمدى.

— رەھىمە، بۇ راست، سىز مېنى قانداق ئويلىسىڭىز ئويلاڭ، بۇ دېگەن ئەمەلىيەت. بىز كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوغلىڭىزنى بىر مەھەل كۆزەتمەكچى. شۇڭا سىزلەرنى ياتاقتىن ئالدىراپ چىقارمىدۇق، لېكىن غەم قىلماڭ، بىز بۇگۈن چۈشتىن كېيىن داۋالاش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئوغلىڭىز ياتاقتىن چىقسا بولىدۇ.

رەھىمەنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئازراق گەپ ياسىغان بەكرى دوختۇر ئەيدىز ھەققىدىكى گەپنى يوشۇرۇپ قالدى.

رەھىمەنىڭ يادىغا قوشنا مەھەللىدىكى خېرونىن چېكىپ ئۆينى سورۇۋەتكەننىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىپ، ئاخىر ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەن بالا كېلىپ، بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. تازا بىر يىغلاي دېدى - يۇ، كۆزىگە ھېچقانداق نەملىك يىغالمىدى. ئۇنىڭغا ھايات ئۈنى بوزەك قىلىۋاتقاندەك، مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. «مەن شۇنچە جاپا تارتىپ ئوغلۇمنى مۇشۇنداق ياشىسۇن دېمەكچىمىدىم؟! »رەھىمەنىڭ قەلبى پەرياد چەكتى. كۆزىدىن ياش ئاقمىغان بىلەن يۈرىكىگە زەرداب تولۇپ كەتتى، «مېنىڭ ھاياتىمنى دو تىكىپ قوغدىغىنىم، بارلىقىمنى قۇربان قىلىپ ئارزۇ قىلغىنىم مۇشۇ بولدىمۇ؟ گۈزەل ئارمانلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەپ ‹مۇرات›، دەپ ئىسىم قويغانىدىمغۇ؟ ھەرگىزمۇ نىجىس ئىشلىرى مۇراد تاپسۇن دېمىگەنىدىمغۇ؟ بۇ ئەمدى بېشىمىزغا كەلگەن نېمە قارا كۈن؟ قارىغاندا مەن ھەقىقەتەن يارىماس ئانا ئىكەنمەن. بالامنىڭ پاتقاققا پاتقىنىنى بىلمەي بىخۇد يۈرۈپتىمەن. ھەي ئىست، ھەي ئىست...»

خۇدىنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالغان رەھىمە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— رەھىمە نەگە بارىسىز؟ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. سىز بولسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئايىمىسىڭىز بولمايدۇ.

رەھىمە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاچچىق كۈلدى:

— سىز ئۇ يارىماس، ۋىجدانسىز ئاتىنى بىلمەكچىمۇ؟

— ئۇ...

— سىزنى ئۇنىڭغا خېلى ئوبدان باھا بېرەمدىكىن دېسەم، ئۇ-نى «ۋىجدانسىز ئاتا» دېدىڭىز. ئالدى بىلەن ئۇنى «ئادەممۇ» دېيەلەيدىغانلىقىڭىزنى... دېيەـشىڭىز كېرەك ئىدى.

— گېپىڭىز توغرا، رەھىمە.

— ئۇ سىز، بەكرى...

— نېمە؟! — بەكرى دوختۇر قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، — يالغان... چاقچاق...

— سىزگە چاقچاق قىلىشتىن قورقىمەن بەكرى. بايا سىز مۇراتنى «خېروئىن چېكىدىكەن» دېۋىدىڭىز مەنمۇ ئىشەنمىگەنىدىم. ئەمدى سىزمۇ گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتىسىز، لېكىن بۇنىڭغا ئىشەندۇرۇشكە قىزىقىۋاتقىنىم يوق. خوش.

رەھىمە ئىنتايىن پەرۋاسىز ھالەتتە چىقىپ كەتتى.

بەكرى دوختۇر كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە تۇرۇپ قالدى: «رە-ھىمە بالىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولغانمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشى كېرەكتە. بولمىسا كېيىن قانداق توي قىلالايدۇ؟ توي قىلغان بولسا، بۇ قانداقچە مېنىڭ بالام بولۇپ قالىدۇ؟ رەھىمە چاقچاق قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟ ياق، ئۇنىڭ بايىقى ھالىتىدىن چاقچاق قىلمايۋاتقىنى ئېنىق. ئۇنداقتا، توۋا خۇدايىم، بۇ راستلا... » ئويلىغانچە بەكرى دوختۇرنىڭ يۈركى مۇجۇلدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربە ئۇنى ئېسەنگىرىتىپ قويغانىدى.

بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالغان بەكرى دوختۇر «ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس» دەپ بېشىنى قاتتىق سىلكىدى، ئەمما قانچە ئويلىغانسېرى كۆز ئالدىغا مۇراتنىڭ چىرايى شۇنچە روشەن كېلىۋالدى. ئەنە، كۆزىنىڭ قاتلىرى ئوخشاش تۇرمامدۇ! بۇرنىچۇ؟ مۇراتنىڭ بۇرنى سەل چوڭدەك قىلىدۇ، لېكىن شەكلى بىر قېلىپتا قويۇپ قويغاندەك!

بەكرى دوختۇر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل لابوراتورىيە بۆلۈمىگە بېرىپ، مۇراتنىڭ قان ئەۋرىشكىسىدىن ئې-

لىپ ئانالىز بۆلۈمىگە كىردى...

مۇرات، بەكرى...

بەكرى دوختۇر تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى: «مۇرات راستىلا مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەن!» ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان بۇ كۈچلۈك سادا ئۇنىڭغا «كۆردۈڭمۇ، بۇ پاكىت، سەن جىنايىتىڭنى ئىقرار قىل» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

بەكرى دوختۇرنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدى. «مەن مۇنداق بولۇشىنى پەقەت كۈتمىگەن. مەن يايراپ يۈرگەن كۈنلەردە رەھىمە ئېغىر ئازابلارنى تارتىپتۇ. مەن ئۆز پەرزەنتىمنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتتىن مەھرۇم قاپتىمەن. رەھىمە توغرا ئېيتىدۇ، مەن مۇراتنىڭ ئاتىسىغا ھەقىقىي باھا بېرەلەيدىكەنمەن. ئوغلۇم مۇرات مېنى كەچۈر. سېنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىڭغا، ياش ھاياتىڭنى نابۇت قىلىشىڭغا، ئادىمىيلىكىڭنى يەكسان قىلىشىڭغا، شۇنچە كۆپ بىگۇناھ كىشىلەرنى دەرد - ئەلەمدە قويۇشۇڭغا، شۇنچە سېخىي قۇياش نۇرىدىن شۇنچە ئاز بەھرىمەن بولۇشۇڭغا، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشقا ئاز قالغان پەرزەنتىڭنى مۇقەددەس ئاتىلىق قولۇڭغا ئالالمايدىغانلىقىڭغا مەن سەۋەبكار... ھەقىقىي ۋىجدانسىز ئادەم مەن ئىكەنمەن. ھەقىقىي بىخۇد ئادەم مەن ئىكەنمەن. ئىككى ئادەم شۇنچە يىللاردىن بۇيان مېنىڭ كاساپىتىمدىن جاھاننىڭ ئاچچىق قازىنىدا قورۇلۇپ يۈرسە تۇيماي يۈرۈپتىمەن. ئىستەي...»

ئۆزىنى بىردىنلا تۈگىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلغان بەكرى دوختۇر ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ئىشخانىسىدىن چىقىپ ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ياتاقتا رەھىمە كۆرۈنمەيتتى. مۇرات بىلەن گۈلشەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مۇرات قىزغىن ئىدى. گۈلشەنمۇ تونۇتماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق ئېنىقلا بىلىنىپ قالغانىدى.

— بۇ گەپنى ئاپام بار يەردە دەي دېسەم، ھېچ بىرىەرگە كې-

لەلمەيۋاتىمىز. ئاپام قېنى؟

— بايا ئايدىڭكۆلدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ چىقاي دەپ كەتتى.

— يەنە نېمە باردۇ؟ مۇشۇ ئاپامنىزە... بوپتۇ، ئاپامغا كېيىن دەپ قويارمىز. بايا دېگەندەك ماشىنىنى ئەتە ئەكېتىدىغان بولدى.

— بوپتۇ، كىملا ئالسا ئوخشاش.

— باھاسى بولامدىكەن؟ سەككىز تۈمەن ئاز ئەمەس.

— نەق بەرسە تالىشىپمۇ ئولتۇرماڭ. خاتىرجەم يېنىمدا تۇ - رۇڭە.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى چاتاق چىقمايدۇ.

گۈلشەن لېۋىنى چىشلەپ ئاستا يانغا قارىۋالدى. بەكرى دوخ - تۇر شۇ تاپتا گۈلشەننىڭ قەلبىنىڭ قانچىلىك ئۆرتىنىپ كې - تىۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشەندى.

بەكرى دوختۇرنىڭمۇ كۆزى نەملەندى «ھەي، بالام، شۇ تاپتى - كى ھالىڭنى بىلگەن بولساڭ، يەنە مۇشۇنداق بىپەرۋا گەپ قىلىپ ياتالايتتىڭمۇ؟ ئاپاڭدىن ئاغرىنالايتتىڭمۇ؟ ماشىناڭنىڭ غېمىنى قىلالايتتىڭمۇ؟ مېنى كەچۈر ئوغلۇم، مېنى كەچۈر...»

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# كۆلپەتلىك ياشلىق ۋە ئۈمىد

# بىرىنچى باب

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بەكرى دوختۇرنىڭ قەلبىدە غەلىيان كۆتۈرۈلگەن دەملەردە، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش مەركىزى بىلەن دوختۇرخانا بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ، مەخسۇس مۇراتنىڭ ئەھۋالى مۇزاكىرە قىلىنغانىدى. يىغىندا مۇراتقا ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش قارار قىلىندى. يىغىندىن كېيىن ئايگۈل بەكرى دوختۇرنىڭ قېشىغا كەلدى.

بەكرى دوختۇرنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرگەن ئايگۈل:

— بەكرى دوختۇر، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— ياق دېگىنىڭىز بىلەن رەڭگىڭىز باشقىچە...

— زۇكامنىڭ ئالامىتىمىكىن، — دەپ قويدى بەكرى دوختۇر.

قىزغىن، پاراڭچى بەكرى دوختۇرنىڭ بۇ ھالى ئايگۈلنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ بەكرى دوختۇرنىڭ ئاغزىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئىچ - باغرىنى «چۇۋۇپ»، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى بىردەمدىلا تېپىپ چىققان بولاتتى، بىراق ھازىر جىددىي پەيت.

— يىغىننىڭ ئەھۋالىنى سىزگە دەپ قويغىلى كەلدىم. بەلكىم ئەتە دوختۇرخانا باشلىقىمۇ سىزگە ئۇقتۇرۇشى مۇمكىن.

بۇ گەپ بىلەن بەكرى دوختۇر سەل جانلانغاندەك بولدى.

— يىغىندا ئىككى ئىش قارار قىلىندى. بىرى، مۇراتقا ھەقىقىي ئەھۋال بۈگۈنلا ئۇقتۇرۇلىدىغان بولدى. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ بالىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىپ، پەرۋىش قىلىش ماقۇللاندى. ئەمدى يۈرەكلىك ئىشلىسەك بولىدۇ.

بەكرى دوختۇر بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مۇرات كەلدى: مۇرات ئاجىز قوللىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشماقتا، ئەيدىز ۋىرۇسى ئۇنىڭ ئېغىز مۇسكۇللىرىنى كاردىن چىقارغاچقا، «ئاتا» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي قىينالماقتا... بەكرى دوختۇر چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇنىڭغا دېمەي ئامال يوق. خۇددى بۇ خەۋەرنى بىز دېسەك، ئۇنى شۇ كېسەلگە بىز گىرىپتار قىلىپ قويغاندەك، بىر قىسىم ئادەملەرگە ئوخشاش بىزگە ئۆچلۈك قىلىشىمۇ بىزگە نېمە ئامال. بۇ بىزنىڭ كەسپىمىز، مەجبۇرىيىتىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەمدى ئۇ يىگىت ئۆزىنىڭ جاجىسىنى تارتماي ئامال يوق.

قايسى بىر ماتېرىيالدىكى ئورۇقلۇقىدىن سۆڭەكلىرى «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ قالغان، پۇت - قولىدىكى جاراھەتلەنگەن ئورۇنلار تېشىلگەن، تېرىلىرى ئۆلۈپ سويۇلۇپ قالغان، بەدىنىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرىدىن سېرىق سۇ ئېقىپ تۇرغان، بىلەك ۋە پاقالچاقلىرى سېسىپ كەتكەن ئەرۋاھ كەبى، ياق ئەرۋاھلارمۇ قورقىدىغان ئېچىنىشلىق بىر ھالەتتە ياتقان ئەيدىز بىمارىنىڭ سۈرىتى بەكرى دوختۇرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندەك بولدى. ياق! ئۇ ماتېرىيالدىكى بىمار ئەمەس، بەلكى شۇ ھالغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان مۇرات!!

بېشى پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتكەن بەكرى دوختۇر ئالدىدىكى ئەمدىلا مۇزلىغان بىر ئىستاكان قايناق سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. بەكرى دوختۇردىكى بىنورماللىقنى كۆرگەن ئايگۈل ئورنىدىن تۇردى.

— ئوبدان ئارام ئېلىڭ بەكرى دوختۇر، بەك چارچاپ كەتمەڭ. مەن بىمارنىڭ يېنىغا چىقىپ باقاي.

— توختاڭ ئايگۈل، بىمار بىلەن مەن سۆزلىشەي.
ئايگۈل ھەيران بولۇپ بەكرى دوختۇرغا قارىدى.
— مەن ئەر كىشى، بىمار بىلەن بەزى ئىنچىكە گەپلەرنى قىلىشىشقىمۇ ئەپلىك. ئەگەر ساقلاپ تۇرالىسىڭىز، مەن سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى سىزگە يەتكۈزىمەن.
— ئەلۋەتتە ساقلايمەن. ئۇنداقتا بەكرى دوختۇر... خىزمەت تەرتىپىمىزنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز.
— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ.
— سىرتتا ئازراق ئىشىم بار. تېلېفون قىلىڭ ئەمىسە.
سېستىرا مۇرات بىلەن گۈلشەننى چاقىرىپ كىردى. گۈلشەننىڭ تۇرقىدىن ئەھۋالنى چۈشەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مۇرات بولسا ئىشخانا ئىچىدىكى نەرسىلەرگە قىزىقىش بىلەن قاراۋاتاتتى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك، ئەمما ئۆزى بىلمەيدىغان ئەجەللىك بىر خەۋەر ئۇقتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما، مۇرات بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. ئۆلۈم ئۆزىنىڭ قولىنى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك سىلىق ھەم ئاستا سۇناقتا. ئەگەر ئۇ بۇنى بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر - ھە؟
«ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىم بار؟» دەپ ئويلىدى بەكرى دوختۇر، «ئۆلۈمگە مەردانىلىق بىلەن يۈزلىنەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئەنە شۇ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي قەھرىمانلاردۇر. ئۇلار ھاياتنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلاردۇر. ئەمما، ئادەتتىكى ئادەملەرچۇ؟ ھاياتنى چاقچاق، ئويۇن - تاماشا دەپ چۈشىنىدىغانلارچۇ؟ مۇرات بۇ روھىي ھالىتى بىلەن ئۇ خەۋەرنى ھەرگىز كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۆلۈمنى دادىل كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ساپ روھىي دۇنيا كېرەك، ئەمما مۇرات بۇلاردىن بەك، بەك يىراق.»
بەكرى دوختۇرنىڭ يادىغا توساتتىن «لۈكچەك» دەپ لەقەم قويۇلغان بىر يىگىتنىڭ ئىشى كەلدى. ئۇنىڭغا «لۈكچەك» دەپ لەقەم قويۇلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئىش - ئەمەلىدىن نەق لۈكچەك ئى-

دى. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، شەھەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلى-
غانلىكى ئادەم بىئاراملىق ھېس قىلاتتى. تانسىخانىدا ئۇنىڭ مە-
جەزىنى ئوبدان بىلىدىغانلار ئۇنى كۆرۈپ قالسا «تانسا ئوينىمىساق
ئوينىمىدۇق، ئۆزىمىزگە پاراكەندىچىلىك تېپىۋالمىساقلا بولىدى»
دەپ كېتىپ قېلىشاتتى. تانسىخانا ئاچقانلارمۇ ئۇنىڭ تىنچ ئول-
تۇرغىنىغا خۇش بولۇپ پۇل دېمەيتتى، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، دې-
يەلمەيتتى. كەچلىك بازاردىكى زاسۇيچى، كاۋاپچىلار ئۇنى ئىچىدە
مىڭنى تىللاپ تۇرۇپ، چىرايىغا يالغان كۈلكە يۈگۈرتۈپ دېگىنىنى
بەجا كەلتۈرەتتى. بولمىسا بۇ يەردە مالىمان چىقىقىنى چىققان.
ساقچىغا ئېيتقانلارمۇ بولدى. بىراق، ئۇ سولاقتىن چىققاندىن
كېيىن ساقچىغا ئېيتقانلارنى مىڭ پۇشايمان قىلدۇردى. لۈكچەك
تېرىسىگە پاتماي، يولۋاستەك ھەر تەرەپكە قاراپ ھۆركىرەپ،
ئۇچرىغانىنىڭ جىسمىنى ئاغرىتىپ، قارىغانىنىڭ دىلىنى رەنجى-
تىپ، ئۇرۇش ـ جېدەلدىن قالماي يۈرۈۋەردى. شۇڭا بەزى كىشى-
لەر ئۇنى: «ئۇ لۈكچەك ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى
ئىككى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «يۈرىكى ئىككى بولسىمۇ ھامىنى
قورقىدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى يوق. شۇڭا قورقۇش دېگەننى
بىلمەيدۇ» دېيىشەتتى. بىر كۈنى ئۇ لۈكچەك بىر يىگىتنىڭ بې-
شىغا چىقتى. تونۇر كاۋاپ ساتىدىغان يىگىت كاۋاپ پۇلىنى سۈي-
لىگەچكە، ئۇ بەرمەيدىغانىنىڭ قازىنىنى ئېسىپ جېدەللەشتى. ئا-
خىر جېدەل ئۇلغايدى. بىر چاغدا ئۇ تەلۋە گۆش پارچىلايدىغان
پىچاقنى ئېلىپ كاۋاپچىنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتتى. كاۋاپچىنىڭ
قورسىقىدىن قان بەك كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، دوختۇرخانىغا بار-
غۇچىلا ئۆلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ لۈكچەك قولغا ئېلىنىدى،
لېكىن ئۇ كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. سوتتا خۇددى
ھېچنېمە بولمىغاندەك سوتقا قاتناشقۇچىلارغا قاراپ كۈلۈپ ئول-
تۇردى. تېخى ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنىپ، سۆز نۆۋىتى كەل-
گەندە قىلچە تەپتارتماستىن: «مىجەزىمنى بىلگەندىكىن، نېمىشقا
مەن بىلەن جېدەللىشىدۇ؟ ئاخىر ئۆزىگىمۇ قىلدى، ماڭىمۇ قىل-

دى. ئەسلى مېنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى» دې-
دى. بۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. قارىماققا ئۇ سوت-
تا ئۆزىگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمىغاند-
دەك تۇراتتى. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ قورقماس ئادەم بولامدۇ؟ كىشى-
لەرنى ھەيران قالدۇرغىنى، قارا ماشىنىدا جازا مەيدانىغا ئېلىپ
كېتىۋاتقاندا، ئۇ يول بويىدىكى كىشىلەرگە قاراپ باش ئىشارىتى
قىلدى، ھەتتا چىرايلىق قىزلارغا قاشمۇ ئاتتى!! ئەيۇھەنناس،
قارا ئۇنىڭ قورقۇمسىزلىقىنى! باشقا جىنايەتچىلەر بولسا بۇنداق
ۋاقىتتا ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن بولاتتى. جازا ئەترىتىگە
ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەر جازا مەيدانىغا بارغۇچە شۇ گەپلەرنى
دېيىشىپ، ئېغىزلىرىنى چىكىلدىتىپ كېتىشتى. جازا مەيدانىدا
مىلتىقلار بەتلەنگەندە ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. بۇ قورقۇمسىز
لۈكچەك تۇيۇقسىز «ئاپا» دەپ ۋارقىراپ «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى. ئۇ
ھەدەپ يۇلقۇنۇپ ئۆزىنى ئوقتىن ئېپقاچماقچى بولدى. ئېغى ھۆل
بولۇپ كەتتى... كىشىلەر شۇندىلا ئۇنىڭمۇ يۈرىكى بارلىقىنى، ئۇ-
نىڭمۇ قورقىدىغانلىقىنى بىلىشتى. ئۇ «لۈكچەك» ئاخىرقى پەيتتە
جېنىنىڭ تاتلىقلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

شۇنداق، جان تاتلىق، جان ھەممىدىن تاتلىق! شۇنداق تۇرسا
بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۇققان
كىشىنىڭ قورقۇنچتا قالماي، ساراسىمىگە چۈشمەي، ۋەھىمىگە
پاتماي تۇرالىشى مۇمكىنمۇ!؟

بەكرى دوختۇر مۇراتقا ئىچى تارتىشقان ھالدا قارىدى. ئۇنىڭ
ئالدىدا، ئۆلۈم ئالدىدا ئۆلۈمدىن خەۋەرسىز ھالدا بىپەرۋا ئولتۇر-
غان بۇ ئىنسان، ياق، بۇ ئازغۇن ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. مېھرىنى
مېھرىگە ئۇلىيالمىغان ئوغلى ئىدى. ئاتا - بالىلىق رىشتە يىپى
ئۈزۈلگەن لەگلەك كەبى شامالدا ھەريان ئۇچۇپ يۈرگەن قاندىشى
ئىدى!

— قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى بەكرى دوختۇر. ئۇنىڭ شۇنچە
ياشقا كىرگەن، ئاتا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئوغلىنى «سىز»لىمىكى

ناھايىتى تەسكە چۈشتى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى مۇرات ئولتۇرمايلا، — گەپ بولسا ئوچۇق دەۋېرىڭ. بۇ يەردە يېتىۋېرىپ ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى.

— خاپا بولمىسىڭىز گۇلشەن، — دېدى بەكرى دوختۇر، — مېنىڭ مۇراتقا ئايرىم دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

بەكرى دوختۇر سۆزلىشىشتىكى قولايلىقنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن گۇلشەن:

— ھېچقىسى يوق، — دەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— گەپ بولسا تېزرەك دەڭ، — دېدى مۇرات نېمىشقىدۇر چىقىپ كېتىشكە ئالدىراپ.

مۇراتنىڭ پوزىتسىيەسى بەكرى دوختۇرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. «توۋا، بۇ قانداق بالا؟ ئۇنىڭ ئەقىلسىزلىقى، ئۆز ھاياتى بىلەن ئويناشقىنى، باشقىلارنىڭمۇ ھاياتىنى نابۇت قىلغىنى ئۇنىڭغا ئاز كەلدىمۇ؟ ئۆزىنىڭ قايسى يولدا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، يەنە خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى. ئەھۋالىڭنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بىلسەڭ يەنە شۇنداق قىلارسەنمۇ؟» بۇ ئويغا ئۇلىشىپلا بەكرى دوختۇردا ئاتىلارغا خاس چۈشلۈق پەيدا بولدى. خۇددى خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوغلىغا تەنبىھ بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئاتىدەك.

بەكرى دوختۇر تارتمىسىدىن تاماكا بىلەن چاقماق ئېلىپ مۇراتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. مۇرات ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— تاماكا چەككەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىمىز، — دېدى بەكرى دوختۇر. تاماكىنى ئېلىشقا تەرەددۇتلىنىپ قولىنى مىدىرلىتىپ قويغان مۇرات يەنە قولىنى تارتىۋالدى.

— نېمە بولدى؟

— ئىشخانىڭىزدا تاماكا چەكسەم خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى بەكرى دوختۇر ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دەك چوڭ ئادەمنىڭ ئالدىدا تاماكا چەكسەم سەت تۇرىدىكەن.

— بۇنى بىلىدىكەنسىز - ھە؟ — دېدى بەكرى دوختۇر كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەپ، — مەندىن خىجىل بولىدىكەنسىزۇ، ئەلدىن خىجىل بولمايدىكەنسىز. قانداق گەپ بۇ ئەمدى؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

بەكرى دوختۇر بىردىنلا ئۇنى «سەن»لىدى:

— راستقۇ، ئەلدىن تەپتارتماي ئاق تاماكا چەككەن تۇرساڭ، مەندەك ئاددىي بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى تاماكا چېكىشتىنمۇ خىجىل بولۇپ يۈرەمسەن؟

بۇنى ئاڭلىغان مۇرات ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئاندىن سەگەكلىشىپ:

— بۇنى سىزگە كىم دېدى؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى كىمنىڭ دېگەنلىكى سەن ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممۇ؟ كىملا دېگەن بولسۇن، چېكىدىغىنىڭ، ھەتتا ئۈكۈل قىلىدىغىنىڭ راستقۇ.

— بۇ... قانداق...— مۇراتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇراتنىڭ بايىقى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، بېشى چۈشتى. ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ھە دەپ بۇرنىنى تارتىشقا باشلىدى.

— خۇمارىڭ تۇتۇۋاتىدۇ - ھە؟

— ياق...

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ راستتىنلا خۇمارى تۇتۇشقا باشلىغانىدى. مۇرات ھەيران قالدى: «نېمە ئىشتۇ بۇ؟ ۋاقتى كەلمەيلا خۇمارىم تۇتقىلى تۇردىغۇ؟»

— مېنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالما. بۇنچىلىك ئىشنى بىلگۈچىلىكىم بار.

— دوختۇر مەن...

— لېكىن سەن خاتىرجەم بول، بۇنى مەنلا ئۇقىمەن. باشقا

بىرسىگە دېگۈدەك بولمىدىم.

— رەھمەت دوختۇر، رەھمەت...

بۇ گەپنى دەۋاتقان مۇرات بىردىنلا بىچارىلىشىپ كەتتى. ئۇ-نىڭغا قاراپ بەكرى دوختۇرنىڭ ئىچى ئاغرىدى. «مۇشۇ بىچارە يى-گىت، ھاياتىنى نابۇت قىلغان ئىنسان مېنىڭ ئوغلۇم-ھە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئۆتۈنۈپ قالاي دوختۇر، — دېدى قورقۇنچ ئىچىدە قالغان مۇرات، — بۇنى ھەرگىز ساقچىلارغا دېمەڭ. ئەگەر ئۇلار بىلىپ قالسا... سىز بىلىسىز دوختۇر، مەن ئاتا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەم...

— بۇ گەپنى كېيىنچە دېيىشەرمىز...

— دوختۇر، مۇشۇ بىر قېتىم ياردەم قىلىۋېتىڭ. سىزلەر مېنى «ساقايدىڭ، ياتاقتىن چىقساڭ بولىدۇ» دېگەن كۈندىن باشلاپ ئاق تاماكىنى تاشلايمەن. ۋەدەم ۋەدە. ئەگەر ۋەدەمدە تۇرالمىسام قانداقلا قىلسىڭىز مەن رازى.

— ۋەدەڭدە تۇرالامسەن-تۇرالامسەن، بۇ ئۆزۈڭگە ئايان. سەن ئۆزۈڭنى ھەقىقىي يىگىت دەپ ئويلامسەن؟

مۇرات بەكرى دوختۇرغا چۈشەنمەسلىك نەزەرى بىلەن قارىدى ۋە:

— ئاپام بىلەن ئايالىمنى باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرتۈپ قويماي ياشاۋاتىمەن. ئاددىي بولسىمۇ قولۇمدا ھۈنىرىم بار، — دېدى.

— سەن ئىرادىلىكمۇ؟

— بايا دېدىم، ئائىلىنى بېقىش ئۈچۈن جاپادىن قاچماي قو-لۇمدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، يەنە ئىش تېپىپ قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن. كىچىكىمدىن جاپا تارتىپ چوڭ بولدۇم. ئىرادەم بولمىسا بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلى-شالماسمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇرنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قى-

لىپ قالدى. مۇراتنىڭ مەغرۇر تەلەپپۇزدا قىلىۋاتقان گېپىنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇر كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنداق بولسا مۇرات، يىگىتلەرگە خاس ئىرادەڭ بىلەن ئاڭلا. خېروئىن ساڭا ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەمىسە گېپىڭدە تۇرۇپ ئىرادىلىك بول.

— ئىككىلا قۇلىقىم سىزدە.

— هازىر تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇقىملاشتى. سەن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپسەن.

— نېمە؟ ئەيدىز ۋىرۇسى؟ بۇ... بۇ... — مۇراتنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالىلىقاچان پەملىگەن بەكرى دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. ئەمما ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە دېمەي نېمە ئامال!

— مۇرات، بىئەپ ئېيتسام، سەن ئەيدىز بولۇپ قاپسەن!

— ئۇنداق ئەمەستۇ دوختۇر؟ خاتا بولۇپ قالمىغاندۇ؟

— راست!

«راست» دېگەن گەپ بىلەن مۇراتنىڭ روهى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا هېچقانداق ئىپادە ئۆزگىرىشى بولمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ۋە ئەتراپىنىكىلەرنىلا ئەمەس، هەتتا نەپەس ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان كۆزىگىمۇ هېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

كۆزى نەملەنگەن بەكرى دوختۇر دېرىزە يېنىغا بېرىپ سىرتقا قاراپ تۇردى.

خېلىدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلگەن مۇرات بايا ئاڭلىغىنىنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. دوختۇرنىڭ جىددىي تەلەپپۇزى، كۆزىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنى، ئېچىنىشلىق، ئەپسۇسلۇق چىراي ئىپادىسى ئۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىنى ئىس-

پاتلاپ تۇرۇپتۇ. «ئاھ خۇدا، مەن نېمە بولۇپ قالدىم ئەمدى؟ ئاقىۋەتتە ھېلىقى قىزدەك بولۇرمۇ؟ بۇ نىجىس كېسەل نەدىن چاپلاشتى ماڭا؟!» ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا كۆرگەن ھېلىقى ئەرۋاھ كەبى قىز كەلدى. «توۋا، كېيىن كۆزۈمگە شۇ قىزنىڭ ئورنىدا ئۆزۈم كۆرۈنۈۋېدىم. قارىغاندا ئۇ كۆرۈنۈش ھازىرقى ئاقىۋىتىمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ئىكەندۇق. ئەمدى تۇگەشتىممۇ؟ ئۆلۈمنى ساقلاپ ياتىمەنمۇ؟ ئاھ خۇدا... »

ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان مۇرات ئىشخانىدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

ئۇ شۇ يۈگۈرگەنچە دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسىدىكى دەرەخلىككە كىردى ۋە ئۆزىنى چۆپلۈككە تاشلىدى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

«ئەيدىز! ئەيدىز!»

قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغان بۇ سادانىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنتۇشقا تىرىشىپ كەلگەن قارا ئەسلىمىلەر مۇراتنىڭ ئېسىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

«ئەيدىز! ئەيدىز!»

ئۇ بىر چاغلاردا ياشلىقنىڭ قەنتىنى چاققانىدى، ياشلىق ھۇزۇرىنى تېتىغانىدى، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگەنىدى. بىراق، شۇلار مانا ئەمدى بەختىگە سۇنۇلغان قارا، زەھەرلىك قول بولۇپ قالدى.

شۇنداق، دوختۇرلار ئۇنىڭ ئەيدىز ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن بىلەن، مۇراتنىڭ نەدىن يۇقتۇرۇۋالغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە خاتا تونۇشتا ئىدى، يەنى ئۇنى «بۇ كېسەلنى شپرىسنى ئورتاق ئىشلىتىشتىن يۇقتۇرۇۋالغان» دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇراتقا ئاستىرتىن جىددىي خىزمەت ئىشلەپ، شپرىسنى ئورتاق ئىشلەتكەنلەرنى دېگۈزمەكچى بولغانىدى.

ۋاھالەنكى، ئۇ نىجىس كېسەلنىڭ مۇراتقا يۇقۇشىنىڭ دوختۇرلارنىڭ يادىغا كەلمىگەن باشقا بىر تارىخى بار ئىدى.

# ئىككىنچى باب

ئۇ مۇراتنىڭ قەلبى ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇلارغا تولغان 2006 ـ يىلى ئىدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى چۈشى كۆپۈككە ئايلانغان مۇرات دەسلەپتە ناھايىتى چۈشكۈنلەشكەنىدى. تاماكا چېكىشنى، ھاراق ئىچىشنى ئاللىقاچان باشلىۋالغان، ھەتتا «كونىراپ» قالغان- دى. شۇ ۋاقىتتا رەھىمە جايىدا پىلان قىلىپ مۇراتنى شوپۇرلۇق يولىغا سېلىپ قويىدى.

ماشىنىغا ئىگە بولغان مۇرات «ماشىنا بىلەن ئىگىلىك تىك- لەيمەن. ماشىنا قەرزىنى قايتۇرۇپ بولۇپ، پۇل توپلاپ چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن. ئۆزۈمدىن ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قۇرىمەن. ئاپامنى غۇلجىغا ۋە قاناسقا ساياھەتكە ئاپىرىپ ئارزۇسىغا يەتكۈزىمەن» دېگەن كاتتا خىيال بىلەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە ھاردىم ـ تالدىم دېمەي چاپاتتى. ئىنچىكە ھېسابات قىلاتتى، كىرانى قاچۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشاتتى، ئالدىراپ ـ تېنەپ كاتتا تاماق يېمەيتتى، تاماكىسىنىمۇ ئاياپ چېكەتتى.

مۇرات ئەنە شۇنداق گۈزەل ئارزۇلۇق يىگىت ئىدى.

مۇرات بىر قىسىم شوپۇرلارنى دوراپ ماشىنىسىغا يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇ ئورنىتىپ، ئەبجەش ناخشىلارنى يولبويى ۋاڭىل- دىتىپ ماڭاتتى. كېيىن ئاپىسىنىڭ: «بالام، ناخشىنى ئۇنداق ياڭ- رىتىپ ماڭساڭ بەك سەت تۇرىدىكەن. ئىشلارنىڭ چېغىدا بولغىنى ياخشى. ئۇنى ئېلىۋەتكەن بولساڭ» دېگەن گېپىنى يېرالماي ئۇنى ئېلىۋەتتى.

شەپكىسى بار،
كەپكىسى بار.
مەيلى كەتسەڭ كېتىۋەرگىن،
سەندەك ياردىن نەچچىسى بار.

بىر كۈنى مۇرات شۇ ناخشىغا ماس ھالدا گەۋدىسىنى ئالدى ـ ئارقىغا قىلىپ چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. بىرى ماشىنىنى توستى. ماشىنىغا يىرىك چاچلىرىنى كەينىگە چاپلاشتۇرۇپ دېگۈدەك تارىۋالغان، يۈزىدە ئازراق قىزىللىق بار، يېقىملىق چىراي بىر يىگىت چىقتى.

— نەگە؟

— شىنزەنگە.

مۇرات ئۇنىڭغا ئاستىرتىن قاراپ قويدى ۋە:

— شىنزەنگىمۇ ياكى ئۈستىگىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈستىگە.

«ئوينىغىلى مېڭىپسەن ـ دە» دەپ ئويلىدى مۇرات.

دېگەندەك، يىگىت يول بويىدىكى بىر قەۋەتلىك قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا توختاشنى ئېيتتى.

بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بۇ بىر قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى چىراغلىرى غۇۋا ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى.

ماشىنا توختىشى بىلەنلا بىر ئۆيدىن يېرىم يالىڭاچ دېگۈدەك بىر قىز تاماكا چەككىنىچە چىقىپ كەلدى ۋە ماشىنىدىكى يىگىتنى كۆرۈپلا:

— تۇرسۇنجان كەپتۇ، — دېدى خۇشال بولۇپ ۋە ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى، — خان ئاچا تۇرسۇنجان كەپتۇ.

قىزنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن مۇرات ئىچىدە: «ھۇ جالاپ» دەپ تىللىدى.

بۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پەيدا بولغان غەلىتە ئىستېماللىق جاي ئىدى. تۇرلۇك كەچۇرمىشكە ئىگە ياش قىزلاردىن

نەچچىسى بىر بولۇپ ياكى بىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، بۇ يەردىكى بىرنەچچە ئىغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالاتتى. بۇ يەردە ھاراق ئىچىش ئاساس قىلىناتتى. قىزلار كەلگەن مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچىشىپ بېرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ھاراق، تاماكىلار، سوغۇق سەي ۋە گۆش، توخۇ قورداقلىرى ئادەتتىكىدىن يېرىم ھەسسە، ھەتتا بىر ھەسسىگىچە قىممەت ئىدى. ئەمما، بۇ يەرگە كەلگەنلەر بۇنى بىلگەچكە غىڭ قىلمايتتى. بۇ قىزلارنىڭ ئىش ھەققىنى ھېسابلاش مۇرەككەپ بولۇپ، ئىچىلگەن ھاراقنىمۇ ئىش ھەققى ئايرىپ بېرىلەتتى. شۇڭا قىزلار «ئاق ھاراق ئىچىپ ئاسان مەست بولۇپ قالساق، سودا بولماي، كۆپ پۇل تاپالمايمىز» دەپ، قىزىل ھاراق ئىچەتتى. جىق بولۇپ قالسا مەجبۇرىي قۇسۇۋېتىپ، يەنە ئىچەتتى. ناۋادا بىرەرى قىزلارنىڭ ئەركىلەشلىرىدىن خۇش بولۇپ مەردلىكى تۇتۇپ سوغۇق ئىچىملىك بىلەن مېھمان قىلماقچى بولسا، قىممەت پۇللۇق ئىچىملىكلەرنى دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇلار يەنە قەستەنگە تاماكا چېكەتتى. بەزىدە سورۇندىكى تاماكىلارنى تىقىپ قوياتتى. بۇ ئاشخانىلارنىڭ تاماكا سېتىش ئىجازەتنامىسى بولمىغاچقا، تاماكىسى تۈگەپ قالغان خېرىدارلار تاماكىنى باشقا دۇكاندىن ئەكىلىشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما، بۇ يەرگە كەلگەنلەر باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قىزلارغا پۇل بېرىپ تاماكا ئەكەلدۈرەتتى. بۇنداق چاغدا قىزلار ھېلىقىدەك تىقىپ قويغان تاماكىلىرىنى ئەكىرىپ پۇلىنى چۆنتىكىگە سالاتتى. گاھىدا بەزى قىزلار كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بىرەرى بىلەن كېلىشىپ قالسا ياتاققىمۇ كېتىپ قالاتتى. ئۇ قىز ئەتىسى ئوبدان ناشتىلىق قىلغاندىن كېيىن، 50 ~ 100 كوي پۇل بىلەن قايتىپ كېلەتتى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ئۇنىڭ تاپاۋىتى ئىدى...

نەچچە يىلدىن بۇيان كىشىلەر بۇ يەرنى بەش قولدەك بىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرگە چەت كەنتتىكى دېھقانلاردىن تارتىپ شەھەردە ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلارغىچە، ئاددىي پۇقرالاردىن تارتىپ ئەمەلدارلارغىچە، يىگىتلەردىن تارتىپ بوۋايلارغىچە كېلەتتى.

هاراق ئىچەتتى، تانسا ئويناپ كۆڭۈل ئاچاتتى، ناشايان ئىشلار بىلەن دىلىنى شاد قىلاتتى. شۇڭا بۇ يەر تىلغا ئېلىنسا، بىلىدىغانلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشۇپ، ئارتۇق گەپ قىلىشمايتتى، ھەتتا بۇ تەرەپكە ھەققىقەتەن باشقا بىر ئىش بىلەن كەلگەنلەرمۇ تونۇشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا قورۇنۇپ كېتەتتى...

ئىشقىلىپ بۇ يەر ئادەمنى ساراسىمىگە سالاتتى، ئادەمدە غەيرىي خىيال پەيدا قىلاتتى. شۇڭا بۇ يەر شۇنىڭغا لايىق نام ئالدى. دەسلەپ بۇ رايون شەھەرنىڭ شىمالىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى بېكەتنىڭ نامى بىلەن «يېڭى بېكەت»، يەنى خەنزۇچە «شىنزەن» دەپ ئاتالدى. كېيىن بۇ يەرنىڭ رايون دائىرىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ «بېلىقكۆل» دەپ ئاتالدى. بۇ يەردىكى ئاشخانىلارنىڭ دېرىزىلىرىگە قىزىل پەردە تارتىلىپ چىراغ نۇرلىرى قىزىل كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، كېيىنچە يەنە «قىزىل چىراغ رايونى» دەپ ئاتالدى. ئاندىن كېيىن كىمدۇر بىرى بۇ يەرنى نېمە مەقسەتتىكىن «كالىفورنىيە» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ ناممۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە قوللىنىلدى. ئاخىرىدا بەزىلەر «ئۇ يەردە قىزلار بىلەن كۆڭۈل ئاچقىلى بولىدۇ» دېگەننى كۆزدە تۇتۇپ «تاكىراڭخانا» دەپ ئاتاشتى. بۇ نام ئۇ يەرگە خېلى جايىدا سىڭىشتى، مەنىسىمۇ دەل كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىلىدىغانلار «تاكىراڭخانا» دېگەن گەپ چىقسىلا چۈشىنىدىغان بولۇشتى. بۇ يەردە ئاشخانىلار كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نامى بار ئىدى. مەسىلەن، «خان ئاچا ئاشخانىسى»، «لەۋەن ئاچا ئاشخانىسى»، «كوموشلوك ئاينۇر ئاشخانىسى» دېگەندەك.

بۈگۈن مۇرات خېرىدار ئەكەلگەن ئاشخانا «خان ئاچا ئاشخانىسى» ئىدى.

تۇرسۇن دېگەن يىگىت يېنىنى ئاختۇرۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئەستا، ئىشتاننى ئالماشتۇرۇپ پۇلنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى تۇرسۇن. مۇرات بىر قاراپلا تۇرسۇننىڭ قەستەن قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەگەر تۇرسۇن ئۇششۇقلۇق قىلغان بولسا،

مۆرات بىر قاراپلا بىلىۋالاتتى. ئۇ چاغدا ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئالماي قويمايتتى. ئۇلار پۇل ئالغىلى شەھەرگە كىرىپ يەنە قايتىپ چىقاتتى. ئۇ چاغدا مۆرات ئون كوي تاپىدىغان يەرگە 30 كوي تاپاتتى. ئەمما، تۇرسۇندا ئەگرى نىيەت يوقتەك تۇراتتى. شۇڭا مۆرات:

— پۇلنى ئۇنتۇپ قالغان بولسىڭىز كېرەك يوق. كېيىنچە بېرىۋېتەرسىز، — دەۋەتتى.

— بەر دېسىڭىز ھازىرلا شەھەرگە بارايلى. لېكىنزە، شۇ تاپتا قىزلار ئولتۇرۇشنى تەق قىلىپ قويغان. بىرىپ - كەلگۈچە پەيزىنى ئۇچۇرۇپ قويىمىز، — دېدى تۇرسۇن كۈلۈپ. مۆرات ئىچىدىكىنى ئاسان سىرتقا چىقارمايدىغان يىگىت بولغاچقا، تۇرسۇننىڭ ئوچۇقلۇقىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

— بولدى، كېيىن ئۇچرىشىپ قالساق بېرىۋېتەرسىز.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— مۆرات.

— مۆرات، مۇنداق قىلساق قانداق؟ قارىسام خېلى مەرد يىگىتتەك كۆرۈنىسىز. باشقىلار بولىدىغان بولسا ياقامغا ئېسىلىشتىن يانمايدۇ. بولدى، كەچلىك كىرايىڭىزنى مەن بېرەي. مەن بىلەن ئولتۇرۇشۇپ بېرىڭ. بۈگۈن بۇ يەردىكى قىزلار مېنى مېھمان قىلماقچى. قارىسام يالغۇزسىراپ قالغۇدەكمەن. قانداق؟

مۆرات بىرنەرسە دېگۈچە ماشىنا يېنىغا زىلۋا بوي، چېچىنى سېرىق بويىۋالغان، قولىغا بىر ئىستاكان پىۋا كۆتۈرۇۋالغان بىر قىز يېتىپ كەلدى:

— تۇرسۇنجان، سىزنى بىرسى ماشىنىغا مىخلاپ قويمىغاندۇ؟

تۇرسۇن ماشىنىدىن ئالدىراپ چۈشتى ۋە قىزنىقچىلىق قىلىپ:

— سالام خان ئاچا، بۈيرۈق بويىچە مېھمان بولغىلى كەلدىم، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ھۆرمەت شارابىنى ئىچىڭ.

خان ئاچا قولىدىكى ئىستاكاننى تۇرسۇنغا سۇندى. تۇرسۇن پىۋىنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى.
— ئاشخانىمىزنىڭ بايۋەچچىسى، قېنى ئىچكىرىگە مەرھەمەت.
— خان ئاچا، بۇياق يېڭى دوستۇم، ئېغىر كۈندە ماڭا ئەسقاتقان مەرد دوستۇم مۇرات بولىدۇ.
— ئۇنداق بولسا دوستىڭىزنى باشلاڭ.
مۇرات گەرچە بۇنداق يەرگە كۈندە دېگۈدەك خېرىدار توشۇپ تۇرسىمۇ، كىرىپ باقمىغانىدى. پەقەت ماشىنىدا كەلگەن ياكى قايتقان كىشىلەردىنلا غىل - پال ئاڭلايتتى. بەزىدە يىگىتلەر بىلەن بىللە ياتاققا ماڭغان قىزلارنىمۇ ئۇچرىتىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ يەرگە بەك قىزىقاتتى، كىرىپ كۆرۈپ باققۇسى كېلەتتى. شۇڭا بۇ قىزغىنلىق ئالدىدا ئۇنىڭ شوخلۇقى تۇتۇپ قالدى. «ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن نېمىدىن ئەنسىرەيمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ، «تۇرسۇن دېگىنىنىڭ بۇ يەردە يۈزى چوڭ ئىكەن. خان ئاچا دېگىنى بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئالدىۋېتەرمۇ دەپ ئەنسىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.»
شۇ چاغدا خان ئاچا مۇراتقا قولىنى سۇندى:
— تونۇشۇپ قويايلى مۇرات. ئىسمىم گۈلئايىم. ئاددىي بولسىمۇ مۇشۇ ئاشخانىنى ماڭدۇرۇۋاتىمەن. بىردەم ئولتۇرۇپ مېڭىڭ.
مۇرات شۇنچە قىزىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئىككىلىنىۋاتاتتى.
— مېڭىڭە ئاداش. خۇشياقمىسا كېتىڭ.
مۇرات ئاخىر قوشۇلدى. ئۇ ماشىنىسىنى ئوبدان بىر يەردە توختىتىپ قويغاندىن كېيىن تۇرسۇنغا ئەگەشتى.
بۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئاشخانا بولۇپ، ئاشخانىنىڭ ئىچى سىرتىغا ئوخشاشلا ئاددىي ئىدى. ياندىكى كىچىك ئۆي ئاشخانا بولۇپ، كىرگەن ئۆيگە ئىككى شىرە قويۇلغان، دېرىزىگە پەردە تارتىلغان، تامغا چوڭايتىلغان رەسىم چاپلاپ قويۇلغانىدى. ئىچكىرىكى ئۆيگە

بىرئاز سىن بېرىلگەن بولۇپ، تامغا ئاددىي رەختتىن زەدىۋال تار-تىلغان، ئۆيگە ياغاچ قۇرۇلمىلىق كاڭ ئورنىتىلىپ، ئۈستىگە گىلەم سېلىنغانىدى. بىر تامغا خان ئاچىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىلغان، ئىشىكنىڭ يېنىغا سۇلياۋ گۈل ئورالغان ئەينەك بېكىتىلگەن بولۇپ، رەڭلىك تېلېۋىزور بىلەن VCD بۇ ئۆيگە ئالاھىدە تۈس بېغىشلىغانىدى. لېكىن، ئۆينىڭ بىر يەرلىرىدىن يەنىلا چاكىنىلىق چىقىپ تۇراتتى. گىلەمگە داغ چۈشكەن، گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىلەر ئاساسەن كۆيۈك، تامنىڭ ئۇ يەر – بۇ يېرىگە ئىسىملار بىلەن يانفون، چاقىرغۇ نومۇرلىرى يېزىلغان. ئۆيلەردىن ئۇمۇمەن دىماقنى ئېچىشتۇرۇدىغان ناچار ئەتىرنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئۇ يەردە تۇرغان ئۈچ قىز چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى. تۇرسۇن قىزلارغا قاراپ ھىجايغىنىچە ئۇڭ قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ ھەربىيچە سالام بېرىپ كاڭغا چىقتى. ئارقىدىن تەكلىپ بىلەن مۇراتمۇ كاڭغا چىقىپ تۇرسۇننىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. شىرەگە مېۋە – چېۋە، ئۈچ خىل سوغۇق سەي، ئاق ھاراق، تاماكا قاتارلىقلار قويۇلغانىدى.

— مەن بۈگۈن ئىككى ئىشنى ئۇقتۇرىمەن، — دېدى خان ئاچا، — بىرى، بۈگۈن تۇرسۇنجان بىلەن مۇراتنىلا كۈتىمىز. باشقا مېھمان قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئىشەكلەر بىر يەرگە كېتىپ قالىدىغان بولساڭلار ئەرگە تويغۇزىمەن، ئىككىنچىسى، بۈگۈن خاتىرجەم ئولتۇرىدىغان بولغىنىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز ئاق ھاراق ئىچىمىز. پىۋا، قىزىل ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ. تۇرسۇنجان يېشىل چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، شۇ باھانىدە ھەممەيلەنگە سوغۇق ئىچىملىك بار. بولدى، تاماق چىقسۇن.

بۇنىڭغا مۇرات ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئاڭلاپ بىلىشىچە، بۇنداق يەردە تىللاش، بىر – بىرىنى ئالداش، قۇرۇقتىن – قۇرۇق ھاراق ئىچىشلا بار ئىدى.

مۇرات دەسلەپ قورقۇنۇپ ئولتۇردى. كېيىن قىزلارنىڭ ئاق هاراقنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىشىنى، هە دېسە ياپتا گەپلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشىنى كۆرۈپ ئېچىلدى، تارتىنىشىمۇ تۈگىدى. هاراق رومكىسى تەكەللۇپ ئىچىدە ئايلىنىپ سورۇن ئاخىر قىزىدى. بىر چاغدا چېچىنى ئىنچىكە، تال ـ تال قىلىپ بۇدرە قىلدۇرۇۋالغان ئامىنە ئىسىملىك قىز ئىككى رومكىنى ئېلىپ بىرىنى مۇراتقا سۇندى:

— سىز بىلەن يېڭى تونۇشتۇق. تارتىنچاق يىگىت ئىكەنسىز. سىز بىلەن ئىچكۈم كەلدى.

ئۇلار ئەمدى رومكا سوقۇشتۇرۇپ تۇرۇۋېدى، خان ئاچا:

— ئامىنە پىجۇ، يېڭى دوستۇڭغا سوۋغىتىڭ يوقمۇ؟ — دېدى.

— بار، — دېدى ئامىنە كۈلۈپ، — هازىر ئېغىز سوۋغىتى، ئەگەر ئەپلىشىپ قالساق سەل تۇرۇپ لەۋ سوۋغىتى بار. هازىرچە ئېغىز سوۋغىتى قىلىپ تۇراي. هە مۇراتجان، بۇ دېگىنىم يۇمۇر جۇمۇ. بۇرۇنقى زاماندا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق پادىشاهنىڭ بېغىغا كىرىپ سۆيۈشۈۋاتقاندا نۆكەرلەر تۇتۇۋاپتۇ ۋە بۇنى پادىشاهقا مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاه غەزەپلىنىپ: «بۇ بىهاياالارنى ئېغىر جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلايلى» دەپ ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىت بىلەن قىز: «بىز هەقىقەتەن بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرەتتۇق. بىزنى كەچۈرۈپ، مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەن بولساڭلا» دەپ پادىشاهقا يېلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلىغان پادىشاه پەسكويغا چۈشۈپ: «سىلەر بىر ـ بىرىڭلەرنى هەقىقەتەن شۇنچىلىك ياخشى كۆرەمسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. قىز بىلەن يىگىت قەسەم ئىچىپتۇ. «ئۇنداق بولسا مەن سىلەرنى سىناپ باقاي» دەپتۇ پادىشاه، «بىرىڭلەر يەنە بىرىڭلەرنىڭ پوقىنى يەڭلەر. ئاندىن مەن سىلەرگە ئىشىنىپ ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىمەن.» بۇنى ئاڭلىغان قىز بىلەن يىگىت ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ماقۇل بوپتۇ ۋە مەسلىهەتلە-

شىپ، قىز تەرەت قىلىدىغان، يىگىت يەيدىغان بوپتۇ ۋە شۇنداق قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇلارنى قويۇۋېتىپتۇ. يولدا كېلىۋېتىپ قىز قارىسا يىگىتنىڭ چىرايى تورۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن قىز: «كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. مانا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ سىزنىڭ مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىۋالدىم. سىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمەن» دەپتۇ. «ئۇنىڭغا كۆڭلۈم يېرىم بولمىدى. سىزنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسام» دەپتۇ يىگىت. «ئۇنداقتا نېمىگە خاپا بولدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ قىز. يىگىت مۇنداق دەپتۇ: «يەيمەن دېسەم شۇنچىۋالامۇ جىق چىچامسىز؟»

بۇ يۇمۇرغا ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشتى. مۇراتمۇ كۈلۈپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ئامىنە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ مۇراتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئىككىمىز ئوبدان تونۇشۇۋالايلى، — دېدى ئۇ كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.

— ئامىنە پىجۇ، مۇراتنىڭ ماشىنىسىنى كۆزلەپ يېقىنچىلىق قىلىۋاتىسەن ـ ھە؟ — دېدى بىر قىز.

— ھەممە ئادەم ساڭا ئوخشىمايدۇ. بەزىدە كۆڭۈل خالايدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ.

— بولدى تالاشماڭلار، مۇراتنىڭمۇ ئەقلى بار. ئامىنە پىجۇ بىلەن مىجەزى كېلىشىپ قالسا، بىز بۇنىڭغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىمىز. قېنى، ھەممىمىز بىر رومكىدىن ئىچەيلى. رومكا يېتىشمىسە چىنىگە قۇي.

ھەممىسى بىر رومكىدىن ئىچىشتى.

— كېلىڭە تۇرسۇنجانىم، — دېدى خان ئاچا ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى، — چىڭ قۇچاقلىشىپ تانسا ئوينايلى.

ئۇلار ھەممەيلەننىڭ كۆزىچىلا قۇچاقلىشىپ دىگۇدەك تانسا

ئوينىغىلى تۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى «تانسا ئويىنىدى» دېگەندىن، «قۇچاقلىشىپ مىدىرلاۋاتىدۇ» دېگەن تۇزۇك ئىدى. مۇرات بۇنىڭدىن سەل خىجىللىق ھېس قىلدى. بىراق، باشقا قىزلار بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن چېغى، ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ئۆز پارىڭى بىلەن ئولتۇردى.

— قوپۇڭە، بىزمۇ ئوينايلى، — دېدى ئامىنە.

مۇرات ئورنىدىن تۇردى. قىزدىن كېلىۋاتقان خۇشپۇراق مۇراتنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، تېنىدە شېرىن سېزىم پەيدا قىلدى. مەستلىككە قوشۇلغان بۇ سېزىم مۇراتنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدى. مۇرات قىزنى ئۆزىگە تارتتى. قىز خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك مۇراتقا چاپلاشتى. مۇراتنىڭ بەدىنى ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

— ئىككى قولىڭىز بۇ يەردە تۇرسا، باشقا بىر قولىڭىز مىدىرلىغىلى تۇردىغۇ، — دەپ شىۋىرلىدى ئامىنە. مۇرات قىزنىڭ كەتتى ۋە بەدىنىنى بىر ئاز كەينىگە تارتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئامىنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇرات ئۆزىنى ئوڭشاشقا تىرىشتى:

— خاپا بولماڭ، نېمىشقا سىزنى «پىجۇ» دەيدۇ؟

— بۇرۇن پىۋا ئىچىشتە يىگىتلەردىن قېلىشمايتتىم. بىر ئولتۇرۇشۇمدا 13 بوتۇلكا پىۋا ئىچەلەيتتىم.

بۇنىڭغا مۇرات ھەيران قالدى.

تانسا ئاخىرلاشتى.

— ئۇسسۇل قىزلارا!

جاھانغا پاتمىغان سەكە،
قازانغا قانداق پاتقانسەن؟
قازانغا پاتساڭمۇ پاتقانسەن،
تۇۋاقنى قانداق ياپقانسەن؟

سورۇن تۈگىگەندىن كېيىن تۇرسۇن مۇراتنى بىر چەتكە تارتـ

تى:

— مۇرات، مەن ھازىر خان ئاچا بىلەن ياتاقتا بارىمەن. ئامىدىنەنىڭ سىزگە مەيلى باركەن. قانداق قىلىسىز؟ بىز بىلەن ياتاقتا بارامسىز؟

ئىچىدىكى ۋەسۋەسە تېخىچە تۈگىمىگەن مۇرات:

— باراي! — دەۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇرات تۇرسۇن بىلەن ئوبدان ئاغىنە بولۇپ قالدى. تۇرسۇن گەرچە ئۆزىدىن چوڭ بولسىمۇ، كېلىشىپ قالغاچقا ئۇدۇللا «تۇرسۇنجان» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەندى. شۇ ئاخشامقى لەززەت مۇراتنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تۇرسۇن بىلەن ئۇ يەرگە پات ـ پاتلا چىققۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. تۇرسۇن قۇمتاش يېزىلىق مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى بولۇپ، قوشۇمچە بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭا ئۇ ئىقتىسادتىن قىسىلىپ قالمايتتى، «مائاش ئاز» دەپ قاقشىمايتتى، مەرد ئىدى. مۇرات كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق ئولتۇرۇشتا تۇرسۇننىڭ خان ئاچا بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى، خۇددى ئەر ـ خوتۇنلاردەك يۈرۈيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ يەردىكى قىزلارنىڭمۇ تۇرسۇننى چوڭ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدى. مۇرات ئىچىمىشقىدۇر تۇرسۇنغا ھەۋەس قىلىپمۇ قالدى.

بىر جۈمە كۈنى تۇرسۇن مۇراتقا تېلېفون بەردى:

— ئاداش، بۈگۈن مائاشىم چىققانىدى. قىزلار مېھمان قىلىشىمنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. بىللە بېرىشىپ بەرگەن بولسىڭىز.

— چاتاق يوق.

— ئۇنداقتا كەچتە كۆرۈشەيلى.

كەچلىكى ئۇلار تاكىراخانا تەرەپكە چاپتى.

— قىزلار سىزنىڭ مائاشىڭىزنى قانداق بىلىدۇ؟

تۇرسۇن كۈلدى:

— بەك يېقىن بولۇپ كېتىپ دېيىشمىگەن گەپ قالمىدى دەڭە. ئۇلار مائاشىمنىڭ قاچان چىقىدىغانلىقىنى، قانچە پۇل كېلىد-

دىغانلىقىنى بىلىدۇ.

— راست، سىز خان ئاچا بىلەن بەك يېقىن ئۆتىدىكەنسىز.

— مۇرات، سىزنىڭمۇ مىجەزىڭىز قىزلارغا بەك يېقىپ قالدى. بولسا كۆڭلىڭىز چۈشكەن بىرەرى بىلەن ئارىلىشىۋالسىڭىز ئوبدان بولاتتى.

— قېنى قاراپ باقاي. تەبىئىي بولۇپ قالسا... تۇرسۇنجان، نېمىشقا ئۇ يەرنى «تاكىراڭخانا» دەپ ئاتايدۇ؟

— ئوينايدىغان قىزلار كۆپ دەڭە. شۇڭا شۇنداق ئاتالغان. ئۇ يەردىكى قىزلارنىمۇ «تاكىراڭ» دەپ ئاتايدۇ. قىسقىسى، «جالاپ» دېگەن گەپ.

بۇنى ئاڭلىغان مۇرات: «جالاپ بولسا نېمانچە ئارىلىشىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. تۇرسۇن خۇددى ئۇنىڭ ئويلىغىنىنى بىلىۋالغاندەك:

— ئۇلارمۇ ئادەم، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى بار. هازىر ئاشنا ئوينايدىغانلار جىققۇ. ئاشنىلار يوشۇرۇن ئوينايدۇ، تاكىراڭلار ئوچۇق ئوينايدۇ. ھەممىسى ئوخشاش جالاپ. لېكىن «تاكىراڭ» دەپلا بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئادەم، چىشىنى چىشلەپ ياشايدۇ. بەزىلەر ئامالسىزلىقتىن شۇ يولغا كىرىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز، كۆڭلىمىز تارتسا ئارىلىشارمىز. ئەمەلىيەتتىنغۇ «جالاپ» دېگەن گەپ «جەلپ» دېگەن گەپ. بۇ «جەلپ قىلغۇچى» دېگەن گەپقۇ. شۇنداق، ئۇلار باشقىلارنى جەلپ قىلىۋاتامدۇ. قىزىق يېرى، بۇ قىزلارنى تىللىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى ئويناپ بولۇپلا «جالاپ» دەپ تىللايدۇ ئەمەسمۇ. مېنىڭچە ئۇنداقلارنىڭ ئۆزىمۇ جالاپ.

تۇرسۇننىڭ گەپلىرى مۇراتنى بەك ھەيران قالدۇردى. شۇڭا مۇرات بۇ گەپلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئاڭقىرالمىدى.

— تۇرسۇنجانىم، ئەجەب سېغىندۇردىڭىز، — دېدى خان ئاچا تۇرسۇننى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، — دىدارلاشمىغىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ.

مۇرات ھە دەپ ئەتراپقا قارىغىلى تۇردى. بىراق ئامىنە كۆ-

روٴنمەيتتى.

— توٴرسوٴنجانىم، بوٴگوٴن بوٴ قىزلارنى نېمە بىلەن مېھمان قىلىسىز؟

— خالىغانچە بولسوٴن، خان ئاچا.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، يايراڭلار. لېكىن ھەي مادىلار، چەكتىن ئاشوٴروٴۋەتمەڭلار. ئوٴ دېگەن توٴرسوٴنجانىم.

قىزلار چوٴرقىراشقىنىچە يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنى بوٴيروٴتوٴشقا باشلىدى. شوٴ ۋاقىتتا توٴرسوٴن موٴراتقا يېقىن سوٴروٴلوٴپ:

— ئامىنە يوٴرتىغا كېتىپتوٴ. بوٴگوٴن سىزگە غوٴلجىدىن كەلگەن ئاۋوٴ قىرقىم چاچ قىزنى تونوٴشتوٴروٴپ قويغوٴدەك. ئىسمى روٴقىيە. شوٴڭا ئامىنەنىڭ ئىسمىنى چىقارماڭ.

بوٴ گەپنى ئاڭلاپ موٴرات ئازراق مەيوٴسلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن روٴقىيەگە قاراپ كوٴڭلى تەسكىن تاپتى. روٴقىيە ئوماق قىز ئىدى. يېشىمۇ ئامىنەدىن كىچىكتەك قىلاتتى. شوٴڭا موٴرات بېشىنى لىڭشىتتى.

سوروٴن يەنە قىزىپ كەتتى. موٴرات روٴقىيە بىلەن توختىماي تانسا ئوينىدى. خان ئاچا بولسا توٴرسوٴننىڭ بېقىنىغا كىرىۋالغانىدى. بىر چاغدا خان ئاچا بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى، باياتىندىن بېرى ئوٴلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتوٴرغان كوٴكسى تولىمۇ چوڭ قىز توٴرسوٴننىڭ يېنىغا كەلدى. كەيپ بولوٴپ قالغان توٴرسوٴن ئوٴ قىزنىڭ كوٴكسىنى سىلىدى، قىز نازلاندى. توٴرسوٴن ئوٴنى قوٴچىقىغا ئېلىپ ئەمدى سوٴيوٴپ توٴروٴۋېدى، خان ئاچا كىرىپ قالدى. قىز ئورنىدىن ئىتتىك توٴروٴپ كەتتى. ئەمما، خان ئاچىنىڭ چىرايى توٴتوٴلوٴپ كەتكەنىدى.

— قوپە ئېشەك، — دەپ ۋارقىرىدى خان ئاچا، — شوٴ تاپتا ئىشىك ئالدىدا بىر شاپىبوٴروٴت سوٴيدوٴك پوٴراپ توٴروٴپتوٴ. بەك دىغىراپ كەتكەن بولساڭ، شوٴنى چاقىرىپ بېرەي.

— نېمە ئاچچىقلايسىز خان ئاچا؟ — دېدى ئوٴنىڭ مىجەزىنى

بىلىدىغان قىز سەل قورقۇپ، ــ تۇرسۇنجان يا سىزنىڭ ئېرىڭىز بولمىسا.
ــ ئېرىم قانداق؟ ــ دېدى خان ئاچا. ئاندىن تۇرسۇنغا قاردى، ــ قانداق دېدىم ئېرىم.
ــ توغرا، ــ دەپ كۈلدى تۇرسۇن ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ــ كېلىڭە خوتۇن.
خان ئاچا بېرىپ تۇرسۇننىڭ قۇچىقىغا چىقتى.
ــ تۇرسۇنجانىم، مېنى ئالسىڭىز بولمامدۇ؟
ــ بولىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە.
ــ ئىشقىلىپ سىزگە تەگكىنىم تەگكەن.
ــ ئىككى خوتۇن ئېلىشقا قانۇن يول قويمايدۇ.
ــ خوتۇنىڭىز بىلەن ئوبدان ئۆتمىگەندىكىن، ئۇنى قويۇۋېتىپ مېنى ئالسىڭىز بولمامدۇ؟
ــ ئالدىراپ ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ۋاقتى كەلسۇن دېدىمغۇ.
بىكار ئولتۇرۇپ قالغان ھېلىقى قىز گەپكە ئارىلاشتى:
ــ تۇرسۇنجان، خان ئاچام بىكار تۇرسىمۇ تۇرىدۇ، ئەپ قويۇڭە. ئۇنى پۇلغا ئالمىغاندىكىن، ئىشلەتسىڭىز ئىشلەتمەرسىز، بولمىسا بىر چەتكە تاشلاپ قويسىڭىز تۇرمامدۇ، تاقاشمىغاندىكىن.
ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. خان ئاچا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:
ــ ھۇ ئەر بالاسى، تۇرسۇنجانغا زادى بىر سۇۋاشقۇڭ بارغۇ سېنىڭ، ــ دېدى. ئاندىن، ــ ماڭ، مېھمان كېلىدىغان ئوخشايدۇ. نېرىقى ئۆيگە چىق. مەن ساڭا دەپ قويااي، ئاق ھاراق ئىچمە جۇمۇ. ياتاقتا بارماقچى بولساڭمۇ ئەپتىگە، يانچۇقىغا قاراپ ماڭارسەن، ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى.
ئۇ قىز تۇمشۇقىنى ئۇچلىغىنىچە چىقىپ كەتتى.
بۇ چاغدا مۇرات رۇقىيەنىڭ قولىقىغا پىچىرلاشقا چۈشۈپ

كەتكەن بولۇپ، ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقا چولىسى يوق ئىدى. شۇ كېچىسى مۇرات رۇقىيەدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيلا قالدى...

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مۇرات تۇرسۇنغا تېلېفون بەردى:

— تۇرسۇنجان، بۈگۈن خان ئاچىنىڭكىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كەلسەك بولامدۇ؟

— مەنمۇ ئەمدى سىزگە تېلېفون بېرەي دەپ تۇرغان. بۈگۈن گۈلئايىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى.

— گۈلئايىم؟

— خان ئاچىچۇ؟

— ھە، «خان ئاچا» دەپ ئۆگىنىپ قالغاندىكەن، دەرھال يا-دىمغا ئالالمىدىم.

— خان ئاچا «كۆك ئالما تېز تاماقخانىسى»نىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئايرىمخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەرلەردىن بىرنەچ-چىمىز باركەنمىز. شۇڭا باشقا ئىش ئورۇنلاشتۇرماڭ. يەنە بىر گەپ، مەن سوۋغات ئالمىسام بولمايدۇ. سىزنىڭ ئىختىيارىڭىز.

— ماقۇل.

مۇرات كەچلىك ئولتۇرۇشنى ئويلاپ «چوقۇم قاتتىق قىزىپ كېتىدۇ» دەپ پەرەز قىلىپ، خۇش بولۇپ كەتتى. ئاندىن نېمە سوۋغات ئېلىشنى ئويلىدى. ئۇ ھازىرغىچە پەقەت پەرىدەگىلا سوۋغات ئېلىپ باققانىدى. شۇ چاغدا پەرىدەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. مۇرات ئۇ چاغدا كۆپ ئويلانمايلا پەرىدەگە دالىي كارنىگىنىڭ «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دېگەن كىتابىنى تەقدىم قىلغانىدى. ئەمما خان ئاچىغا كىتاب سوۋغا قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە. بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈندى: «تۇۋا، پەرىدەگە شۇنچىلىك كۆيۈ-گىنىمنى دەيمەن. مۇنۇ رۇقىيە ئۇنىڭدىن كۆپ چىرايلىققۇ. فىگۇ-رىسىمۇ قاملاشقان. لېكىن پەرىدەنىڭ كۆيۈكى باشقىچە كۆيۈك ئىدى.»

مۇرات كۆپ ئويلىنىپ چىرايلىق بىر چەينەك سېتىۋالدى. كەچلىكى ئۇ تۇرسۇن بىلەن سورۇنغا بارغاندا خان ئاچا باش-

لىق تۆت قىز گۈلدەك ياسىنىپ ئولتۇرۇشقانىدى. رۇقىيە بۈگۈن ئېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇراتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە بوينىغا گىرە سېلىۋالدى:
— ۋاي مېنىڭ گېپى ئاز، ھەربىكتى كۆپ مۇراتىم.
— ھاي، ھاي، — دېدى خان ئاچا، — ھايا، ھايا. بۇ بىزنىڭ ئاشخانا ئەمەس جۇمۇ. تولا ئىناۋەتنى تۆكمەڭلەر.
قىزلار سوۋغاتلارنىڭ ئېمىلىكىنى سوراشتى. مۇراتنىڭ سوۋغىتى خان ئاچىغا بەك ياراپ كەتتى.
— بىر نەرسىلەرگە شۇنداق دىققەت قىلىسىز جۇمۇ مۇرات، تۇزۇك چەينىكىم يوق، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يۈرەتتىم. رەھمەت سىزگە، — دەپ ماختىدى خان ئاچا.
سەلدىن كېيىن يەنە ئىككى مېھمان كەلدى. ئۇنىڭ بىرى مەركىزىي بازاردا قۇرۇق يەل ـ يېمىش ساتىدىغان سودىگەر، يەنە بىرى شەھەردىكى مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇلار مۇرات خان ئاچىنىڭ ئاشخانىسىدا پات ـ پاتلا ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان، دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان كىشىلەر ئىدى.
مۇدىرنى كۆرۈپلا بىر قىز ۋارقىرىدى:
— ساۋۇت شوجاڭ كەلدى!
ساۋۇت مۇدىرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:
— ھاي، ھاي، ۋارقىرىماڭ. خەق ئاڭلىسا...
— نېمە قورقىسىز ساۋۇت شوجاڭ، ھەممىمىز ئۆز تۇرساق.
— سىرتتىكىلەر ئاڭلاپ قالسا بولمايدۇ ـ دە. ھېلىمۇ ئاران كىردىم بۇ يەرگە.
— ھۆيت شوجاڭ، — دېدى خان ئاچا قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — قىزلىرىمنى پوكىنىڭىزغا بېسىپ چىرقىراتقاندا ئەجەب باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيسىز، تاماق يېگەننى باشقىلار كۆرسە نېمە بولىدۇ؟
ساۋۇت مۇدىر مۇرات بىلەن تۇرسۇنغا قاراپ بىئەپ ھېس قىلدى بولغاي:

— هاي، هاي، قاراپ گەپ قىلىڭىزلار، — دېدى.
— ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاشلا، — دېدى ھېلىقى قىز، — بۇ يەردە يوشۇرىدىغان ئىش يوق. يوشۇرىدىغان ئىش ياتاقتا تۈگىگەن.
— بولدى، بولدى، — دېدى سودىگەر، — خۇشال كۆڭۈلدە خۇشال ئولتۇرايلى.
شۇنىڭ بىلەن سورۇن باشلاندى. رومكا بىرنەچچە ئايلانغاندىن كېيىن، سوۋغاتلار خان ئاچىنىڭ ئالدىغا تىزىلدى. سودىگەر رومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:
— مەن خان ئاچىنىڭ بۈگۈنكى قۇتلۇق تۇغۇلغان كۈنىگە بېرىدىغان سوۋغامنى باشلىدىم. بىرىنچىسى مەنىۋى سوۋغا، ئىككىنچىسى ماددىي سوۋغا. بىر مۇساپىر يولدا كېتىۋېتىپ قورسىقى ئېچىپ كەتكەندە بىر توپ ئۆرۈك دەرىخىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۆرۈكلەر تازا مەي باغلاپ پىشقانىكەن. مۇساپىر ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي دەرەخكە چىقىپ ئۆرۈك يېگىلى تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۆرۈكنىڭ ئىگىسى موماي كېلىپ قاپتۇ ۋە ھېلىقى مۇساپىرنى كۆرۈپ: «چۈشە ھۇ پەس، نېمىشقا ئۆرۈكۈمنى يەيسەن» دەپ تىللاپتۇ. «مەن مۇساپىر، قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپ چىدىيالمىدىم، كەچۈرسىلە» دەپتۇ مۇساپىر. «مېنى ئاجىز كۆرۈپ بوزەك قىلماقچىمۇسەن» دەپتۇ موماي يەنە تىللاپ. «مېنى تىللىمىسىلا، بولدى، يېگەن ئۆرۈكنى تۆلەي» دەپتۇ مۇساپىر. «سەن پەس مېنى ئالداۋاتىسەن. ھۇ پوقيۇز» دەپ بولۇشىغا تىللاپتۇ موماي. بەك ئاچچىقى كەلگەن مۇساپىرمۇ: «بولدى قىلە قېرى دەللە، ئەمدى تىللايدىغان بولساڭ بىر نېمە قىلىۋېتىمەن بىكار» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان موماي دەپتۇ: «چۈشە بالام، ئاغزىڭ بىزەپ بولغان بىلەن نىيىتىڭ ياخشى ئىكەن.»
بۇنى ئاڭلىغان قىزلار بېقىنلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كېتىشتى.
— مەن بۇ يۇمۇرنى سىلەرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن 30 كويغا سېتىۋالدىم، — دېدى سودىگەر ماختىنىپ.
— ھە، شوجاڭنىڭمۇ مەنىۋى سوۋغىسى باردۇ؟

ساۋۇت مۇدىر تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەمدى سۆزلىمەكچى بولۇۋېدى، يانفونى سايرىدى. ساۋۇت مۇدىر يانفونىنىڭ ئېكرانىغا قارىغاندىن كېيىن «ئايالىم ئىكەن» دەپ سورۇندىكىلەرگە قاراپ گەپ قىلماسلىققا ئىشارەت قىلدى. ئاندىن تېلېفوننى ئالدى:

— ۋەي، ئۆيدىمۇ سىز؟ مەن بىرنەچچە مۇئەللىم بىلەن تاماقتا. بىر ئوقۇتقۇچىنى قوش تىل بويىچە تەربىيەلەشكە چىقارماقچىدۇق. شۇنى مۇزاكىرىلىشىدىغان ئىشىمۇ بار. شۇڭا كەچ قېلىشىم مۇمكىن. ماقۇل ئەمىسە.

— مانا رۇخسەت ئېلىندى. ئەمدى كەچكىچە نوختىسىنى ئۈزۈۋالغان ئېشەكتەك نەمۇ نە يۈرۈيدىغان بولدىڭىز ـ دە.

— ئېشەك بولامدۇ، تەخەي بولامدۇ، يۇمۇرنى سۆزلىسۇن.

— هە، باشلىدىم ئەمىسە. بىر ئەر كىشى باشقا شەهەرگە بېرىپتۇ. كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بەك سىيگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كىشىدىن هاجەتخانىنىڭ نەدىلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى قوپال ئادەمكەن. شۇڭا ئۇ ئۇدۇللا دەپ بەرمەي: «ئا دوقمۇشتىن ئۆتسەڭلا ئۆزى پۇرايدۇ» دەپتۇ.

يۇمۇرنىڭ ئەگىتمە مەزمۇنى، ساۋۇت مۇدىرنىڭ تەلەپپۇزى، چىراي ئىپادىسى ئولتۇرغانلارنى تازا كۈلدۈردى. ساۋۇت مۇدىر يەنە داۋام قىلدى:

— شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئالدىراپ هاجەتخانىغا بېرىپ،هەمىيېنىدىن ئىككى موچەننى ئىزدەۋاتسا، بىر ئايال ئالدىراش كېلىپ ئۈچ موچەننى بېرىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇ كىشى هەيران بولۇپ هاجەتخانىغا قاراۋاتقان كىشىدىن: «مېنىڭدىن ئىككى موچەن ئالدىڭىز، ئەجەب ئۇ ئايالدىن ئۈچ موچەن ئالدىڭىزغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ئايال كىشى دېگەن چاچىرىتىپ سىيىدۇ» دەپتۇ هاجەتخانىغا قارىغۇچى.

هەرخىل بىزەپ يۇمۇر، تانسا، ئۇسسۇللار بىلەن سورۇن بىر يەرگە بارغاندا خان ئاچا رومكىسىنى كۆتۈرۈپ دەلدەڭشىگىنىچە

ئورنىدىن تۇردى:
— مۇشۇنداق خۇشال كۈنده مەن بىر ئىشنى جاكارلىماقچى، بۇ يىل، يەنى 2007 ـ يىلى ئاياللار بايرىمىغىچە مەن تۇرسۇنجا-نىم بىلەن توي قىلماقچى.
بۇ جاكار بىلەن سورۇن قايناپ كەتتى:
— مۇبارەك بولسۇن!
— خان ئاچام ئاخىر مۇرادىغا يېتىدىغان بولدى.
— بەختلىك بولۇڭلار!
— سىلەرگە بەخت تىلەيمىز!
رۇقىيە مۇراتقا شىۋىرلىدى:
— ئەمدى سورۇن بۇزۇلدى. غىپپىدە ياتاققا قاچامدۇق.
— مەيلى.
كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى. مۇرات بارا ـ بارا تۇر-سۇندىن باشقىلار بىلەن ئانچە بەك ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالدى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇرات تۇرسۇنغا تېلېفون بېرىپ ئالالمى-دى. تۇرسۇننىڭ يانفونى ئېتىك بولۇپ، ئىككى كۈنگىچە ئېچىل-مىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن مۇرات ئىچى پۇشۇپ ماشىنا ھەيدەش خۇشياقماي تۇرغاندا يانفونى سايرىدى. ئۇ خان ئاچا ئىدى.
— مۇرات، سىز يالغۇزمۇ؟
— ھەئە.
— تۇرسۇنجانچۇ؟
— ئۇنى كۆرمىگىلى بىرنەچچە كۈن بولدى. يانفونى ئىزچىل ئېتىكلا.
— مەنمۇ تېلېفونىنى ئالالمايۋاتىمەن. يا بۇ يەرگە كېلىپ باقمىدى.
— نېمە بولغاندۇ؟
— بىرەر چاتاق چىقمىغاندۇ؟
— مەنمۇ بىلەلمىدىم. ئاشخانىغا كەلگەن بولسىڭىز، بىللە سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولساق.

— بولىدۇ.
مۇرات بىردەمدىلا ئۇ ئاشخانىغا باردى.
— بەك تىتىلداپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى خان ئاچا ئۇزمەي تاماكا چېكىپ، — تۇرسۇنجاننى ئۆيگىچە بېرىپ ئىزدەپ باق-ساق. تېپىشىپ بەرسىڭىز، مېھمان قىلىمەن. ياتاق ئېلىپ بېرد-مەن.
— يۇرۇڭ ئىزدەپ باقايلى.
— مەن تەييارلىق قىلىپ چىقاي.
مۇرات مەغرۇر كۈلدى: «باشقىلار قىزلارنى بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ مېھمان قىلىپ، ئاندىن يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ياتاققا ئا-پىرىدىكەن. يەنە تېخى بىرمۇنچە پۇل بېرىدىكەن. مەنچۇ؟ مېھ-ماندارچىلىق بىكارلىق، قىز بىكارلىق، بەزىدە ياتاق مۇشۇنداق بىكارلىق. بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان ئىش بارمۇ؟»
خان ئاچا چىقتى. ئۇ ئوغۇل بالىدەك ياسىنىۋالغانىدى. خان ئاچا تۇرسۇننىڭ ئۆيىگىچە بېرىپ ئىزدەش قارارىغا كەلگەن بول-غاچقا، ئېھتىيات قىلىپ مۇشۇنداق ياسىنىۋالغانىدى. خان ئاچى-نىڭ كەينىدە باشقا بىر قىز تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن مۇرات «رۇقى-يە قېنى؟» دەپ ئىشارەت قىلدى.
— جىم تۇرۇڭ، رۇقىيەنىڭ پەمىدۇر قىيامى قايناپ كېتىپ-تۇ. ئۇنى ئاپارغاننىڭ پايدىسى يوق، — دەپ شىۋىرلىدى خان ئا-چا.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېڭىپ كەتتى. خان ئاچا قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولغاچقا، مۇرات ئۇلارنى تۇرسۇننىڭ مەھەل-لىسىگە باشلاپ باردى. ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى يورۇق بولغاچقا، مۇرات ئېھتىيات قىلىپ ماشىنىنى نېرىدا توختىتىپ قويۇپ، تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە كىردى. خان ئاچىنىڭ پەرەز قىلغىنى توغرا بولۇپ چىقتى. تۇرسۇن ئۆيىدە ئىدى.
تۇرسۇن مۇراتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. تۇرسۇننىڭ ئايالى ئوچۇق چىراي ئاچمىدى.

— تۇرسۇنجان، سىزنى بىر خېرىدار بەك ئىزدەپ كېتىۋېدى، ئۇنى باشلاپ كەلدىم. ئۇ خېلى كۆپ قوي ئالىدىغان ئوخشايدۇ. چىقىپ كۆرۈشۈپ باقامسىز؟

گەپنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن تۇرسۇن:

— ئەتىگەن كەلسە بولمامدۇ، — دەپ غۇدۇرىغىنىچە سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئۇلارغا سوغدىشىپ سىرتقا ماڭدى. بۇنى كۆرگەن تۇرسۇننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

ئايالى ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇردى. ئۇلار ماشىنا يېنىغا بارغاندا ماشىنىدىن بىر «يىگىت» چۈشتى. بۇنى كۆرگەن ئايالى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تۇرسۇن ماشىنىدىن چۈشكەن يىگىتكە سىنچىلاپ قاراپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ماشىنىغا چىقىڭ تۇرسۇنجانىم، — دېدى خان ئاچا. تۇرسۇن ماشىنىغا چىقىشى بىلەنلا خان ئاچا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— شۇنداقمۇ يوقاپ كېتەمسىز جېنىم؟ سىزنى كۆرگۈم كېلىپ ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم. يا تېلېفون قىلمايسىز، يا قارىغىزنى كۆرسەتمەيسىز. يانفونىڭىزغا بىرەر يۈز قېتىمدەك تېلېفون قىلغاندىمەن. پالان دەپ قويسىڭىز نېمە بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ. ئىككى كۈن بولدى گېپىمدىن غىزا ئۆتمىدى. قارىڭە بولۇپ قالغان ھالىمنى.

— خاپا بولماڭ، — دېدى تۇرسۇن.

— دەڭە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئىككىمىزنىڭ ئىشى ئايالىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالغان چېغى. نەچچە كۈن بولدى، ئۆيدە كۈندىلا جېدەل. كەچلىكى بولسا مېنى سىرتقا چىققىلى قويمايۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ بىز بىلەن نېمە كارى. تازىمۇ... قويۇۋېتىڭە ئۇنى.

— ھېچ پۇرسىتى كەلمەيۋاتىدۇ.

— سىز مېنى گوللايمەن دېمەڭ. ئىشقىلىپ بۇ ئۆمرۈمدە سىز بىلەن بىر قېتىم توي قىلىمەن.

— نەگە بارىمىز؟ — سورىدى مۆرات گەپىنىڭ بەك چوڭقۇرلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ.

— تولۇنئاي مېھمانخانىسىغا. كەچلىك بازاردىن يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسە ئېلىۋالايلى.

ماشىنا چوڭ يولغا چىقتى.

ياتىدىغان چاغدا ھېلىقى قىز مۆراتنىڭ قولىقىنى بوش چىشلەپ:

— رۇقىيە سىزنى بەك قىزغىنىدۇ، — دېدى.

مۆرات ئارتۇق گەپ قىلماي قىزغا تاشلاندى.

بۇ ئاشخانىلاردا خېرىدار يوق كۆنلەرمۇ بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، توي - تۆكۈن كۆپىيىپ قالغان كۈنلەردە ئۇلار بىر بوتۇلكا ھاراقنى تىكلىۋېلىپ، زورلاشماي ئاز - ئازدىن ئىچىشىپ، گازىر چاققاچ ئۇششاق پاراڭغا چۈشىدۇ. رۇقىيە يۇرتىغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن بولغاچقا، ئاشخانىدا ھازىر خان ئاچا بىلەن «شاخ - شۇخ» دەپ نام ئالغان گۈلنىسا ۋە ئادەتتە ئانچە كۆپ گەپ قىلمايدىغان يەنە بىر قىز قالغانىدى. بۇ جىمىغۇر، يۈزى تۈۋەن قىزنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن بۇ يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئۇلار پەقەت چۈشەنمەيتتى. ئۇ قىز بىر قىسىم قىزلاردەك يالغاندىن بولسىمۇ ھېكايە توقۇپ، ئورۇنلۇق سەۋەبتىن بىرنى كۆرسەتمەي جىملا تۇراتتى. ئاخىر قائىدە بويىچە ئۇلارمۇ ئارتۇقچە سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمىدى.

— ھەي، قىزلار ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. يېڭى قىزلاردىن ئۇقۇشۇپ باقساق بولاتتى، — دېدى خان ئاچا. شۇ چاغدا سىرتتا ماشىنا سىگنالى ئاڭلاندى.

— چىقىپ بېقىڭە، كىم كەلدىكىن.

گۈلنىسا چىقىپ كېتىپ بىرئەر كىشى بىلەن پاراڭلاشتى. خان ئاچا ئاۋازنى تونۇدى. تۇرسۇن بىلەن مۆرات كەلگەنىدى.

تۇرسۇننى كۆرۈپ خان ئاچىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— گۆش سېلىپ بەرسەم شورپىسىدىن ئازراق ئىچىڭلار.

بۈگۈن خېرىدار يوق، بىزمۇ زېرىكىپ قالدۇق، ــ دېدى خان ئا-چا.

ــ بولدى، بۈگۈن بىزمۇ ئىچمەيلى، ــ دېدى تۇرسۇن، ــ بىر ەدەم پاراڭلىشىپ قايتايلىمىكىن.

ــ مەيلى ئەمىسە، ــ دېدى خان ئاچا پەرىشان بولۇپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاماكا چېكىشىپ ئۇششاق پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇشتى.

ــ گۈلنىسا، تۇرسۇنجانلارغا تۈنۈگۈنكى ئىشىڭلارنى دەپ بې-رىڭە، ــ دېدى خان ئاچىنىڭ ئىچى پۇشۇپ.

ــ نېمە ئىش؟ ــ دەپ سورىدى تۇرسۇن قىزىقىپ.

ــ بىرسى بىزنى قويماقچى ئىكەن، گۈلنىسالار بېرىپ نۇخ-لىسىنى ئېلىپ قويۇپ كەپتۇ. قېنى گۈلنىسا، تازا بىر سۆزلىۋې-تىڭە.

گۈلنىسا تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

ــ نەچچە كۈن بۇرۇن سەمەت دېگەن مۇئەللىم ئادەم باشلاپ كەپتۇ. گېپى نوچى، هە دەپ پو ئاتقىلى تۇردى. قىزلارمۇ ئوبدان ئولتۇرۇپ بەردى. قىزلارنىڭمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ زىيادە ئەركىلىتىشلىرىگە، قىلىقسىز هە-رىكەتلىرىگە هە دەپ بېرىپ، سورۇننى خېلى قىزىتتى. بۇنىڭ بى-لەن ئۇ ئاداش ئۆزىنى بىلمەي قىممەت پۇللۇق نەرسىلەرنى بۇيرۇ-تىۋەردى. قىزىقچىلىقتا سورۇن يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۇ ئاداشنىڭ پۇلى يېتىشمەي 300 كويدەك كېمىيىپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى دوست تارتىشىپ، «ئۇ ئىدارىدە بۆلۈم باشلىقى، بۇ ئىدارىدە بۆلۈم باشلىقى» دېيىشىپ ئولتۇرغان ئاغىنىلىرىدىن پۇل چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پۇلنى ئەتىسى ئەكىلىپ بېرىدىغان بولۇپ، يانفون نومۇرىنى يېزىپ بېرىپ كەت-تى. ئەتىسى قارىساق يوق، ئۆگۈنى قارىساق يوق. تېلېفون بەر-سەك، «يىغىن جىقلاپ قېلىپ بارالمىدىم. چۈشتىن كېيىن يەتكۈ-زۈپ بېرەي» دېدى. هە دەپ ساقلىساق، چۈشتىن كېيىن يەنە يوق. تېلېفون قىلساق، يانفوننى ئېتىۋاپتۇ. تۈنۈگۈن چۈشكىچىلا ياد-

فوننى ئاچمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىمىز بەك كەلدى. بىزمۇ ئەقلىمىز، ھېسسىياتىمىز بار ئادەم. يولىدا كەلسە، بىزنىڭمۇ بىلگۈچىلىكىمىز، قايتۇرغۇچىلىكىمىز بار. ھېجىيىپ يۈرگىنىمىز بىلەن بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز بار. «بىكار تۇرسىمۇ تۇرىدىغانغا» دېگەن گەپ پوققا ھېساب. ئەمما، بىزنى بوزەك قىلىمىز دېگەندىكىنلا بىزمۇ كۆتىمىزنى يۈزىمىزگە چاپلاپلا چىقىمىز. ئاخىرقى قېتىم تېلېفون بەرسەك، يانفونى يەنە ئېتىك. شۇنىڭ بىلەن خان ئاچام «گۈلنىسا، بۈگۈن شۇ پۇلنى ئەكىلەلىسىڭىز، 50 كوي سىزنىڭ» دېدى. قوشنا ئاشخانىلاردىن يەنە ئىككى قىزنى چاقىرىپ، تاكسى توسۇپ بىر مەكتەپكە باردۇق. ئوقۇتقۇچىلار دەرستىن كېيىنكى يىغىنىدىن تاراپ، باراڭ ئاستىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن. ماشىنا شۇلارنىڭ يېنىدىلا توختىدى. بىز پاچاققا كېلىدىغان ئىشتان، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ، مورىمىز ئوچۇق قويۇلغان مايكا كىيىپ، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغاندۇق. ئاغزىمىزدا سېغىز، دەممۇدەم پۇۋلەپ كۆپتۇرۇپ تۇرىمىز. شۇڭا ماشىنىدىن چۈشۈپ تاقىلدىتىپ دەسسەپ مېڭىۋىدۇق، ئولتۇرغانلار بىزگە قاراپلا قالدى. ئاياللارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. بەزى ئەرلەر بولسا بىزگە يەۋەتكۈدەك قاراشقا باشلىدى. ئارىدا بىزگە تونۇش خېرىدارلارمۇ باركەن. ئۇلار كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، باشقا ياققا قارىغان بولۇپ تۇرۇۋالدى. بىزمۇ ئۇلارنى ئاياپ ناتونۇش بىرىدىن سورىدۇق:

— سىزلەرنىڭ بۇ مەكتەپتە سەمەت ئىسىملىك مۇئەللىم بارمۇ؟ بويى پاكار، سېمىز.

ئارىدا بىزنىڭ چاققانراق كېتىشىمىزنى تىلەۋاتقانلار بولسا كېرەك، باشقا بىرى تېزلا جاۋاب بەردى:

— تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى سەمەتمۇ؟ ئۇ 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

بىز يەنە ماشىنىغا چىقتۇق. 6 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ دەرۋازىۋەندىن سورىۋىدۇق، سەمەتنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئىكەن-

لىكىنى ئېيتتى. بارساق دېگەندەك، ئۇ باللارغا پۇتبول مەشىق قىلدۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ شۇ كېلەڭسىز بەدىنى بىلەن تەنتەربىيە مۇئەللىمى بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدۇق. قولىمىزنى بېلىمىزگە تىرەپ، سىغىزنى پاڭىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ چايناپ تۇرۇۋېدۇق، ئۇ بىزنى كۆردى ۋە بەك ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېنىمىزغا كەلدى.

— قانداق، مۇشۇ يەردە ھېساب ـ كىتاب قىلامدۇق؟ — دېدىم مەن. سەمەت قورقۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ:

— مەن كەچتە باراي، كەچتە چوقۇم بارىمەن، — دەپ كەتتى.

— راست بارامسىز.

— راست.

— يەنە يالغان ئېيتسىڭىز، بىزدىن ئاغرىنماڭ. ئىش چىرايلىق بولسۇن دېسىڭىز يەنە بىز بار.

— ۋاي، چاتاق يوق. سىزلەر يۈزۈمنى ئاياپ شۇنداق دەۋاتسىڭىزلار.

— كېلىپ ـ كېتىش كىرا پۇلى 20 كوي. بۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ.

— چاتاق يوق، بۈگۈن يەنە سىزلەرنى مېھمان قىلىمەن تېخى.

دېگەندەك ئۇ ئاخشام يالغۇز كەلدى ۋە نېسى پۇل، كىرا پۇللارنى تۆلىگەندىن باشقا، يەنە بىزنى 200 كويلۇقتەك مېھمان قىلدى.

— كېسەك كۆتۈرمەي كاماڭزا كۆتۈرۈپتۇ ـ دە، — دەپ كۈلدى خان ئاچا.

— ئۇ بەك قورقۇپ كەتتى. ئەمدى كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دېدى گۈلنىسا.

— ياپىر، راستتىنلا ئاشۇنداق كىيىنىپ باردىڭىزلارمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇرات ھەيران قېلىپ.

— ھەئە.

— ئۇنداق كىيىنىپ بارسىڭىزلار كىملا بولسا قورقۇپ كېتى-

مەمدۇ، — دېدى تۇرسۇن كۇلۇپ، — بىر كۈنلەرگە كېلىپ بىز-گىمۇ شۇنداق قىلارسىزلەرمۇ؟
— سىزلەر ئۇنداق ناچار بولمىسىڭىزلار، — دېدى گۈلنىسا.
— پاراڭ نەگە كېتىپ بارىدۇ ئەمدى، — دېدى خان ئاچا، — ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىدىغان بىر ئىش قىلايلى.
— نېمە قىلساق بولار؟
— كورت ئوينايلى، — دېدى گۈلنىسا.
— قۇرۇقتىن قۇرۇق ئوينىساق ئۇنىڭدىنمۇ بىردەمدىلا زېرى-كىدىغان ئىش، — دېدى خان ئاچا.
— ئۇنداق بولسا بىر نەرسە تىكىشىپ ئوينايلى.
— هاراق ئىچىشتىن ئوينايلى دېسەك، هاراق ئىچمەيلى دەۋاتساق. تاماكا چېكىشتىن ئوينايلى دېسەك، ئۇنىڭ مەنىسى يوق، — دېدى تۇرسۇن.
— مەن ئاڭلىغىنىمنى دەپ باقاي، — دېدى گۈلنىسا، — بۇ يەردە باشقا بىرى بولمىغاندىكىن، كىيىم سېلىشتىن ئوينايلى. هازىر شۇنداق ئويۇن چىقىپتۇ.
— كىيىم سېلىش؟
بۇ گەپكە ھەممىسى ھەيران قالدى.
— ھەئە، — دەپ چۈشەندۈردى گۈلنىسا، — يېڭىلگەن تەرەپ ياكى ئادەم پايپاقتىن باشلاپ سالىدۇ. بۇ ئويۇن ئۇتتۇرغان تەرەپ يالىڭاچ بولۇپ كەتكۈچە داۋاملىشىدۇ.
— لىپتىك، كالتە ئىشتانلارنىمۇ سالىدىغان ئىشمۇ؟ — دەپ سورىدى خان ئاچا.
— ھەئە.
— ۋاي، بۇنىڭدا بەك قىزىق بولغۇدەك. ئوينايلىمۇ تۇرسۇنجا-نىم؟
تۇرسۇن بىلەن مۇرات بۇ ئويۇننى ئاڭلاپلا قىزىقىپ قالغان-دى. شۇڭا ئۇلار دەرھاللا ماقۇل بولدى.
— ئىشكنى چىڭ تاقىۋېتىپ كىرىڭە، — دەپ بۇيرۇدى خان

ئاچا ھېلىقى قىزنى.

شۇنداق قىلىپ ئايالالار بىر تەرەپ، ئەرلەر بىر تەرەپ بولۇپ، ئىككى يۇرۇش كورت بىرلەشتۈرۈلگەن «ئىككى كورتتا كولاش» ئويۇننى ئوينىماقچى بولدى. بىرىنچى قولدىلا خان ئاچىلار يېڭىلىپ پايپاقلىرىنى سېلىشتى. بۇنىڭدىن ئۇلار كۆلۈپ كېتىشتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قولدىمۇ يەنىلا خان ئاچىلار يېڭىلدى. ئۇلار ئەمدى رۇباشكا، يوپكىسى بىلەنلا قالغانىدى. تۆتىنچى قولدا تۇرسۇنلار يېڭىلىپ پايپاقلىرىنى سېلىشتى. بەشىنچى قولدا يەنە قىزلار يېڭىلىپ، يوپكىسىنى سېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رۇباشكا ۋە كالتە ئىشتىنى بىلەنلا قالدى. بۇنى كۆرگەن يىگىتلەر كۆلۈپ توختىيالمىدى. بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى قىزمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۆلۈپ تاشلىدى.

— غەيرەت قىلايلى مۇرات، پىيازنىڭ پوستىنى سويۇپ تاشلايلى، — دېدى تۇرسۇن ھۇررا توۋلاپ.

— غەيرەت قىلايلى گۈلنىسا، رۇباشكىمىز بىلەن كالتە ئىشتىنىمىزنى بولسىمۇ ساقلاپ قالايلى، — دېدى گۈلنىسانىڭ ئەپتىدىن كۆلۈپ قېتىپ قالغان خان ئاچا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە ئىككى قول ئوينىدى. ئاقىۋەتتە، قىزلار ئاخىرقى ئاشۇ كىچىككىنە مۇداپىئە كىيىملىرىنىمۇ سېلىۋېتىدىغان يەرگە كەلدى. ئىككىلىنىپ قالغان گۈلنىسا خان ئاچىغا قارىدى.

— ئەمدى سەتلەشسەك بولماس. كىيىملىرىمىزنى سالغانغا ھېساب بولسۇن، — دېدى خان ئاچا.

— بوپتۇلا، — دېدى مۇرات بىئەپ ھېس قىلىپ.

— يەنە ئوينايمىز، — دېدى خان ئاچا ئويلىمىغان يەردىن.

— يەنە! — دەپ ھەيران بولدى گۈلنىسا. ئۇ ھۆپپىدە قىزارغانچە تۇگۈلۈپلا قالغانىدى.

— يەنە ئويناپ يېڭىلىپ قالسىڭىزلار... — دېدى مۇرات ئىمچىدىكىنى ئوچۇق دېيەلمەي.

— يەنە يېڭىلىپ قالساق، نېمە دېسىڭىزلەر شۇ.

شۇ كېچىسى گۈلنىسانىڭ بەدىنىنىڭ سوغۇقلۇقىدىنمۇ ياكى باشقا بىر خىيال سەۋەبىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، مۇرات گۈلنىسا بىلەن بۇ ئىشنى قىلغىنىدىن پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇڭا ئۇ گۈلنىسانىڭ يېنىدا بىردەم ياتقاندىن كېيىن كېتىپ قالدى.

مۇرات شۇ قېتىمقى كورت ئويناشنى ئويلىسىلا كۆلگۈسى كېلەتتى. گۈلنىسا بىلەن خان ئاچىنىڭ قىزىرىپ، ھودۇقۇپ تۇرغان يالىڭاچ قىياپىتى ئۇنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرەتتى. بۇ ئىش خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇلارنىڭ سورۇن پارىڭىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ كۈنكى ئىش يەنە مۇراتنىڭ يادىغا يېتىپ شۇ كۆرۈنۈشنى خىيال قىلىپ تۇرۇۋېدى، تۇرسۇندىن تېلېفون كېلىپ قالدى:

— مۇرات، يەنە ئىش چىقتى. خان ئاچىنىڭ پىچاندىن دوستى كەپتۇ. ئىككىمىزنى ھەمراھ بولۇڭلار دەيدۇ. ئۇ دوستىنى شەھەر ئىچىدە كۈتكۈدەك. خان ئاچا ئۆزى مېھمان قىلغۇدەك. خالىيراق بىر يەر بولسا بولاتتى. يېقىندىن بۇيان قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇرۇن دىققەت قىلماي يۈرۈۋېرىپتۇق.

— غەربىي ئايلانما يولدىكى بىرەر ئاشخانىغا بارايلى.

— بولىدۇ. ئەگەر شۇ يەردىن ئۆتسىڭىز، ئايرىمخانا بولسا ئېلىپ قويارسىز.

— ھازىرلا بېرىپ باقاي.

خان ئاچىنىڭ خالىدە ئىسىملىك بۇ دوستى چىرايلىق بولۇپ، كۆزىنىڭ قېتى ئېنىق، زىنىقى بار، يۈزى سۈزۈك كەلگەن قىز ئىدى. خان ئاچا «زىيادە گەپ قىلماڭلار» دەپ جېكىلەپ قويغاچقا، ئۇلار چەكتىن ئاشقان ئاچچاقلارنى قىلىشماي، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى دېيىشىپ ئولتۇردى، تانسا، ئۇسسۇل ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ تۇيمايلا كەچ بولۇپ كەتتى.

ئۇلار كوچىغا چىققاندا ئادەم شالاڭلاپلا قالغانىدى. ماشىنا ئەمدىلا دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا تۇرسۇننىڭ قوسقۇسى كېلىپ كەتتى. ماشىنا توختىدى. تۇرسۇن يول بويىدىكى دەرەخنىڭ يېنى-

غا بېرىپ قوشقىلى تۇردى. شۇ چاغدا موتوسىكلىت مىنگەن بىرى ماشىنا يېنىغا كەلدى:

— بىر ئاغىنەم مەست بولۇپ قالغاندى، شۇنى ئاپىرىپ قويساڭ.

ئۇنىڭ تۇرقىدىن بەك مەست ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ تىلىنى باشقۇرالماي مۇراتنى «سەن»لەپ سۆزلەۋاتاتتى.

— قاراڭ، ماشىنىدا ئادەم بار، — دېدى مۇرات.

— كۆردۈم، دوستۇمنى تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ ــ دە. دوستۇمنىڭ ئۆيى يىراقمۇ ئەمەس. بۇ قىزلارنىڭ كىرا پۇلىنىمۇ مەن بېرەي.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ.

— نېمىشقا بولمايدۇ، پۇل تاپقۇڭ يوقمۇ يە؟

شۇ چاغدا تۇرسۇن ماشىنا يېنىغا كەلدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— سەن ئارىلاشما، — دېدى مەست.

بۇنىڭغا تۇرسۇننىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— نېمىشقا ئارىلاشمىغۇدەكمەن؟ مەن بۇ ماشىنىنى بۇگۈن كۆتۈرە ئېلىۋالغان.

— نېمىلا قىلىۋالغان بولساڭ بوپتۇ. مەن شوپۇرغا گەپ قىلىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا نېرى تۇر. مەن ماڭىمەن.

— ماڭساڭ ماڭ.

— ماڭىمەن، لېكىن ماشىنا بىلەن ماڭىمەن. نېرى تۇر، مەن ماشىنىغا چىقىمەن.

— نېمە ئادەمنى نېرى تۇر دەۋېرىسەن؟!

— يولۇمنى بوشاتمىساڭ دېمەي قانداق قىلىمەن.

— گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— گەپ قىلىدىغان تىلىم بولغاندىكىن، گەپ قىلىمەن، قانداق؟

— نوچىغۇ سەن. گېپىڭ بولسا يوق، باشقا يەرگە بېرىپ دې-يىشەمىز.
— دېيىشسەك دېيىشتۇق.
— چىقە موتوسىكلىتقا، ئادەم يوق يەرگە بېرىپ، يىگىتتەك تۇتۇشۇپ باقىلى.
— بارساق باردۇق.
تۇرسۇن موتوسىكلىتقا مىنگەشتى، مۇراتلار «هاي» دېگۈچە كېتىپ قالدى.
— ئەستا، نېمە بولغىنى بۇ، — دېدى خان ئاچا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن هالدا. مۇراتمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.
— مۇرات، ماشىنىنى هەيدەڭ، بېرىپ باقايلى. هېچ خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. بىرەر ئىش چىقىپ قالماس - هە؟ — دېدى خان ئاچا نەچچە مىنۇت ئۆتمەي. مۇرات بۇ گەپنى توغرا تېپىپ ماشى-نىنى ئوت ئالدۇردى.
ئۇلار غەربىي ئايلانما يولنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىدىن ئوڭغا بۇ-رۇلۇپلا ئاقساپ كېلىۋاتقان تۇرسۇننى كۆرۈشتى. ماشىنا توختى-شىغىلا خان ئاچا ماشىنىدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى.
— نېمە بولدىڭىز تۇرسۇن؟ هوي، تىزىڭىزدىن قان ئېقىۋاتى-دۇ. ئۇ سىزنى نېمە قىلدى؟ كۆڭلىكىڭىزمۇ يىرتىققۇ؟
تۇرسۇن هەقىقەتەن يارىلانغانىدى، تىزىنىڭ يېنى، ئوڭ قولى-نىڭ جەينىكى، مۇرىسى ئېغىر سۈرۈلگەن بولۇپ، قان ئېقىۋاتا-تى. كۆڭلىكى يىرتىلىپ، مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى.
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى مۇرات ئەنسىزلىنىپ.
— ئۇ مېنى ئالداپتۇ. دوقمۇشتىن قايرىلغاندا بىرسىگە تېلې-فون قىلىپ خەنزۇچە گەپ قىلىپ كەتتى. تىڭشىسام دوستلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ. ئۇ خىيالىدا مېنى ئاغىنىلىرىگە تۇتۇپ بەرمەكچى. مەن «توختا» دېسەم مېڭىۋەردى. شۇنچە گەپ قىلسام پەقەت ئۇنى-مىدى. ئاخىر «مانا ئەمىسە» دەپ چېچىمىدىن تارتىپ كۆزىنى ئې-تىۋالدىم. ئۇ ئامالسىز قاتتىق تورمۇز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

ئىتتىك كېتىۋاتقان موتوسىكلىت ئۆرۈلۈپ كەتتى، بىزمۇ نەچچە دومىلاپ چىقتۇق. تىزىم بىلەن مۇرەم بەك چۇشۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ئۇچۇ؟ ئۇ مەست قېنى؟

— ئەنە.

شۇندىلا مۇرات نېرىدا قارىيىپ تۇرغان نەرسىنى كۆردى. ئۇ بىرئاز يېقىن بېرىپ، چىراغ، ئەينەكلىرى چېقىلغان موتوسىكلىتنى، نېرىدا جىممىدە ياتقان مەستنى كۆردى. مۇرات ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشتىن قورقتى. شۇڭا ئۇ تۇرسۇننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى:

— جىملا ياتىدىغۇ؟ ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە؟ — دېدى ئەنسىرەپ.

— ئۇقمىدىم، — دېدى تۇرسۇن، — ئىشقىلىپ ئۇ بەك يىقىلدى. تەييارلىقسىز ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق بولسا بىر دەم قاراپ باقايلى. يولنىڭ بىر چېتىگە تارتىپ قويىمىزمۇ ـ يە؟ — دېدى قورقۇپ كەتكەن خالىدە.

— بولدى، تىنچ كېتىۋالايلى، — دېدى تۇرسۇن. ئۇلار ماڭدى. ئەمما بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن خان ئاچا:

— ياق، مەن قورقۇۋاتىمەن. بېرىپ قاراپ باقايلى. ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالغان بولسا، ئۆزىمىزگە ئىش تاپمايلى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىغا ياندى. ھېلىقى مەست ئۇ يەردە يوق ئىدى، موتوسىكلىتىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ئۇ ساقكەن! — دەۋەتتى تۇرسۇن. مۇراتلارمۇ «ئۇھ» دەپ يېنىك تىندى.

— ئۇ بىزنى تونۇپ قالغان بولسا ئىش تاپمىسۇن يەنە، — دېدى خان ئاچا يىغلىغۇدەك بولۇپ.

— ئۇ ئەتە چوقۇم بىزنى ئىزدەيدۇ، — دېدى مۇرات.

— مېنىڭچە، ئۇ ماشىنا نومۇرىغا دىققەت قىلمىدى، لېكىن

مېنىڭ چىرايىمنى ئېسىدە تۇتۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن.
— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى قورقۇپ كەتكەن خان ئاچا.
— چىرايىمنى ئۇنتۇشى ئۈچۈن مەن بىرنەچچە كۈن كوچىغا چىقمىسام بولىدۇ.
— بىرنەچچە كۈن؟ مۇنداق قىلايلى. ھەممىمىز ئۇرۇمچىگىلا بېرىپ تۇرۇپ كەلسەك بولامدۇ؟ نەنسەنلەرگە بېرىپ ئوينىغاچ.
بۇ گەپ ھەممەيلەنگە خۇشياقتى.
— مەكتەپنى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى مۇرات.
— ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئەمدىلا باشلانغاندى... بوپتۇلا. ئەتە جۈمەمۇ؟ ئۆتكەندە ئوينىتىپ قويغان مۇئاۋىن مۇدىر-غا دەپ قويسام، بىر كۈنلۈك رۇخسەت بەرسە بولىدۇ.
— ھەممە چىقىمىڭلار مەندىن. ماقۇلمۇ؟
خان ئاچىنىڭ مەردلەرچە ئېيتقان بۇ سۆزى بىلەن ھەممەي-لەنگە تېخىمۇ جان كىرگەندەك بولدى.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۈرۈمچىگە بېرىپ تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى.
2007 - يىلى يازدا ئۇلار يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتى.
مۇشۇ كۈنلەردە مۇراتنىڭ تۇرسۇن ۋە خان ئاچا ئارقىلىق تو-نۇشقان ئادەملىرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بولۇۋاتقان ئولتۇرۇشلار مۇراتنى كۆندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ بۈگۈن-مۇ تۇرسۇننىڭ تېلېفوندا: «ئەتە بىر ياققا كەتمەڭ. ھەسەن ئىسىم-لىك يېڭى تونۇشقان ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇ بىزنى ئەتە قارايۇزگە ئويناتقىلى ئاپارماقچى. قىزلار بىلەن ئىككى ماشىنىلىق بارىمىز» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى.
ئەتىسى ئۇلار مۇراتنىڭ ماشىنىسى ۋە ھەسەن ئەكەلگەن ما-شىنىغا ئولتۇرۇپ قارايۇزگە مېڭىشتى. ھەسەن پەتتار ئىسىملىك ئاغىنىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.
قارايۇزى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا جايلاش-

قان بولۇپ، ھاۋاسى سالقىن، ساپ ئىدى. شەھەرنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىپ كەتكەندە، كىشىلەر سالقىنلاش باھانىسى بىلەن بۇ يەر-گە باراۋەتكە چىقاتتى. بىر كۈن بولسىمۇ جاننىڭ راھىتى - دە. بۇ يەرنىڭ سالقىن ھاۋاسى، بۇك - باراقسان ئورمانلىقى، سۈزۈك تاغ سۈيى ئىسسىقتا چاڭقاپ كەتكەن تەننى يايرىتاتتى. بۇ يەرنىڭ نېمە ئۈچۈن «قارايۇزى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل گەپلەر بار ئىدى. بەزىلەر «بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى كۆمۈر كاندا ئىشلەيدىغان ئىشچى بولغاچقا، يۈزى قارىلا تۇرىدۇ. بۇ نام شۇنىڭغا قارىتا قويۇلغان» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا «بۇ يەردىن كۆمۈر كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا، يەر يۈزىنى بىر قە-ۋەت كۆمۈر توپىسى قاپلاپ تۇرىدۇ، شۇڭا شۇنداق ئاتالغان» دەپ چۈشەندۈرۈشىدۇ. كېيىن بىر تەتقىقاتچى بۇ نامنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق دەلىللەپ مەنىسىنى يەشتى: «قارا» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭ، ئۇلۇغ، بۈيۈك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «يۇز» دېگەن سۆز بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «جىل-غا، ئېقىن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغاندا «قارايۇ-زى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسى «چوڭ جىلغا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قارايۇزىنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشىگىمۇ ئۇيغۇن. چۈنكى، ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى بىرنەچچە جىلغىنىڭ ئىچىدە مۇشۇ جىلغا ئەڭ چوڭ. قارىغاندا مۇشۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئىلمىي ئاساسى باردەك قىلىدۇ.

ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدىكى بىر يۇرۇش تاش ئۆيلەرنىڭ ئوت-تۇرىسىدا توختىدى. بۇ ئۆيلەر ئېقىندىكى كۆك تاشلاردىن ياسالغان بولۇپ، بۇرۇن ئاشلىق، ئۈزۈم ئىسكىلاتى قىلىنغاندەك تۇراتتى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ساياھەتچىلىك جانلانغاندىن كې-يىن، كىشىلەرنىڭ دىققىتى بۇ يەرگە چۈشتى، بىر كىشى بۇ ئۆي-لەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ساياھەت رايونىغا ئايلاندۇرغانىدى.

ئۇلار بىر تاش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، نەرسە - كېرەكلىرى-نى ئۆينىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇردى. ھەسەن بىلەن پەتتار پۇختا

تەييارلىق قىلىغان بولۇپ، تۇرلۇك ئېسىل ئىچىملىك، قىزلار ئامراق ئۇششاق - چۇششەك يېمەكلىك، نان، گۆش، توخۇ، كاۋاپدان، هاراقلار تەل ئىدى. ئۇلارنىڭ مەردلىكىگە ھەممىسى قايىل بولۇشتى.

— بىز قۇرۇقلا چىقىپتىمىزغۇ، — دېدى بىئەپ ھېس قىلغان مۇرات.

— ئۇلار زىرە سودىسى قىلىدىغانلار ئىكەن. باي بولغاندىكىن، شۇلار خەجلىسۇن. بىز قىز چىقارغاندىكىن، ئۇلار پۇل چىقارسۇن. كارىمىز نېمە؟ — دەپ كۆزىنى قىسىپ قويدى تۇرسۇن.

مۇھەت ئالمىشىپ، ساپ ھاۋا كۆكۈللەرنى ئېچىپ قويغانمۇ، ئولتۇرۇش بەكمۇ قىزىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا ھەسەن بىلەن پەتتار كۇسۇرلىشىپ تاش ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مۇرات كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. ھەسەن دېگىنى يېنىدىن قوشۇق چىقىرىپ، كىچىك بولاقچىدىكى نەرسىنى قوشۇققا تۆكتى. ئاندىن چاقماقنى يېقىپ، نەيچە بىلەن ئىسنى سۈمۈرگىلى تۇردى.

— ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇرات.

— ئۇلار چېكىدۇ، — دېدى تۇرسۇن.

— چېكىدۇ؟

— خېروئىن چېكىدۇ. كارىڭىز بولمىسۇن.

مۇرات ھەيران قالدى. ئۇ بۇرۇن بەزىلەرنىڭ چېكىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، چەككەنلەرنى كىنو - تېلېۋىزوردىن كۆرگەن. لېكىن، بۇنداق يېقىن ئارىلىقتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى تۇنجى قېتىم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقسىنىپ قاراپ كەتتى.

بۇ يەر ئۇلارغا يېقىپ قالغاچقا، ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك كەلدى. ئۇلار مۇراتقا يېتەرلىك كىرا پۇلى بېرىۋاتقان ھەم تەييار ئويۇن بولغاچقا، مۇرات ئۇلار بىلەن بىللە كېتىۋەردى. خان ئاچىمۇ: «سىز ھە دەپ بىز بىلەن مېڭىۋېرىڭ. ئىشىڭىزنى مەن توغرىلاپ

تۇرمەن. تارتىنماي پۇلنى ئېلىۋېرىڭ» دەپ ئۇنىڭغا يۈرەك كىر-گۈزۈپ تۇردى.

بۇ قېتىم «لەۋەن ئاچا» دەپ نام ئالغان بىر ئايال خوجايىنىمۇ بىر قىزنى ئېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە سەيلىگە كەلدى. بۇ ئايال-نىڭ يېشى چوڭ بولغان بىلەن تەقى - تۇرقى جايىدا، تېخى چىرا-يىدىن كەتمىگەن بولۇپ، جەلپكارلىقىنى يوقاتمىغانىدى. شۇڭا ئۇ-نى باشقىلار «لەۋەن ئاچا» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ بىللە ئېلىپ چىققان ئاينۇر ئىسىملىك قىزمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى. ھەسەن ئاينۇر-غا مەپتۇن بولۇپلا قالدى.

ئەسلىدە ئۇلار بىر يولدىكى ئادەملەر بولۇپ، تاش ئۆيدە بىر مەرتەمدىن چېكىشكەندىن كېيىن چىقىشىپلا كەتتى. ھەسەن ئول-تۇرغانلارغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئاينۇرنى ئېلىپ ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

— سىلەرمۇ چېكىپ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ بېقىڭلار، — دېدى پەتتار قالغانلارغا.

— بىر قېتىم چەككەنگە ھېچنېمە بولماس؟ — دەپ سورىدى گۈلنىسا.

— بىر قېتىم چەككەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ. بىرنەچچە قېتىم چەكسە خۇمار قىلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ھۇزۇرىنى تەسۋىرلەپ بول-غىلى بولمايدۇ. قانداق، تېتىپ باقىدىغانلار بارمۇ؟

— ئىشقىلىپ مەن قىلمايمەن، تۇرسۇنمۇ قىلمايدۇ. قالغانلار ئۆزۈڭلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار، — دېدى خان ئاچا.

— ھەرقانداق ئىشتىن يانمايتتىڭىز، گۈلئايىم، — دېدى لە-ۋەن ئاچا، — بۇگۈن ئەجەب قورقۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ تېخى ئېرىد-ڭىزنىمۇ توساۋاتىسىز.

— قانداق بولار؟ — دېدى تۇرسۇن ئىككىلىنىپ.

— مەن چېكىپ باقاي، — دېدى گۈلنىسا قىزىقىپ.

— بۇنى دېگەن ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى چېكىدۇ، — دېدى پەتتار.

— ئەركەكلىرىڭىز چاترىقىغا قاراپ ئولتۇرسا، — دېدى لەۋەن ئاچا مەسخىرىلىك كۈلۈپ.
— ئەكىلىڭ، — دېدى تۇرسۇن.
— تۇرسۇن؟ — دەپ خاپا بولدى خان ئاچا.
— ھېچنېمە بولمايدۇ.
تۇرسۇن چېكىپ بولغاندىن كېيىن بىردەم تۇرۇۋېتىپ:
— راست ھۇزۇرلۇق ئىكەن، — دېدى. گۈلنىسا ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ:
— مەن بىر تېتىپ باقاي، — دەپ قوشۇقنى ئالدى. پەتتار چاقماقنى ياقتى. گۈلنىسا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.
— نەدە ھۇزۇر؟ — دېدى ئۇ.
— سىز تېتىيالماپسىز. تېتىيالمىغان ئادەم ھۇزۇرلىنالمايدۇ، — دېدى لەۋەن ئاچا.
— سىزمۇ سىناپ باقماسىز؟ — دەپ مۇراتتىن سورىدى پەتتار.
— ياق، ياق، بولدى، — دېدى مۇرات نېرى كەتمەكچى بولۇپ.
— نەرىگە ئوغۇل بالا سىزنىڭ؟ — دېدى لەۋەن ئاچا، — قىزلار چېكىدا قورقمايۋاتسا. بىر قېتىم سىناپ باققانغا نېمە بولىدۇ.
— كۆرۈپ بېقىڭە، بىر قېتىمدىلا خۇمار قىلمىغاندىكىن، — دېدى گۈلنىسامۇ. ئاڭغىچە پەتتار قوشۇقنى مۇراتقا سۇنۇپ چاقماقنى ياقتى.
كۆڭلى پەقەت خالىماي تۇرغاچقىمۇ، مۇرات ھېچقانداق ھۇزۇر ئەمەس، ئەكسىچە بىئاراملىق ھېس قىلدى.
— مانا بىر ئوبدان تۇرۇپسىز. يا ئۆلۈپ قالمىدىڭىز، يا باشقا بىر نەرسە بوپ كەتمىدىڭىز، — دېدى لەۋەن ئاچا، — خاپا بوپ قالغان بولسىڭىز، بىردەملىككە لەۋلىرىمدىن سىزگە شەربەت سۇنۇپ بېرىمەن.
بۇ گەپتىن باشقىلار كۈلۈپ كېتىشتى. مۇرات ئىختىيارسىز

لەۋەن ئاچىنىڭ كۆكسىگە قاراپ سالدى. بۇ ئىشقىۋاز ئايالنىڭ جەلپكار بەدىنى مۇراتنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىز پۇلاڭلىتىۋەتتى.

شۇ چاغدا ھەسەن بىلەن ئاينۇر قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چاچلىرى ھۆل ئىدى.

— تولا بىر - بىرىڭلەرگە نوچىلىقىڭلارنى كۆرسەتمەڭلەر، — دېدى لەۋەن ئاچا ھاياسىز سۆزلەپ، — قارايۇزىنىڭ سۈيى بېـ-لىڭلارنى ئېلىپ قويىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىزەپ چاقچاقلار باشلىنىپ كەتتى. شۇ ئاخ-شىمى مۇرات لەۋەن ئاچىنىڭ ھەقىقەتەن لەۋەنلىكىنى بىلدى.

شۇ ئاخشىمى خان ئاچا ئەتىسى رۇقىيەنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقاچقا، مۇرات ئەتىسى چۈشتىن كېيىن خان ئاچىغا تېلېفون بەردى.

— سىز نەدە؟ — دەپ سورىدى خان ئاچا.

— نۇرلۇق يولىدا.

— ياشلار يولىدىكى ئۆيۈمگە كېلىڭە، پاراڭلىشىمىز. تۇر-سۇنجانىمۇ بار.

خان ئاچا پۇل تاپقاندىن كېيىن، ياشلار يولىدىكى بىر بىنادىن ئۆي ئالغانىدى. باشتا خان ئاچا بىلەن تۇرسۇن كىشىلەردىن ئېھ-تىيات قىلىپ ئۇ ئۆيگە يوشۇرۇنچە بېرىپ تۇرغان بولسا، ھازىر خالىغان ۋاقىتتا ئۇدۇللا بېرىۋېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مۇرات ئۇ ئۆينى بىلىدىغان بولغاچقا، بىردەمدىلا يېتىپ باردى. ئۆيدە يەنە ھەسەنمۇ بار ئىدى.

— تەلىيىڭىز يوقكەن، — دېدى خان ئاچا، — رۇقىيە يىقى-لىپ چۈشۈپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، ساقايغاندا كېلىدىكەن.

— ھەي، ئەستا، — دەپ ئەپسۇسلاندى مۇرات، — قاچان سا-قىيار ئۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ رۇقىيەنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغا-نىدى. بىراق، ئۇلار رۇقىيەنىڭ ھېچقانداق يارىلانمىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۆيدىكىلەرنىڭ زورى بىلەن قان تەقدىم قىلغاندا «ئەيد-

دىن» ۋىرۇسى بايقالغانلىقى سەۋەبلىك تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۇرۇپمۇ بېقىشمىدى. رۇقىيە ئىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن قورققانمۇ، ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، كېيىن ئايرىلىپ كەتكەن يىگىتنى، ئۆزىگە باسقۇنچىلىق قىلغان تېرىچى سودىگەرنى، ئۆزى بىلەن بىر مەزگىل ئارىلاشقان ئىدارىنىڭ ئىشخانا مۇدىرىنى ئاشكارىلىغاندىن باشقا، بۇ يەردىكى ئىشلارنى قەتئىي تىلغا ئالمىدى. بۇ ئارقىلىق بەلكىم مۇراتنى قوغدىماقچى بولغاندۇ. ئەمما، رۇقىيە مۇراتنى «قوغداش»نىڭ ئەكسىچە، مۇراتقا قوشۇپ نۇرغۇن ئادەمنى ۋەيرانچىلىققا باشلىغانلىقىنى قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن!!

مۇراتنىڭ پەرىشان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھەسەن قوشۇقنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— مۇنداق خۇيلىنىپ ئولتۇرماڭ. كۆڭلىڭىزنى ئاچىدۇ.

— ياق، مەن قىلماي.

— ئېلىڭە.

— ماڭا زورلىماڭ.

ھەسەننىڭ چىرايى تۇرۇلدى:

— سىزنى ئوغۇل بالا دەپ تەڭلەۋاتىمەن. بولمىسا بۇ بىكارغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس. مۇشۇ بىر گىرامىمۇ كەلمەيدىغان ئازراق نەرسە نەچچە يۈز كوي. «بولىدىغان يىگىت ئىكەن» دەپ شۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي سىزگە زورلاۋاتىمەن.

بۇ گەپ، بولۇپمۇ شۇ ئازراقلا نەرسىنىڭ نەچچە يۈز كوي ئىكەنلىكى مۇراتقا تەسىر قىلدى. مۇرات قوشۇقنى ئالدى. بۇ قېتىم مۇرات خېلى ھۇزۇرلانغاندەك، كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— ئازراق ھاراق ئىچەيلىمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن.

— مەن يەنە بىرئاز كىرا تارتاي، — دېدى مۇرات.

— مەنمۇ قايتاي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ھەسەن.

ئۇلار قايتتى. ئەتىسى خان ئاچىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى.

ئىش مۇنداق بولغانىدى: تۇرسۇن بىلەن خان ئاچا بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئىچكەندىن كېيىن، ئىرماش - چىرماش بولۇپ پۇ-خادىن چىقىشتى. ئاندىن خان ئاچا يەنە بۇرۇنقى گېپىنى تەكرار-لىدى:

— تۇرسۇنجانىم، مەن بىلەن قاچان توي قىلىسىز؟

— ئالدى بىلەن ئايالىم بىلەن ئاجرىشاي.

— قاچان ئاجرىشىسىز؟

— پەيتىنى تېپىپ، چاندۇرماي...

— مېنى مۇشۇنداق دەپ گوللاۋاتقىلى ئۇزاق بولدى سىزگە.

— گوللىمىدىم، راست گەپ قىلدىم.

— يا مېنى ياراتمايۋاتامسىز؟ مەن سىزگە دېدىم، بۇ ئۆيمۇ، بانكىدىكى پۇلمۇ سىزنىڭ. قانداق ئىشلەتكۈڭىز كەلسە شۇنداق ئىشلىتىڭ.

— بۇ گەپ ئەمەس گۇلئايىم، — دېدى تۇرسۇن يەنە بىر بو-تۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ.

— ئۇنداق بولسا دېيەلمەيۋاتقان گېپىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— دېدى خان ئاچا بىر رومكا ھاراقنى گۇپپىدە ئىچىۋېتىپ.

— دېيەلمەيدىغان نېمە گېپىم بولسۇن. پۇرسەت كەلسۇن.

— ھازىر پۇرسەت كۈتىدىغان ۋاقىت ئەمەس، پۇرسەتنى ئۆزد-مىز يارىتىمىز. يا مەن بېرىپ ئايالىڭىز بىلەن سۆزلىشىپ باقاي-مۇ؟

تۇرسۇن خان ئاچىغا چەكچىيىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، لىق قۇيۇلغان بىر رومكا ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىۋەتتى.

— ئەگەر ماقۇل دېسىڭىز ھازىرلا بارىمەن.

— ياق، بارماڭ.

— بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتامسىز؟ ئەمدى نېمىدىن قور-قىسىز. بىز بەرىبىر توي قىلىدىغان تۇرساق، بىلسە بىلىۋەرمەم-دۇ.

— بارسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۆنىڭ بىلەن ئاجراشقۇڭىز يوقكەندە؟ مەن بىلەن توي قىلماسسىز؟

— مەن دېدىمغۇ، سىزنى ئالىمەن.

— ئۆنداق بولسا ئايالىڭىزغا گەپنى كېسىپ دەڭ.

تۇرسۇن جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئايالىڭىز بىلەن چوقۇم ئاجرىشىدىغان بولغاندىكىن، سىز دېيەلمىسىڭىز، مەن بېرىپ دەي.

— ئەستا، بارماڭ دېدىمغۇ.

— ئۇرۇشمايمەن، تىللاشمايمەن. ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپلا قايتىپ كېلىمەن.

— گۇلئايىم، يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇن. ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ بولامدۇ؟

— مەن بارىمەن.

— گۇلئايىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ!

— مەن بېرىپ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن.

— گۇلئايىم، بارماڭ!

— مەن بارىمەن.

— بارماڭ!

— بارغىنىم بارغان!

خان ئاچا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. تۇرسۇن بېرىپ ئۇنى قولىدىن تۇتۇۋالدى. خان ئاچا هە دەپ ئىشىكتىن چىقماقچى بولاتتى. تۇرسۇن بولسا ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. بىر چاغدا خان ئاچا يۇلقۇنۇپ تۇرسۇننىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما، ئۆزىنى كونترول قىلالماي ئاياغ جازىسىغا كەينىچىلەپ يىقىلدى ۋە «ۋايجان» دېگىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

تۇرسۇن بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى:

— گۇلئايىم خاپا بولماڭ، مەن بۇ ئىشنى هامىنى ئوڭشايمەن.

خان ئاچا يەنىلا جىم ئىدى. تۇرسۇن يۆلىمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ

بېشىنى كۆتۈردى. تۇرسۇننىڭ قولىغا شىلىمشىق نەرسە ئۇرۇل-دى. تۇرسۇن دەرھال قولىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. قان! خان ئا-چىنىڭ بېشىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇ يىقىلغاندا ئاياغ جازىسىنىڭ بوشاپ كەتكەن گىرەسىدىن چىقىپ قالغان مىخ ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە كىرىپ كەتكەنىدى...

شۇنداق قىلىپ تۇرسۇن قولىغا ئېلىندى...

شۇنىڭدىن كېيىن مۇرات تەبىئىيلا ھەسەن قاتارلىقلار بىلەن ئارىلىشىپ قالدى. ئۇلارغا خان ئاچا بىلەن تۇرسۇننىڭ ئىشى ساۋاق بولدىمۇ ياكى «رەڭلىك ئويۇن»دىن زېرىكىپ، «ئاق»قا كىر-رىشىپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، تاكىراڭخانىغا بارماس بولدى. مۇناسىد-ۋەتلىك ئورۇنلارمۇ ئۇ ئاشخانىلارنى قاتتىق تەرتىپكە سالدى.

مانا شۇ مۇرات ھازىر ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ دادلاپ تۇرۇپتۇ...

# ئۈچىنچى باب

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، چىراغ يېقىش ئىككىسىنىڭلا يادىغا كەلمىگەندەك ئۆي، ھويلا ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. مۇرات بىلەن گۈلشەن شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. مۇرات ئۇزۇنغىچە مۇنداق ئولتۇرۇۋېرىشكە چىدىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاماكا چەكمەكچى بولدى. تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن چاقماق چاققان مۇرات گۈلشەننىڭ ئۆزىگە غەلىتە نەزەردە قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

مۇرات بەكرى دوختۇرنىڭ «ھازىرچە ھېچكىم ئۇقمايدۇ» دېگەن گېپى بويىچە، كۆرۈنۈشتە خاتىرجەم، غەمسىز قىياپىتىنى ئىپادىلەپ يۈرۈشكە تىرىشتى. بىراق، نېمىشقا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئايپىسىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ ئايدىڭكۆلگە كەتكىنىگە، گۈلشەننىڭ بولسا ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ياتاقتىن چىقماقچى بولغانلىقىغا قىلچىلىكمۇ ھەيران قالمىغىنىغا ۋە دوختۇردىن سورۇشتۇرمىغىنىغا ھەيران قالغانىدى. كېيىنچە بولسا «بەلكىم ئۇلار خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، باشقا ئىشلىرىمىزنى قىلغاچ تۇرايلى، دەپ قارىغاندۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى گوللىدى.

بىر ھېسابتا مۇراتنى بۇلارغا ئانچە بەك باش قاتۇرۇپ كەتمىدى، دېسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى «ئەيدىز» دېگەن ئاتالغۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچى بىردەممۇ بېسىلمىدى. بۇنداق قورقۇنچ ئادەمنىڭ نىرۋىسىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن.

چۈپلۈكتە ياتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا جاھان گۇمران بولغاندەك، ئورنىدىن تۇرسىلا ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىدىغاندەك بىلىندى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان «ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىدىغاندەك تۇيغۇ» ئۇنى بەك قورقۇتۇۋەتتى. «تىرىك تۇرۇپلا بەدىنىم چىرىيدۇ. بۇ ئالەمدىن بالدۇرلا خوشلىشىمەن. توپا ئاستىدا ھېچنەرسىنى سەزمەي ياتىمەن. باشقىلار قانداق ياشاۋاتقان بولسا شۇنداق ياشاۋېرىدۇ. يادىغا يەتكەندە قەبرە بېشىمغا چىقىپ قويىدۇ. ئۇلارغا سۆزلىيەلمەيمەن، سۆزىنىمۇ ئاڭلىيالمايمەن. بەلكىم ئۇلار مېنى تىللار، ماڭا نەپرەتلىنەر. شۇلارنىمۇ بولسا ئاڭلاپ ياتقىلى بولغان بولسا مەيلىتىغۇ.» ئىختىيارسىز قىلىنىۋاتقان بۇ خىياللار ئۇنىڭ تېنىنى شۇركەندۇرۇۋەتتى. بۇرۇن بۇنداق خىيالنى ئەسلا قىلىپ باقمايتتى. بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ قىلىدىغان خىيالى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. كۈندىلىك كىرا ياخشى بولسا، شۇنىڭغا قوشۇپ بىرنەچچە بولاق «مال» سېتىۋالسا، قېنىپ بىر چېكىۋالسا. ئەمدىچۇ؟ ئۆلۈم ئاغزىغا كەلگەندە ئۇنىڭ نېمە بولغىنى؟ تەسلىم بولغىنىمۇ؟ تۇرمۇشقا تەن بەرگىنىمۇ؟ شۇڭا مۇرات يۈزىنى ئوت - چۆپكە چىڭ چاپلىغىنىچە يىغلىۋەتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالمىدى.

— نېمىدىن شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتىڭ؟

يېنىدا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز مۇراتنى يىغىدىن توختاتتى. ئەمما، مۇراتقا بۇ خۇددى ئەزرائىلنىڭ ئاۋازىدەك بىلىنىپ تىن ئالالماي قالدى.

— كېسەلدىنىمۇ شۇنچە قورققان بارمۇ؟ مەن جېنىمدا قورقمىسام.

مۇرات بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ئاددىي كىيىنگەن، ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي نېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. مۇرات ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى، بىراق ئۇنىڭ ھېچكىمگە گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا مۇنۇ بوۋايغا ئۇنىڭ چىشى قېرىشىپ قالدى ۋە جاۋاب قايتۇرغۇسىمۇ كەلمىدى.

— قايغۇرما، ئادەمنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ.

مۇرات بوۋايغا قاراپمۇ قويمىدى. بوۋاي ئاددىي پەشمەت چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە سۆزلىدى:

— ئەتە ئاشقازىنىمنىڭ يېرىمىنى كېسىۋېتىدىغان بولدى. ئىش شۇ يەرگە كەلگەن بولسا، ئىنساننىڭ ھە دېمەكتىن باشقا نېمە ئامالى بولسۇن. شۇڭا كۆڭلۈڭ ئۈنچىلىك يېرىم بولۇپ كەتمىسۇن.

بوۋاينىڭ گەپلىرى مۇراتقا تولىمۇ مەسخىرىلىك تۇيۇلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھەرقانداق گەپ ئارتۇقچە. چۈنكى، ھازىر ھەربىر سۆز ئۇنىڭغا «ئەيدىز» دېگەندەك ئاڭلىنىپ، يۈرىكىنى تىلىم-تىلىم تىلىۋاتاتتى. شۇڭا بوۋاينىڭ سۆزلىرى ئۇنى بەك جىلە قىلىۋەتتى.

بوۋاي بۇ يىگىتنىڭ كېسەلدىن قورقۇۋاتقان «ئىرادىسىز»لىكىگە ئىچ ئاغرىتىپ:

— ئۇكام، بەردەم بول، قورقمىساڭلا كېسەل سەندىن قورقىدۇ. ئادەم ياشىغانىكەن، ھەر كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدىغان ئىشكەن. ھېچكىم ھېچقانداق كېسەل بولمىسا، بۇ ھايات بولامدۇ؟ كېسەللىكمۇ ھاياتنىڭ بىر بېزىكى. شۇ كېسەل بىلەن ئېلىشىپ كۈنلىرىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ ماڭىدىكەنمىز.

تاقەت قىلالمىغان مۇرات «بولدى قىل، ماڭا گەپ قىلما» دەپ ۋارقىراشقا تەييار بولۇپ تۇرۇۋېدى، بىر سېستىرا بوۋاينى چاقىرىپ كەتتى. كېتىۋېتىپمۇ بوۋاينىڭ ئاغزى گەپتىن توختىمىدى:

— سالامەت بولسام ساڭا دەيدىغان گېپىم بار. كېسەلدىن ھەرگىز قورقما.

ئۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي بۇ ئازغۇن يىگىتنىڭ كېسەللىك زەربىسىدىن ئەمەس، روھىي گۇمرانلىق سەۋەبىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نېمىشقا «ئەيدىز»دىن ئىبارەت مۇشۇنداق كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى جاھاندا نېمىشقا مۇشۇنداق

كېسەلنىڭ بولغانلىقىغا دادلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئېھ، ئاتا سۆپەت، ئەۋلىيا سۆپەت ئادەم، بۇ گۇمراھ بەندە سېنىڭ ئىزگۇ نىيىتىڭنى بىلمىدىغان، چۈشەنمىدىغان، قوبۇل قىلمىدىغان يەردە ئەمەس! يېڭى كىيىمنى توپىغا مىلەپ كىيىشنى راۋا كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ بارغۇ!؟

خۇدىنى يوقىتىپ قويای دېگەن مۇراتنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ تىترەپ كەتتى، ئاندىن يەنە يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلاپ ـ يىغلاپ ئىچى خېلى بوشىغاندىن كېيىن ياتاققا قايتتى. ئۇنىڭ ئىچى بوشىغان بىلەن روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى.

مۇرات ياتاققا كىرگەندە گۈلشەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولغانىدى.

— ياتاقتىن چىقمىدىغان بولدۇق، — دېدى گۈلشەن.

مۇرات سومكىنى كۆتۈرۈپ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا گۈلشەنگە ئەگەشتى. ئۇلار خۇددى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك داۋاگەرسىزلا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنى خېلىدىن بۇيان كۆزىتىپ تۇرغان بەكرى دوختۇرنىڭ دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ: «پەرزەنتىڭلەرگە — نەۋرەمگە بولسىمۇ ئامانلىق تىلەيمەن» دەپ تىلەك تىلىگىنىنى بىلمىدى.

مۇرات تاماكا چەككۈسى كېلىپ چاقماق چاققۇچە بولغان ئارىلىقتا گۈلشەننى ئۆز ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى.

مۇرات چاقماق يورۇقىدا گۈلشەننىڭ غەلىتە نەزەرىنى كۆرگەندە قولى تىترەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چاقماقنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالدى. مۇرات چاقماقنى تۇتقان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى.

— تاماكا چېكىۋېرىڭ، — دېدى گۈلشەن. مۇرات يەنە چاقماق چاقتى ۋە تاماكىنى قاتتىق ـ قاتتىق بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن:

— ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. چىراغنى ياقايلى، — دېدى.

— ئىختىيارىڭىز، — دېدى گۈلشەن بوش ئاۋازدا، — ئەمدى

ماڭا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نېمە كېرىكى؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر دەم تۇرۇپ قالغان مۇرات چىراغنىڭ يىپىنى تارتتى. ئۆي ئىچى يورۇدى. مۇرات شۇندىلا گۈلشەننىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، كۆز جىيەكلىرىنىڭ نەملە-شىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

مۇرات ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردى:

— گۈلشەن ئاغرىپ قالمىغانسىز؟

گۈلشەن بۇ گەپكە ئىپادىسىز ئولتۇرۇۋەردى.

— گۈلشەن، سىز دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. بولمىسا با-لىغا تەسىر يېتىدۇ.

مۇراتنىڭ ئاغزىدىن «بالا» دېگەن سۆز چىقىشى بىلەن گۈلشەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يات نەزەردە، نەپرەت بىلەن قارىدى. گۈلشەن بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان بىرەر قېتىم ئۇنىڭ خاپا چىرايىنى كۆ-رۈپ باقمىغان مۇراتقا بۇ ئىپادە خېلى زەربە بولدى. باھاردەك ئىللىق جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ نۇرانە چىرايدا بۈگۈن زىمىس-تان مۇزلىرى قاتقانىدى.

— نېمە بولدى سىزگە؟ نېمىگە ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالدى؟

— سىز... سىز بالىنى تىلغا ئالماڭ، — گۈلشەننىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئارقىدىن كۆزىدىن ياش سىرغىپ چىقىشقا باش-لىدى. بۇنى كۆرگەن مۇراتنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولدى. «ئەجەبا، گۈلشەن بىلىپ قالغاندىمۇ؟»

مۇرات گۈلشەننىڭ قولىنى تۇتتى:

— گۈلشەن، گۈلۈم، مېنىڭدىن خاپا بولۇپ قالغان بولسى-ڭىز، مېنى كەچۈرۈڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى خاپا قىلماسلىققا ۋەدە بېرىمەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن؟ — دېدى گۈلشەن قاتتىق ئاۋازدا، — نەدىكەن ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن دېگەن؟ بىلىپ قېلىڭ، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يوق، تۈگىدى.

شۇ گەپنى دەپ بولۇپ گۈلشەننىڭ چىشلىرى كىرىشتى، كۆزى

چەكچەيدى، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن يۈزىنى ئەتتى، ئاندىن چېچىنى قاماللىدى. ئارقىدىن تۇيۇقسىزلا مۇراتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— سىز نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟ نېمىشقا بىزنى ۋەيران قىلىسىز؟ ئېيتىڭە، سىز مېنىڭ جېنىمغا قەست قىلغۇدەك مەن سىزگە نېمە گۇناھ قىلدىم؟ مەن سىزگە شۇنچىلىك ئىشەنگەن ئىدىمغۇ. سىزگە ئىشەنگىنىمگە بەرگەن جازايىڭىز مۇشۇمۇ؟ سىز سىزنى تاغدەك يۆلىكىمىز دەۋاتقان يۈرەكلەرنى داغدا قويدىڭىز. شۇنىڭغا ۋىجدانىڭىز قانداق چىدىدى ـ ھە؟ ئېيتىڭە، قانداق چىدىدى؟ شۇنىڭغا چىدىغان سىزدىكى ئۇ قانداق ۋىجدان؟ قانداق ۋىجدان؟ ئېيتىڭە، ئېيتىڭە؟!

ئۆزىنى تۇتالماي قالغان گۈلشەن مۇراتنىڭ يۈزىگە «چاڭڭىدە» بىر شاپىلاق سالدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن مۇرات داڭقېتىپ قالدى. ئۇ گۈلشەننىڭ بۇ ئىشنى بىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى-غۇ...

گۈلشەننىڭ كۆز يېشى توختىماي سىرغىشقا باشلىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نادامەت تۇپەيلى، ئۇ كۆز يېشىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ مۇراتنىڭ بۇ ئەقىلسىزلىقى تۈپەيلى قانچىلىك ئەلەم چەككەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇنى ھېس قىلغان مۇراتنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

گۈلشەننىڭ قولى تېخىچە مۇراتنىڭ ياقىسىدا بولۇپ، بارماق-لىرى تېخىمۇ چىڭ كىرىشىپ كەتكەندى:

— مۇرات، مېنىڭ ياشلىق گۈلۈمنى نابۇت قىلدىڭىز؟ مېنى «گۈلۈم» دەيتتىڭىز، كىم ئۆز گۈلىنى خازان قىلىدۇ؟ بەك ئە-قىلسىز، ۋىجدانسىز ئىكەنسىز. سىزنىڭ مۇنداق پەسكەش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىڭىزنى پەقەت ئويلىمىغانىكەنمەن. توۋا، سىزنىڭ بۇنچىلىك كۆڭلى قارىلىقىڭىزغا توۋا دېسەم بول-غۇدەك...

ئاچچىق، غەزەپتىن ئەسەبىيلىشىپ كېسىلگەن گۈلشەن جا-

يىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھاسىرىغىنىچە ھە دەپ «تۇۋا، تۇۋا» دەپ پىچىرلايتتى. ياشلىق كۆزلىرى بولسا ئىششىپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى.

مۇراتمۇ مىخلاپ قويغاندەك قېتىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. «ئەيدىز» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا مۇراتقا بىر زەربە بولغان بولسا، بۇنى گۇلشەننىڭ بىلىپ بولغانلىقى يەنە بىر ئېغىر زەربە بولغانىدى. ئۇ گۇلشەننىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى. ئەمدى يوشۇرغۇدەك نېمە قالدى؟ مۇراتنىڭ ئەمدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا مۇرات «پالان» دەپ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئۇلاردىكى جىمجىتلىق كىچە جىملىقىغا قوشۇلۇپ ئۆي ئىچىدە ئېغىر سۈكۈتلۈك كەيپىياتنى پەيدا قىلغانىدى. گۇلشەن بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە پەرىشان ھالدا ئولتۇراتتى. چىرايىدا بىردىنلا پەيدا بولغان سۇلغۇنلۇق گۇلشەننى كېسەل چىراي قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن مۇراتقا پەقەت گەپ قىلغۇسى يوقلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مۇرات ئۆزىدىكى ئەلەمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، ئۆزىگە غەيرەت بەردى ۋە ئاستا سۈرۈلۈپ كېلىپ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن گۇلشەننىڭ قولىنى تۇتتى. گۇلشەن مۇزلاپ كەتكەن قولىنى ھېچقانداق ئىنكاسسىز ھالدا مۇراتنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

مۇرات گۇلشەننى قولىنى كۆتۈرۈپ يۈزىگە ئۇرغۇزدى:

— گۇلشەن، مېنى بايىقىدەك تىللاڭ، ئۇرۇڭ! مەن شۇنىڭغا لايىق، ماڭا شۇمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

گۇلشەن مەسخىرىلىك كۈلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن زەھەردىن ئاچچىق گەپلەر چىقتى:

— ئەمدى بولغاندا تىللىغاننىڭ، ئۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ تۇۋا، مەن نېمانداق دۆت، ئەقىلسىز؟ يېنىمدىكى ئادەمنىڭ، مەن بىلەن كۈندە بىللە تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ نەدە تۇرۇپ، نېمە ئىش

قىلىۋاتقانلىقىنى قىلچىمۇ سەزمەي يۈرگىنىمنى؟

— ياق سىزدە گۇناھ يوق، يامان ئاقىۋەتنى بىلىپ تۇرۇپ ۋاقتىدا قول ئۈزەلمىدىم. مەن ھەقىقەتەن ئەقىلسىز ئىكەنمەن. ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە. مېنى كەچۈرۈڭ گۈلشەن.

— كەچۈرۈڭ؟ — دېدى گۈلشەن مەيۈس ھالدا، — بولدى گەپ قىلماڭ مۇرات... شۇ تاپتا سىزگە گەپ قىلىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدىم.

گۈلشەن بىر چەتكە ئۆتۈپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇر-دى. ئۇ يۈزىنى چاڭگاللىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نۇرغۇن گادىر-ماچ، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر كېلىپ، توختىماي ئالمىشىشقا باشلىدى. ئەنە، پۈت - قولىدىكى جاراھەت تۆشۈكلىرىدىن سېرىق سۇ ئېقىۋاتقان مۇرات، ئۇ ئاجىز پۇتلىرىنى كۆتۈرەلمىگەچكە گەۋدىسى پۈكلىشىپ قالغان؛ ئەنە، گۈلشەنىنىڭ شادلىق ئويناپ تۇرىدىغان چېھرىدىكى چاقناق نۇرلار ئۆچكەن، مەڭىز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىقىپ قالغان، مۇرات ئەركىلىتىپ قانمايدىغان چىرايلىق ئېڭەكلىرى چىرىشكە باشلىغان، يارىشىملىق چاچلىرى بولسا تۆكۈلۈپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن...

گۈلشەن ئېچىنىشلىق چىرقىرىغىنىچە بېشىنى چايقىدى. ئەمما، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇ كۆرۈنۈشلەر خىيالىدىن نېرى كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلشەن غال - غال تىترەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ مۇراتمۇ قورقۇپ قالدى.

مۇرات گۈلشەنگە قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئۇ-نىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمما، گۈلشەن ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك تۇرۇۋەردى. مۇرات ئۇنى ئاستا چاقىردى:

— گۈلشەن، گۈلشەن...

گۈلشەن كۆزىنى چىڭ يۇمدى. كۆزىدىن يەنە ياش سىرغىدى. گۈلشەن ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى ۋە مۇراتقا يېپىشتى.

— مۇرات، ئېيتىڭە، نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغانسىز؟ بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ مۇشۇنداقلا تۈگىشىپ كېتىمىزمۇ؟ مې-

نىڭدىن يوشۇرماي دەپ باققان بولسىڭىز نېمىمۇ بولار ئىدى؟ ئەمدى نېمە كۈن بۇ بىزگە؟ ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ نىجىس جىسمىمىز مىدىرلاپ يۈرگەن بىلەن روھىمىز ئۆلگەن تۇرسا. كۈندە يادىمىزغا كېلىپ تۇرسا... ياق مەن بۇنىڭغا چىدىيالمىغۇدەكمەن.

مۇرات ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى:

— گۈلشەن، يامان خىياللارنى قىلماڭ. يامان خىيال دېگەن ئويلىغانچە ئاۋۇيدىغان نېمە.

گۈلشەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۈلكىسى ناھايىتى سوغۇق ئىدى:

— يامان خىيال؟ بۇ يامان خىيالمۇ؟ بۇ رېئاللىق، ئىككىمىزنىڭ ئەتىكى كۈنىمىز. قىزىق گەپ بولدى، ئەمدى يوشۇرغۇدەك نېمە بار؟ ئۆلۈم ۋاقتىنى كۈن ساناپ كۈتۈش، شەرمەندىلەرچە چىرىپ ئۆلۈش... ئەمدى ھەممىسى شۇ... ئاھ خۇدا! بىلىۋېلىڭ مۇرات، بولىدىغان ئىش شۇ! بۇ خىيال ئەمەس، كۆرىدىغان كۈنىمىز.

گۈلشەننىڭ سوغۇق، ئاچچىق گەپلىرى مۇراتنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتتى. دوختۇرخانا ھويلىسىدا پەيدا بولغان يامان تۇيغۇلار يەنە پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى. گۈلشەننىڭ گەپلىرى ئاچچىق رېئاللىقنى «مانا مەن» دەپ كۆرسىتىپ، مۇراتنىڭ ئۆزىنى ئالدىغۇچى مۇداپىئە تېمىنى يىمىرىپ تاشلىدى. شۇڭا مۇراتمۇ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ تاشلىدى.

مۇرات ئاخىر ئۆزىنىڭ قورققانلىقىنى، ئامالسىز قالغانلىقىنى تەن ئالدى:

— ئېيتىڭە گۈلشەن، ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ مەن...

گۈلشەن بوش، ئەمما ھەسرەتلىك شىۋىرلىدى:

— تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ قالغان بولسام، ئۇ شەرمەندە كۈنلەرنى كۆرمىگەن بولسام... شۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.

مۇرات گۈلشەنگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. گۈلشەننىڭ ئاشۇنداق

ئۇمىدسىز، يامان خىياللارغا ئەسىر بولۇشىنى ئۆزىنىڭ سەۋەبى-دىن دەپ بىلدى. مۇراتنىڭ قېنى قاينىدى، كۆزىگە قىزىللىق تى-قىلدى. «ئۇنى مۇشۇ كۇنگە قويغان مەن. ھەممە گۇناھ مەندە. گۇلشەننىڭ گېپى راست، ئەمدى بولىدىغان ئىش بولىدۇ. دېمى-سىمۇ خەقنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ يۈرگەندىن... بوپتۇ، گۇل-شەن شۇنى تاللىغان بولسا... »

بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرگەن مۇرات تېز - تېز نەپەس ئېلىپ:

— ئۇنداق بولسا ئۆلۈۋالايلى! — دېدى.

— ئۆلۈۋالايلى؟ — گۇلشەن چۆچۈپ مۇراتقا قارىدى ۋە يې-شىنى سۈرتتى، — مۇنداق ياشىغاندىن، لەنەت - گەردى بولۇپ ئۆلگەندىن، بوپتۇ، ئۆلۈۋالايلى! مۇرات، بىزگە باشقا قانداق يول بار؟ بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى.

ئەمدى مۇرات خېلى دادىللىشىپ قالغانىدى.

— قانداق ئۆلۈۋالىمىز؟

— قانداقلا بولسا مەيلى.

— چاشقان دورىسى يەيلى. ئالدى بىلەن مەن يەي. ھويلىدا ئا-پام تەكلىكتىكى كۆسۈتكىلەرنى يوقىتىدىغانغا ئېلىپ كەلگەن تازا كۈچلۈك چاشقان دورىسى بار.

— ياق، ئىككىمىز تەڭ ئۆلىمىز، تەڭ يەيمىز...

— راست، دورىغۇ بىر گەپ. ئۇنداقتا توكنى تۇتۇپ...

— مەيلى...

— قوپۇڭ!

مۇرات گۇلشەننى تارتىپ قوپقۇزدى. ئاندىن كىچىك ئورۇن-دۇقنى قويۇپ تامغا مىخلانغان ئۇزچاتنىڭ قاپقىقىنى چىقاردى. ئەنە، ئىككى تال سېرىق سىم. ئۇلارنىڭ ئار - نومۇسىنى قوغداي-دىغان سىم. ياق، ئۇلارنى نومۇسسىزلىقنى ئەيىبلەيدىغان سادالاردىن يىراقلاشتۇرىدىغان سىم. ئۇ سېرىق سىمنى شۇنداق تۇتسىلا ھەممە ئىش تامام. باشقىلار تىللامدۇ، ھاقارەتلەمدۇ، لەنەت ئوقامدۇ، بەربىر. بۇلارنى ئۇلار سەزمەيدۇ.

ھېچنېمىنى ئويلىيالماس بولۇپ قالغان گۈلشەن دەلدەڭشىـ-گىنىچە بېرىپ مۇراتنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە كىچىك ئورۇندۇققا چىقماقچى بولدى. ئورۇندۇق كىچىك بولغاچقا، ئازراقلا ئورۇن قالغانىدى. گۈلشەن شۇ كىچىك ئورۇنغا چىقىپ مەزمۇت تۇرۇۋال-غۇچە يەنە بىر تەرەپكە دەلدەڭشىپ كەتتى. مۇرات ئۇنىڭ قولىنى «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى ۋە ئىختىيارسىز گۈلشەننى ئاگاھلاندۇردى:

— گۈلشەن، چىڭ تۇتۇڭ.

— ئۆزىڭىز بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كېتىۋاتىسىز. ئېھتىيات قىلىڭ مۇرات، مېنى يىقىتىۋەتمەڭ يەنە. بالا...

بالا!

ئىككىسى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. «بالا» دېگەن بۇ سۆز گۈلشەننىڭ سېزىمىنى، ئەقلىنى ئويغاتتى. روھى ئازادىلىشىپ قالغان مۇراتنى رەھىمسىز رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

— بالا! — گۈلشەن ئاچچىق ندا قىلىپ قورسىقىنى تۇتتى ۋە ئورۇندۇقتىن چۈشتى.

تېنىگە تىترەك ئولاشقان مۇرات:

— بالا، بالا... — دەپ تەكرارلىغىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى.

گۈلشەن «ياق، ياق!» دېگىنىچە مۇراتقا ئېسىلىپ يىغلاپ كەت-تى، مۇراتنىڭ چاچلىرىنى يۇلدى.

— گۈلشەن، مۇنداق قىلماڭ. ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ.

ئەمما گۈلشەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ۋارقىرىدى:

— ياق مۇرات، ياق! بالىدا نېمە گۇناھ!

ئىككىسىنىڭ ئاچچىق كۆز يېشى قوشۇلۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا يەنە بىر جۈپ كۆزدىنمۇ ئاچچىق، نادامەتلىك ياش توختاۋسىز ئېقىۋاتاتتى. يىغلاپ - يىغلاپ كۆز قارىچۇقى ئېقىپ كېتەي دەپ قالغان رەھىمە دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرالماي قالدى.

رەھىمە بەكرى دوختۇردىن «يامان خەۋەر»نى ئاڭلىغاندىن كې-يىن ئولتۇرالمايلا قالدى.

سىرتقا چىققاندىن كېيىن رەھىمە ئۇ گەپكە يەنە ئىشىنەلمەي يۈردى. خۇددى بەكرى دوختۇر ئۇنىڭغا قەستەن دېگەندەك، چىشىغا تەگمەكچى بولۇۋاتقاندەك، ياش ۋاقىتلىرىدىكىگە ئوخشاش جىلە قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئانىلار يۈرىكى ئاشۇنداق، بۇ يۈرەكنىڭ شۇنداق ئەلگەكلىك خاسىيىتى باركى، بالىسى ھەققىدىكى ياخشى گەپ ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ئۆتىدۇ، ئەكسىچە بالىسى ھەققىدىكى يامان گەپ ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ قەتئىي ئۆتمەيدۇ. ياخشى گەپنىلا قوبۇل قىلىدۇكى، يامان گەپنى ھەرگىز يېقىن يولاتمايدۇ. ھەتتا بالىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەرنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا، دەرد ـ ئەلىمىنى يالغۇز تارتىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار ئانىلارنى «پەرزەنتى ئۈچۈن تارتسىمۇ ئازاب، يايرايدىكەن ئانىلىق يۈرەك» دەپ تەرىپلەيدۇ.

بىراق، رەھىمە ئاخىر ئىشەندى. بەكرى دوختۇردىكى جىددىيلىككە، ئاۋازىدىكى كەسكىنلىككە، مۇراتنىڭ ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىكى ھاياجانلىق ساراسىمىلەرگە، غەلىتە داۋالاش ئەھۋالىغا قاراپ ئىشەندى. ئىشەندى ـ دە، ئايدىڭكۆلگە قاراپ چاپتى. «بالامنى دوختۇرلارمۇ داۋالىسۇن، مەن كۆڭلىمنىڭ يولىنىمۇ قىلىپ قوياي. بۇنىڭ يامىنى يوق!» شۇ ئوي كىرىۋالغان رەھىمە ئايدىڭكۆلگە كەلدى.

رەھىمە بۇ يەردىكى «بىرلا ئوقۇپ باشقىلارنى باي قىلىۋېتىدىغان، ئۆزى شۇ كىشىنىڭ قولىغا تەمە بىلەن قاراپ ئولتۇرىدىغان» بىر موللىنى بەك چوڭ بىلەتتى. ئۇ ئۇدۇل شۇ يەرگە باردى. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇراتنى خېرۇئىن دېگەن نەرسىدىن قول ئۈزدۈرۈش، ئىككىنچى ئۇ نىجىس نەرسىگە يېقىن يولاتماسلىق، ئوغلىنى ھالاكەت يولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئىدى. موللا ئۇزاق ئوقۇدى، رەھىمەمۇ ئۇزاق يىغلىدى... ئاخىر كۆڭلى تەسەللى تاپتى.

— قايتسىلا رەھىمخان، غەم قىلمىسىلا. باللىرى بىر ـ ئىككى كۈنگىچە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

— ئەمدى چەكمەمدۇ؟

— ئۇ بىر نېمىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ ھۆ قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.
— قاچانغىچە.
— ئىككى كۈنگىچە.
— ئەمىسە ئىككى كۈن ساقلاي. يەنە ئوقۇسىلا، دېگەنلىرىنى بېرەي. بالام ساقايغاندا كېتەي.
— بۇنداق قىلسىلا قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىشەنمىگەندەك بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا ئىشەنمىگەنلىكلىرى پىرلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، باللىرىنى ئۇ نەرسىگە تېخىمۇ بەند قىلىپ قويىدۇ.
بۇ گەپ بىلەن ۋەھىمىگە چۈشكەن رەھىمە ئورنىدىن تۇردى:
— بالام راست ساقىيارمۇ؟
— مەن پەقەت ئوقۇپ يولىنى قىلىپ قويدۇم. تەقدىر - قىسمەتكە بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. قالغىنىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.
خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغان رەھىمە ئەتە قايتىش ئۈچۈن تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە قونالغۇغا ماڭدى.

# تۆتىنچى باب

ھەسەن ھەسەل كامىلنى ئۆزلىرى پەرەز قىلغان قەرەلدە ئېـ-
لىپ چىقالمىغاندىن كېيىن، ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالغانىدى.
بۈرۈن كوچىدا سودىسى گۈللىگەن سودىگەردەك مەغرۇر يۈرىدىغان
ھەسەن ھەسەل ھازىر كوچىغا چىقسا خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ
قالدى، ئۆز ئىشى بىلەن كېتىۋاتقان ساقچىلارنى كۆرسىمۇ يۈرىكى
پوكۇلداپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىگە: «نېمە بولۇپ كېـ-
تىۋاتىمەن؟ نېمانچە ئەنسىزلىككە پاتىدىغاندىمەن؟» دەپ تۇراتتى.
بىر قېتىم ئۇ چاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالدى. بىر كۈنى ئۇ ئىلـ-
گىرى تۇرغان ھېلىقى ئۆيگە باردى. ئۇ يەر ئاستى ئۆيگە يوشۇ-
رۇپ قويغان نەرسىسىنى ئېلىپ قايتماقچى ئىدى. ئۇ ئەمدىلا بىنا
ئالدىغا چىقىشىغا ئالدىغا بىر ساقچى كېلىپ قالدى. ساقچىنىڭ
ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەسەن ھەسەلنىڭ
يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. تەمتىرەپ قالغان ھەسەن ھەسەل
بۇرۇلۇپلا كەتمەكچى بولغانىدى. بىراق، ئۆزىنىڭ دائىم باشقىلارغا
بېرىدىغان تەربىيەسىنى يادىغا ئېلىپ، تەمكىن، ھېچ ئىش بولمى-
غاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، چېنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالـ-
ماقچى بولدى. شۇ خىيال كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەقلى چاقماق
تېزلىكىدە ئىشلىدى. ئۇ دەرھال تىرناق ئالغۇچىنى چىقىرىپ
تىرنىقىنى ئالغان بولۇپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، قېرىشقاندەك ئۇ ساق-
چى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. دەرۋەقە، ساقچى ئۇنىڭ يېنىغا

كېلىپ توختىدى. ھەسەن ھەسەل ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، قولى تىترەپ كەتتى، ئۇ ساقچى گەپ سوراپ قالسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدى. پۈتۈن خىيالىنى «قېچىش» دېگەن بىرلا سۆز ئىگىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز يەر تېگىدىن بىنانىڭ غەرب تەرىپىگە قارىدى.

— سىز قولغا ئېلىندىڭىز!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭگىدە چۆچۈپ كەتكەن ھەسەن ھەسەل پارتلا قىلىپ قاچماقچى بولدى، ئەمما پۇت ـ قولىدا مىدىرلىغۇدەك جان قالمىغانىدى. ئاندىن ئۇنىڭ خىيالىدىن: «قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى سىپايە يەتكۈزگىنى قىزىققۇ» دېگەن ئوي كەچتى. ئۇ جىم تۇرغاچقا ساقچى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى:

— سىز مۇشۇ بىنادا تۇرامسىز؟

ئەسلىدە ساقچىنىڭ مۇشۇ سوئالى بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن ھەسەن ھەسەلگە «سىز قولغا ئېلىندىڭىز!» دېگەندەك ئاڭلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ مىڭ تەستە ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىمۇ تۇيماي ئۇلۇغ «ئۇھ» دەۋەتتى ۋە:

— ياق، مەنمۇ دوستۇمنى ئىزدەپ كەلگەن، — دېدى ئارانلا.

— چىرايىڭىز بۆلەكچىلا تۇرىدۇ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ساقچى.

— يۇقىرى قان بېسىمىم بار ئىدى. بايا بىناغا چىققۇچە ئىت-تىك چىققان ئوخشايمەن، شۇنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك.

— ئەلۋەتتە تەسىرى بولىدۇ ـ دە. مۇشۇ بىنادا ئولتۇرۇشلۇق بولسىڭىز، بىرسىنى سورىماقچىدىم. باشقا بىرىدىن سوراپ باقارمەن.

ساقچى تۆۋەنكى بىنانىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ يېنىغا كەتتى. ھەسەن ھەسەل پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان ھالدا بىرھازا تۇرۇۋەتتى. بۇ ئىش ئۇنى خېلىغىچە بىئارام قىلدى، قىيىندى. «بىرەر چاتاقنىڭ بېشارىتىمىدۇ بۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ قورقۇنچ-قا چۈشۈپ، — مۇشۇ كۈنلەردە ئىشلار ھېچ ئىلگىرى باسمايدىغۇ.

پالاكەتچىلىك باسىدىغان بولسا، ئۆرە بولغىلى بولمايدۇ. دىققەت قىلاي، يا پەتتارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇرۇمچىگە كېتەيلىمىكىن؟ چوڭ يەرنىڭ ئىشى چوڭچە بولىدۇ. توختا، پۇتۇپ قالغان ئىشلارنى قىلىۋېتەي. ئاندىن... ماشىنا بىلەن ئۆي ئاز پۇل ئەمەس. قولغا چۈشەيلا دەپ قالغان ئولجىنى...»

ئەسلىدە ئۇ ئۆي ھەسەن ھەسەلنىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئۇ ئاكىسى بېيجىڭغا ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتكەنىدى. يېقىندا ئۇ قايتىپ كەلمەكچى بولغاچقا، ھەسەن ھەسەل نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، «يوقىنى ئېرىقداپ» قويماقچى بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ باشقىچە بىر نىيىتى بار ئىدى. دەسلەپتە ئۇ زىرە سودىسى قىلغاندا، ئاتا - ئانىسىنى ئوتتۇرىغا سېلىپ بۇ ئۆيگە قارىغاچ «ھەقسىز» تۇرۇۋاتقانىدى. كېيىن «ئاق»قا كىرىشكەندە، زىرە سودىسىنى جاپا كۆرۈپ، مەخسۇس مۇشۇ سودىنىڭ «نېنى»نى يېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بۇ ئۆينى بازا قىلدى. كېيىنچە بۇ ئۆيگە كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇ «بۇنداق بولۇۋەرسە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىغۇدەك» دەپ ئەنسىرەپ، بۇ ئۇۋىسىنى تارقىتىۋېتىپ، ھېلىقى ياتاقنا بېكىنىپ ياتتى ۋە ئوتتۇرىدىكى ئادەملىرىدىن باشقىلارنى ئاساسەن بۇ ئۆيگە كەلتۈرمىدى. ئۆينى بولسا بىر دوستىغا ئىجارىگە بېرىپ پۇلىنى خەجلىدى. كېيىن نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ چىقتى. شۇنداق بولسا بۇ ئۆينى سېتىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا ھەسەن ھەسەل ئاتىسى ئارقىلىق بۇ ئۆينى ئۇبدان باھادا سېتىپ بېرىش توغرۇلۇق نەۋرە ئاكىسىغا ئۇچۇر بەردى. ئاكىسىمۇ ھەسەن ھەسەلنىڭ سودا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە ھەسەن ھەسەلنىڭ تەلىپى بويىچە كىملىكىنى، توي خېتىنى ئەۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭ تەتقىقات خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، شۇنچە كۆپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە كېتىدىغان ۋاقىتنى ئويلاپ بېشى

ئاغرىدى. پەقەت ئىش تەييار بولغاندا ئۆزى ئۇرۇمچىدىن كېلىپ ياكى ھەسەن ھەسەللەر ئۇرۇمچىگە بارسا مۇناسىۋەتلىك ماتېرى-ياللارغا ئىمزا قويۇپ، بارماق بېسىپ بەرمەكچى بولدى. ئىش ئا-شۇ قىزىق يېرىگە كېلىپ قالغان بولۇپ، ئالارمەن پۇل تەييارلاۋا-تاتتى. ئىمزا قويۇش، بارماق بېسىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پۇل تاپشۇرۇلماقچى. ھەسەن ھەسەلنىڭ پىلانى دەل مۇشۇ يەردىن باشلانماقچى ئىدى.

كامىلنىڭ ئىشى سەۋەبلىك ۋەھىمىگە چۈشۈپ، بارغانچە جىد-دىيلىشىپ كېتىۋاتقان ھەسەن ھەسەل پەتتار چىركىنگە تېلېفون بەردى.

— ئىشلار قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

— ساقچى تېلېفوننى ئالمايۋاتىدۇ.

— ئالمايۋاتىدۇ؟!

— ياق، مەن دېمەكچى، ئۇنىڭ يانفونى مۇلازىمەت رايونىدا ئە-مەسكەن.

— ئەستا... قەستەن ئۇنداق قىلىۋالمىغاندۇ ـ ھە، ئۇ خۇم-سى؟

— قەستەن؟

— ئۆتكەندە ساڭا دېدىمغۇ؟ مۇشۇ كۇنلەردە قولىقىڭدا گەپ تۇرمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدىغۇ سېنىڭ. يانفوننى ئەتمەي باتارې-يەسىنى چىقىرىۋەتسەڭ، ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

— ھە، يادىمغا كەلدى. ئۇ ئۇنداق قىلىۋالمىغاندۇ؟

— ناۋادا شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ دەيدىغىنىمىز بار. داۋاملىق تېلېفون بەر.

— ماقۇل. ھە راست، ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشى قانداق بوپ كەت-تى؟

— ئۇ ئىشىمنى سورىغۇچە، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى دېگىنە، تولا جېنىمنى چىقارماي. مۇراتنىڭ يېنىغا قايتا باردىڭمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. مۇرات دوختۇرخانىدىن تېزلا چىقماقچىدى، لېكىن دوختۇرلار نەچچە كۈن تۇتۇۋاپتۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن قارىسام، مۇراتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيگە ساقچى بارغانىنىڭ گېپى بار. شۇڭا، بىرەر چاتاق چىقمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئۆيگە بېرىپ ماشىنىنى ئەكىلىشكە پېتىنالمايۋاتىمەن.

— ئەمدى ساقلاۋەرسەك چاتاق چىقىدىغان ئوخشايدۇ. كامىلنىڭ ئىشىغا كەلسەك... بولدى، ھېلىقى نۇرشات دېگەن ساقچى بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشەي. سېنىڭ خىيالىڭ مۇراتتا بولسۇن. ئوبدان تىڭتىڭلاپ، دەررۇ كۆرۈش. قولىمىزغا كىرىپ قالغان لوق گۆشتىن ئايرىلىپ قالمايلى يەنە.

— بولىدۇ، مەن دەررۇلا باراي.

پەتتار چىركىن «دەررۇلا باراي» دېگىنى بىلەن، تېلېفوننى قويۇپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «ئىشنىڭ تىنچ ۋاقتىدا بىر ياققا كېتىۋالايلى دېسەم ئۇنىمىدى» دەپ ئويلىدى پەتتار چىركىن ئاچچىقلىنىپ، «ئەمدى ھەممە ئىش كەپلەشكەندە ئادەمنى ئالدىراتقان. كامىلنىڭ ئىشىغىمۇ پو ئاتمىسا بولاتتى. ھازىر ۋەزىيەت ئىنتايىن چىڭ، ساقچىلارمۇ جىم ياتمايۋاتسا، بىز بىرنى ئويلىساق، ئۇلار ئوننى ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. بىر قېتىم قۇتۇلۇۋېلىپلا... ھەي، مېنىڭمۇ ئۇرۇمچىدە مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرىم بولغان بولسا ئاللىقاچان كەتكەن بولاتتىم. شۇ ۋاقىتتا كەتكەن بولساق، مۇراتنىڭ ماشىنىسىنىمۇ بۇ ۋاققىچە سېتىپ، پۇلىنى يانچۇققا سېلىپ بولاتتۇق. ئەمدى ئىش نەدىن نەگىچە بولىدۇ، بۇ ئىشتىن چېچەك چىقتىمۇ - يوق؟ كىم بىلىدۇ. مانا ھېلىقى ساقچىمۇ قۇيرۇقىنى قىسىپ قاچتى. ئۇمۇ قورققان گەپ. دېمەك، ئىش چاتاق. مۇراتنىڭ يېنىغا بېرىپ باقاي. ئەگەر كەينىگە تارتىشىپ تۇرۇۋالسا، غىرت قىسىپ، 5000 كويىنى ئېلىپ، يولۇمغا ماڭاي. ھەسەنگىمۇ گەپنى ئوچۇق قىلاي. مۇشۇنداق يۈرەكئالدى

بولۇپ يۇرۇش نىمە دىگەن جاپا ئادەمگە.»

پەتتار چىركىننىڭ ئىچىدىكى قورقۇنچى مۇشۇ كۈنلەردە بار- غانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران ئىدى. بەزىدە: «ئىشلار بىر ئوبدان يۈرۈشۈپ كېتىپ باراتتى. توساتتىنلا بىر قالايمىقانلىشىۋېدى، ئىشىمىز ئاقمىغىلى تۇردى. قارىغاندا ئىشى- مىزنىڭ بولۇشى مۇشۇنچىلىك ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ مۇنداق ئويلىمىقىمۇ ھەق ئىدى. ئادەم نورمال ئەھۋالدا يۈرگەندە بىر ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. ناۋادا، بى- رەر ئىشتىن گۇمان پەيدا بولدىمۇ، ھەممە ئىشتىن خۇدۇكسىرەپ، گۇمانى خىياللار بىر - بىرى بىلەن ئۇلىشىپ، ئادەمنى تۇگەش- تۈرۈپلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشتىن قورقۇپلا يۈرىدىغان گەپ. پەتتار چىركىنمۇ ئاشۇنداق قورقۇپ كەتكەچكە، بىر يەرگە كېتىش، توغرىسى قېچىپ كېتىش ئويى بەك كۈچىيىپ كېتىۋات- قاندى.

پەتتار چىركىن شۇ كۈنى ئۆيىدە يالغۇز تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن كۆڭلى ئاغرىغان بولغاچقا، تېلې- ۋىزىيە تىياتىرى كۆرۈشكىمۇ رايى بارماي، تىزگىنەكنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، توختىماي قانال يۆتكەپ ئولتۇراتتى. كۆزى تىنىمى- سىز ئالمىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەردە بولغاندەك قىلغان بىلەن خىيا- لى باشقا يەردە ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئۇنى ھېلىلا ئۇرۇۋېتىدىغاندەك تۇرغان غەزەپلىك چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى ۋەسۋە- سىگە سالاتتى.

يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ چىرايى ئېچىلمايدىغان بو- لۇپ قالغاندى. پەتتار چىركىننى كۆرسىلا جۇدۇنى تۇتاتتى. ئامال بار ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى خالىمايدى- غان، باشقا ئۆيگە چىقىپ تامىقىنى جىم - جىملا يەيدىغان بو- لۇۋالغاندى. ناۋادا تازا ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقانىنىڭ ئۈستى- گە پەتتار چىركىن كىرىپ قالىدىغان بولسا، دەرھال ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ھەربىر لوقمىنى خۇددى زەھەر يۇتقاندەك تەستە يۇتات-

تى.
بۇرۇنلاردا تاماق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە يېيىلەتتى. ئۇلار تۇرمۇش ئىشلىرى، زىرە، ئۈزۈم سودىسى توغرۇلۇق پاراڭلىشات-تى، بازار ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىشاتتى. بەزىدە ئۈزۈمنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك باھاسىنى تالىشىپ، تاماقمۇ سوۋۇپ كېتەتتى، لې-كىن بۇنداق تالىشىشمۇ بەك ھۇزۇرلۇق ئىدى. ئەمدىچۇ؟ ئۇنداق تالىششلار تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر ئېغىز سۆزنىڭ چىقمىقىمۇ خېلى بىر گەپ بولۇپ قالدى. سەۋەب: ئاتىسى «پەتتار بىر ئىشنىڭ پې-شىنى تۇتمىدى» دەپ خاپا بولاتتى.
بۈگۈنكى خاپىلىقمۇ شۇ گەپتىن چىققانىدى.
— گەپ قىلماي دېسەم، بالام بوپ قاپسەن، — دېدى ئاتىسى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ، — گەپ قىلاي دېسەم، مېنى تې-رىكتۇرۇپ ئۆلتۈرگۈدەكسەن. دەپ باقە، زادى خىيالىڭ نېمە سې-نىڭ؟ مۇشۇنداق بىكار يۈرۈۋېرىپ نېمە بولماقچى سەن؟
— مەنمۇ مۇشۇنداقلا يۈرۈۋەرمەسمەن. ئېپىدا بىر ئىش چىق-سا قىلىمەن دەۋاتىمەنغۇ، — دېدى پەتتار چىركىن خۇپسەنلىك بىلەن.
— سەن مۇشۇنداق دەۋاتقىلى قانچە ئۈزۈن بولدى - ھە؟ ھەر قېتىم ئېغىز ئاچسام شۇنداقلا دەيسەن. مۇشۇنداق لاغايلاپ يۈر-سەڭ، سەن ئىزدىگەن «ئېپىدىكى ئىش» قاچان چىقىدۇ؟ نېمە ئىش ئۇ، دەپ باقە؟
پەتتار چىركىن خېلىغىچە جىم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:
— ئىش قىلىپ ئۈزۈم بىلىمەن، — دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسى ئاچچىقلىنىپ كەتتى:
— بۇنداق يالغان گېپىڭگە مېنى ئىشەندۇرمەن دېمە. سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ يوق، ئىش قىلىش ئويۇڭمۇ يوق. بىر ئوبدان زىرە سودىسىنى «يىلدا بىر قېتىملا بولىدىغان سودىكەن» دەپ تاشلىدىڭ. ئوبدان نان تېپىۋاتقان ئۈزۈم سودىسىنى بولسا «ئۈزۈم سودىسى قىلىدىغانلار جىقلاپ كەتتى. ھەتتا دېھقانلارمۇ بازارنى

بىلىپ كەتتى» دەپ يالتايدىك. ئەمدى سەن قىلالىغۇدەك نېمە سودا باركىنتاك.

— ئىشقىلىپ ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسىلەر.

— بىزگە بىلدۈرمىسەڭمۇ، قۇلىقىمىزنى تىنچ قىلىپ، جېنىمىزنى جان ئەتسەڭلا بولدى.

— ئاتا، ھېلىمۇ سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى ئاغرىتمايۋاتىمەنغۇ.

— ساڭا مۇشۇنداق ئۆرە يۈرسەڭلا ھېسابمۇ؟ يا سەن ئۆيدە تۇ- رۇپ تۇرمايسەن، يا خوتۇنۇڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرمايدۇ. خوتۇنۇڭغا ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ، لايىقىدا ئۆي تۇتۇشنى ئۆي- لىمىدىڭ. بىر يەرگە كەلسەڭلەر ھە دېسە جېدەل، بىر يەرگە كەل- مىسەڭلەر ئۆيۈڭلەردىن بوران ئۇچۇپ تۇرغان. مۇشۇ بىزنى تىنچ قويغىنىڭمۇ؟

— بولدى، ئۇ نېمىنى قويۇۋېتىمەن.

— قويۇۋەتسەڭلا ھېسابمۇ؟ پەتتار، مەن سېنى خېلى بىر ئا- دەم بولىدۇ دەپ يۈرسەم... ھېلىمۇ بىزگە ئاز كۆڭۈل ئاغرىقى تې- پىپ بەرمىدىڭ. بەزى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىۋاتىدۇ. توغرا يولدا ماڭ، بولمىسا مېنىڭدىن ئاغرىنما.

پەتتار چىركىنىنىڭ خۇمارى تۇتۇشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن گەپ تالاشقۇسى كەلمىدى.

— ئەمدى ساڭا ئارتۇق گەپ قىلغۇم يوق. ئىت - مۈشۈك چېغىدا ئۆزىگە، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە مەسئۇل بولىدۇ. سەن شۇلارچىلىكمۇ بولالمايۋاتىسەن.

— ئۇنداق بولسا، مېنى باقماي ئىت - مۈشۈك باق، شۇلارنى بالا قىل.

— سەن! — ئوغلىدىن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن ئاتا غەزەپ- لەندى، — ئىست، ساڭا گەپ قىلغان ئاغزىم. بىر كۈنى خۇدايىم ساڭىمۇ ئىنساب بېرەر.

ئاتىسى شۇ گەپنى دەپ بولۇپ ئىشىكنى «جاققىدە» يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما، پەتتار چىركىنىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاچچىق

گەپلىرى، غەزەپلىك ھەرىكىتى بىلەن كارى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەس - يادى خۇمارنى بېسىشتا قالغانىدى. ئۇ دېرىزىدىن قاراپ ئاتىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال جابدۇق - چارىلىرىنى چىقاردى...

خۇمارى بېسىلىپ، ھۇزۇرىنى سۈرۈپ بىر دەمگىنە يايرىۋالغان پەتتار چىركىن ئاتىسىنىڭ بايىقى قوپال، غەزەپلىك مۇئامىلىسىدىنى ئويلاپ قورسىقى كۆپتى: «بۇ ئاتامنىڭ كاللىسىغا نېمە خىيال كىرىۋالغاندۇ؟ يا پۇل بەر دەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتمىسام، تۇرمۇشۇمنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىۋاتسام، نېمىشقا مېنى بىر ئىش قىلىشقا مەجبۇرلايدىغاندۇ؟ يا مەن باشقا ئۆلۈمتۈك بالىلاردەك تاماق يەپ ئۇننى خورىتىپ، ھاجەتخانىغا كىرىپ سۇنى خوردتىپ يۈرمىسەم... ئاتام ماڭا بۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسە بولاتتى. ئەته - ئۆگۈن ئۇرۇمچىگە كېتىپ قالسام، تېرىكىدىغان ئادىمىمۇ يوق ئولتۇرار زېرىكىپ. بوپتۇ، ھازىرچە ھە دەپ تۇرايلا...»

پەتتار چىركىن بۇگۈن مۇراتنىڭ ئۆيىگە بېرىش - بارماسلىقتا كۆڭۈل توختىتالماي تېلېۋىزورغا قادىلىپ ئولتۇراتتى. تىزگىنەكنى بولسا توختىماي بېسىپ قانال يۆتكەيتتى.

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. پەتتار چىركىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كىچىك كۆزدىن قارىدى. قارىدى - يۇ، كۆزى چەكچىيىپ كەتتى. «دېمىدىمىمۇ، ھامىنى بىر كۈنى چاتاق چىقىدۇ دەپ. گېپىمگە كىرىپ، بالدۇرلا ئۇرۇمچىگە كېتىدىغان ئىشتى» دەپ ئويلىدى ئۇ يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا.

ئىشىكنى چەككەن كىشى بىر ساقچى ئىدى.

شۇ چاغدا ئىشىك بايىقىدىنمۇ بەكرەك چېكىلدى. پەتتار چىركىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېپىرلاپ كەتتى. ئىشىك يەندمۇ بەكرەك ئۇرۇلدى. شۇ تاپتا پەتتار چىركىنگە ئەگەر ئىشىكنى ئاچمىسا، ساقچىلار خۇددى كىنولاردىكىدەك ئىشىكنى بىرلا تېپىپ ئېچىپ، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەنە،

ساقچىلار ئىشىكنى مۇشتلاۋاتىدۇ، ئاخىر بولماي تېپىۋاتىدۇ، قۇ-لۇپقا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ساق-چىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. پەتتار چىركىنىنىڭ پاتىقىدىن بېسىپ، قولىغا كويزا سالدى...

قورقۇپ هالى قالمىغان پەتتار چىركىن ئۆزىمۇ تۇيمىغان هالدا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىككى ساقچى-نى كۆرۈپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

— كەچۈرۈڭ، ئاۋارە قىلدۇق، — دېدى ساقچىلاردىن بىرسى. ئەمما بۇ گەپ پەتتار چىركىنىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

— قېنى، ئۆيگە..— دېيەلىدى ئۇ ئارانلا. ئۇنىڭغا ساقچىلار هازىرلا كويزىسىنى چىقىرىدىغاندەك بىلىنىپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى.

— بىز نوپۇس تەكشۈرۈپ كەلدۇق.

— نو... نوپۇس؟ هە...

پەتتار چىركىن كۇلۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئارقىدىن يىغلى-غۇسى كەلدى.

مۇنداق ئالاقزادىلىك ئىچىدە بېسىم بىلەن ياشاش نېمىدېگەن ئېغىر - هە؟ شۇ قېتىمقى ۋەهىمە هازىرمۇ يۈرىكىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ «مۇنداق يۈرەكسىزلىكى بولۇپ، پالاكەتكە ئۇچرىشىمىزنى ساقلاپ تۇرغاندىن كۆرە، ۋاقتىدا ئۇرۇمچىگە ياكى باشقا يىراق يەرگە كەتكەن ياخشى» دېگەن ئىدىيەسى بەك كۈچىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا بايا ھەسەن ھەسەل بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، تە-ۋەككۇل دەپ ئۆيدىن چىقتى. «ناۋادا ساقچىلار ئۇچراپ قالسىمۇ نېمىدىن قورقىمەن. نەرسىلىرىمنى تىقىشتۇرۇپ قويدۇم. بۇ قې-تىم ئىدىيە تەييارلىقىممۇ بار. مېنىڭدە ساقچىلار گۇمانلىنىدىغان نەرسە بولمىسا، نېمىدىن قورقاتتىم» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىگە مە-دەت بېرىپ.

كىشىلەر ئىسسىق ۋە تىنچىقتىن قېچىپ سايە، سالقىن يەر-لەرگە بېرىشىۋالغان بولغاچقا، كۇمسۇمۇل كوچىلىرى قۇپقۇرۇق

ئىدى. شۇڭا پەتتار چىركىننىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىشى ئاسانغا توختىدى. گۇمانلىق بىر ئىش، شەپە يوق. شۇڭا تەمتىرىمەسلىككە، ئالاقزەدە بولماسلىققا تىرىشىپ مۇراتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. هويلا ئىچى جىمجىت ئىدى. پەتتار چىركىن ئىشىكنى چەكتى. بىردەم ساقلاپ بېقىپ هويلا دەرۋازىسىنى ئاستا ئاچتى.

هويلىغا كىرگەن پەتتار چىركىن هەيران قالدى. مۇرات بىلەن گۈلشەن پەرىشان، سۇلغۇن هالدا ئولتۇرۇشاتتى. گۈلشەننىڭ كۆزلىرى يىغىدىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. پەتتار چىركىن ئۇلارنىڭ بۇ ئوسال هالىغا هەيران بولغانچە مۇراتنىڭ ئالدىغا باردى.

— قانداق ئەھۋالىڭ ئاداش؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

پەتتار چىركىن قولىنى قىزغىنلىق بىلەن سۇندى. ئەمما، مۇرات سالاملىشىشنى خالىمىغاندەك قولىنى ئارانلا بەردى. بۇنى كۆرگەن پەتتار چىركىن «هوي، بۇ چىدىماس گېپىدىن يېنىۋالدىمۇ نېمە؟ بىر نېمە دېيىشىپ قالساق چاتاق چىقماس - هە؟ هەي، ۋاقتىدا پۇتمۇۋېدى بۇ ئىش» دەپ ئەنسىرەپ قالدى. مۇراتنىڭ تېخىچىلا جىم ئولتۇرۇشى پەتتار چىركىننىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ گەپ ئېلىپ بېقىش، ئاندىن شۇنىڭغا يارىشا بىر ئامال قىلىش قارارىغا كېلىپ:

— مۇرات ئاداش، ماشىنىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك بولاتتى. ئالىدىغان ئاغىنەم سەل ئەنسىرەپ قالغان ئوخشايدۇ. دېگەن ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ، — دېدى. ئاندىن ئۇ ۋەدىدە تۇرۇش ھەققىدە سۆزلەي دەپ تۇرۇۋېدى، ئويلىمىغان يەردىن مۇرات ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— مەنمۇ سېنى ساقلاپ تۇرغان. ماشىنىنى ئېلىپ كەت.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پەتتار چىركىن قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— بىللە بارساڭ، ماشىنىنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولۇپ، پۇلىنى...

— ئۆزۈڭلەر بىجىرىپ، تۈگىگەندە پۇلنى ئەكىلىپ بېرىڭلار.
پەتتار چىركىن بۇ گەپكە تېخىمۇ ھەيران قالدى ۋە «بۇنىڭغا دەرھال ھە دېسەم گۇمانلىنىپ قالمىسۇن» دەپ گۇلشەنگە قارىدى. بىراق گۇلشەن خۇددى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئازراقمۇ ئاڭلىمىغاندەك، قىزارغان كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئېغىر غەم بىلەن ئولتۇراتتى. شۇڭا پەتتار چىركىن خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا يالغاندىن:
— بىللە بارساڭ ئوبدان بولاتتى، — دېدى.
— ماشىنىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى، كىملىكىمنى ماشىنىغا قويۇپ قويدۇم. ئاچقۇچمۇ ماشىنىدا...
— ئۇنداق بولسا مەن ماڭدىم. ئىش بولسا ساڭا تېلېفون بېرىمەن.
مۇرات بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى.
ماشىنىنى ھەيدەپ چوڭ يولغا چىققان پەتتار چىركىن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ھەسەن ھەسەل بىلەن قانداق قىلىپ ماشىنىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە تولىمۇ باش قاتۇرۇپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پىلانى بويىچە بولغاندا، ماشىنا سېتىش رەسمىيەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، پەتتار چىركىنلەر مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان ماشىنا ئالغۇچى بانكا كارتىسىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى قەستەنگە خاتا بېسىپ، كارتىنى ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىغا «يېگۈزۈۋېتىدۇ.» كارتىنى ئالغاندىن كېيىن پۇلنى بېرىشكە پەتتار چىركىن بىلەن ھەسەن ھەسەل گۇۋاھچى بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار ماشىنىنى ئېلىپ ئورۇمچىگە تىكىۋېتىدۇ... ئۇلار مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ھەربىر ئېغىز گەپ ئۈستىدە ئىنچىكە ئويلاشقانىدى. ھەتتا ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىغا مەجبۇرىي «يېگۈزۈۋەتكەن» كارتىنى دەرھال ئالدىغان گەپنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر شېرىكىگە بانكا خادىملىرىنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگى ۋە شەكلىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن كىيىمنى كىيدۈرۈپ، زالدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن گەپ

سورايدىغان، ئۇ شېرىكى بولسا: «هازىر كومپيۇتېرلارنى ئوڭشاۋا-تىمىز. ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىڭلار» دەپ جاۋاب بېرىدىغان تەدبىرلەرنىمۇ ئويلىشىپ قويغانىدى. ئەمما، ئويلىمىغاندا بۇ ئىش ئاددىيلا پۈتۈپ قالدى. «ئەجەب ئىش، مۇرات جىق ئويلاشمايلا ما-شىنىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدىغۇ؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - هە؟ يا ئۇلار هىيلە ئىشلىتىپ كەينىمگە ساقچى سېلىپ قوي-مىغاندۇ؟ ياق، ئەپتىدىن ئۇنداق ئىش يوق. لېكىن، شۇ ئېنىقكى، مۇراتقا بىر ئىش بوپتۇ.» پەتتار چىركىن شەرقىي ئايلانما يول-نىڭ بېشىغا بېرىۋالغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ دېمىنى ئېلىۋې-لىپ، شۇلارنى ئويلاپ كەتتى.

پەتتار چىركىن «جەڭ غەلىبىسى»نى دوكلات قىلىش ئۈچۈن هەسەن هەسەلگە تېلېفون بەردى.

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى هەسەن هەسەل.

— بىز ئويلىغاندىنمۇ بەك ئاددىي... ئاسانلا پۈتتى بۇ ئىش.

پەتتار چىركىن بولغان ئىشنى دەپ بەردى.

— بىرەر هىيلە ئەمەستۇ بۇ؟ — دەپ سورىدى هەسەن هەسەل گۇمانلىنىپ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. خېلى كۈزەتتىم، لېكىن هېچ-بىر ئۇنداق ئالامەت يوق.

— ئەمىسە مۇراتنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ ئايالىمۇ توسمىدىمۇ؟

— ياق، ئايالى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مېنىڭچىمۇ مۇراتقا بىر ئىش بولغاندەك تۇرىدۇ. بولمىسا ئۇ ماشىنىسىنى بىزگە شۇنداقلا تاشلاپ بېرەرمۇ؟ هازىرغىچە هەيران قېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟

— بۇنى ئويلاپ ئولتۇرغۇدەك هالىم يوق. هېلىقى هارامتاماق ساقچىغا شۇنداق ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ. سەن دەرهال ماشىنىنىڭ رەسمىيتىنى يۆتكەيدىغانىنىڭ ئامالىنى قىل. مەن ساقچىخانا تە-رەپكە بېرىپ باقاي.

— ئۆيىنىچۇ؟

— ئەھۋالغا قاراپ باقىلى. بەك ئەپلەشمىسە، ۋاقتىدا ئۆزدىمىزنى جايلايلى. ئۆينى دەپ پالاكەت باسمىسۇن يەنە.
— مەنمۇ شۇ خىيالدا. ئۇنداق بولسا تېز تۇتۇش قىلايلى. مەن ماڭدىم.
— بولىدۇ. ساڭا سەل تۇرۇپ تېلېفون بېرەي.
غەزەپتىن پارتلاپ كېتەيلا دەپ قالغان ھەسەن ھەسەل ساقچىخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
ئۇ ساقچىخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىچىك دۇكانغا كىرىپ ئىچىملىك ئىچكەچ ساقچىخانىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئولتۇردى.
دەرۋەقە، بىرەر سائەتتىن كېيىن ساقچى نۇرشات ساقچىخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ھەسەن ھەسەل دەرھال يانفونىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى، ئەمما ئۇنىڭ يانفونى يەنە ئېتىك. ھەسەن ھەسەل دەرھال ماروژنىدىن بىرنى ئېلىپ دۇكان ئالدىدا ئويناۋاتقان بىر بالىغا بەردى ۋە:
— ئاۋۇ ساقچى ئاغىنەمنى چاقىرىپ كەلگىنە، — دېدى. بالىنىڭ كۆزى ماروژنىغا تىكىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ:
— ماقۇل، — دەپلا ماروژنىنى ئېلىپ «ساقچى، ھەي ساقچى» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى. بالا ساقچىغا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ساقچى دۇكانغا قاراپ تۇرۇۋۇەتكەندىن كېيىن بۇياققا بۇرۇلدى.
تال - تال مارجان تىزمىلىرىدىن قىلىنغان پەردىنى قايرىپ كىرىپ ھەسەن ھەسەلنى كۆرگەن ساقچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
— نۇرشات سوجاڭ، بەك ئالدىراش بوپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى ھەسەن ھەسەل يىمىرىپ سۆزلەپ.
— ھە، شۇ... بىرئاز ئالدىراش...
— سىزلەر ئالدىراش بوپ كەتسىڭىزلەر، بىزنىمۇ ئالدىراش قىلىۋېتىدىكەنسىزلەر.
ساقچى نۇرشات سىرتقا بويۇنداپ قاراپ:

— بۇ يەر ئەپسىز ئىكەن. كېيىن كۆرۈشسەك، — دېدى.

— تۆكۈمنى كۆيدۈرسەملا پەيدا بولساڭغۇ، بۇ گېپىڭگە ماقۇل دېسەم. تېلېفونۇڭنى ئېتىۋېلىپ، بىزدىن قېچىپ يۈرسەڭ، سەن بىلەن قانداق سۆزلىشىمەن؟

— شۇ، يانفونۇم يەرگە چۈشۈپ كېتىپ...

— ئۇ گەپنى قوي نۇرشات. مۇشۇ يەردە گەپنى ئۇچۇق قىلىشايلى.

— بۇ يەر... مەن...

— كامىلنىڭ ئىشى قانداق بوپ كەتتى؟

— مەنمۇ شۇ كويدا، — دېدى نۇرشات بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىراپ، — لېكىن ئۇنى بەك چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئامال ئىزدەۋاتىمەن.

— مۇشۇ گېپىڭنى ۋاقتىدا ئۇچۇق قىلماي، نېمە بىزدىن ئۆزۈڭنى ئېلىپ قاچىسەن؟

— مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچمىدىم.

— بۇ گېپىڭنى قوي. بۇنچىلىك ئىشلارنى بىزنىڭمۇ چۈشەنگۈچىلىكىمىز بار. ئىش چىڭىغا چىقىپ، كۈچۈڭنى تازا كۆرسىتىدىغان چاغدا قۇشقۇندا ئولتۇرۇۋالساڭ...

— مەن... مەن ئۇنداق قىلمىدىم...

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ۋاقتىدا خەۋەر بەرمەيسەن؟ تولا يالغان ئېيتما، ئەنە يانفونۇڭمۇ جايىدا تۇرۇپتۇ. مەن ھەسەن ھەسەلنىڭ پۇلى بەزىدە ھەسەل بولغان بىلەن، بەزىدە زەھەر. تەييار پۇلنى خەجلەشنى شۇنداق ئاسان چېغى دەپ ئويلاپ قالدىڭما؟ ئاساماندىن چۈشكەن پۇلنىڭمۇ سورىقى بار. ئالغۇچە بىزنى قورقۇتۇپ نەچچە قاتلاپ ئالدىڭ. بىز بىلسەكمۇ، بىلمىسەكمۇ ھە دېدۇق.

— ھوي، ھوي، بۇ يەردە مۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، — دېدى نۇرشات قورقۇپ.

— نېمىدىن قورقىسەن؟ بىزدىن قورقمىغان ئادەم نېمىدىن قورقىسەن؟

— بولدى، بولدى، — دېدى نۇرشات جىددىيلىشىپ، — نەق گەپنى قىلىشايلى. مەن بۇگۈن كەچكىچە بىر ئامال قىلاي.

— بولىدۇ، نەق گەپنى قىلىشايلى. گېپىڭىدە تۇر. بولمىسا بىزدىن ئاغرىنما. يەنە بىزنى ئالدىساڭ، «خەپ» دېسەڭ ئۆلگۈرەلـ.مەيسەن. بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرۈپ، بىزگە ئۇچۇق تېگىپ كەتـ.سە، ئاقىۋىتىڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىۋال.

بۇنى ئاڭلىغان نۇرشاتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ كەينى ـ كەينىدىن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ـ نىڭ تىلىنى چۈشەنمىگەن دۇكاندار ئايال بىر ساقچىنى ئەدەپلەۋاتقان ھەسەن ھەسەلگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

«بۇ گۈي بۇ قېتىم ئەسقاتمىغۇدەك. ئۆزۈم ۋاقتىدا بىر ئامال تاپمىسام بولمىدى.» ھەسەن ھەسەلنىڭ خۇمارى تۇتۇپ ياتاقتا ئاران ئۆلگۈرۈپ كېلەلىدى. ئەسلىدىلا مەينەتچىلىككە تولغان بۇ ياتاق نەچچە كۈندىن بۇيان پاتىپاراق بولۇپ كەتكەچكە، تاشلاندۇق ئۆيدەك بولۇپ قالغانىدى. ھەسەن ھەسەل كىر باسقان، سېسىق پۇراق گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان يوتقاننى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، ياستۇق ئاستىدىن شپىرىسنى ئالدى. بۇ بىر قېتىملا ئىشلىتىلـ.دىغان، كونا، پاسكىنا شپىرىس بولۇپ، يىڭنىسى داتلىشىپ كەتـ.كەنىدى. ھەسەن ھەسەل يىڭنە تۆشۈكىنى ئالدىنئالا تەييار قىـ.لىۋالغان يىڭنە مىخ بىلەن تازىلىدى. ئاندىن كېيىن تىترەپ تۇر ـ غان قوللىرى بىلەن خېروئىننى ئېلىپ، ئىستاكاندىكى نەچچە كۈن بولغان جۇمەك سۈيىدە ئېرىتتى. ئاندىن سۈيۈقلۇقنى شپـ.رىسقا سۈمۈرتۈپ بىلىكىنى تاڭدى. ھەسەن ھەسەل مۇشۇنداق خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ، ئالدىراپ كەتكەن ۋاقىتلىرىدا يىڭنىنى تومۇرغا سانجىيالماي، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سانجىۋەرگەچكە، بىـ.لىكى قارىغۇسىز دەرىجىدە زېدە بولۇپ كەتكەنىدى، تولا ئوكۇل ئۇرغانلىقتىن بىلىكىنىڭ بەزى يەرلىرى ھۆررەك ـ ھۆررەك بو ـ لۇپ، تېرىسى توقۇملىشىپ كەتكەنىدى. ھەسەن ھەسەل مىڭ تەسـ.تە ئوكۇل يىڭنىسىنى تومۇرىغا كىرگۈزدى. سۈيۈقلۇق تولىمۇ

تەستە ماڭدى. سۈيۈقلۇقنىڭ مېڭىشىغا تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ تۇرغان ھەسەن ھەسەلنىڭ كۆز ئالدى تۇمانلاشقاندەك بولدى، ئاغ-دىن بېشى قايدى. ئۇ تامنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى - يۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالمىدى. ئاجىز گەۋدىسى ئۇيان - بۇيان بولۇپ ئاخىر كارىۋاتقا ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى...

ماشىنىنىڭ ئىشلىرىنى ئاساسەن تۈگىتىپ بولغان پەتتار چىركىن يەنە بىر ھەمراھى بىلەن ياتاققا كەلدى ۋە تومۇرىغا ئو-كۇل سانجىقلىق ھالدا كارىۋاتتا قېتىپ قالغان ھەسەن ھەسەلنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى تاشلاپ ھەسەن ھەسەلنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ كۆپۈپ قالغان مەيدىسىنى بې-سىشقا، ئالقىنى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمما، ھەسەن ھەسەل ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئۇلۇغ نېمىتى بولغان «تىنىق ئې-لىش»تىنمۇ بەھرىمەن بولالمىدى...

# بەشىنچى باب

مۇشۇ كۈنلەردە بەكرى دوختۇر ئېغىر خىيالدىن باش كۆتۈ-رەلمەيدىغان غەمكىن ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. قولى ئازراقلا بوشىسا كۆز ئالدىغا رەھىمە، مۇرات كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. خىيالى ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ بەزىدە ئۆزىنى ئا-گاھلاندۇرۇپ: «ھوشۇمنى يىغاي، بىخەستەلىك قىلىپ بىمارلارغا ئارتۇقچە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرمەي يەنە» دەپ ئويلايتتى. ئەمما، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشى جىددىي كېسەلنى پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇتقۇ-زۇۋاتقاندا ئەسقېتىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ داۋالاشقا كىرىشەلىسىمۇ، لېكىن ئىشخانىسىدا بىكار ئولتۇرۇپ قالدىمۇ بولدى، خىيال ئۇنى ئىسكەنجىسىگە ئالاتتى. بەكرى دوختۇر قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىنى ياخشى كۆرۈپ، قەدىرلەپ، ئىجىل - ئىناق ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە رەھىمەنىڭ بەختسىزلىكىگە، مۇراتنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىگە ئۆزىنى سەۋەبچىدەك ھېس قى-لىپ، گۇناھىنى يۇيۇش تۇيغۇسىغا كېلىپ قالدى. لېكىن، ھەر-قانچە ئويلاپمۇ، قانداق قىلسا گۇناھىنى يۇيالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇراتقا ئىچى سىيرىلدى. ئۇنىڭ ياش ھاياتىنىڭ مۇشۇنداقلا تۇزۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسا، ئىچى ئاچچىق بولاتتى، بوغۇلاتتى. دېمىسىمۇ، ئەمدىلا ياشلىق باھارىغا قەدەم قويغان، ھاياتنىڭ لەززەتلىك تەمىنى تېتىشقا باشلىغان، تۇغۇلمىغان بالىسى ھەققىدە شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولغان،

بۇۋاقنىڭ بۇدرۇق قوللىرىنى تۇتۇپ بېقىش ئىستىكىدە ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان بىر ياش گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئەيدىزگە يەم بولۇپ كېتىۋاتسا، بۇنىڭغا يۈرەك ئېچىنماي تۇرالىسۇنمۇ؟

يۈرىكى ئازابتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان بەكرى دوختۇر «مېنى كەچۈر بالام!» دەپ ئاچچىق نالە قىلدى.

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلىپ سېسترا كىرىپ كەلدى. بەكرى دوختۇرنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرگەن سېسترا ھەيران قالدى.

— نېمە ئىش؟ جىددىي بىمار كېلىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بەكرى دوختۇر چىرايىغا تەبىئىي تۈس بېرىشكە تىرىشىپ.

— ياق، — دېدى سېسترا ھەيران قالغانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — دوختۇرخانا باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ. سىزگە تېلېفون بېرىپ ئالالماپتۇ.

— ھە... مەن چىقاي.

سېسترا ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئەپقېچىپ چىقىپ كەتتى. بەكرى دوختۇر خېلىغىچە ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى. بايا ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېلېفونى خېلىغىچە جىرىڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تېلېفوننى ئېلىش خۇشىياقمىغانىدى.

بەكرى دوختۇر كەيپىياتىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

ئىشخانىدا كەسپتە پىشقان ئىككى دوختۇر بىلەن ئايگۈل بار ئىدى. دوختۇرخانا باشلىقى جىددىي تۈستە بىر ماتېرىيالغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— يولداشلار، بۈگۈن مۇنداق بىر ئىشنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن سىلەرنى جىددىي چاقىرتتىم. ھازىر بىز تۇغۇت ۋاقتى توشۇپ قالغان بىر بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، بالىسىنى ئالماقچى.

ئەھۋالنى بىلىدىغان بەكرى دوختۇر بىلەن ئايگۈل جىددىي

ئويدا ئولتۇرۇۋەردى. ئىككى دوختۇر بولسا: «شۇنداق ئاددىي ئىش-نىمۇ مۇشۇنچە ئادەمنى يىغىپ مۇزاكىرە قىلغان بارمۇ؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. دوختۇرخانا باشلىقى سۆزىنى داۋام قىلدى:
— قارىماققا بۇ بەك ئاددىي ئوپېراتسىيەدەك قىلغان بىلەن، بۇ ئىشنىڭ مۇرەككەپ، نازۇك تەرىپىمۇ بار. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ بىمارنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە، يەنى بۇ بىمار ئەيدىز ۋىرۇسى بى-لەن يۇقۇملانغان.
— ئەيدىز! — بىر دوختۇر چۆچۈپ ئاغزىدىكى چاينى پۈركۈ-ۋەتكىلى تاس قالدى.
— نېمە؟ ئۇ ئەيدىزما؟ — يەنە بىر دوختۇرنىڭ قولىدىكى تا-ماكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.
— تولا ئەيدىز دەۋەرمەڭ قۇربان دوختۇر، — دېدى دوختۇر-خانا باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، — بىز تېببىي خادىم بولغان-دىكىن، توغرا گەپ قىلايلى. ھە، گەپكە كەلسەك، بىز شۇ بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، بالىسىنى ئالىمىز.
— ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى قۇربان دوختۇر، — ئەيدىز ئانىدىن تۇغۇلغان بالا، ئەلۋەتتە، ئەي-دىز بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، ئۆزىلا تۇغۇۋەرمەمدۇ؟
— بالىنى ئەيدىز قىلمايدىغانىنىڭ ئامالىنى قىلىمىز دەۋاتىد-مىز، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى زەردە بىلەن.
— ئەيدىز قىلمايدىغان؟ — ھەيران قالدى قۇربان دوختۇر.
— ئالدىرىمايلى كۇ دوختۇر، — دېدى باياتىندىن بېرى ئۈن-سىز تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ۋاڭ دوختۇر، — بىزنى مۇشۇ يەرگە يىغىپ، مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندىكىن، دوختۇرخانا باشلىقى-نىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ؟ دوختۇرخانا باشلىقى، قېنى ئالدى بىلەن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەپ باقامسىز.
— بۇ مەسىلىگە ئايگۈل جاۋاب بەرسۇن، - دېدى دوختۇرخانا باشلىقى.

— مەن سۆزلەپ باقاي، — دېدى ئايگۈل كەيپىياتىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىماي، — ئەمەلىيەتتە بۇ تەكلىپنى ئىدارىمىز ئوتتۇرىغا قويۇپ، دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشكە بىز مەسئۇل بولساق، دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى، دادىللىقىنى قوللىساق. توغرا، بىز هازىرغىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاندىن تۇغۇلغان بوۋاق ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلدۇق. بىراق دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تېببىي تەرەققىياتى بۇ قارىشىمىزغا خاتىمە بېرىۋاتىدۇ. قىسمەن جايلاردا سىناق قىلىنىپ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ئاندىن تۇغۇلغان بوۋاقنى ئەيدىزدىن ساقلاپ قىلىش ئەمەلگە ئېشىپ، ئىنسانىيەتكە ئۈمىد، بەخت ئېلىپ كەلدى. شۇڭا بىزمۇ نۇرغۇن بىگۇناھ بوۋاقنىڭ بەختسىزلىك پاتقىقىغا پاتماسلىقى ئۈچۈن، ئىستىقبالى ئۈچۈن، نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش بۇ هاياتلىقتىن ئالىدىغان نېمىتى ئۈچۈن بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلىش قارارىغا كەلدۇق...

ئايگۈل قىزغىنلىق بىلەن بۇ ئوپېراتسىيەنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى، ئىلمىي ئاساسلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلىدى.

ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغان ۋاڭ دوختۇر قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، ئەمما قۇربان دوختۇر بېشىنى چايقىدى.

— ئېنىقسىز جايلىرى بولسا، گەپنى ئوچۇق قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرايلى، — دېدى بۇ ئېپادىلەرنى كۆرگەن دوختۇرخانا باشلىقى، — بۇ يەردە شۇنىڭ ئۈچۈن مۇزاكىرە قىلىپ ئولتۇرۇۋېتىمىز. قېنى، كەڭ - كۇشادە پىكىرلەشسەك بولىدۇ.

— مېنىڭچە، بۇ ئوپېراتسىيەنىڭ خەتىرى چوڭ، — دېدى قۇربان دوختۇر دەرهاللا.

— قانداق دەيسىز؟ — دېدى ئايگۈل جىددىيلىشىپ.

— ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىكىنلا قان ئاقىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، — دېدى قۇربان دوختۇر، — ئاققان قان بىلەن بىز

دوختۇرلار ۋە بىر قىسىم سېستىرالار ئۇچراشماي قالمايمىز. بۇنداق بىمارنىڭ قېنى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سۆزلىمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇنداق خەتەرگە كىم تەۋەككۇل قىلىدۇ؟ بىر ھېسابتا تەۋەككۇل قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشمۇ خاتا.

— ئوپېراتسىيەنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى سىزگە شۇنداق ئايان تۇرۇپمۇ دەۋاتقان گېپىڭىز مېنى ھەيران قالدۇردى، — دېدى ئايگۈل، — سىز قان بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشمايدىغان تۇرسىڭىز، قانداقمۇ...

— توغرا، مەن ئوپېراتسىيەنى ئوبدان بىلگەچكە شۇنداق دەۋاتىمەن. ئوپېراتسىيەدە باشتىن - ئاخىر پىچاق، قايچا، يىڭنە ئىشلىتىدىغان گەپ. ناۋادا ئاشۇ تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ بىرەرى قولغا تېگىپلا كەتسە تۇگىمەس بالاغا قالىدىغان ئىش. بۇنى دوختۇر - سېستىرالارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

— ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۈچەيتسەك بولىدىغۇ.

— قېنى قانچىلىك كۈچەيتكىلى بولىدۇ؟ تاسادىپىيلىقنى ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ئوپېراتسىيە قىلىشقا «مانا مەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقىدىغان دوختۇر - سېسترانى تاپقىلى بولمايدۇ.

— تاپقىلى بولىدۇ!

باياتىندىن بېرى ئۆزىنى تەستە بېسىپ ئولتۇرغان بەكرى دوختۇر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قۇربان دوختۇرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە بولۇپ سانجىلىۋاتاتتى. ھەر بىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «سېنىڭ نەۋرەڭنىڭ ھايات قېلىشىغا يول يوق. ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا تاللىشى يوق. ئۇ ئۆلۈشى كېرەك» دېگەندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ قاتتىق ئاۋازىدىن باشقىلار چۆچۈپ كەتتى.

— بەكرى دوختۇر، ھاياجىنىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى قۇربان دوختۇر، — بۇ دېگەن جاننى دوغا تىكىدىغان ئىش. شۇڭا

بۇنىڭغا ھېچكىم ئۇنىمايدۇ.
— مەن ئۇنايمەن!
— نېمە؟؟
قۇربان دوختۇر قاتتىق ھەيران بولۇپ بەكرى دوختۇرغا قاردى. بەكرى دوختۇردىكى قەتئىيلىك شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، قۇربان دوختۇر ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قاريالمىدى.
— ئۇنداق بولسا بۇ ئوپېراتسىيەگە سىز باش بولۇپ قاتنىشىڭ، — دېدى قۇربان دوختۇر دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا، — لېكىن مەن قاتنىشالمايمەن، مەجبۇرلىنىشىنىمۇ خالىمايمەن. دوختۇر بولساقمۇ بىزمۇ ئادەم. بىزنىڭمۇ ئۆز جېنىمىزنى قوغداش، ئائىلىدىكىلەرگە مەسئۇل بولۇش يولىمىز بار. دوختۇر بولدى دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس.
بۇ گەپ بىلەن ئوتتۇرىنى ئېغىر سۈكۈت باستى.
— بولدى قۇربان دوختۇر، سىزگە رۇخسەت، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى، — قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەرمىز.
قۇربان دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا دوختۇرخانا باشلىقى ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى.
— توختاڭچۇ قۇربان دوختۇر، ئەسكەرتىشىمنىڭغۇ ھاجىتى يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ دەپ قويغىنىم ياخشى. سىز بۇ ئوپېراتسىيەگە مەيلى قاتنىشىڭ، مەيلى قاتناشماڭ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم.
قۇربان دوختۇر بېشىنى لىڭشىتقىنىچە چىقىپ كەتتى.
— مەن بۇ ئوپېراتسىيەنى داداللىق بىلەن قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى ئايگۈل قەتئىي تەلەپپۇزدا.
— مېنىڭچىمۇ تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرماي، دەرھال ئوپېراتسىيە پىلانى تۈزەيلى، — دېدى دوختۇرخانا باشلىقى.
گۈلشەن جىم ئولتۇرۇپ قورسىقىنى سىلىغىنىچە بالا تۇغرۇلۇق خىيال قىلاتتى. مېھىر - مۇھەببەتتىن ئاپىرىدە بولغان ھا-

مىلىنى ھاياتى بەدىلىگە ھىمايە قىلىۋاتقان ئانىنىڭ خىيالى ئەل-ۋەتتە شېرىن بولىدۇ. گۈلشەن بالىسىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى خى-يال قىلاتتى. كۆزىنى، يۇمران تېرىسىنى، تۇگۇلۇپ تۇرغان پۇت بارماقلىرىنى، ھەربىر تىنىشقا سەزگۈرلۈك بىلەن زەن قويۇۋاتقان ئوماق قۇلاقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئوماق بالىسى كۆز ئالدىدا چوڭ بولۇپ گۈگۈرلاپ گەپ قىلاتتى، «ئاپا، ئاتا» دەيتتى. ئاندىنچۇ؟ بالا ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى شۇ چاغدا ھەقىقىي تونۇشقا باشلىغانىدى. شۇ چاغدا... ئاھ! خىيالى شۇ يەرگە كەلگەن-دە گۈلشەن نالە قىلاتتى. «ئېھ، شور پېشانە بالام، مەن ئاپاڭ، ئۇ ئاتاڭ دېيىشكە قانداقمۇ تىلىم بارسۇن؟ چۈنكى ئاتاڭ ۋۇجۇدى چىرىپ كەتكەن بىر ئەرۋاھ، ئاپاڭ ـــ مەن بولسام يۈز تېرىلىرى سويۇلۇپ كەتكەن يەنە بىر ئەرۋاھ. شۇنداق تۇرسا، سەن قانداقمۇ تېرىسىدىن سويۇپ ئېلىپ تۇرغان مېنى تەشنالىق بىلەن قۇچاقلىيالايسەن؟ كۈچ ـ ماغدۇرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئاتاڭدىن مەدەت تىلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقالايسەن؟ بىچارە بالام، شۇ چاغدا سې-نىڭ كۆڭلۈڭ قانچىلىك يېرىم بولۇپ كېتەر ـ ھە؟» گۈلشەنىنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلدى، يۈرىكى پارە ـ پارە بولدى.

بىر چەتتە يەنە بىر ھالسىزلانغان ۋۇجۇد ئۈنسىز نالە قىلىپ، تىلەك تىلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ رەھىمە ئىدى. ئۇ ئۆزى قىلغان سە-ۋەبلەرنىڭ كۈچىنى كۆرۈش ئۈچۈن مۇراتقا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. باشقا ئىش بىلەن كارى يوق ئىدى، ھەتتا ئۇ سۆزلىسىلا ھەممە ئىش بۇزۇلىدىغاندەك گەپمۇ قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ ماشىنا ھەققىدە ئېغىز ئېچىپمۇ قويمىدى. بەكرى دوختۇرنىمۇ، بەكرى دوختۇر بىلەن مۇراتنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ يادىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى مۇراتنىڭ خېرىئىن تاشلىشىدا ئىدى.

مۇرات قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدى. خۇمارى تۇتقاندا بولسا، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ياكى ھاجەتخانىغا يۈگۈرەيت-تى، خۇمارى بېسىلغاندا بولسا يەنە قورقۇنچلۇق خىياللاردىن قۇ-تۇلالمايتتى، خۇمارى تۇتقاندا يەنە ھەممىدىن ۋاز كېچەتتى، خۇما-

رىدىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىشكىمۇ رازى بولاتتى. ئانىدىن ئۆلۈمدىن قورقۇپ غال - غال تىترەپ ئولتۇراتتى. قورقۇمىسىراپ گۈلشەنگە قارايتتى. گۈلشەنىنىڭ سۆيگۈلۈك نەزەرىدە ئۇ يوق ئىدى. شۇ تاپتا مۇرات گۈلشەنىنىڭ نەزەرىدە ئۆلارنى ھالاكەتكە باشلىغۇچى بىر گۇمراھ ئىدى. مۇرات ئەيمىنىپ رەھىمەگە قارايتتى. ئەمما، رەھىمەنىڭ مېھىرلىك نەزەرىدە ئۇ يوق ئىدى. شۇ تاپتا مۇرات رەھىمەنىڭ نەزەرىدە پاك يۈرەكلەرنى دەپسەندە قىلغۇچى بىر ئازغۇن ئىدى.

بۇ ئائىلىنى ئەنە شۇنداق ساراسىمە، ۋەھىمە قاپلىغانىدى.

رەھىمەنىڭ بىچارە، مىسكىن ھالىغا نەزەرى چۈشكەن گۈلشەن بىر ئاز سەگىدى. رەھىمەنىڭ ھالىتىدىن ئۆنىڭمۇ بەزى ئىشلاردىن خەۋەردار بولغانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇ يېشىنى سۈرتۈپ رەھىمەنىڭ يېنىغا باردى.

— ئاپا، — دەپ رەھىمەنىڭ قولىنى تۇتتى، — بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

گۈلشەن يەنە يىغلىۋەتتى.

— يىغلىماڭ قىزىم، خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى بولۇپ كېتەرمىز. ئاللاھ مۇراتنىڭ دىلىغا ئىنساب بەرسە، ئوغلۇم ئۇ تاماكا دېگەندىنمۇ قۇتۇلار. يەنە بىر - ئىككى كۈن ساقلاپ باقايلى.

گۈلشەن قېيىنئانىسىنىڭ پەقەت مۇراتنىڭ خىروئىن چېكىدىغانلىقىنىلا بىلىدىغانلىقىغا جەزم قىلدى. «شۇڭا بۇ جاپاكەش، ئاقكۆڭۈل ئانا ئوغلىدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرۈپتۇ - دە. ئەي ئانا، نۇرغۇن مۇراد - مەقسەتلىرىڭنى ئەملگە ئاشۇرغۇچى ئوغلۇڭنىڭ مۇشۇ تاپتىكى ئېغىر ئەھۋالىنى بىلسەڭ، يۈرىكىڭ قانچىلىك ئېچىشىپ كېتەر؟ سەن يەنە ساددا، سەمىمىي تىلىكىڭ بىلەن ئوغلۇڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرۇپسەن!» بۇ خىيالى بىلەن گۈلشەن كۆز يېشىنى پەقەت تۇتۇۋالالمىدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر قىزىم.

— ئۆزلىرىمۇ سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، قارىسام تاماق يېمەيۋاتىدىلا. بالىغا سىلى بولمىسىلا بولمايدۇ. ئاپا، سىلى بول-سىلامۇ ساق تۇرسىلا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز قىزىم؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى رەھىمە.

گۈلشەن كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدە گەپتە چاندۇرۇپ قويغان-لىقىنى بىلدى. مۇراتمۇ ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى. بىراق، گۈلشەن دەرھال گەپ ياسىدى:

— ئىچىم دەردكە توشۇپ كەتتى ئاپا. تۇغۇتۇمدا ماڭا بىر كۆ-ڭۈلسىزلىك يېتىدىغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا سىلىگە بالدۇرراق دەپ قويماي دەپ...

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەك قىزىم. ياپياش تۇرسىڭىز، بىر تۇغۇت دېگەن نېمىدى؟ غەيرەت قىلىڭ.

گۈلشەن «ئاپا، مېنىڭ بۇ ۋۇجۇدۇمنىڭ ئاللىقاچان تۈگەشكەن-لىكىنى بىلگەن بولسىڭىز شۇنداق دەرمىدىڭىز؟ ماڭا يەنە مۇ-شۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن گەپ قىلارمىدىڭىز؟» دەپ ئويلاپ جىم بولۇپ قالدى.

دەرد ـ ئەلەم ھەقىقەتەن يامان ئىكەن. شاد ـ خۇرام، قىزغىن گۈلشەن نەچچە كۈندىلا كۆز يېشى قۇرۇماس، دەردمەن ئايالغا ئاي-لىنىپ قالدى. شۇنچە جەبىر ـ جاپالارنى، قىيىنچىلىقلارنى يەڭ-گەن رەھىمەنىڭ قەددى بۇ دەردتىن پۈكۈلدى، چىرايى سولغۇنلاش-تى، كۆزلىرى خىرەلەشتى. چاكىنا ھەۋەستىن شادلىق ئىزدەپ كۆڭگەن مۇرات بولسا روھى يىمىرىلگەن، جىسمى زېمىنغا يۈك ئا-دەم بولۇپ قالدى.

رەھىمە شۇ چاغدىلا دەرد ـ ئەلەمنىڭ گۈلشەننى قانچىلىك تۈگەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا ئۇ لېۋىنى چىشلەپ:

— غەيرەت قىلىڭ قىزىم، بالا ئۈچۈن بولسىمۇ غەيرەت قىل-ىڭ. بالىغا چاشقان بولسىمۇ ئۆز ئانىسى بولمىسا بولمايدۇ. بالا سىزنىڭ ھەققىڭىز، ئۇنىڭغا ئىگە بولمىسىڭىز گۇناھكار بول-

سىز، — دېدى.

بۇ گەپ گۈلشەنگە تەسىر قىلدى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىگە ئەمەس، قېيىنئاپىسىغا ئۈمىد بېغىشلاش كېرەكلىكىنى بىلدى.

— خاتىرجەم بولسىلا ئاپا. مەن بۇ بالامنى سالامەت يەڭگىپ، ئوبدان تەربىيەلەپ چوڭ قىلىمەن. ئۇنى بىز ئارزۇ قىلغان كاتتا تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن.

— رەھمەت قىزىم، — دەپ شىۋىرلىدى رەھىمە.

گۈلشەن بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىۋاتقان مۇراتقا قارىدى. مۇرات ئۇنىڭ كۆزىگە ئادەم سىياقىدا كۆرۈنمىدى. بۇنىڭدىن گۈلشەن بەك ھار ئالدى ۋە ئېچىندى، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزىگە مەدەت ۋە تەسەللى بېرىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— مۇرات، مەن سىزگە ھېچنېمە دېمەي دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى گۈلشەن ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — لېكىن مەن بالىنى ئويلىدىم. بىزغۇ مەيلى، كۆرىدىغان كۈنىمىز باردۇ. بىزنىڭ باشقا ئامالىمىزمۇ يوق. لېكىن، بالىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ.

گۈلشەندىن ئېغىر تىل - ھاقارەتنى كۈتكەن ۋە شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان مۇرات بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ماشىنىنىڭ پۇلىنى ئەكەلدىڭىزمۇ؟

مۇرات بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— بېرىپ پۇلنى ئەكىلىڭ. قايسى كۈنى كۆڭلىمىز پاراكەندە بولغاچقا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەپتىمىز.

— ماقۇل.

— پۇلنى ئەكەلگەندىن كېيىن ئاپامغا بېرىڭ. ئاپا، ئۇ پۇلنى بانكىغا سېلىپ قويسىلا.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ بالام. ئۇ پۇلنى خىراجەت قىلىپ، ئوبدان داۋالىنىڭلار. تۈگىگەندىن كېيىن يەنە خىراجەت قىلىدىغان يەرلەر چىقىدۇ.

— ياق، ئاپا، بىزگە ئەمدى ھېچنېمە بولمايدۇ. بالىنىڭ كې- يىنلىكىنى ئويلىشايلى.

— بالا تۇغۇلۇپ، چوڭ بولغۇچە خېلى ۋاقىت بارغۇ؟ كۆچ - ماغدۇرىمىز بار بولغاندىكىن، ئۇ چاغدىمۇ بىر گەپ بولار.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئاپا، مەن ياخشى كۆڭلىڭىز يامىنى بولۇپ قالسا، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— نېمە؟ بۆلەكچىلا گەپ قىلىسىزغۇ قىزىم؟ باشقا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بۆلەكچە بولۇپ كېتىۋاتىمەن، قىزىم.

— خاتىرجەم بولسىلا ئاپا. ئەمدى مۇرات ئىككىمىزدىن ئەنسىرىمىسىلەمۇ بولىدۇ. مۇرات، ھازىرلا بېرىپ بېقىڭ.

— ماقۇل، ئۇلارمۇ پۇلنى تەييار دەۋاتقان.

مۇرات ئورنىدىن تۇردى. رەھىمە ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققان ھەرخىل چىراي ئىپادىسىدىكى دوختۇر، سېستىرالار بىر - بىرىگە ئۇنىسىز قارىشىپ قويۇپ ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن سېسترا ھەبىبە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئۆز - ئۆزىگە «ياق، ياق» دەپ پىچىرلىدى ۋە دەرھال كەينىگە ياندى.

تېز قەدەملەر بىلەن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئال- دىغا يېتىپ كەلگەن ھەبىبە ئىشخانىدىن ئاڭلىنىۋاتقان كەسكىن ئاۋازلارغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئىشىكنى «غاچچىدە» ئېچىپ كىردى. ئىشخانىدا بايا يىغىنغا قاتناشقان سۆي دوختۇر قايناپ سۆزلەۋا- تاتتى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى دوختۇرخانا باشلىقى ھەبىبە- گە.

— مەن گېپىمنى قىلىۋالاي، — دېدى سۆي دوختۇر ھەبىبە بىر نېمە دېگۈچە، — دەپ بېقىڭە دوختۇرخانا باشلىقى، قاراپ تۇ- رۇپ مۇشۇنداق چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلساق قانداق بولىدۇ؟

ئەمەلىيەتچىل بولايلى، تېخى ئومۇملاشمىغان ئىشنى مۇشۇ كىد-
چىككىنە دوختۇرخانىدا... ئويلىساملا بۇ ئىش ئىدىيەمدىن ئۆت-
مەيۋاتىدۇ. بىزگىمۇ جان كېرەكقۇ؟ بىزنىڭمۇ ئائىلىمىز بارغۇ؟

— سۇي دوختۇر، سىز بۇنداق دەپ ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ خەتەرلىك تەرەپلىرىنى بىزمۇ ئويلاشتۇق. شۇ سەۋەبتىن مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدۇق. شۇڭا دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئويلىشىپ، سىزلەرنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلدۇق.

— لېكىن مەن قوشۇلمايمەن. ھەرقانچە قاتتىق مۇداپىئە تەدبىرى بولغان بىلەنمۇ، خەتەرلىك بىمار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئىش تۇرسا. يا ئۇ ئۇنداق ـ مۇنداق كېسەل بولمىسا... مەن ئېنىق دەپ قويااي، مېنى كىملا بېكىتكەن بولسا مەيلى، بۇ ئوپېراتسىيەگە قاتناشمايمەن.

— مەنمۇ قاتناشمايمەن، — دېدى ئارانلا تۇرغان ھەبىبەمۇ، — مېنىڭمۇ ئەمدىلا بويۇمدا قالغان. ناۋادا بىرەر ئىش بولۇپ قال-سا، مەن قانداق قىلىمەن؟ ئاتا ـ ئانامغا نېمە دەيمەن؟ ئېرىمگە نېمە دەيمەن؟ باشقا نېمە ئىش قىلسام مەيلى، مۇشۇ ئوپېراتسىيە-گە قاتناشمايمەن.

ھەبىبە شۇنداق دېگىنىچە مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ-نىڭغا قاراپ دوختۇرخانا باشلىقى بېشىنى چايقىدى:

— ھەبىبە، بىز سىزنى خېلى مەسئۇلىيەتچان، كەسپكە پىششىق دەپ يۈرسەك، سىزدىكى قانداق پوزىتسىيە بۇ ئەمدى؟

— دوختۇرخانا باشلىقى، مېنىڭدىن باشقا پېشقەدەملەر بارغۇ؟ شۇلار قاتناشسۇن، مەن قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز؟ ئەمىسە ئۇلار قورقمايدىغان ئالاھىدە ئادەممىكەن؟ ئەمەلىيەتتە قورققۇدەك نېمە ئىش بار؟ ئوپېراتسىيە-نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىسىزغۇ.

— يا بۇ ئادەتتىكى بىمار بولمىسا. ئۇنىڭغا ئىشلەتكەن قاي-چىلارنى تۇتىمىز، ئۇنىڭدىن چىققان قان پەلىيىمىزگە يۇقىدۇ،

داكىلارنى بىر تەرەپ قىلىمىز، ئۇنىڭ تېنىنى، بوۋىقىنى تۇتىمىز... شۇلارنى ئويلىسامىلا تېنىم شۈركىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ بىر نېمىلەر ئۆلسە بولامدۇ، بىزگە ئىش تېپىپ بەرگۈچە...

— ھەببەە!! — دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئاچچىق، كۈچلۈك ئاۋازى ھەببەنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — سىز بىر تېببىي خادىممۇ ياكى... سىلەر دوختۇر تۇرۇپ، بىر بىمارغا مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتساڭلار، باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟ پۈتۈن جەمئىيەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەيدىز بىمارلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تۇرمۇش، خىزمەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئىشلەۋاتسا، ئاۋامنى بۇ ھەقتىكى بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەپ، ئەيدىز بىمارلىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىشنى چاقىرىق قىلىۋاتسا، سىلەر بۇ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشنىڭ ئورنىغا قورقۇنچاقلىق قىلىپ، ئۆزۈڭلەرنى چەتكە ئېلىۋاتىسىلەر. «جاننى قۇتقۇزغۇچى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بىز تېببىي خادىملار مۇشۇنداق پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتساق، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى يېتەرسىز خەلق قانداق پوزىتسىيەدە بولماقچى؟ ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ نومۇسلۇق پوزىتسىيەمىزنى كۆرسە، ئەيدىز بىمارلىرىمىزغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلاردىن يىراقلاشمامدۇ؟ سىلەرچە مۇشۇنداق بولسا دۇرۇس بولامدۇ؟ ياق، بۇ بىز ئۈچۈن ھاقارەت!!

— ئۇنداقتا، بىر ئەيدىز بوۋاقنى دەپ، خەلققە تۆھپە قوشۇۋاتقان بىر دوختۇرنى قۇربان قىلساق توغرا بولامدۇ؟ — دېدى سۇي دوختۇر ئۇدۇللا.

— قۇربان قىلىش؟ — سوغۇق كۈلدى دوختۇرخانا باشلىقى، — قورقۇشتىن دەۋاتقان گەپقۇ بۇ. بىزمۇ قاراپ تۇرۇپ، شۇنچە يارامىلىق دوختۇر - سېستىرالىرىمىزنى قۇربان قىلىمىزمۇ؟

— شۇڭا بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلمايلى. جازاسى ئۆزىگە. ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا يا بىز سەۋەبكار بولمىساق، — دېدى سۇي دوختۇر.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ نەدىكى يامان يوللاردا يۇرۇپ يۇقتۇرۇۋالغان
كېسىلى بىلەن بىزنى پالاكەت باستۇرىمىز دېگۇچە، سىڭگەن نې-
نىنى يەپ، ئۆلۇمىنى كۇتۇپ ياتسا بولمامدۇ...
— بولدى، مەن چۇشەندىم، — دەپ قولى بىلەن ھەبىبەنى
سۆزدىن توختاشقا ئىشارە قىلدى دوختۇرخانا باشلىقى، — سىلەر-
نىڭ قارىشىڭلار، خىزمەت پوزىتسىيەڭلار مۇشۇ بولسا، بولدى،
سىلەر قاتناشماڭلار، — دوختۇرخانا باشلىقى بىر كىتابنى چىڭ
قاماللىغىنىچە جىم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، —
مەخپىيەتلىكنى چوقۇم ساقلاڭلار. ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى بايا دەپ
ئۆتتۇق. بولدى، باشقا گېپىم يوق.
سۇي دوختۇر بىلەن ھەبىبە ئىشىككە ماڭدى. ئۇلار يېنىك
بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىشىپ بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى.
شۇ چاغدا دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— لى سېستىراغىمۇ دەپ قويۇڭلار، ئۇنىڭغىمۇ بۇ ئوپېراسى-
يەگە قاتناشماسلىققا رۇخسەت.
«ئىست!» دېدى دوختۇرخانا باشلىقى ئۇلارنىڭ كەينىدىن.

# ئالتىنچى باب

چۈشتىن كېيىنلىكى مۇرات سالپىيىپ قايتىپ كەلدى. ھويـ-لىدىكى ئوبدانلا پىشىپ قالغان ئاق ئۈجمە ئاستىدىكى ئۆرۈك كۆ-تىكىدە ئولتۇرغان رەھىمە مۇراتقا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئوغلىغا پەقەت گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. مۇراتمۇ بېشىنى سالغىنىچە ئاپىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. گۈلشەن بولسا پە-ياز ئاقلىغان بولۇپ تۇرۇۋەردى. ئۇنىڭمۇ مۇراتقا پەقەت قارىغۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدا پۇلنىڭ ئىشى بولغاچقا، ئې-غىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— قارىغاندا پۇلنى بەرمەپتىمۇ نېمە؟

— بەرمەكچىدى، لېكىن نومۇرنى خاتا باستىمىكىن، كارتى-سىنى پۇلبەرگۈ يۇتۇۋالدى.

— بانكا خادىملىرىنى تاپسا، دەرھال ئېلىپ بېرىدىغانغۇ؟

— زالغا كىرىپ خىزمەتچىدىن سورىساق «ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىڭلار» دېدى. شۇڭا قايتىپ كەلدىم.

— ئۇ ئاغىنىلىرىڭىز ئىشەنچلىكتۇ؟

— ئىشەنچلىك، مانا ھۆججەتمۇ يېزىپ بەردى.

— ھۆججەتنى ئوبدان ساقلاپ، ۋاقتىدا بېرىڭ.

— ماقۇل.

— پۇلنى ئالغاندا ئوبدان تەكشۈرۈڭ.

— ماقۇل.

گۈلشەن مۇراتقا ئىچى سىيرىلگىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئۆز ئەھۋالى بارغانچە ئۆزگە ئېغىر روھىي زەربە بولۇۋاتقان مۇرات خۇدنى يوقىتىپ قوياي دەپ قالغانىدى. گۈلشەننىڭ سوئالى، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا روھسىز، تىلىنىڭ ئۇچىدا جاۋاب بېرىۋاتقان مۇرات تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئېرىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن گۈلشەننىڭ يىغلىغۇسى كەلدى. ئەگەر باشقا ۋاقىت، باشقا سەۋەبتىن مۇرات مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، گۈلشەن قانچىلىك پايپېتەك بولغان، قىزغىنلىق بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئالغان، قايناق مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشقان، ھەتتا ئۆزىنى قۇربان قىلغان بولاتتى - ھە! «ناۋادا شۇنداق بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە؟ بىرەر ئەزايىمنى تەقدىم قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلىدىغۇ؟» گۈلشەننىڭ خىيالىدىن شۇلار كەچتى. لېكىن، ھازىرقى رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس! ھەي، بۇنى كىممۇ كۈتكەن - ھە؟ شۇ بەختىيار كۈنلەردە مۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسا...

راستىنى ئېيتقاندا، گۈلشەننىڭ شۇ تاپتا مۇرات ئۈچۈن بىر تامچە يېشىنىمۇ تۆككۈسى كەلمىدى. ئۇنىڭ مۇراتتىن شۇنچىلىك رايى يېنىپ كەتكەنىدى. بىراق ئۇ يەنىلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى، شۇڭا ئىختىيارسىز:

— سىزنى دەپ مانتا ئېتىۋاتىمەن، — دەپ سالدى. مۇرات ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ھاجەتخانا تەرەپكە ماڭدى.

شۇ چاغدا ئۆيدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى. بۇرۇنلاردا بولسا، تېلېفون كەلگەن ھامان بىرەرسى تېلېفون يېنىغا چاپاتتى. تېلېفوندا بولۇنغان گەپلەرنى قىزغىنلىق بىلەن يەتكۈزەتتى. ئەمدى بولسا تېلېفون خۇددى ئالۋاستى كانىيىدەك، ئۇنىڭدىن يامان، كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرلا تارقىلىدىغاندەك بىلىنىپ، ھېچكىم تېلېفوننى ئالدىراپ ئالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا گۈلشەن ئەتراپىغا قارىدى. رەھىمە ئۇجمە ئاستىدا ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇراتتى. مۇرات بولسا ھاجەتخانىدىن كەلمىگەنىدى. گۈلشەن پىياز توغراشنى داۋام قىلىۋېرىۋېدى، تېلېفوننىڭ ئاۋازى جىمىدى،

بىراق ئازدىن كېيىن يەنە جىرىڭلىدى. گۈلشەن بېرىپ تېلېفوننى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. تېلېفون ئاپىسىدىن كەلگەنىدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز قىزىم؟

ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ گۈلشەننىڭ بوغۇزىغا يەنە يىغا كەپلەشتى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى.

— ياخشى ئاپا، ئۆزۈڭچۇ؟ ئاتام ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ تەكنىڭ سوقتىلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۇزۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ تولىمۇ ئاستا، زې-رىكىشلىك ئىش ئىدى ئۇ. قولۇم بوشىغان بولسا، بېرىپ ياردەم-لەشكۈم بار ئىدى...

گۈلشەن قەستەن ئۇزۇن سۆزلەۋاتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئاپى-سى سۆزلىگەن ھامان بەرداشلىق بېرەلمەي ھەممىنى ئاشكارىلى-ۋېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

بۇنىڭغا گۈلشەننىڭ ئاپىسى ھەيران قالدى:

— نېمە بولدىڭىز قىزىم؟ ئاۋازىڭىز باشقىچىلا چىقىدىغۇ؟

— ئاخشام سوقلۇق قىلغان، قارىغاندا شاپتۇل قېقىنى كۆپ سېلىۋەتكەن ئوخشايمەن. ئەتىگەن خۇشىيېقىپ سۇيىنى جىق ئى-چىۋاپتىمەن.

— دىققەت قىلىڭ قىزىم، تۇغۇت ۋاقتىڭىز بوپ قالدى. ئۆ-زىڭىزنى ئىسسىق تۇتۇڭ، مىجەزىڭىزنى بىلىپ تۇرۇڭ.

— ماقۇل ئاپا، — گۈلشەننى يەنە يىغا تۇتتى.

— قائىدە بويىچە سىزنى ئۆيگە ئەكىلىۋالساق بولاتتى. مۇرات-جاننىڭ ئەھۋالى شۇنداق تۇرسا...

— بىر - ئىككى كۈن قاراپ باقمايمىزمۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئۆيدىكى ئاپامۇ «باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن، مۇشۇ ئۆيدىلا تۇ-رۇڭ» دەۋاتىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ، ئەھۋالغا قاراپ بېقىپ سىزنى ئەكې-لىۋالايلى. تەكنىڭ ئازراق ئىشى قالدى. تۈگىسە، ئەتە - ئۆگۈنلە-تىن قۇدام بىلەن سۆزلەشكەچ سىزنى يوقلاپ چىقىمەن. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ قىزىم.

— بولىدۇ ئاپا، مەندىن بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ...
گۈلشەن تۇرۇپكىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزد-
ده ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى:
«ئاپا، سىلەرنى ئەتە - ئۆگۈن نادامەتتە قويىدىغان، كۆزۈڭلەردىن
قان - ياش ئاققۇزىدىغان قىزىڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىسەن، مېھرد-
بانلىق قىلىۋاتىسەن. ئەگەر مېنىڭ قانداق ھالاكەتلىك ھالدا تۇ-
رۇۋاتقانلىقىمنى بىلسەڭمۇ مۇشۇنداق كۆيۈنەرمىدىڭ؟ ئاپا، ئاتا،
مېنى كەچۈرۈڭلەر، سىلەرنىڭ ئەجرىڭلەر ئالدىدا مەن ئەيىب-
لىك... »

كەيپىياتى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان گۈلشەن يەنە قازان بېشىغا
قايتىپ كەلدى. رەھىمە تېخىچىلا ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. قې-
يىنئاپىسىغا ئىچ ئاغرىتىش نەزەرى بىلەن قاراپ قويغان گۈلشەن
ئادەت بويىچە رەھىمەنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇردى.
بىراق، رەھىمەدىن ھېچبىر سادا چىقمىدى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن گەپ
قىلغۇدەكمۇ چېغى يوق ئىدى.

— ئاپامدىن كەپتۇ، — دېدى گۈلشەن ئىختىيارسىز، بىراق
رەھىمە يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى. گۈلشەن ئىشنى داۋام قىلىۋەر-
دى. شۇ چاغدا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. گۈلشەن «قارىغاندا ئاپام
يەنە بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قايتا تېلېفون بەرگەن ئوخشايدۇ» دەپ
ئويلاپ قولىنى پەشتامىغا سۈرتۈپ تېلېفون قېشىغا باردى.

— ۋەي، ئاپا...

قارشى تەرەپتىن باشقا بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گۈلشەن، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ مەن ئايگۈل...

گۈلشەننىڭ بېشى پىررىدە قايغاندەك بولدى. گەرچە ئايگۈلنىڭ
بىرەر سەۋەنلىكى ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبچىسى بول-
مىسىمۇ، شۇنداقلا ئۇلاردىن كەلگەن تېلېفون شۇم خەۋەرنىڭ ئەل-
چىسى بولمىسىمۇ، ئۇ مۇشۇنداق بىر تېلېفوننىڭ كېلىشىدىن
قورقاتتى.

— سىزنى ئالغىلى ماڭدىم. سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان جىد-

دي ئىش بار ئىدى. ھېلى كۆرۈشەيلى...

گۈلشەن چىگىش خىيال ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن پەشتا - مىنى ئاستا يەشتى.

بىر چاغدا سىرتتىن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلشەن سىرتقا ماڭدى. ھاجەتخانىغا كەتكەن مۇرات شۇ چاغدا ھويلىدا پەيدا بولدى.

ماشىنا ئۇلارنى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىن - لەش مەركىزىگە ئېلىپ كەلدى.

ئىشخانىدا ئايگۈل گۈلشەنگە سەپسېلىپ قاراپ ئىچى سىيرى - لىپ كەتتى. ئايگۈل گۈلشەننى دەسلەپتە كۆرگەندە، بەدەن شەكلى ئازراق بۇزۇلۇپ، چىرايىدا پەيدا بولغان داغلار تۇپەيلىدىن سەل «پېتىدىن» چۈشكەن بۇ چوكاننىڭ ھۆسنى ئۇنىڭغا يەنىلا گۈزەل بىلىنگەنىدى. مانا بۇگۈن بۇ ھۆسن سولغان، گۈلدەك چىرايىنى تۇمان قاپلىغان، مۇھەببەتلىك كۆزلەرنى خىرەلىك ئىگىلىگەنى - دى.

ئايگۈل ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بەردى.

گۈلشەن ئىستاكاننى تۇتقىنىچە مەيۈس ھالدا بىر نۇقتىغا تى - كىلىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— گۈلشەن، سىزنىڭ تۇغۇت ۋاقتىڭىز توشۇپ قالدى - ھە؟

— دەپ سورىدى ئايگۈل.

گۈلشەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئىختىيارسىز قورسىقىنى سىلاپ قويدى. ئايگۈل مەقسەتنى دېيىشكە خېلى قىينالدى. ئەگەر نورمال ئەھۋال بولغان بولسا، گۈلشەن ئايگۈلنىڭ گەپ قىلىشتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تاقەتسىزلەنگەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر گۈلشەنگە نىسبەتەن ئايگۈلنىڭ گەپ قىلىشى بىلەن جىم ئولتۇرۇشىنىڭ ئانچە پەرقى يوقتەك بىلىنەتتى.

چوڭقۇر تىنىۋالغان ئايگۈل قەتئىي قارارغا كەلدى، چۈنكى بۇ كۆڭۈل ئىزدەپ ئولتۇرىدىغان ئىش ئەمەس.

— گۈلشەن، نەچچە كۈندىن بۇيان سىزنىڭ روھىي كەيپىيا -

تىڭىزنى تۇراقلاشسۇن دەپ، بىر ئىشنى سىزگە ئېيتمىغان، — دېدى ئايگۈل ئېنىق قىلىپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلشەن ئەندىكىپ بېشىنى كۆتۈردى، — يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، بىز دوختۇرلار كۆپ قېتىم مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق بوۋاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالىدىغان بولدۇق.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەن چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە؟

— بۇ بىز ھەر تەرەپلىمە ئويلىشىپ چىقارغان قارار.

— ياق، مەن ئۆزۈم تۇغىمەن، مەن تۇغالايدىغان تۇرسام... — گۈلشەن قولىدىكى ئىستاكاننى جاققىدە ئۇستەلگە قويدى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، مۇنداق جىددىيلەشمەڭ، — دېدى ئايگۈل مېھرىبانلىق بىلەن.

گۈلشەن يەنە كۆزىگە ياش ئالدى:

— دوختۇر، مەن ئۆزۈم تۇغىمەن...

ئايگۈل تەلەپپۇزدا سىلىق بولۇشقا، سۆزنى ئورۇنلۇق قىلىپ سۆزلەشكە تىرىشتى:

— سەۋرچان بولۇڭ، گۈلشەن. مەن بىلىمەن، سىز ھازىر بالىڭىزنى دەپ ياشاۋاتىسىز، سىزنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىڭىز، خۇشاللىقىڭىز، بارلىقىڭىز شۇ بالىڭىز. شۇڭا بىزمۇ ئاشۇ يۈرەك پارىڭىزنىڭ ئامانلىقىنى دەپ ئوپېراتسىيە قىلىمىز دەۋاتىمىز.

گۈلشەننىڭ ياشلىق كۆزلىرى ھەيرانلىقتا ئايگۈلگە تىكىلدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

بۇ سوئالغا ئايگۈلنىڭ جاۋاب بەرمىكى ناھايىتى تەسكە چۈشتى. ئەگەر بۇ خەۋەرنى گۈلشەن ئاڭلايدىغان بولسا، گۈلشەنگە دەرد ئۇستىگە دەرد، غەم ئۇستىگە غەم بولاتتى! ئەينى ۋاقىتتا مەشرەپ مەيداندا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭغا قانچىلىك زەربە بولدى - ھە! مانا، شۇ زەربىنىڭ تەسىرىدىن تا ھازىرغىچە ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ. بەلكىم، بۇ زەربە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭغا چىدىغۇسىز ئەلەم بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى كېلىپ

ئۇنىڭ ئۈمىدى، ۋارىسى بولغان پەرزەنتىنىڭمۇ شۇ نىجىس قول-نىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەنلىكىنى ئۇقسا، ئۇ تۇگىشىپلا كېتەر؟...

ئەمما بۇنى دېمەسلىككە ئايگۈلنىڭ ھەققى يوق. شۇڭا ئايگۈل تېنىگە سوغۇق تىترەك ئولاشقان ھالدا ئېغىز ئاچتى:

— گېپىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاڭ، گۈلشەن. چوقۇم ئېغىر - بېسىق بولۇڭ. پەرزىنىمىزچە بالىمۇ ئەيدىز ۋىرۇسى بىـ-لەن يۇقۇملانغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە!!

ئايگۈل غال - غال تىترىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن گۈلشەنىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىلىكىدىن ئاستا تۇتۇپ كۆيۈنگەن ھالدا:

— گۈلشەن، گېپىمنى ئاڭلاڭ. مۇنداق جىددىيلەشمەڭ، گې-پىمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاڭ، بولامدۇ؟

گۈلشەنىنىڭ مۇشتى چىڭ تۈگۈلگەنىدى:

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بىر بىغۇ-بار جانىنىڭ... ياق دوختۇر، سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز! بالىنىڭ ئۇنداق بولۇشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئېيتىڭە دوختۇر؟ سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز، شۇنداقمۇ!؟

گۈلشەن سۆزلىگەنچە ئەسەبىيلىشىپ كەتتى.

— بالىڭىزنىڭ ساق - سالامەت تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئامال ئىز-دەۋاتىمىز. شۇڭا سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ كەلدۇق. سىز بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىز ئۈچۈن ئوبدان پاراڭلاشمىساق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ماڭا ماسلىشىڭ، بولامدۇ؟

بۇ گەپ بىلەن گۈلشەن گاڭگىراپ قالدى. باشتا قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرغان «ئەيدىز» دېگەن سۆز بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئۇ-نىڭ ئورنىنى «بالىڭىزنىڭ ساق - سالامەت تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئا-مال ئىزدەۋاتىمىز» دېگەن سۆز ئىگىلەشكە باشلىدى. شۇڭا گۈل-

شەن خۇددى مەلۇم ھالقىلىق، خەتەرلىك ئىشتا چارىسىز قالغان كىشى تۇيۇقسىز قۇتۇلۇش يولى تېپىۋالغاندا ھەم ئىشەنمىگەندەك، ھەم ھەيران قالغاندەك، ھەم خۇشال بولغاندەك بىر تەرىزدە ئاي- گۈلگە قاراپلا قالدى.

ئايگۈل ئۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىستاكاننى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. گۈلشەن بىر ئاز تىنچلاندى.

— ھەرقانداق بىر نورمال ئىنسان بۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئەمما رېئاللىق شۇ. شۇنداقتىمۇ بىزمۇ شۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانغا تىرىشىۋاتىمىزغۇ، — دېدى ئايگۈل قايسى كۈ- نى دوختۇرلارغا سۆزلىگەندىكىگە ئوخشاش تەپسىلىي، چۈشىنىش- لىك سۆزلەشكە تىرىشىپ، — توغرا، شۇ تاپتا سىزنىڭ بالىڭىز- نىڭ قانداق قىلىپ شۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغانلىقىغا ئىشەنگۈڭىز كەلمەيۋاتىدۇ. بۇ كېسەل ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل يول بىلەن يۇقىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشتىن يۇقىدۇ. ئىككىنچى- دىن، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان قاندىن يۇقىدۇ. ئۈچىن- چىدىن، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئانىدىن بوۋاققا بىۋاستە يۇقى- دۇ.

— دېمەك...

— شۇنداق گۈلشەن، بالىڭىز ۋىرۇسلىنىشىغا سىز ۋاستە بولۇپ قالغان.

— ھە، مۇراتتىن ماڭا يۇقۇپتۇ. مەن بالامغا يۇقتۇرۇپتى- مەن...

گۈلشەننىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى ۋە «بۇنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ھېلىقى ئاخشىمى ئۈلۈپلا تۈگەشسەك بوپتىكەن... ئەمە- دى... ئاھ، بىچارە بالام، سەنمۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرەرسەن؟ تۇغۇ- لۇپلا تۇرمۇشنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى تارتقۇدەكسەن. ھاياتنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى ئازراقمۇ سۈرەلمىگۈدەكسەن...» گۈلشەننىڭ ئەمدىلا ياش قۇرۇغان كۆزىدىن يەنە ياش سىرغىپ چىقىشقا باش-

لىدى.
بۇنى كۆرگەن ئايگۈل ئالدىراپ قالدى:
— بۇنداق دېسەم روھىڭىز چۈشمىسۇن، بابا دېدىمغۇ، بالـ-ڭىزنى ئۇ نىجىسنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىزنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق يەڭگىتىمىز دەۋاتىمىز.
بۇ گەپ بىلەن پەيدا بولغان ئۈمىدتىن گۈلشەنىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئايگۈلنىڭ سۆزلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى.
ئايگۈل گۈلشەندىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى:
— مەن بۇ ھەقتە سىزگە بىر ئاز سۆزلەپ بېرەي: ئەگەر ۋىـ-رۇس بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش تەد-بىرىنى قوبۇل قىلسا، بوۋاقنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتىنى ئون پىرسەنتكە چۈشۈرگىلى بولىدۇ. ئوپېراتسىيەنىڭ ئالدىدىكى ئىك-كى سائەت ئىچىدە ھامىلىدارغا ۋە ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى 27 سائەت ئىچىدە بالىغا ۋىرۇسقا قارشى دورا بېرىلىدۇ. بالا تۇغۇل-غاندىن كېيىن ئېمىتىشكە بولمايدۇ. يۇتۇنلەي دوختۇر بەلگىلەپ بەرگەن سۇنئىي ئوزۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە داۋالىنسا ۋە كۈتۈلسە، توققۇز ئايدا بىر قېتىم، 18 ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرگەندە، قان تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىقسا، بالا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانمىغان بولىدۇ.
گۈلشەن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى:
— ئەيدىز يوق دېگەن گەپمۇ؟
— شۇنداق.
— بۇ گېپىڭىز راستمۇ ھە ئايگۈل!؟
ئايگۈل كۈلدى:
— راست، سىز بىزگە ماسلاشسىڭىزلا بولىدۇ.
گۈلشەن خۇشلۇقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ئايگۈل، بالام ئۈچۈن مەن ھەممىگە تەييار! ھەرقانداق جاپا-لىق، ئازابلىق ئىش بولسىمۇ مەن چىدايمەن. قېنى ئېيتىڭە ئاي-گۈل، مەن نېمە ئىش قىلىپ بېرىمەن؟

— ماسلىشىپ بەرگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت! — دېدى ئاي-گۈل، — مەن دەرھال دوختۇرلار بىلەن ئالاقىلىشەي. ھېلىمۇ نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق.

— قاچان ئوپېراتسىيە قىلىسىزلەر؟ بالام چاقىقانراق بۇ تې-نىمدىن يىراق تۇرسىكەن، ئايگۈل. بولسا دەرھال...

— ھازىرچە سىزنى ئاپىرىپ قويىمىز. تەييارلىقىمىز پۈتكەن-دە سىزنى ئالغىلى بارىمىز.

گۈلشەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئىككىلىنىپ:

— ئايگۈل، مەن... — دېدى.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟

— مەن بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم، — دېدى گۈلشەن مەيۈس ھالدا، — ھەي، ئېرىم ئىككىمىزنىڭغۇ كۆرىدىغىنىمىز شۇ بول-دى. بالا ساق قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىش يېيىلىپ كەتسە...

بۇنى ئاڭلىغان ئايگۈلنىڭ چىرايى جىددىي تۈسكە كىرىپ:

— تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى. بىز مەخپىيەتلىكنى ساقلاش لايىھەسىنى تۈزۈپ قويدۇق. بىزنىڭ بۇ جەھەتتە مەخسۇس بەلگىلىمىمىز بار، سىزلەرمۇ ئېغىزىڭىزلارنى چىڭ تۇتۇڭىزلار. بىزنىڭ پىلانىمىز مۇنداق: باشقىلارغا سىزنىڭ جىگەر ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىڭىزنى، شۇڭا بالىڭىزمۇ جىگەر ۋىرۇسى بى-لەن يۇقۇملىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، بالا ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىنسا ۋە تۇ-غۇتتىن كېيىن سۈنئىي ئۇسۇلدا بېقىلسا، بالىنىڭ جىگەر ۋىرۇ-سى بىلەن يۇقۇملانمايدىغانلىقىنى ئېيتىمىز. بۇنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئاتا-ئانىڭىزلارغىمۇ ئېيتمىڭىزلار، — دېدى.

گۈلشەن خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— رەھمەت، ئايگۈل. مۇراتنىڭ ئىشىنى ھازىرغىچە چوڭلارغا دېمىدۇق. قارىغاندا قېيىنئاپام مۇراتنىڭ خىرۇئىن چېكىدىغانلىقىنى ئۇققان ئوخشايدۇ. ئەمما، ئاتام بىلەن ئاپام بۇلاردىن خەۋەرسىز.

— ياخشى بوپتۇ. ئەتراپلىق ئويلاشقىنىمىز ياخشى. بولمىسا كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقسا، چوڭلارغا ئېغىر كېلىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم.

— يەنە بىر ئىش، — دېدى ئايگۈل، — بىز مۇراتنى ئايرىپ داۋالاشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بۇنى دوختۇرلارمۇ مۇۋاپىق تاپتى. ئۇنىڭ زەھەر خۇمارى بولغاندىكىن، داۋالاش تەسكە چۈشۈشى مۇمكىن. لېكىن، نېمىلا بولسا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقىمىز. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش بىزگە ماسلىشىپ بەرسە بەك ئوبدان بولاتتى.

— مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرەي.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى بولاتتى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىنلا شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىمىز.

ماشىنىدا ئۆيگە قايتىۋاتقان گۈلشەن خۇشاللىق ھېسلىرىغا چۆمۈلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا ئىدى. شۇنداق، بالىسىنىڭ بۇ دۇنياغا ساق ـ سالامەت كۆز ئاچىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكلىرىنى، قايغۇلىرىنى، پۇشايمان، ئۆكۈنۈشلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغانىدى. ئەي، پەرزەنت، بىر ۋىلىقلىشىڭ، بىر تەبەسسۇمۇڭ ئۇچۇن ئانا بارلىقىنى بېغىشلاشقا، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىشكە، دەرد ـ ئەلەم، نادامەتلەر ئالدىدا كۆزىدىن ئاققان ياشنى كۈچ ـ مادار، چىدامغا ئايلاندۇرۇشقا تەييار ئەمەسمۇ! شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئۇلۇغ دېگەن سۆيەت بىلەن تەرىپلىنىدۇ.

گۈلشەن ئايگۈلدىن، بەكرى دوختۇردىن، يەنە ئىسمىنى بىلمەيدىغان باشقا دوختۇرلاردىن تەسىرلەندى، ئۆزلىرىگە بولغان كۆ-

يۈنۈشىدىن سۆيۈندى، ئائىلىسىگە بولغان جان كۆيدۈرۈشىدىن چىن دىلىدىن مىننەتدار بولدى.

شۇنداق، دۇنيادا مېھىر ــ مۇھەببەت ئىنسانغا ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى. بۇ ھەقتە شائىر مەۋلانا لۇتفى مۇنداق يازغان:

> كىشىكىم يوقتۇرۇر مېھرى ــ ۋەفاسى،
> ئەگەر خۇرشىددۇر ئاندىن نە ھاسىل؟

يەنى، مېھرى ــ ۋاپاسى يوق كىشى قۇياش بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟

# يەتتىنچى باب

رەھىمە بالىنىڭ ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھازىرغىچە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. ئۇ-نىڭدىن يا «ھە»، يا «ياق» دېگەن جاۋابنى ئالالمىغان ئايگۈل يەنە سۆزلەشتىن بولدى قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇلار رەھىمەنىڭ قو-شۇلماسلىقىغا قاراپ ئولتۇرمايدۇ. چۈشەندۈرۈش، قايىل قىلىش، ماقۇل كەلتۈرۈشكە ئالدىن تەييارلىقى بار. گۈلشەنمۇ ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. ھازىر ئۇنىڭغا بالىنى ئو-پېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىپ ساقلاپ قېلىشتىن ئارتۇق ئىش يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەممىنى قايرىۋېتىدۇ، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى مۇراتقا «ئۇقتۇرۇپ قويۇش» ئۈچۈنلا ئېيتىپ قويدى.

ئەمما بۇ ئىشقا گۈلشەننىڭ ئاپىسى قارشى چىقتى.

— بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئوپېراتسىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، — قىزىم، ئاجىز ياكى مېيىپ بولسىڭىزغۇ مەيلىدى. راۋرۇس بىر ئادەم ئۆزى تۇغماي، ئوپېراتسىيە قىلىپ تۇغىمەن دېسە... ئۆزى تۇغمىسا بالا كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ، بالىدىن مېھىر - مۇھەببەت قېچىپ قالىدۇ.

— ئاپا، دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ شۇنداق دەۋاتسا، — دېدى گۈلشەن. ھازىر ئۇ خېلى ئېچىلىپ قالغانىدى. نەچچە كۈن-دىكى سۇلغۇنلۇقىمۇ قاياقلارغىدۇر غايىب بولغان بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. يېڭىدىن پەيدا

بولغان ئۈمىدۋارلىق، قىزغىنلىق ئۇنىڭغا كۈچ ـ مادار ئاتا قىلـ ـ
غانىدى.
ــ دوختۇرلار شۇنداق دەيدۇ دەڭ، ــ دېدى ئاپىسى خاپا بو ـ
لۇپ، ــ هە دېسە ئىشنىڭ ئاسىنىغا كىرسەك بولامدۇ؟ ئۆزى تۇغ ـ
قان ئىش باشقىچە بولىدۇ. باشقىغا ئەقلىم يەتمىسىمۇ، مانا مەن
تۇغۇپ باققان ئادەم، بۇنى ئوبدان بىلىمەن. شۇنچە ۋاقىت قورساق
كۆتۈرۈپ، ئەمدىزە... غولىچى تۇگەپ، غېرىچى قالغاندا...
ــ بۇ دوختۇرلار شۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئەمەس. ئۇلار
تەكشۈرۈپ ئاندىن شۇنداق يەكۈن چىقارغان...
ــ تۇغۇت ئازابىنى تارتمىغان ئانىنى ئانا دېگىلى بولامدۇ؟
شۇنداقمۇ قۇدام؟ ــ دەپ رەھىمەگە قارىدى. گۈلشەن رەھىمەنى
يەنىلا جاۋابسىز ئولتۇرۇۋېرەمدىكىن دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما رە ـ
ھىمە بوشلا:
ــ هەي، مەن ئەمدى بالىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمىغۇدەك ـ
مەن، ــ دېدى. گۈلشەننىڭ ئاپىسى رەھىمەنىڭ بۇ ئىپادىسىنى
باشقىچە مەنىگە جورىدى:
ــ مانا، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلارنى قۇدامىمۇ توغرا تاپماپتۇ.
چوڭلارنىڭ گېپىگە كىرمىگەن ئىشنىڭ ئاخىرى، هەي... مۇراد ـ
جانغىمۇ نېمە بولدى؟ ياخشى بوپ كېتىپ ياتاقتىن چىقتىمىكىن
دېسەم، ئەهۋالى تېخىمۇ ئوسالغۇ. ئۇنى بىر نېمە دەر دېسەم، ئۆز
هالى بىلەن. نېمە بولدۇڭلار ـ هە؟

ئۇنىڭغا مۇراتنىڭ ئەهۋالىنى قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن؟! شۇ ـ
ڭا گۈلشەن:
ــ قارىغاندا ئۇ كۈنكى ئىش مۇراتنىڭ كاللىسىغا قاتتىق تە ـ
سىر قىلغان چېغى، مۇشۇنداق جىمىغۇر بولۇپ قالدى. جاراهەت ـ
لىرى ساقىيىپ كەتتى بولمىسا. دوختۇرلار مۇشۇنداق بولۇپ بىر ـ
نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ دەيدۇ، ــ دەپ يال ـ
غان ئېيتتى.

— ياخشىلىنىپ كەتسۇن، قاراپ تۇرۇپ پۈتۈن سۇرۇك بىر ئەر... قىزىم، دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىدىڭمۇ يا؟

— يائاللا ئاپا، ئادەمگە ھەممە گەپنى دېگۈزىسەن. مېنىڭدە جىگەر كېسىلى بار ئىكەن. شۇڭا بوۋاقنى يوقۇپ قالمىسۇن دېگەن گەپ.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلشەننىڭ ئاپىسى بېشىنى چايقىدى:

— يوقلا بىر گەپنى تاپتىڭىزغۇ ئەمدى. بىزنىڭ جەمەتىمىزدە بولمىغان كېسەل سىزدە نېمە قىلسۇن؟

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ ئاپا؟ مۇشۇ كۈندىكى تۇرمۇش ئادىتىمىز، يېمەكلىكلىرىمىزدىن ئۇنداق - مۇنداق كېسەل بولمايمىز دېگىلى بولاتتىمۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ ئۆزى تۇغسا بولمايدىغان ئىش نەدىكەن؟ ھەر كېسەل ئادەملەرمۇ تۇغۇۋاتامدۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئاپا، نەۋرەڭ جىگەر كېسىلى بولۇپ تۇغۇلسا ياخشىمۇ؟ ئۇزۇل - كېسىل ساقايتماق تەس كېسەلكەن بۇ. ئۆزۈم تۇغمەن دېسەم، بۇ كېسەل ئىرسىيەت بولۇپ كېتىۋەرمەمدۇ؟

بۇ گەپ گۈلشەننىڭ ئاپىسىغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئاپىسى پەسكويغا چۈشتى.

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز بوپتۇ. لېكىن، ئىشقىلىپ ئوپېراتسىيە قىلىپ بالا ئېلىش تازا ياخشى ئەمەس.

— ياخشى تىلەك تىلە ئاپا.

— شۇنداق قىلمەن جېنىم قىزىم.

— جىگەر كېسىلىنىڭ ئىشىنى باشقىلارغا دەپ يۈرمە جۇمۇ، ياخشى ئىش بولمىسا يە بۇ؟ شۇنى دەپ ساڭا دېمەي دېگەنتىم.

— بۇنى بىلگۈچىلىكىم بار قىزىم.

گۈلشەن مۇراتنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم قاربۇەتكەندىن كېيىن، ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مۇراتنىڭ روھىي دۇنياسى تەلتۆكۈس تۈگەشكەن بولۇپ، ئايالىغا ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىشىمۇ ئەقلىگە كەلمىدى.

رەھىمە بىلەن گۈلشەننىڭ ئاپىسى ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئال-دىدا تىتىلداپ تۇرماقتا ئىدى. كېلىنى ۋە نەۋرىسىدىن ئەنسىرەش سەۋەبىدىن ئۆزىگە كەلدىمۇ، رەھىمە تۇيۇقسىز:

— ئوپېراتسىيە ئوبدان بولۇر - ھە؟ — دېدى ئەندىشىسىنى ئىپادىلەپ.

— ئوپېراتسىيە ئوبدان بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، خېلى جىق دوختۇرلار كىرىپ كەتتىغۇ.

— ھازىر دوختۇرلارنىڭ تېخنىكىسى يۇقىرى.

— قىزىم بىلەن نەۋرىمىزنى خۇدايىم ساقلار.

— ئاسانلىق بەرسۇن، — دەپ رەھىمە ئىچىدە ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى.

— ھەي، ئۆزى تۇغسا ئوبدان بولاتتى. بەدەنگە تىغ تەگمىسە ياخشىدى، — دېدى گۈلشەننىڭ ئاپىسى خۇرسىنىپ. ئاندىن ئۆزد-نى ئەيىبلىدى، — ئەستا، مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ نېمە دەۋاتىد-مەن... ئۇلار ئوپېراتسىيەدىن تىنچ - ئامان چىققاي، نەۋرەمگە ھېلىقى جىگەر كېسىلى يۇقۇشمىغاي...

ئوپېراتسىيە تۈگەپ گۈلشەن كېسەلخانىغا ئېلىپ چىقىلدى. ئىككى ئانا ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

ئازدىن كېيىن ئۇلاردىكى جىددىيچىلىكمۇ بېسىلدى. چىرايد-غا خاتىرجەملىك تېپىپ چىقتى. گۈلشەنمۇ يېنىك كۈلۈمسىرد-دى. ئەمما، ئۇلارنىڭ خۇشلۇقى ئوخشىمايتتى. ئىككى ئانا گۈل-شەننىڭ ئوپېراتسىيەدىن سالامەت چىققانلىقىدىن خۇشال بولۇش-تى، گۈلشەن بولسا بالىنىڭ ساق - سالامەت تۇغۇلغىنىدىن، ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدىغىنىدىن خۇش ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇنى ئىچىدىلا بىلىشكە مەجبۇر ئىدى. ئاشۇ كۈلۈمسىرىشى بىلەنلا ئىپادە قىلاتتى.

بىر چاغدا ئايگۈل ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭمۇ چىرايىدىن مەمنۇن بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

گۈلشەن ئالدىراپ سورىدى:

— ئايگۈل، بالامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. قالغان ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۈمىدۋار بولۇڭ، — دېدى ئايگۈل كۈلۈمسىرەپ.

— قىزمۇ، ئوغۇل؟ — سورىدى رەھىمە.

— ئوغۇل.

— ئوغۇل! خۇداغا شۈكۈر.

— بالا قېنى؟ بالىنى ئېلىپ چىقماپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى گۈلشەننىڭ ئاپىسى. رەھىمەمۇ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ ئايگۈلگە قارىدى.

— بالىنىڭ نېمىشقا ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىنغانلىقىنى گۈلشەن ھەرقايسىلىرىغا دېگەندۇ، — دېدى ئايگۈل گۈلشەنگە قاراپ قويۇپ، — شۇڭا بوۋاق مەلۇم ۋاقىت كۆزىتىلمىسە بولمايدۇ.

— شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ تېخى، — دېدى رەھىمە مەيۈسلىنىپ.

— بوۋاقتىن خاتىرجەم بولۇپ، گۈلشەننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىلا.

ئايگۈل چىقىپ كەتتى.

— نېمە جىق ئىشكىنىتاڭ بۇ، — دېدى گۈلشەننىڭ ئاپىسى غۇدۇڭشىپ، — چىرايىنى بىزگە بىر كۆرسىتىۋېتىپ، ئاندىن...

— ئاپا، — دېدى گۈلشەن، — بىر ئاز غەيرەت قىل. دوختۇرلارنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ؟

— ۋاي، يەنە نېمە دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ تېخى؟ ھە راست، مۇراتجان قېنى؟

مۇراتنىڭ ھازىر نېمە ئۈچۈن يوقلۇقىنى چۈشەنگەن گۈلشەن ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

— مەن قاراپ باقاي، — رەھىمە شۇنداق دەپ ئاستا ياتاقتىن چىقتى. مۇرات كارىدوردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. «قىلغان سەۋەبىمنىڭ

ۋەجىدىن ھېلىقى تاماكىدىن قۇتۇلغان بولسا، شۇنىڭغا خۇش بو-لۇپ يۈرەمدۇ ـ يە؟ شۇنداق بولغاي ئىلاھىم.» رەھىمە شۇ خىيالدىن شادلىنىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئۆتۈپ قاراپ باقماقچى بولدى.

— رەھىمە.

ئۇ بىنادىن چىقىشىغا بىرى ئۇنى چاقىردى. ئۇ بەكرى دوختۇر ئىدى. بەكرى دوختۇر ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ناھايىتى چىرايلىق بوۋاق ئىكەن.

— رەھمەت، — دېدى رەھىمە خۇش بولۇپ، — بىز تېخى بوۋاقنى كۆرگىدەك بولمىدۇق.

— بوۋاقتا پايدىلىق بەزى ئاسراش تەدبىرلىرى بار. شۇ ئىشلار تۈگىسە بوۋاقنى سىزلەرگە تاپشۇرىمىز.

رەھىمە بېشىنى لىڭشىتتى.

— بالىمۇ ساق ـ سالامەت تۇغۇلدى. خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانسىز، — دېدى بەكرى دوختۇر، — تاماق يېگەچ پاراڭلاشساق بوپتىكەن.

— رەھمەت، پاراڭلاشقۇدەك نېمە گەپ بولسۇن؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك. ئۆزىمىز توغرۇلۇق، مۇرات توغرۇلۇق سۆزلىشىمىز.

— مۇرات توغرۇلۇق؟

— ھەئە. مەن ھازىر مۇراتقا ئۆزۈمنى ئاشكارىلىسام بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم.

— بۇنى بەرىبىر ئاشكارىلىمىسام بولمايدۇ، لېكىن بوۋاقنىڭ ئەھۋالى نورماللىشىپ، مۇراتنى مۇۋاپىق داۋالاشنى باشلىغاندا دەي دەپ ئويلاۋاتىمەن. شۇڭا، توغرا چۈشىنىپ بىللە تاماق يېگەچ پاراڭلاشقان بولساق.

رەھىمە بۇنى توغرا تاپتى. مۇرات توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى

خالاپ قالدى:

— بولىدۇ، كەچقۇرۇن چىقاي.

خۇشلۇقى چىرايىغا دەرھال تېپىپ چىققان بەكرى دوختۇر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە بىناغا كىرىپ كەتتى. رەھىمە يادىدىن شېرىن ئەسلىمىلەر لىيپىدە كېچىپ خۇرسىنىپ قويدى.

چۈشتىن كېيىن گۈلشەن تاقەت قىلالمىدى. ئۇ غەيرەتكە كې-لىپ كارىۋاتتىن چۈشۈپ ياتاقتىن چىقتى. ئەنە ئاشۇ پەلەمپەيدىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقسا، ئوڭدىن ئىككىنچى ئۆي. ئۇ يەردە ئۇ-نىڭ يۈرەك پارىسى ھاياتلىق ئۈچۈن، گۈزەل ئىستىقبال ئۈچۈن كۈرەشمەكتە، دۇنياغا تۆرىلىپلا دۇچ كەلگەن ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرماقتا... «ئاھ، بالام!»

گۈلشەن ئاستا پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى. پەلەمپەيگە بىر قەدەم ئالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلەشتى. يەنە ئىككى قەدەم ئالدى. كۆزىگە ۋىلىقلاپ تۇرغان بوۋاق كۆرۈندى.

گۈلشەن ئاخىر كۆزىتىش ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەينەكتىن ماردى. كۆزىگە ئاپئاق تام كۆرۈندى. ئاشۇ تامنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ ئوماق بوۋىقى بار ئىدى. بالىسى بىلەن شۇنچە يېقىن ئارىلىقتا تۇرغىنىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا بوۋاقنىڭ ھىدى پۇرىغاندەك بولغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شېرىن بىر سېزىم تارىدى. گۈلشەن بېشىنى تامغا تىرىگىنىچە شۇ شېرىن سېزىم ئىلكىدە ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا بوۋىقى يۇمران قولىنى ئۇنىڭغا سۇندى، ئۇلارنىڭ بار-ماقلىرى تېگىشتى، گۈلشەننىڭ ئانىلىق مېھرىبانلىققا تولغان قولى ئۇ كىچىك قولنى ئاۋايلاپ سىقىملىدى، بوۋاق يۈزىنى گۈل-شەننىڭ كۆكسىگە سۈركىدى، گۈلشەننىڭ قانلىرى ئۆركەشلىدى، ئۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە لېۋىنى تەگكۈزدى. ئاھ، ھاياتنىڭ تاتلىق-لىقى، جەلپكارلىقى! ئىنسانلاردا مۇشۇنداق مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسى بولغاچقا، ئادەم ھاياتقا قانمايدىكەن، ھاياتنىڭ گۈزەللى-كىنى مەڭگۈ قەدىرلەيدىكەن! گۈلشەن بوۋاقنى باغرىغا باستى.

بوۋاق يەنە ئۇنىڭ كۆكسىگە تەلپۈندى. گۈلشەن كۆكسىنى ئاچ-ماقچى بولدى. «قېنى بالام، ئانىنىڭ پاك مېھرىنى ۋۇجۇدۇڭغا سىڭدۈر!»

ئەمما، گۈلشەننىڭ قولى توختاپ قالدى. ئۆزى رېئاللىققا قايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوۋاقنىڭ ئانىنى ئەمگەندە پەيدا بولىدىغان ئېسىل تۇيغۇلارغا چۆمۈلەلمەيدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ھايات شۇ قەدەر گۈزەل. بەزىلەر ھاياتقا خىرەلەشكەن كۆزى، مەينەتلەشكەن دىلى بىلەن قاراپ، ھاياتنى بىزەپ ھالدا كۆرۈۋالىدۇ ـ دە، ھاياتنى گۈزەل ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئاندىن باش-قىلارغا ھاياتنى شۇ بويىچە چۈشەندۈرۈپ، ھاياتنى مەنىسىز، جاپا تارتىپ ياشىغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق، قانداقلا قىلىپ بولسۇن راھەت ياشىغان ياخشى، دەپ قارايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بۇنىڭ زى-يىنىنى ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايدىغانلار تارتىدۇ. ما-نا، گۈلشەن بوۋىقىنىڭ ھىدىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىچە نادامەت چەكمەكتە!

كەچلىكى رەھىمە بەكرى دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ بىللە تا-ماق يېيىشكە باردى. بەكرى دوختۇر بىر ئايرىمخانىنى ئاللىقاچان ئۇقۇشۇپ قويغان بولۇپ، رەھىمەنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي تاماق بۇيرۇتتى. پاراڭ مۇرات ھەققىدە ئەمەس، بەلكى كۆپرەك بەكرى دوختۇرنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە بولدى. بەكرى دوختۇر نا-ھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلى-دى. رەھىمە گەرچە 20 يىل بۇرۇنقى بەكرى بىلەن ھازىرقى بەكرى دوختۇرنى بىر ـ بىرىگە چىڭ باغلىيالمىغان بولسىمۇ، بەكرى دوختۇرنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن بەختسىزلىك تۈپەيلى ئۇنىڭغا ھېسداشلىقى قوزغالدى، كۆڭلى بۇزۇلدى. تېخى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا تەسەللىمۇ بەردى.

بىراق، رەھىمە ئۇزاق ئولتۇرۇشنى بىئەپ ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ:

ــ بەكرى دوختۇر، سىزگە كۆپ رەھمەت، مۇراتنىڭ ئىشىنى

قانداق قىلىشنى مەن پەقەت بىلەلمىدىم. سىز دىگەندەك بولسۇن. قالغان ئىشلارغا سىز كۆڭۈل بۆلۈپ قويارسىز، — دىدى.

— بۇ نىمە دىگىنىڭىز، ئەمدى قاراپ تۇرۇۋەرسەم، بىر ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىغا قالمايمەنمۇ؟ ھىلىمۇ ئالدىڭىزلاردا گۇناھىم ئىغىر. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى چىقىرىمەن، — دىدى بەكرى دوختۇر ھاياجانلىنىپ.

— شۇنچىلىك ئويلىغان بولسىڭىز، مەن خاتىرجەم بولدۇم. مەن ئەمدى قايتاي. قالدى گەپلەر بولسا يەنە دىيىشەرمىز، — دىدى رەھىمە ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ.

— رەھىمە ئالدىرىماڭ، — دىدى بەكرى دوختۇر جىددىي قىلىپ، — يەنە بىر ئاز ئولتۇرغان بولسىڭىز.

— بولدى ئولتۇرماي. دىيىشكۇدەك باشقا گەپمۇ يوققۇ؟

— بار. دىيىشىدىغان گەپ يەنە بار. سىز تىخى ئۆزىڭىز توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىڭىز.

— بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە ئۇ گەپلەرنى تىلغا ئىلىپ ئولتۇرغاننىڭ نىمە پايدىسى بار؟ بولدىلا، ھازىرقى كۆڭۈل ئاغرىقىممۇ يىتىپ ئاشىدۇ.

— مىنىڭ ئاڭلىغۇم بار رەھىمە. كىيىن بىر ياققا كىتىپ كەتكەنسىز، خەۋىرىڭىزنى ئالالمىدىم. باشقا گەپ ـ سۆزمۇ ئاڭلىمىغاندىن كىيىن، باشقىچە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، دەپ ئويلاپ ئۆز ھالىم بىلەن بولۇپ يۇرۇۋىرىپتىمەن. پەقەت سىز مۇرات توغرۇلۇق گەپ قىلغاندىن كىيىنلا، ئاندىن بىشىڭىزدا مەن بىلمىگەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئويلىدىم. شۇلارنى مەن بىلەي، سىزنى قانچىلىك دەرد ـ ئەلەملەرگە تاشلاپ قويغىنىمنى بىلەي...

— بولدىلا، بەكرى دوختۇر...

— ياق، قانچىلىك گۇناھىم بارلىقىنى بىلەي، رەھىمە ئىيتىپ بىرىڭ، سىز كىيىن زادى نەگە يوقاپ كەتتىڭىز؟ نىمىشقا ماڭا بىرەر ئۇچۇرمۇ قالدۇرمايسىز؟

رەھىمەنىڭ كۆز يىشى تاراملاپ تۆكۈلدى...

رەھىمەنىڭ دەردلىك، پىغانلىق باياتلىرىنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇر پوشايمان ئوچىقىدا كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ بېشىنى چاڭ-گاللاپ «ھەي، ھەي» دەيتتى.

رەھىمە نۇرغۇن خورلۇقلاردىن كېيىن، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ بالىنى تۇغۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، بەكرى دوختۇر چىداپ تۇرالماي يىغلىۋەتتى:

— كەچۈرۈڭ رەھىمە، مەن سىزنى ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قويۇپتىمەن. بۇنى يۇيۇپ بولۇش، قايتۇرۇپ بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ھەي، ئىسىت!

«پۇشايماننىڭ دورىسى يوق» دېگەن شۇ دە. قەلبىدىكى 20 يىللىق ئېغىرلىق يوقاپ، يېنىك بولۇپ قالغان رەھىمە ئايرىمخانىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى. بەكرى دوختۇر بولسا ئۆكۈنۈش، پۇشايمان قاينىمىدا قايناپ، ئاھ ئۇرغىنىچە قالدى...

رەھىمە دوختۇرخانا ئالدىغا كەلگەندە، تۇۋرۇككە يۆلىنىپ، خىيالغا پاتقىنىچە تۇرۇپ قالغان مۇراتنى كۆرۈپ قاپىقى تۈرۈلدى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— نەگە باردىڭ ـ ھە، گۈلشەننى يالغۇز تاشلىۋېتىپ؟

— ماشىنىنىڭ پۇلىنى سوپلەپ بارغان شۇ...

— مۇشۇ چاغقىچە شۇ ئىشنى دەپ يۈرگىچە، بېشىڭنى بىر تىقىپ قويساڭ نېمە بولىدۇ؟ مۇرات مەن سېنى...

— مەن شۇ...

— ماڭ، بۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرماي، گۈلشەننىڭ يېنىغا كىر، يۈر.

— ماقۇل. مەنمۇ كىرەي دەپ تۇرغان.

ئۇلار ياتاققا قاراپ ماڭدى.

مۇرات راست سۆزلىگەن بىلەن گەپنىڭ يېرىمىنى قىلغانىدى. ئۇ پەتتار چىركىنىنى ئىزدەپ بېرىۋېدى، پەتتار چىركىن ئۇنى سوغۇقلا قارشى ئالدى.

— پۇلنى بەرسەڭ بولاتتى، — دېدى مۇرات ئۇدۇللا.

— ئەمدى ئەجەب سۆيلەپ كەتتىڭغۇ؟ ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەيدىكەن. خەقنىڭ پۇلى كەملەيدىكەن ئاداش، — دېدى پەتتار چىركىن قايناپ.

— رەسمىيەتلەرنىمۇ يۆتكەپ بولدۇقۇ. ئۆزۈڭ شۇنداق دې-گەن.

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن پۇلنىڭ بىر قىسمى تەييار بولماپتۇ دەۋاتىمەن.

— ئۆزۈڭ باشتا تەييار دېگەنغۇ؟

— خەق تەييار دېگەندىكىن، مەنمۇ شۇنداق دەپتىمەن. بىر ياخشىلىق قىلاي دېسەم...

— ئۇنداق بولسا ماشىنا مەندە تۇرۇپ تۇرسۇن.

— ھەي، مۇرات، تازا بىر ئىش ئۇقمايدىغان نېمىكەنسەن. بىزمۇ نۇرغۇن قېتىم ساڭا ئىشىنىپ ھە دەپ كەلدۇقۇ. سەنمۇ ئىشىنىپ باق. مانا ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن. بوپتۇ، ئاغىنىدارچىلىق-نىڭ يۈزى. ئۇنى سۆيلەي. ئىككىمىز ئۇنى مۇشۇ يەردە ساقلايلى.

ئۇلار ساقلىدى. بىر چاغدا مۇراتنىڭ خومارى تۇتۇشقا باشلى-دى. پەتتار چىركىنىڭمۇ كۆتۈۋاتقىنى مۇشۇ ئىدى.

— بولالمىدىم، بېرىپ تۇرە، بىرنى ئوكۇل قىلىۋالاي، — دې-دى ئۇ پەتتار چىركىنگە.

— بېرەلمەيمەن، ئۆزۈمگىلا ئېلىپ قويغىنىم بار، — دېدى پەتتار چىركىن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي.

— ھوي، پۇلنى ماشىنا پۇلىدىن تۇتۇۋال.

— پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس. ساڭا بېرىۋەتسەم بىردەملىككە ئۆ-زۈم قانداق قىلىمەن؟ مەن خەقنى ئويلىغىنىم بىلەن خەق مېنى ئويلىمايدىكەن ئەمەسمۇ.

— ھوي، ساڭا تەييارلىغۇ.

— ھەسەن بار چاغدا شۇنداقتى. ھەسەن رەھمەتلىك ئۆلۈۋې-دى، ئىشىمىز تەسكە چۈشتى. بىلمەيۋاتامسەن؟

مۇرات بېشىنى لىڭشىتتى:

— سەن بايىقى گېپىمگە خاپا بولۇپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىسەن -  هە؟
— نېمە دېسەڭ مەيلى.
مۇرات خۇمارنىڭ ئازابىغا پەقەت بەرداشلىق بېرەلمەي:
— پەتتار، سېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئىككى قېتىملىق بەر. بولدى، ماشىنا پۇلىنى ئەتە بەرسۇن. چوقۇم ئەتە جۇمۇ — دېدى.
پەتتار چىركىن مىيىقىدا كۈلۈپ مۇراتنىڭ ئالدىغا ئىككى بولاقچىنى تاشلىدى.
شۇنداق قىلىپ مۇرات كەچ قالغانىدى.
ئۇلار ياتاقتا كىرگەندە گۈلشەن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان جۆيلۈپ تۇزۇك ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغان گۈلشەننىڭ بۈگۈن تۈنجى قېتىم تىنچ، شېرىن ئۇخلىشى ئىدى. شۇڭا ئىككىسىنىڭلا ئۈنلۈك رەك شەپە چىقارغۇسى كەلمە-دى. مۇرات گۈلشەنگە قارىغىنىچە تۇرۇپ كەتتى. مۇشۇ گۈل چىراي قىز ئۈنىڭغا مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىتقان، ھا-ياتىنىڭ خۇشاللىقلىرىنى ھېس قىلدۇرغان، ئادەمنىڭ ئارزۇ قىلى-غان نەرسىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەكلىكىنى تو-نۇتقانىدى. ئەمما، ئاخىرغا كەلگەندە مۇرات ئاشۇ گۈل چىراي قىزنى نابۇت قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. مۇراتنىڭ لەۋلىرى ئۈمچەي-دى، بىراق كۆزىگە ياش كەلمىدى.
رەھىمە مۇراتقا «ئايالىڭنىڭ يېنىدا سەنمۇ بىرەر ئاخشام يې-تىپ باق» دېمەكچى بولدى - يۇ، مۇراتنىڭ پات - پات يوقاپ كې-تىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئويىدىن ياندى.
— بالام مۇرات، سەن ئۆيگە قايتىپ كەت. ھەرگىز باشقا يەر-گە كەتمە جۇمۇ. گۈلشەنگە مەن ھەمراھ بولاي.
مۇرات تەستە ئېغىز ئاچتى:
— بالا... بالىنى...
— مۇشۇ چاغقىچە بىزمۇ كۆرەلمىدۇق. نېمە بولىدىكىن تاڭ.

ئەتە كۆرسەن.

مۇرات ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

قاراڭغۇلۇقتا يالغۇزدەك ئولتۇرغان رەھىمەنى خىيال چىر-ماشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يىغلاپ ئىقىپ كەتكەن بەكرى دوختۇر كەلدى. بىر چاغدا رەھىمەمۇ ئەنە شۇنداق يىغلىغانىدى. قارىغاندا، هايات گۇناهى بارلارنى نۆۋەت بىلەن يىغلىتىپ چىقىدىغان ئوخشايدۇ.

ئەتىسى گۈلشەن كۆزىتىش ئۆيىنىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى.

ئۇ ئىنتىزارلىقتا تولغان كۆزىنى ئەينەككە يېقىن ئەكىلىپ، ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى. يەنە شۇ ئاپئاق تام. گۈلشەن كۆزىنى تامغا تىكتى. ئەنە، بوۋاق كۆرۈندى. بوۋاق كۈلۈپ ئۇياق ــ بۇياققا قاراۋاتىدۇ، گۈلشەننى ئىزدەۋاتسا كېرەك. مانا، بوۋاق گۆگۈرىدى، بەلكىم گۈلشەننى چاقىرىۋاتقاندۇ. ئەنە، بوۋاق قولىنى سۇندى. بەلكىم قورسىقى ئاچقان بولسا، ئاپىسىنىڭ هاياتلىق نېمىتىگە تولغان كۆكسىنى ئىزدەۋاتقاندۇ. گۈلشەننىڭ كۆكسى چىڭقىلغاندەك بولدى. كىلە قوزام، قانغۇچە ئەمگىن، نېمىتىڭدىن يەتكۈچە هوزۇرلانغىن!

بىراق بىردىنلا باستۇرۇپ كەلگەن ئەپسۇسلۇق گۈلشەننىڭ گۈزەل خىيال گۈللىرىنى توزۇتۇۋەتتى. چۈنكى گۈلشەن قوزىسىنى ئەمدۇرەلمەيتتى! ئىنسانىنىڭ ئەقىل نۇرىنى، گۈزەل پەزىلىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تاۋلاپ، ئۇنى بىر ۋاستە بوۋىقىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇش گۈلشەنگە نېسىپ بولمايتتى!

كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان گۈلشەن تامغا يۆلىنىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ قولىدىكى بوۋاقلار كىيىمىنى قانماي پۇرىدى، باغرىغا مەهكەم باستى. «بالام، شۇ تاپتا سېنى بىر قېتىم باغرىمغا بېسىۋالغان بولسام، چۈشەنمىسەڭمۇ ئىككى ئېغىز سۆزلىۋالغان بولسام، قانچىلىك بەدەل تۆلىسەممۇ ئەرزىيتتى... » گۈلشەننىڭ خىيالى شۇلا ئىدى. شۇنداق، ئانىنىڭ بالىغا ئېيتىدىغان تولىمۇ نۇرغۇن مېهرىلىك سۆزلىرى بولىدۇ.

شۇ تاپتا مۇئەللىپنىڭ بالا ھەققىدىكى ئىلهاملىق تەسەۋۋۇر-

لىرى بىلەن گۈلشەننىڭ ئوتلۇق، ئىزتىراپلىق خىيالىغا مۇنداق ياڭداشقۇسى كېلىۋاتىدۇ:

بالام، سەن ـــ يىلتىزغا ھايات بەرگەن يىلتىزسەن.

بىلدىمكى، گۈللەرگە بېغىشلانغان باھار پەسلى ياكى بۇلبۇلغا ئۈن بەرگەن ئاۋاز سەن ئىكەنسەن. مەن ئاتلىق مېھرىم قىيامىغا يەتكەن قوللىرىم بىلەن سېنى كۆتۈردۇم، سەن نۇرنى سۈندۇرغان زىلال يىغاڭ بىلەن ھىجرانلىق كۆڭلۈمنى كۆتۈردۈڭ. يىلتىز يىلتىزغا تۇتاشتى، پەسىللەر ئارا تۇرىغۇچى گۈللەرگە نەھاجەت؟

بىردىنبىر پەسىلسەن ھاياتىمغا يېپىلغان،

تۈنجى باھار سەن ھاياتىمغا يېپىلغان.

مەن سوغۇق تامغا يۆلىنىپ، سەن ئۇچۇن ئوتتەك يېنىپ شۇنداق ئويلايمەن:

يۇمران چاچلىرىڭ تۈنجى ئېرا قۇياشنىڭ ئەقىلگە چۈشكەن نۇرىدۇر. بۇ نۇر قەلەمدە يېزىلغۇسى پۈكلەكلىك خاتىرىنىڭ قۇ-رىدۇر، بۇ قۇر بۇ ئالەمگە سوزۇلغان قەلبلەرنىڭ يولىدۇر.

يۇمران ئەتلىرىڭ پەزىلەتنى ئەسلەتتى، ئەتتىن چاچرىغان ئوت چوققىلارنى پەسلەتتى.

كۆزۈڭ مېھنەتنىڭ چېگراسىدىكى چۈمۈلىنى كۆرمەكتە.

دان سۆرىگەن چۈمۈلە كۆزلىرىڭنى سۆيمەكتە.

كۆزۈڭدىكى ئېگىز نۇر قۇياشقۇ، ئازغۇن تۇيغۇنى قىلىچلى-غۇچى نەزەرلەر باتۇرنىڭ خەنجىرىنىڭ بىسىدىكى مەھكەم تاشقۇ. ئۇ تاش بىلمەكتە قىلىچنى.

غەلەتىلىك مەردلىك تۈنجۇقماقتا بۇرنۇڭدا.
تىكەنلەر مەنستمەيدۇ يالتىراق گۈلنى قوينۇڭدا.

پايانسىزلىقتا ئۇچۇۋاتقان ئوق ئەمەس، يا!
ئۇ ھاياتلىقتىكى زىيا!

سەن مېنى غەزەپلىك چاقىرىسەن،
مەن شەرەپلىك چاقىرىلىمەن!

مانا قولۇم، قولۇڭدىكى نۇرلار تىرنىقىم ئاستىدىكى كىرلەر-دىن بىزەپلەنمىسۇن؛ تىرنىقىڭدىكى چاقناشلار تۇمانلىق تىنىقلى-رىمدا خىرەلەشمىسۇن؛ ئۆزۈڭنى جاكارلاۋاتقان بارماق ئىزلىرىڭ قۇرۇقتىن - قۇرۇق تۇگۈلگەن بارماقلىرىمدا ئېزىقمىسۇن. ئۇ قولۇڭنى ئاۋايلاپ يەنە بىر قولۇڭ ئۈستىگە قويغىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ-لۇق.

قەدەملىرىڭ ئۇلۇغلۇقتىن ھالقىپ نام قويۇش ئۈنتۈلغان پەل-لىگە يېپىلدى. يۇمران پۇتلىرىڭ ئالدىدا مۇساپىلەر قىزاردى...

بالام، ئەمەلىيەتتە ئەڭ تولۇق ئارخىپىڭ «دادا» دەپ توساتتىن ئېيتىپ تاشلىشىڭدا! «ئاپا» دەپ چاقىرىشىڭدا!

بىلدىم بالام، سەن روھىڭنى جىسمىڭدا ئەمەس، جىسمىڭنى روھىڭدا تاۋلاپسەن. ئېسىڭدە تۇت، پەرۋازغا تەمشەلگەن روھىڭنى قېنىق دەملەنگەن چايدىكى تىك تۇرغان شامىغا قوندۇر، پورەك-لەشكە تەشنا بولغان روھىڭنى ئۆزۈم قىيامىدىكى كۆپۈككە مۆك-تۈر، مەي بولۇشقا ئىنتىزار بولغان روھىڭنى پۇرۇقلىغان سۇ پارلىرىغا چۆكتۈر ...

ئاھ، بالام، بەرىبىرغۇ ... «دادا، ئاپا» دەپ چاقىرساڭلا كۇپايى-غۇ !

گۈلشەن ياتاقتا قايتىپ كىرگەندە ئاپىسى قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— ئاپا، كەلدىڭمۇ؟

بىراق ئاپىسى گۈلشەنىنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرمىدى. بەل-كى:

— بالا قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— كۆزىتىش تېخى ئاخىرلاشماپتۇ، — دېدى گۈلشەن يەرگە قاراپ.

— قاچانلا كەلسە شۇ گەپ، — دېدى ئاپىسى تېرىكىپ، — بالا تۇغۇلغاندا بىردەملىككە دېدى، چۈشتىن كېيىن دېدى، ئەتە

دېدى. مانا بۈگۈنمۇ مۇشۇ ۋاق بولدى. نەۋرە كۆردۈق دەپ خۇش بولغىنىمىز قېنى بىزنىڭ؟ زادى نېمە خىيالى بار بۇ خەقنىڭ؟ گەپ بولسا ئۇچۇق قىلسۇن!

— ئاستا گەپ قىل ئاپا، — دېدى گۈلشەن باشقىلارنى چۆچۈ-تۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، — ئاپا سەنمۇ دوختۇرلارنى توغرا چۈشەن. بالا سەللىمازا ساقايسا ياخشى ئەمەسمۇ. مۇشۇنچە ساقلىغاندىكىن، يەنە غەيرەت قىلايلى.

— جىگەر كېسەلى دېگەننى بىزمۇ كۆرگەن. قورقۇپ كەتكەننى بۇلارنىڭ. سەندە جىگەر كېسەلى بولسا بىزدە يوق. ئاچىقسۇن بالىنى.

گۈلشەن بىر يانغا قاراپ يىغلىۋەتتى. بالىنى ئۇنىڭ كۆرگۈسى يوقمۇ؟ ھەقىقىي گەپنى ئاپىسىغا دېگىلى بولمىسا - يە.

بىراق ئاپىسى بۇ قېتىم گۈلشەننىڭ كۆز يېشىغا پىسەنت قىلماي كەتمىدى.

— قېنى، كەچكىچە مەن بالىنى كۆرمەي باقاي، — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن.

ئۆگۈنلۈكى دوختۇرخانا جىددىي يىغىن ئاچتى.

— دەسلەپكى ئالدىنى ئېلىش، ئاسراش خىزمىتىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، — دېدى ئايگۈل. ئاندىن ھەممەيلەنگە بىر نۇسخىدىن ماتېرىيال تارقىتىپ بەردى، — بۇ دەسلەپكى دوكلات، يولداشلار كۆرۈپ چىقىپ پىكرىنى بەرسە.

— يولداشلار، خىزمىتىمىز تېخىمۇ جىددىي باسقۇچقا كىردى. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ ئىككى قارارىنى ئېلان قىلىمەن: بىرىنچى قارار، بۇ قېتىمقى خىزمەتتە كەسپىي ئەخلاق - پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، پىداكارلىق كۆرسەتكەن بەكرى دوختۇر، ۋاڭ دوختۇر، سېستىرا رىزۋانگۈل قاتارلىق يەتتە يولداش مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئايلىق مۇكاپاتى بىر قاتلاپ بېرىلى-

دۇ؛ ئىككىنچى قارار، خىزمەتتە تۇتقان پوزىتسىيەسى پاسسىپ، كەسىپ ئەخلاقىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، كەسىپداشلار ئارى- سىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغان سۇي دوختۇر، قۇربان دوختۇر، سېسترا ھەبىبە، سېسترا لىلى قاتارلىق تۆت كىشىگە بۇ يىللىق سىناپ تەكشۈرۈشتە مۇنەۋۋەر باھالىنماسلىق جازاسى بېرىلىدۇ. ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە دوختۇرخانا پارتكوم ئىشخانىسى چۈ- شەنچە بېرىدۇ. يىغىن تامام.

# سەككىزىنچى باب

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان روھى چىقىپ كەتكەندەك مۆرىمەي يۇرگەن مۇراتنىڭ ماشىنا پۇلىنى سۇيلىشى پەتتار چىركىننى تىنىتىپ قويدى. ھەسەننىڭ ئۆلۇمى ئۇنى بۇ شەھەردىن چاققانراق كېتىشكە ئۇندەۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەييارلىقى تەل ئىدى. پەقەت ئىككى ئىش ئۇنى ساقلاشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. بىرى ماشىنا پۇلى، يەنە بىرى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان نېسى پۇللار. «شۇ پۇللارنى يىغىۋالسامىلا ماڭاي» دەپ ئويىلىدى ئۇ، «قالغانلار بىلەن نېمە كارىم. ئۇلارنى دەپ بالادا قالماي يەنە.» شۇ خىيالى بىلەن پەتتار چىركىن يەنە يانفونىنى قولىغا ئالدى. بايا تېلېفون بەرگەندە يېڭى بېكەتتىكى ھېلىقى موزدۇزنىڭ يانفونى ئېتىك ئىدى. قايتا تېلېفون بېرىۋېدى، يەنە ئېتىك چىقتى. بۇنىڭدىن پەتتار چىركىننىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى. ئاندىن ئۇ ماشىنىنى ئالغان ئادەمگە تېلېفون بەردى:

— ھەي ئاداش، پۇلۇڭ تەييارمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ھە دەپ بەرسەم ئارقىغا سۇرۇۋۇەردىڭغۇ؟ يەنە تارتىشساڭ گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىل. بولمىسا...

— ۋاي ـ ۋۇي پەتتار، — دېدى قارشى تەرەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — پۇلنى ئېلىپ يولدا كېتىۋاتىمەن. نېمە تولا كوتۇلدايسەن. ئىش قىلىپ مەن سېنىلا تونۇيمەن جۇمۇ.

— ئەلۋەتتە، ھەممە رەسمىيەت تولۇق، مەن مۇراتتىن ئالدىم،

سەن مېنىڭدىن ئالدىڭ، ھۆججەتلەشتۈق. يەنە نېمە گەپ بار.
— گەپ دېگەن يەردىن چىقسىلا بولدىغۇ. مەنمۇ ئۇ ماشىنىنى كورلىلىق بىرسىگە سېتىۋەتتىم. بۈگۈن رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ كەتتى.
— مەن بۇنى بىلگەن. ماشىنىنى قولدىن چىقىرىشنى ساقلاپ، پۇلنى كەينىگە سۈردۈڭغۇ شۇ. بۇنچىلىك ئىشنى بىلگۈچىلىكىم بار مېنىڭ.
قارشى تەرەپ كۈلۈپ كەتتى:
— بولدى، ئىككىمىزلا مەقسەتكە يەتتۇققۇ. «لەغمەن پادىشاھى» نىڭ ئالدىغا كېلىپ پۇلنى ئېلىۋال.
— ماقۇل ھازىرلا بارىمەن.
پەتتار چىركىن بۇ گەپتىن خۇش بولۇپ كەتتى: «كىمگە ساتسا ساتامدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم. پۇلنى ئالسىلا بولدى. ئەمدى ھېلىقى موزدۇزدىكى 6000 كوينى ئېلىۋالسىلا ماڭىمەن. يەنە بىر سائەت ساقلاپ باقاي. تاپالمىسام مېڭىپ تۇراي. ئەجەب يۈرىكىم سېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر ئىش چىقمىسۇن يەنە. ھېلىقى كاملىنىڭ ئىشى ئېنىق بولۇپ كەتكەن بولسىمىغۇ ئوبدان پىلان قىلىۋالاتتىم.» خىيالىغا يېتىشەلمەي قېلىۋاتقان پەتتار چىركىن ياتاقتىكى ئىككى ئۆلپەتدىشىنى ئۇنتۇپ قالدى.
— ئەجەب خىيالغا چۆشۈپ كەتتىڭغۇ پەتتار ئاكا، — دېدى يىگىتلەردىن بىرى، — قارىغاندا يەنە بىر چوڭ سودا بار ئوخشىمامدۇ؟
— ئەگەر ياخشى بولسا بىزنىمۇ ھايت دەۋېلىڭ، — دېدى يەنە بىرى، — سايىڭىزدە بىزمۇ ئازراق ئەتلىنىۋالايلى.
— ئالدىرىماڭلار، — دېدى پەتتار چىركىن تەبىئىي بولۇشقا تىرىشىپ، — بىر ئىشنى پىلانلاۋاتىمەن، ئەگەر ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، نوچى ياشايمىز. ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭلار.
— ۋاھ، رەھمەت ئاكا.
— رەھمەت ئاكا، ئۆزۈڭدىن بۇيان سىزنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز

گېپىڭىزنى ساقلاپ تۇرغان. سىزگە ئەگەشكىنىمىز ئەگەشكەن. شۇنى تەبرىكلەپ بىردىن كەلتۈرمەيمىزمۇ؟

پەتتار چىركىن: «مەقسىتىڭ شۇغۇ سېنىڭ» دەپ غۇدۇڭشىدى، ئەمما ئۆزىنىڭمۇ خۇمارى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، يانچۇقىدىن ئۈچ بولاقچىنى چىقاردى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان خېروئىن شپرىسقا سۈمۈرتۈلگەندىن كېيىن، ئوكۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان يىگىت شپرىسنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق تۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچىلىسىگىلا ئايان ئىدى. بۇرۇنلاردا بولىدىغان بولسا باش ـ بۇرنى پەتتار چىركىندىن ئاشمايتتى. «شاگىرت»لارمۇ خۇشامەت قىلىپ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تۇتاتتى. بىراق هازىر... شۇنداق، ئىلگىرى خېروئىن ئۇرغاندا ھەممەيلەن ئالدىدا ئۇرۇۋېلىشنى تالىشاتتى. ئۇرۇلغان خېروئىن نورمىدىن ئېشىپ كەتسە ياكى ناچار خېروئىن ئۇرۇۋالسا ئادەم ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپىيىشى، بولۇپمۇ ھەسەن ھەسەلنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن، هازىر ئۆلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىردا ئۇرۇشنى تالىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى...

تولۇق تەييارلانغان پەتتار چىركىن تاكسى بىلەن «لەغمەن پادىشاھى» ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

يولدا ئۇ موزدۇزغا يەنە تېلېفون قىلدى. بۇ قېتىم تېلېفون ئۇلاندى.

— ۋوي، نېمە تېلېفوننى ئاچمايسەن؟ — دەپ ئاچچىقلاندى پەتتار چىركىن، — مەن تونۇگۇن ساڭا نېمە دېگەن.

— چېچىلما، ئۇنتۇپ قاپسەن، بۈگۈن جۈمە. نامازدىمۇ يانفونىنى سايرىتىپ ئولتۇرسام ئوبدان بولاتتىمۇ ـ يا؟ — دېدى موزدۇزمۇ قىزىقچىلىق ئارىلاش سۆزلەپ.

— بولدى، بولدى! سەن نەدە؟

— شىركەتتە.

— چاقچاق قىلما. نەدە؟

— نېمە بولدى ساڭا؟ بۇگۈن گەپ چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ؟ يەنە شۇ جايىمدا ئاياغ ياماپ ئولتۇرىمەندە. شۇغۇ مېنىڭ شىركىتىم.

— پۇلنى تەييار قىلدىڭمۇ؟

— تەييار. گېپىڭنى قاچان ئاڭلىماي باققان؟

— يېرىم سائەتكىچە بارىمەن.

«لەغمەن پادشاھى» ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدا ھېلىقى كىشى ئۇنى ساقلاۋاتاتتى.

— تەييارلىق چوڭغۇ، — دېدى ئۇ كىشى پەتتار چىركىننىڭ سومكىلىرىنى كۆرۈپ، — سەپەرگە جابدۇنۇپسەنمۇ نېمە؟

— نەدىكى سەپەركەن ئۇ؟

ئۇ كىشى سىرلىق كۈلدى:

— ئاق يول بولسۇن!

— پۇلنى ئەكەلدىڭمۇ؟

— ئەكەلدىم.

— چىقار.

— مۇشۇ يەردىلىما؟ يۇر ئىچكىرىگە كىرىپ...

— بولدى، بولدى...

— يۇرە، سېنى بىر تەخسە لەغمەن بىلەن بولسىمۇ ئۇزىتىۋالاي. چۈشتىن كېيىن مەنمۇ جەنۇبقا ماڭىمەن. سەن بىلەن قاچان كۆرۈشكۈچە.

شۇنىڭ بىلەن پەتتار چىركىن ئىچكىرىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار تاماق يەۋاتقاندا موزدۇزدىن تېلېفون كەلدى.

— كېلەلمەيسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى موزدۇز.

— تاماق يەۋاتقان، ئاز قالدى. ھازىرلا بارىمەن.

پەتتار چىركىن تاماق يەپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ موزدۇزنىڭ يېنىغا باردى.

ئۇ ئادىتى بويىچە تاكسىدىن چۈشمەي ئەتراپىنى كۆزەتتى.

موزدۇزنىڭ يېنىدا ئادەم يوق. ھاۋا ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈش ۋاقتى بولغاچقا كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. موزدۇزنىڭ يېنىدىكى ماروژنى ماشىنىسىنىڭ يېنىدا بىر ئادەم ماروژنى يېيىش بىلەن ئالدىراش. ماروژنىچى بولسا بەش موچەنلىك پۇللارنى رەتلەۋاتاتتى. بىر تاكسىچى ماشىنىسىنىڭ ئىككىلا ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، خېرىدار ساقلىغاچ ناخشا تىڭشاپ ئولتۇراتتى. تاۋۇز سېتىۋاتقان باققال مۈگدەپ قالغان. نېرىدىكى سېرىقئاش ـ لەڭپۇڭچىلار چىۋىن قورۇش بىلەن ئاۋارە.

پەتتار چىركىن غەيرىي ئەھۋال يوقكەن، دەپ جەزم قىلغاندىن كېيىن تاكسىدىن چۈشۈپ، موزدۇزغا قاراپ ماڭدى. موزدۇز ئۇنى كۆردىمۇ ـ كۆرمىدىمۇ، قولىدىكى ئاياغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈن نۇرىغا تۇتتى. بۇنىڭ بىر ئىشارەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن پەتتار چىركىن موزدۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— پۇلنى بەرسەڭ مەن ماڭاي.

— بولىدۇ. تەييارلا.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئادەم كەلگەندەك قىلدى. پەتتار چىركىن يانغا بۇرۇلۇپ قارىغۇچە، بىرسى ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن تاشلاندى، پەتتار چىركىن ئەس ـ ھوشىنى بىلىپ بولغۇچە، قولىغا كويزا سېلىندى.

ئەسلىدە ھېلىقى خېرىدار ساقلاۋاتقان تاكسى شوپۇرى، ماروژنىچى، ماروژنى يەۋاتقان ئادەملەر ئەتىگەندىن بۇيان پەتتار چىركىننى ساقلاۋاتقان ساقچىلار بولۇپ، موزدۇز بايا قىلغان ئىشارىتى بىلەن مۇشۇ ساقچىلارغا جىنايەت گۇماندارىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىق بېكىتىپ بەرگەنىدى.

بىر ساقچى ئۇنىڭغا بىر ۋاراقچىنى كۆرسەتتى:

— پەتتار، سەن زەھەر جىنايىتى گۇمانى بىلەن قولغا ئېلىندىڭ.

پەتتار چىركىن بىر چەتتە شۈمشىيىپ تۇرغان موزدۇزغا

قاراپ ئەھۋالنى چۈشەندى. شۇنداقتىمۇ جاھىللىق قىلغۇسى كې-
لىپ:

— سىلەر ئادەمنى خاتا تونۇتتۇڭلار. مەن نېمە قىلدىم؟ — دې-
دى.

— كاملىنىڭ يېنىغا بارساڭ، نېمە قىلغىنىڭنى بىلىسەن، — دېدى بىر ساقچى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ.

مۇرات ھويلىسىدا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، بىر نۇقتىغا تى-
كىلگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭمۇ كۆزىتىش ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىنتىزارلىق ئىچىدە تۇرغۇسى، بالىسىنى ئاچىققان ھامان باغرىغا باسقۇسى كەلدى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق ئۇزاق كۈتەلمىدى. خۇمارى تۇت-
قان ھامان ئۇنىڭ ئۇ ئىنتىلىشلىرى، ئىنتىزارلىقلىرى تۇزۇپ كەتتى. خۇددى چىرايلىق قەغەز پارچىلىرى بار بىر ئۆيگە قارا قۇ-
يۇن بېسىپ كىرىپ، ھەممە قەغەز پارچىلىرىنى پاك - پاكىز سۇ-
پۇرۇپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆيدە پەقەت قارا قۇيۇنلا قالغان-
دەك، خۇمار تۇتقان ھامان خېروئىن تەشنالىقى مۇراتنىڭ قەلبىد-
دىكى مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش قاتارلىقلارنى تۇزۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەقەت خۇمارنى بېسىش ئىستىكىلا قالاتتى. شۇنداق بول-
غاچقا، مۇراتقا ئاپىسىنىڭ «سەن بىردەم - بىردەم يوقاپ كېتىۋات-
ساڭ، گۈلشەننىڭ ھالىدىن قانداق خەۋەر ئالىسەن؟ سەن بېرىپ ئۆيگە قارا» دېگەن گېپى بەك خۇشياقتى. مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭغا ھەممە ئىشى تۈگەشكەندەك، ئەتىسىلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلات-
تى. پەقەت خېروئىننى ئوكۇل قىلغاندىلا ئۇ يامان خىياللاردىن نېرى بولاتتى. ئۇنىڭدا ئارزۇ، ئىنتىلىش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. قايسى كۈنى بەكرى دوختۇر ئۇنى كارىدوردا ئۇچرى-
تىپ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

— ئۇكام، روھىڭنى ئۇنداق چۈشۈرمە، ئۈمىدۋار بول، — دې-
دى بەكرى دوختۇر تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن، — ئەتە - ئۆگۈن سېنى داۋالاپ خېروئىننى تاشلىتىمىز. سېنى داۋاملىق داۋالايمىز، سەن تېخى خېلى ئىشلارنى قىلىۋالالايسەن. ئۇنىڭ

ئۈستىگە تېخى مانا بالاڭمۇ ساق ـ سالامەت تۇغۇلدى. مۇشۇ بالاڭ ئۈچۈن بولسىمۇ غەيرەت قىل. قارىسام روھىڭ بەك تۆۋەن. ساڭا دېسەم خۇشال بولىدىغان ئىشقا خۇشال بول، قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىش بولسا كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە قىل.

ئەمما بۇ گەپلەر مۇراتقا پەقەت تەسەللىدەكلا بىلىندى. شۇڭا ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ:

— رەھمەت دوختۇر، لېكىن مەن بىلىمەن. ماڭا ئوخشاش كېسەل بولۇپ قالغانلارنىڭ تۈگەشكىنى تۈگەشكەن. ئارزۇ ـ ئۈمىد بولغان بىلەن ئەمدى نېمە پايدىسى. كۆرىدىغان كۈنۈم ئېنىق.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ.

— راست گەپقۇ، بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشقۇ.

— بۇ كېسەل بىلەن ئۆلمىسەڭمۇ ھامىنى ئۆلىسەن، — بۇ گەپنى قىلغاندا بەكرى دوختۇرنىڭ يۈرىكى زىڭىلدىغاندەك بولدى، — بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى. ئەمدى سەن مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەتراپىڭدىكىلەرگە ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىپ بېرىشىڭ، ئۇلارنى ئازراق بولسىمۇ خۇشال قىلىشىڭ ئۇرنىغا قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ يارىماسلىق قىلساڭ بولامدۇ؟ ئادەم بولغاندىكىن، تىرىشىپ بېقىش كېرەكتە.

— مېنىڭمۇ ئويلاپ قويغان ئىشىم بار. ماشىنىنى ساتقان پۇلنى بالامغا قالدۇرىمەن. ئەمدى ئۇنىڭدىن باشقا قولۇمدىن كېلىدىغان نېمە ئىش بار ماڭا؟

— مانا ياخشى ئويلاپسەن. بالاڭنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغانىكەنسەن، تېخىمۇ ئۇزاقراق ياشاپ، بالاڭ ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلاشمىدىڭمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن يەنىمۇ تىرىشساڭ بولىدىغۇ.

— قانداق تىرىشىمەن؟

— داۋالاشقا ماسلىشىسەن، ئىرادەڭنى چىڭىتىسەن، خېرونىنى تاشلاشقا بەل باغلايسەن، خۇشال ـ خۇرام ياشاشقا تىرىشى-

سەن...

— بولىدۇ دوختۇر، بۇ ئىشلارنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەيلى.

بەكرى دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن سالپىيىپ قايتىپ چىققان مۇرات بېشىنى چايقاپ: «سىز پەقەت دوختۇر بولغاچقىلا شۇ گەپ-لەرنى دەۋاتىسىز. خېروئىنىنىڭ خۇمارى تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بەرگىلى بولامدۇ؟ سىز ئۇ ئازابنىڭ تەمىنى تېتىمى-غاچقا شۇنداق دەۋاتىسىز، سىزگە ئاددىي بىلىنىۋاتىدۇ» دەپ ئويلى-لىدى. ئەمما، مۇرات بەكرى دوختۇرنىڭ ئۇ سۆزلەرنى دوختۇرلۇق مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى بىر ئاتىلىق مېھىر - مۇھەببەت نۇقتىسىدىنمۇ دەۋاتقانلىقىنى قانداقمۇ بىلسۇن!

مۇرات دەممۇدەم سائەتكە قاراپ پەتتار چىركىنىنىڭ تېلېفون-نى ساقلاپ ئولتۇردى ۋە «پۇلنى ئەكەلسە، ئاپامغا تاپشۇرىمەن. ئۆزلىرىگە ۋە بالامغا ئىشلەتسۇن. ئاندىن نېمە بولسام مەيلى. ناۋادا تەلىيىم بولسا، بەكرى دوختۇر دېگەندەك داۋالىنىپ باقار-مەن» دەپ ئويلىدى. مۇرات ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تىتىلداشقا باش-لىدى، پەتتار چىركىنگە تېلېفون بېرىۋېدى، ئۇنىڭ يانفونىنىڭ پۇلى تۈگىگەچكە مۇلازىمەتتىن توختىتىلغانلىقى مەلۇم بولدى. مۇرات بۇنىڭدىن جىددىيلەشتى ھەم ئەنسىرىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خۇمارى تۇتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر خۇمارى تۇتۇپ كەتسە، يېنىدىكىنى ئوكۇل قىلار. ئاندىنچۇ؟ خېروئىننى نەدىن تاپىدۇ؟ پۇلنىچۇ؟ شۇڭا ئۇ خۇمارى ھەرقانچە تۇتۇپ كەتسىمۇ، پەتتار چىركىن بىلەن ئالاقىلەشكۈچە چىداش قارارىغا كەلدى.

دېگەندەك، ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇرنىدىن سۇ ئېقىشقا باش-لىدى. ئۇ توختىماي بۇرنىنى تارتاتتى. چىداپ بولغۇسىز ئاغرىق ئازابى ۋە تەشنالىق ئۇنى قىيىنىدى. «غەيرەت قىلاي» دەپ ئويلىدى مۇرات ۋە پەتتار چىركىنگە يەنە تېلېفون بەردى. ئۇنىڭ يانفونى يەنە ئېلىنمىدى. ئازدىن كېيىن مۇراتنىڭ پېشانىسىدىن تەر چى-قىشقا باشلىدى. شۇنىڭغا ئۇلىشىپ بەدىنىمۇ تەرلەشكە باشلىدى. مۇراتنىڭ بەدىنى بىردەمدىلا سوغۇق تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل

بولۇپ كەتتى. ئارقىدىن شۇنچە ئىسسىقتىمۇ مۇزلاپ كەتتى. ئۇ-
نىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. بۇ بەلكىم خېروئىن
زەھىرىنىڭ بەدىنىنىڭ سىرتىغا تەپكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇ
مۇزلاپ تىترەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، تەرگە چىدىماي كۆڭلىكىنى
يېشىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ قورقۇنچلۇق تىترەيتتى. ھېلىدىن - ھې-
لىغا يۈزىدىكى، مەيدىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ تۇراتتى. ئاشقازىنى
تارتىشىپ چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتكەچكە، پۈكلىنىپ قاتتىق
ئىڭراشقا باشلىدى. ئاغزىدىن سېسىق پۇراق چىقاتتى... مۇرات
ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ قەغەزگە ئوراپ تامنىڭ تۆشۈكى-
گە تىقىپ قويغان شپىرىسنى ئېلىپ، ئىۋرىقتىكى ئىلمان سۇدا
خېروئىننى ئېرىتتى ۋە شپىرىسقا سۈمۈرتكەندىن كېيىن، تام يا-
قىلاپ ئاران مېڭىپ ھاجەتخانىغا چىقتى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئول-
تۇردى ۋە بىلىكىنى تېڭىپ ئوكۇل ئۇردى. شپىرىستىكى سۇيۇق-
لۇق ئۇنىڭ قېنىغا ئارىلىشىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بەدى-
نى تىترەپ كىرىشىپ قالدى. ئاغزىدىن كۆپۈك ياندى، ئاندىن
كۆز قارىچۇقى كەينىگە تارتىشتى، بەدىنى تېخىمۇ ماغدۇرسىزلان-
دى. مۇرات بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كەتمەي دەپ يەرنى تايىنىۋال-
دى. ئەمما، ئۆز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈشكە كۈچى يەتمەي يېتىپ قال-
دى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلاشتى. شۇ ۋاقىتتا
ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى پەقەت قېتىپ قالغان نىجاسەت ۋە ئۇ-
نىڭغا قونۇۋالغان بىر نەچچە تال چىۋىنلا بولدى...

بىر خېروئىن چەككۈچى ئۆلۈم ئالدىدا شۇنداق بايان قىلىدۇ:
«مەن ئەمدى ئۆمرۈمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن. چۈنكى مەندەك
بىر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە دوست-
لىرىغا ئېلىپ كېلىدىغىنى پەقەت غەم - ئەندىشە، ئازاب ۋە ئۇ-
مىدسىزلىكلا ئىكەن. زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى ئۆز - ئۆ-
زىنى ھالاك قىلىش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىمۇ ھالاكەت يولىغا
باشلايدىكەن. كۆيۈمچان، سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ ماڭا قىلغان
ئەجرىگە كۆپ رەھمەت. ھازىر مېنىڭ ۋۇجۇدۇم پۈتۈنلەي كېرەك-

سىز نەرسىگە ئايلىنىپ بولدى. خېروئىن مېنى كاردىن چىقاردى. خېروئىن مېنى ئاچ بىلەن توقنى، ئىسسىق بىلەن سوغۇقنى سەزمەس قىلىپ قويغانىدى. پەقەت خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەندىلا ئاندىن بەدىنىمگە سەزگۈ كىرەتتى. مەندەك ئۈمىدۋار، جۇشقۇن بىر ياشنىڭ بۇ بەختسىزلىكى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. مېنىڭ خېروئىننى بىر تېتىپ باقايلى، قانداق بولىدىكىن دېگۈچىلەرگە شۇنى دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: ھەي، بىچارە ئەخمەقلەر، قاراڭلار مېنىڭ ھالىمغا، مەن قانداق ئاقىۋەتكە قالدىم!؟»

ئېغىلنىڭ ئۈستىگە چىققان قوشنىسى مۇراتنى كۆرۈپ قېلىپ، باشقىلارغا خەۋەر يەتكۈزدى. كىشىلەر ھاجەتخانىدىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تاپقاندا، يۈزىگە چىۋىنلەر ئولىشىپ گىژىلداپ كەتكەنىدى. مۇراتنىڭ ھاجەتخانىدا چىۋىنىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىشى تۈگىدىمۇ؟

ياق!!

ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان گۈلنىسا، خالىدە، لەۋەن ئاچىلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان باشقا ئەركەكلەر، ئاشۇ ئەركەكلەر بىلەن بىللە بولغان باشقا قىز ـ چوكانلار؛ مۇرات بىلەن بىر شپرىسنى تالىشىپ تەڭ ئىشلەتكەنلەر ۋە ئۇلار بىلەن شپرىسنى ئورتاق ئىشلەتكەن يەنە باشقىلار، تېخى ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلەر... يەنە ئۇلار بىلەن... ئاھ، خۇدا! شۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيدىز ۋىرۇسىنى تارقاتماقتا، ئەيدىز بولماقتا!!

ئەتىگەندىن بۇيان بالىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان گۈلشەن شۇ تاپتا بالىسىنى ئاپىسىغىمۇ بەرگۈسى كەلمەي قانماي پۈراۋاتاتتى.

— ئەكە بالىنى، بىزمۇ كۆتۈرۈپ باقايلى. بېرىسەن، بىز بىر ـ ئىككى قېتىم ئەركىلەتكۈچە يەنە ئېلىۋالىسەن. ئەكە، بالاڭنى يەۋالما يەنە. بايىمۇ قېيىنئاپاڭغا نېمە قىلغىنىڭ؟ ئەمدى قولىغا ئالسا يەنە ئېلىۋالدىڭ.

— ھازىرچە خاپا بولماڭلار، كېيىن بېقىپ زېرىكىپ كەتمەسەڭلەرلا بولدىغۇ؟

— زېرىكمەيمىز. ئەكە بالىنى.

گۈلشەننىڭ ئاپىسى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇلارغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ تۇرغان ئايگۈل گۈلشەننى ئاستا بىر تەرەپكە تارتتى:

— گۈلشەن، ئىسىڭىزدە تۇتۇڭ، بالىنى ھەرگىز ئىمىتمەڭ!

— دېدى دوستانە تەلەپپۇزدا.

— بولىدۇ، ئېسىمدە. رەھمەت ئايگۈل.

ئايگۈل ئاستا چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا گۈلشەننىڭ يانفونى تىترىدى. يانفوننى ئالغان گۈلشەننىڭ كۈلكە ئۇيناپ تۇرغان چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا رەھىمە بەكرى دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدا ئىدى. ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، بالىنى كۆزىتىش ۋاقتى ئوڭۇشلۇق تاماملانغانلىقىنىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئىككىسىلا خۇشال كۆرۈنەتتى.

— چاقىرتىپتىكەنسىز دوختۇر، بالىنى ئەمدىلا قولۇمغا ئالغاندىم. نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى رەھىمە بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئوچۇق - يورۇق ھالدا.

— بالىنى بېقىۋالىسىزلەر تېخى. ئەتە - ئۆگۈن قارغىشلىق قىلىپ تويغۇزۇۋېتەمدىكىن سىزلەرنى.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دېدى رەھىمە گەپنىڭ باشقا ياققا مېڭىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ. قايسى كۈنى ئۇ بەكرى دوختۇرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، بەكرى دوختۇرنىڭ ئالدىدا ئارتۇق گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق غەلىتە تۇيغۇدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى.

— ئەمدى بالىدىنمۇ خاتىرجەم بولدۇق. شۇڭا مۇراتنىڭ ئىشىنى بىر نېمە دېيىشسەك بولاتتى.

— بۇ ئىشتا ئۆتكەندە سىزنىڭ دېگىنىڭىزگە قوشۇلىمەن. يەنە باشقا ئىش بارمۇ؟ بولمىسا مەن چىقىپ نەۋرەمنى كۆتۈرەي.

— يەنە بىر ئىش بار، — دېدى بەكرى دوختۇر غەيرەتكە كې-لىپ، — جىق ئىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزدۈق. سىز كۆپ جاپا تارت-تىڭىز. مەن ئالدىڭىزدا خىجىل، گۇناھكارمەن... جاھاننىڭ ئىش-لىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟ مانا تەقدىر ـ قىسمەت يەنە بىزنى بىر يەرگە ئەكىلىپ قويدى. ئۆتكەنگە سالاۋات. قايسى ئاخشىمى دېدىم، مەنمۇ ئىككى بالا بىلەن قالدىم. بولسا سىز ئاشۇ ئىككى بالامغى-مۇ ئاپا بولۇپ بەرگەن بولسىڭىز؟ بۇ مېنىڭ سەمىمىي ئۆتۈنۈ-شۈم.

بۇ نەچچە كۈندىن بۇيان بەكرى دوختۇرنىڭ قەلبىدە ئويغاناغان، لېكىن ئۆزى ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمايۋاتقان تۇيغۇ، خىيال ئىدى، رەھىمە ئالدىدىكى، بالىلىرى ئالدىدىكى گۇناھىنى يۇ-يۇش ئۇچۇن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلىشقا تەييارلانغان ئىش ئىدى.

— بولدى بەكرى دوختۇر، — دېدى رەھىمە لېۋىنى چىشلەپ، — بۇ ياشقا كەلگەندە تىنچ كۈنۈمنى ئالاي.

— بىز تېخى قېرىپ كەتمىدۇققۇ. قىرىق نەچچە ياش دېگەن ياشقا ھېساب. تەلىپىمگە ماقۇل بولۇڭ، رەھىمە. بالىلار ئۇچۇن بولسىمۇ ماقۇل دەڭ.

رەھىمە بېشىنى چايقىدى:

— بەكرى دوختۇر، سىز ھازىر يۇز ـ ئابرۇيلۇق ئادەم. ئەڭ ياخشىسى ئۆز يولىڭىز بىلەن ياشاڭ...

— سىز سەۋەب كۆرسەتمەڭ. رەھىمە، بالىلارنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاڭ، ماڭا گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى بېرىڭ. مەن بىر ئۆمۈر سىزلەر ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ ئۆتۈشكە رازى. مۇشۇ كۈنلەردە سىز مېنى خېلى چۈشەندىڭىز دەپ ئويلايمەن. رېئاللىققا بېقىڭ، مېنىڭ بۇ تەلىپىمنىڭ ھېچقانداق يولسىز يېرى يوق. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي رەھىمە!

رەھىمە تۇرۇپ كەتتى. بايا گەپ باشلانغاندىلا رەھىمە بۇ ئىش-خاندىن چىقىپ كەتكەن بولسا، قانداق بولۇردىكىن؟ مانا ئەمدى

ئۇنىڭ خىيالى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— رەھىمە، باللارغا سىزنىڭ مېھرىبانلىقىڭىز كېرەك.

رەھىمە ھەقىقەتەن ئۆز خىيالىنى كونترول قىلالماي قالدى.

— بەكرى، مۇراتنىڭ داۋالىنىش ئىشى بىر تەرەپ بولغاندا ئويلاشساق.

رەھىمەنىڭ ئۆزىنى «بەكرى دوختۇر» دەپ ئەمەس، بەلكى «بەكرى» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلىغان بەكرى دوختۇر ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

شۇ چاغدا بىر سېسترا ئالاقزادە بولغان ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئەمما، ئۇ رەھىمەنى كۆرۈپ گەپ قىلالماي قالدى. بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن بەكرى دوختۇر جىددىيلىشىپ:

— نېمىلا گەپ بولسا دەڭ، — دېدى.

— دوختۇر، — دېدى سېسترا ھودۇقۇپ، — مۇرات دېگەن بالا... ئۇ... خېروئىننى ئوكۇل قىلىپ ھاجەتخانىدا ئۆلۈپ قاپتۇ.

سېسترا رەھىمەدىن بۇرۇن بەكرى دوختۇرنىڭ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بولدى...

# خاتىمە

گۈلشەن قەبرىستانلىقنىڭ قورغاق توپىسىنى توزىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ھەرخىل شەكىلدىكى قەبرىلەرگە مۇڭلۇق نەزەرى بىلەن قارىدى ۋە: «بۇ كىشىلەرنىڭ قانچىلىكى مۇراتقا ئوخشاش دەرد ـ ئەلەمدە، پۇشايماندا، خەلقىنىڭ نەپرىتى ئىچىدە بۇ دۇنيادىن كەتكەندۇ؟ قانچىسى شۇ خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلىدى.

بىر چەتتىكى ئاددىيلا ياسالغان قەبرە مۇراتنىڭ قەبرىسى ئىدى. گۈلشەن قەبرە ئالدىغا كېلىپ تۇردى. يېنىك شامال قەبرە توپىلىرىنى ئۇچۇراتتى. تولا يىغلىغان ئۇ كۆزلەردىن ئەمدى ياش تۆكۈلمىدى. گۈلشەن قەبرىگە جىددىي نەزەردە قارىدى، ئېغىر خۇرسىندى، ھەسرەت بىلەن كۆزىنى يۇمدى. «مۇرات، بىر ئايال كىشىنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىشى توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا كەلدىم. يەنە كېلىشىم مۇمكىن. چۈنكى سىزنىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا، نەچچە ئادەمنىڭ دىلىغا داغ بولۇپ ئويۇلغان ئاھ ـ ۋاھلىرى ئالدىدا، بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرغۇمۇ كەلمىدى. شۇنچە قىسقا، ئەمما نېمانچە ئېغىر كۈنلەر بۇ! نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتتىڭىز بىزگە ـ ھە؟»

شۇنداق، تاس قالدى ئېغىر كۈنلەرنىڭ تېشى گۈلشەننى ياڭجىۋەتكىلى! شۈكۈر! شۈكۈر!

گۈلشەن قەبرىدىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ شامالدا چېچىلغىنىچە شىۋىرلىدى:

— بىلەمسىز مۇرات، بالىمىز ئامان قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئامان» دەپ قويدۇم. ئۇھ، نېمىلا بولسا ئۇ بىزنىڭ گۇناھىمىزنىڭ جازاسىنى تارتمايدىغان بولدى.

گۈلشەن ئېنىق بولمىغان، لېكىن دىلنى ئېزىدىغان خىياللار بىلەن يەنە بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتتى.

شەھەرنىڭ مەركىزى تۆت كوچىسى قاينام - تاشقىنلىققا تولغانىدى. شەنبە كۈنى بولغاچقا بازار ھەقىقەتەن ئاۋاتلاشقانىدى.

تۆت كوچىدىكى تۈرلۈك ماللار سودا بىناسىنىڭ ئالدىدا ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. مەيدىسىگە ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىدائىيلىرىنىڭ بەلگىسى بولغان قىزىل لېنتا تاقىغان ئوغۇل - قىز پىدائىيلار كىشىلەرگە تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتاتتى، كىشىلەرگە مەسلىھەت بېرەتتى، يول كۆرسىتەتتى. ئۇلارنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل لېنتا ئۇمىد ئۇچقۇنىدەك جۇلالايتتى.

— ئاكا، تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى چوڭلارلا ئەمەس، بالىلارمۇ كۆرۈشى كېرەك. ئۇلار ئەيدىزنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندە، ئاندىن ئىلمىي ھالدا ئۇنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. «تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى كۆرسە، بىلمىگەن بالىلار بىلىپ ئەكس تەسىر بېرەمدىكىن» دېگەن ئەندىشىنى ھەرگىز قىلماڭ. بىلمەسلىكتىن تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، — دېدى گۈلشەن بىر كىشىگە تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى بېرىپ.

قولى بىر ئاز بوشىغان گۈلشەن بىرىگە تېلېفون بەردى.

— ئاپا، ئامانجاننىڭ قىزىتمىسى يانغاندۇ؟

رەھىمە بەكرىنىڭ قۇچىقىدا تاتلىق ئەركىلەۋاتقان ئامانجانغا قاراپ:

— ئاللىقاچان ياندى، قىزىم. شۇ تاپتا ئۇنى باغچىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. ئۇ شۇنداق خۇشال، — دېدى.

خۇشال كۈلۈمسىرىگەن گۈلشەن كىشىلەرگە ئىللىق نەزەر بىلەن قارىدى. ئەنە شۇ كىشىلەر ھاياتنى بېزەۋاتىدۇ، ھاياتنىڭ

گۈزەللىككە گۈزەللىك قوشۇۋاتىدۇ. ھاياتمۇ ئۇلارغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇۋاتىدۇ.

شۇ سەۋەبلىك مەندە مۇنداق بىر ئوي پەيدا بولدى: بەزىلەر ھا-ياتنى «تېپىشماق» دەيدىكەن. مېنىڭچە، ھاياتنىڭ ئۆزى ھەم «تې-پىشماق»، ھەم «جاۋاب»تۇر!

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىمىت بارى
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىگۇل ئىبراھىم

# ئازغان كۆڭۈل

## ئاپتورى: ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2011 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2012 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 13.75
باھاسى : 30.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-11469-6/I.225 (维 325)

图书在版编目(CIP)数据

迷途的心灵：维吾尔文/吾买尔·阿不都拉·尔库提著.—北京：民族出版社，2011.3 （2012.3 重印）
ISBN 978-7-105-11469-6

Ⅰ.①迷… Ⅱ.①吾… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 039636 号

责任编辑：阿布力米提·巴日
责任校对：海热古丽·伊不拉音
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2011 年 4 月第 1 版 2012 年 3 月北京第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：13.75
定　　价：30.00 元

ISBN 978-7-105-11469-6/I.225（维 325）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-11469-6

定价:30.00元